# ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ئوبرازى

نۇرئىسلام توربېكىتى
http://nurislam.cn




ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئى **الله** ساڭا ھەمدە ئېيتىمەن، سەندىن ياردەم ۋە ھىدايەت تىلەيمەن، ئىشەنچلىك پەيغەمبىرىڭگە، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىگە ۋە بارلىق ساھابىلەرگە ۋە ئۇلارغا ئاداققىچە ياخشى ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت سالام يوللايمەن.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز..............................................4

1 ـ مۇسۇلماننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى......................12

2 ـ مۇسۇلماننىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.........................41

3 ـ مۇسۇلماننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى....................70

4 ـ مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى......................89

5 ـ مۇسۇلماننىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى...................120

6 ـ مۇسۇلماننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.............140

7 ـ مۇسۇلماننىڭ قوشنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.......................159

8 ـ مۇسۇلماننىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.............183

9 ـ مۇسۇلماننىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى......................223

خاتىمە...............................................437

# كىرىش سۆز

ئۆزگىچە كەلسەك، مېنىڭ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئىسلامى ئوبرازىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان تىما توغۇرسىدىكى كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قىزىقىشىم ئاز كەم ئون مەزمۇنغا يېتىدۇ. مېنىڭ بۇ مۇلاھىزەم ئىشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن، يەنە مەلۇم بىر تەرىپىدە ئۆلچەمگە يەتكۈزەلمىگەن، بىر ئىشقا كۆڭۈل بۆلسە يەنە بىر ئىشقا سەل قارايدىغان، خۇددى ئۇلاردىن بىرى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوتەشكە قىزىقىقانىدەك كۆرۈنىسمۇ بىراق ئېغىزىدىن، كېيىم- كېچەكلىرىدىن سېسىق غەيرى پۇراقلارنىڭ چىقىشىغا يول قويىدىغان، ياكى **الله** نىڭ ئازابىدىن قورۇقىقانىدەك، ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمەنگەن ھالدا ئىتائەت قىلغۇچىدەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن ئۇرۇغ- تۇققانلىرىغا مېھرى- شەپقەت يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان. قېتىر- قىنىپ ئىبادەت قىلىۋاتقانىدەك، تىرىشىپ ئىلىم ئېلىۋاتقانىدەك قىلىسىمۇ، پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىسىگە سەل قاراۋاتقان، نىمە ئوقۇۋاتقانلىقىدىن، كىملەر بىلەن بېرىش- كېلىش قىلىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر. ياكى پەرزەنتلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆرۈنىسمۇ، بىراق ئاتا- ئانىسىنى زار- زار قاقشىتىۋاتقان. مۇئامىلىدە يىرىكلىك قىلىۋاتقان، بەزىدە ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغاندەك قىلىسمۇ، ئايالىغا زۇلۇم سېلىۋاتقان، تۇرمۇشىغا ياخشى قارىمىغان ياكى ئايالىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغاندەك كۆرۈنىسمۇ، قولۇم- قوشنا مۇئامىلىسى ناچار. بەزىلىرى ئۆزىگە پايدا- مەنپەتى تېگىدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلىسمۇ، ئىجتىمائى ئالاقىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قاراۋاتقان. ياكى سادىق ئىتتىپاقچىدەك كۆرۈنىسمۇ،

ئىسلامىيەتنىڭ سالام ـ سائەت، يىمەك ـ ئىچمەك ئادەملەر بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، پاراڭلىشىش ئىشلىرىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە سەل قاراۋاتقان، بۇنداق ئىشلار نۇرغۇن مۇسۇلمانلاردا كۆرىلىدۇ...

بۇ كەمچىلىكلەرنىڭ بىر قىسىم ئۆزىنى ئىسلامىيەت دەئۋەتى ۋە كۆپىنچە ئىسلامىيەتنى چوڭقۇر تونۇش، ئۇنىڭ تولۇق ئەھكام، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قىممەت قارشىنى ئىنچىكە چۈشىنىش جەھەتتە ئىسلامىيەتنىڭ دانىشمەنلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن ئۆزىنى ئالاھىدە ئەمەلىي يوللۇنۇش ئۈستىدە دەپ چاغلايدىغان، بىراق بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي بۇنىڭغا ئوخشاش دىنغا مۇخالىپ ئىشلارغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرمەسكە، بىلمەسكە سېلىپ، يۈرۈۋاتقان ئاتالمىش كىشىلەردە كۆرۈلىشى ئەجەپلىنەرلىك بىر ئىش.

مېنىڭ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئىسلامى ئوبرازىنى ئادەمنىڭ يوللۇنىشىگە ۋە بارلىققا كېلىشىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارغا بىرلەشتۈرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ ۋەزىپە ئۆتەۋچىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇش ئۈچۈن، ئەشۇ ئوبرازنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۈپەت، ئادەت ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكنى ئەنە شۇ بەزى تەرەپلەردە يېتەرسىزلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھەق دىنى ئىرادە قىلغان يۈكسەكلىككە، پارلاقلىققا كۆتۈرۈلىشكە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىسۇن ئۈچۈن ئومۇمى يۈزلۈك تەتقىقات سۈپىتىدە يورتۇپ بېرىشىمگە مېنىڭ شۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم تۈرتكە بولدى.

مەن كۆرگەن بۇ ئىشلار مېنى چۈچۈتىۋەتتى. مەن زور پەرىقنى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىرادە قىلغىنى بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىرادە قىلغىنى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق بىر مۇساپىنىڭ بارلىغىنى كۆرگەن ئىدىم. بىراق ئۇلاردىن ئازغىنا بىر بۆلۈك ئەقىدىسى ساپ، دىلى سۈزۈك، ئىسلامى ئىشلىرى ياخشى، كۆڭلى ـ

كۆكسى كەڭ، ئۆز دىنىغا سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە دىنى ئىشلارغا قىزغىن ئىشتىياق بىلەن كىرىشىدىغان كىشىلەر بولۇش سىرتىدا. الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان «قۇرئانى كەرىم» ۋە «ھەدىستىن» ئىبارەت سوغىسىنى بىلىش نىسىپ بولغان كىشى دەلىل پاكىتنىڭ مول‌لىقىدىن، ئامىباپلىقىدىن ھەيران قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن، ئۆزى بىلەن، ۋە ئەتراپىتىكى ئادەملەر بىلەن ئالاقە ئىشلىرىنىڭ چوڭ-كىچىك ھەممە تەرەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدىن ئەجەپلەنمەي قالمايدۇ. ئۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەممە تەرەپتىكى ئوبرازى ئۈچۈن كۆرسەتمە ئاساسىدۇر ۋە ئۇنىڭغا كىشىلىك ھايات ۋە ئۆلگىلىك ئىجتىمائى ھايات لايىقلىشىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئەنە شۇ مەزمۇنلاردىن مىسلىسىز تەرەققى قىلغان ئىجتىمائى ئادەم بولۇشنى ئىرادە قىلغاندەك ئادەم بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەنە شۇ مەزمۇنلارنى الله نىڭ كىتابىدىن ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىدىن توپلىدىم ۋە ئۇنى بابلىرى، تىمىلىرى بويىچە تۈزۈپ چىقىشقا تىرىشتىم ئاندىن تەتقىقات ئۇسۇلىنى يۈرگۈزۈپ تۆۋەندىكى تۆر بويىچە رەتلەپ چىقتىم.

1 ـ مۇسۇلماننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

2 ـ مۇسۇلماننىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

3 ـ مۇسۇلماننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

4 ـ مۇسۇلماننىڭ ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

5 ـ مۇسۇلماننىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

6 ـ مۇسۇلماننىڭ ئۇرۇغ ـ تۇققانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

7 ـ مۇسۇلماننىڭ قوشنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

8 ـ مۇسۇلماننىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

9 ـ مۇسۇلماننىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

ماڭا بەزى چاغلاردا ئەشۇ تىملار ھەمراھلىرىمنىڭ ئارسىدىن كۆرۈلۈپمۇ قالىدۇ ۋە مىنى شۇ مەزمۇنلار ئۆز ئىچىگە ئالغان توغرا، يۈكسەك كۆرسەتمىلەر چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ الله تەئەلانىڭ ئۆز بەندىلىرگە بولغان رەھمىتى كۆپ ئىكەن. ئۇلارنى گۇمراھلىقنىڭ پاتقاقلىرىدىن تارتىۋالدى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق يۇرۇقلۇق ئۇستىدە بولۇشلىرى، قاراڭغۇ زۇلمەتتە تىنەپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈن ھىدايەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، قىلىشقا تىگىشلىك ۋەزىپە، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى چۈشۈردى.

ماڭا ئىنساننىڭ ئۆز ئادىمىلىكىنى تېپىش، الله نىڭ ئىنسانغا مۇشۇ دۇنيادا قىلىشنى تاپىلىغان چوڭ ۋەزىپىنى ئۆتەش ئۈچۈن ھىدايەت، تەربىيە، ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئۇچقۇنلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ ھاجىتى كۆرۈلىدى. ئەگەر مۇقەددەس ھىدايەت بولمىسا ئىدى، ئىنسانغا ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش، شەخسىيەتچىلىك، ئادەملەرگە زىيان سېلىش كەبى ئىشلار غالىپ كىلەتتى ۋە ئىنسان ئاداۋەت، زوراۋانلىق، ۋە زۇلۇم ـ زالالەت، ناچار ئادەت، يامان ئەخلاق پاتقاقلىرىغا پېتىپ بولغىناتتى.

بىز بۇنىڭ ئىسپاتىنى كىچىك بالىنىڭ خارەكتىرىدە كۆرۈۋاتىمىز. چۈنكى ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ يىتىلگەنلىكىنى ۋە ئىشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۆز قىرىنداشلىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ. قىرىنداشلىرىدا كۆرۈلگەن ئىقتىدار، پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆز قىرىندىشىنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئىشتا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا قارتا تەبئى مايىللىقىنى ئاشكارلايدۇ.

بۇ ئىنساندىكى تۇغما مىجەز ـ خاراكتىر، نورمال ئورتاقلىق بولسىلا ئىنساننىڭ رولى

دۇنيانىڭ ئىسلاھى، شۇ مىجەز خاراكتېر بىلەندۇر. چۈنكى ئۇ ئادەمنى ئۆزىدىكى ئەڭ ياخشى نەرسىنى تارتىپ چىقىرىشقا ئۈندەيدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ ياخشىلىقنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلسا رازىمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن كۆڭلىنى خوش قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كۆپرەك مۇكاپات ئېلىشقا ئالدىرايدۇ.

شۇنىڭدىن قارىغاندا ئادەمدە ئۇ خىل خاراكتېر بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، ياكى ئۇ خىل خاراكتېر ئادەمدە بەك ئېشىپ كەتسە خەتەرلىك ئىللەتكە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يۇقۇملانغان ئادەم ناچار قىياپەتنى ئاشكارلايدۇ. ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تىرىسكە سىغماي قالىدۇ. چوقۇمكى ئۇ دەۋاتقان ئىسىل ئەخلاقى ـ پەزىلەتلىرىدىن يىراقلاپ كېتىدۇ.

دىنىنىڭ، تەربىيەنىڭ ۋە ئەخلاقنىڭ قىممىتى شۇ ئىللەت بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنى كونترول قىلىشتا ۋە ئۆزىگە قارىتا ھەيرانلىق ئېشىپ كەتكەن كىشىلەرنى نەسىھەت قىلىپ توسۇشتا ۋە قەدىمنى ئەدلۇ ـ ئادالەت، پىكىرى ـ تەپەككۇر، كەمتەرلىك تەرەپكە قايتۇرۇپ كېلىشتە نامايەن بولىدۇ.

دىن بولسا بۇ ھاياتى دۇنيادىكى بارچە ئىسىل ئەخلاقنىڭ، ئالى جاناپلىقنىڭ، تەربىيە پرىنسىپلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان نەرسىنىڭ يۈكسەك ئادالەت، ياخشى ئادەت، توغرا مەسلەكتىن ئىبارەت. ئەخلاقى ـ پەزىلەتنىڭ يىلتىزى چىلاشقان قۇرىماس بۇلاقىدۇر. ئۇ قانچىلىغان دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن ئىنسانىيەتنى ئاشۇ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىلاھى كەۋسەر بىلەن تەمىن ئېتىپ كېلىۋاتىدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۇچۇق ـ ئاشكارە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتەن ئادەملەر يۇقۇردىن تۆۋەنگە چۈشۈشكە يېقىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقۇرىغا ئۆرلەشكە، بىرلىشىشكە ئىنتىلىدىغانلىرى بار. چۈشۈش، چېقىشتىن ئاسانراق، يۇقۇرى ئۆرلەش ئۈيۈشۈشتىن سۈيۈملۈكراق، ھەر قاچان ئۇلارنى غەپلەت باسسا، قەدەملىرى توغرا

يولدىن چەتنەپ كەتسە، ئەڭ ساپالىق ئادەملەر ئۇلارغا تەربىيە خىزمىتى ئىشلىشى كېرەك.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ، قەلەم كەشلەرنىڭ، ئۇلۇغ دىنىنىڭ قىممىتىنى يۇرتۇپ بېرىشى ۋە ئادەملەرگە ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇپ يەتكۈزۈشى ۋە **الله** تەئەلا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ھاياتىنى گۈزەل كۆڭۈللۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ھاياتى دۇنيادىلا ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئىرادە قىلغان كەڭ قورساقلىقنىڭ پارلاق ـ نۇرانە سىماسىنى كۆرسىتىپ بېرىشلىرى لازىم.

شۈبھىسىزكى **الله** تەئەلا بۇ دىننى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ئەقىللەر مۇنازىرىسىگە قويۇلاق سالىدىغان قۇرۇق نەزەرىيە بولۇشى ئۈچۈن ۋە ئادەملەر مەنا ـ مەزمۇنلىرىنى چۈشەنمەيلا ئوقۇپ، تەبەررۇك ئىزلەيدىغان مۇقەددەس كالام بولۇشى ئۈچۈنلا نازىل قىلمىدى. پەقەت ئۇنى **الله** تەئەلا شەخسىنىڭ ھاياتىغا ھۆكۈم چىقىرىش، ئائىلە ھاياتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، جەمئىيەت ھاياتىنى ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن ۋە ئادەملەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنى يۇرتىدىغان مەشئەل بولۇشى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن نازىل قىلدى:

(سىلەرگە **الله** تەرىپىدىن نۇر(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاپ (يەنى قۇرئان كەرىم) كەلدى. **الله** شۇ كىتاپ (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (**الله** نىڭ شەرئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ).

(سۈرە مائىدە 15 ـ 16 ئايەت)

بۇ ھىدايەتنىڭ سايىسىدا تۇرمۇش بایاشات، ھايات كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك ئۆتىدۇ. بارچە جانلىقلار شات ـ خۇراملىققا چۆمىدۇ. دىللار ئۈزايىدىن ئۇلۇغ ئىسلامنىڭ

نامايەندىسى تۆكۈلۈپ تۇردىغان، ئۇنى كۆرگەن كىشى ئىسلامنى كۆرگەندەك بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئىمانىغا، ئىمان قوشىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ساداقەتمەن مۇسۇلمان شەخس ياراتقان بۇ شات ـ خۇراملىققا ھايات يۇلۇنشىنى بۇرايدۇ.

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قىلغان ئىشلار. چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مۇساپىسىدە ئۆزلىرىدە ئىسلامىيەتنى مۇجەسسەملىگەن ئەرلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەينى چاغدا ئۇلار يەر يۈزىدە ماڭىدىغان مۇسھەپلەر بولغان، نەتىجىدە باشقىلار ئۇلاردا ئىنسانىيەتنىڭ مىسلىسىز ئۈلگىسىنى كۆرگەن. چۈنكى ئۇلار مىسلىسىز ھاياتىنىڭ يول ـ يورۇقلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. نەتىجىدە ئادەملەر ساداقەتمەن مۇئمىندە بىرجان ـ بىرتەنگە ئايلانغان. ئىسلامنىڭ يول ـ يورۇقلىرىنى كۆرۈپ، **الله** نىڭ دىنىغا تۈركۈم ـ تۈكۈملەپ كىرىشكە باشلىغان.

بۈگۈنكى ئادەملەر، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ھاياتى پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا ياخشىلىنىدىغان، ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەنلا ئىنساننىڭ يۈكسەك قەدرى قىممىتى ئاشىدىغان، ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ئاساسى ماھىيىتى كۆرىلىدىغان، بىر ئۈلگىگە تولىمۇ مۇھتاج.

بۇ مىسلىسىز ئىنسانى ئۈلگىنىڭ گۈزەل كارتىنى زادى نېمە؟

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تۆۋەندىكى سەھىپىلەردىن تاپالايدۇ.

**الله** دىن پەقەت **الله** رازىلىقى ئۈچۈن خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان بۇ خىزمىتىمنى قوبۇل قىلىشنى، ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ۋە ئۇنى مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقا، پەقەت **الله** نىڭ ھوزۇرىغا ساغلام قەلبى بىلەن بارغان كىشىگىلا

ئەسقاتىدىغان كۈنى ئۈزۈق قىلىپ بىرىشنى تىلەيمەن.

ھىجرىيە 1401 ـ يىلى جامادىيەل ئاخىرنىڭ 27 ـ كۈنى

مىلادىيە 1981 ـ يىلى 1 ـ ماي

دوكتۇر مۇھەممەد ئەلى ھاشىمى .

# 1ـ مۇسۇلماننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## سەگەك مۆئمىن:

ئىسلامنىڭ مۇسۇلماندىن ئەڭ ئاۋال تەلەپ قىلىدىغىنى **الله** غا ھەقىقى ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە باغلىغان، ئۇنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرىدىغان، بارلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىدىغان، تىگىشلىك سەۋەپلىرىنى قىلىش بىلەن بىرگە تۈرلۈك ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەر قانچە سەۋەپ قىلغان، ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا **الله** نىڭ ياردىمىگە، قوللاپ ـ قۇۋەتلىشىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھىس قىلىدىغان مۆئمىنلەردىن بولۇش.

ھەقىقى ساداقەتمەن، دىلى ئويغاق، قەلب كۆزى ئوچۇق مۇسۇلمان **الله** نىڭ كائىناتتىكى ئاجايىپ قۇدرەتلىرىگە دىققەت بىلەن نەزەر سالغۇچىدۇر. دۇنيا ۋەزىيىتى، ئىنسانلارنىڭ ئىش ـ ھەركەتلىرىنى ئىدارە قىلىۋاتقان يوشۇرۇن كۈچ دەل **الله** نىڭ قولى دەپ ئىشەنگۈچىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ھەمىشە **الله** نى ياد ئېتىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ دۇنيانىڭ ھەر بىر پارلاق مەنزىللىرىگە ۋە كائىناتنىڭ ھەر ـ بىر مەنزىر ـ تىلسىمات سىرلىرىدىكى چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ نامايەندىلىرىگە قاراپ **الله** غا بولغان ئىشەنچى ـ ئىنىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان ھەمدۇ ـ سانالىرىنى ۋە ئۇنىڭغا

تەۋەككۇل قىلىشنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ:

(شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن). (سۈرە ئال ئىمران190 ـ ئايەت)

## پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغۇچىدۇر:

سادىقەتمەن مۇسۇلمان بارچە ئىشلىرىدا تۈۋەنچىلىك بىلەن ئارزۇسىغا خىلاپ بولغاندىمۇ، الله بەلگىلەپ بەرگەن نۇقتىدا توختىغان، گەرچە تەبىئىتىگە ياقمىغاندىمۇ، الله نىڭ ئەمىر-پەرمانلىرنى جان دىلى بىلەن ئورۇنلىغان ھالدا الله غا ئىتائەت قىلىشى ۋە چوڭ-كىچىك ئىشلىرىدا الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرىغىدىن ئۆزىنى قاچۇرماي، كەينىگە تارتماي ۋە ئايرىپ ئولتۇرماي ئىجرا قىلىشى كېرەك. مۇسۇلماننىڭ مۇشۇنداق ئىتائەتمەنلىك بىلەن الله غا ۋە پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشى بولسا مۇسۇلماننىڭ ئىمانىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم تېشى

*«بىرەر سىڭلارنىڭ كۆڭۈل ـ خاھىشى مەن ئېلىپ كەلگەن (ھىدايەتكە) ئەگەشمىگۈچە ئۇ مۆئمىن بولالمايدۇ»*. (نەۋۋى خاتىرلىگەن ھەدىس)

((ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار

پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ).

(سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت)

شۈبھىسىزكى ئۇ اللہ تەئالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە مۇتلەق بويسۇنۇش، تولۇق ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر. ئۇنىڭسىز ئىمان، ئىمان بولمايدۇ. ئىسلاممۇ ھەقىقى ئىسلام بولماي قالىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، سادىقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ھاياتى، اللہ نىڭ ھىدايىتىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىدىن باش تارتىپ چەتنەپ كەتمەيدۇ. باش تارتىش چەتنەپ كېتىشلەر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىدە بولمىسۇن مەيلى ئائىلىسىدىكىلەردە بولمىسۇن ۋە ياكى ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت ھوقۇق دائىرىسىدىكى كىشىلەردە يۈزبەرمىسۇن، ئوخشاشلا ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

## ئۆزىگە قاراشلىق كىشلەر ئۈستىدە مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىغىنى تونۇيدۇ:

ئۇنداق دېگەنلىك: شۇ مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىدىكى بىرەر كىشى اللہ نىڭ ۋە اللہ نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتا يېتەرسىزلىك قىلسا، ياكى سەل قارىسا ۋە ياكى دەل ـ ئەينەن ئىجرا قىلمىسا ئۇنىڭغا مەسئۇل بولىدۇ دېگەنلىكتۇر:

*«سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى سىلەر، ھەر بىرىڭلار ئۆز پادىسىغا مەسئۇلدۇر».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇ سادىقەتمەن مۇسۇلمان ئائىلىسىدىكى بىرەرسىنىڭ ئۆز يېنىدا بىپەرۋالىق قىلسا تونۇپ يېتىدىغان مەسئۇلىيەتتۇر. ئۇ ئۇنداق قىلمىشلارغا سۈكۈت قىلمايدۇ ۋە نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر بىپەرۋالىقنىڭ، پاسسىپلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى يوقۇتۇشقا ئالدىرايدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتكە پەقەت ئىمانىدا نۇقسان، دىنىدا

تۇراقسىزلىق، ئەرلىكتە ئاجىزلىق بولغان كىشلەرلا سەل قارايدۇ ۋە يۇقارقىدەك قىلمىشلارغا سۈكۈت قىلىدۇ.

**الله** نىڭ ھۆكمىگە ۋە ئورۇنلاشتۇرشىغا رازى بولغۇچىدۇر:

ساداقەتمەن مۇسۇلمان ھەمىشە **الله** نىڭ ھۆكمىگە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا رازى بولىدۇ. كۆزنى رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسىگە تىكىدۇ:

*«مۇسۇلماننىڭ ئىشلىرىغا ھەيران مەن! راستىنلا ئۇنىڭ بارچە ئىشى ياخشى، ئەگەر ئۇنىڭغا خوشاللىق يەتسە شۈكرە قىلىدۇ، بۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن ياخشى، ئەگەر بىرەر پىشكەللىك يەتسە سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن ياخشى».* (بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

چۈنكى ساداقەتمەن مۇسۇلمان **الله** نىڭ تەقدىرىگە ئىشىنىش ئىماننىڭ مۇھىم بىرقىسمى دەپ ئېتقاد قىلىدۇ، ھەمدە بۇدۇنيادا ئۆز بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنىڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز كۈچىگە تايىنىپمۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان **الله** نىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىگە ۋە **الله** تەئەلانىڭ ئورۇنلاشتۇرشىغا رازى بولۇشنىڭ **الله** نىڭ كاتتا ساۋابىغا ئېرىشتۈردىغانلىقىغا، تەقدىرگە تەن بەرگۈچىلەرنىڭ **الله** تەئەلانىڭ ھوزۇرىدا ئىتائەت قىلغۇچى، مۇراد ـ مەقسەتلىرگە يەتكۈچى مۇئمىنلەر قاتارىدا بولىدىغا نلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلماننىڭ ھەممە ئىشى ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا خوشاللىق يەتسە، ئۆزىگە شاد ـ خۇراملىق بەخش ئەتكەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا توختىماي مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، ئەگەر كىلىشمەسلىك يەتسە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش، قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇش يۈزىسىدىن سەۋرى تاقەت قىلىدۇ، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە مۇسۇلمانغا ياخشىلىق بار.

## گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن قول ئۈزگۈچىدۇ:

بەزى بىر چاغلاردا مۆئمىننىڭ دىلىنى غەپلەت تۇزاڭلىرى قاپلىۋالىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن قەدىمى تېيىلىپ كېتىدۇ. ياكى ئۇ كۆڭۈل كۆزى ئۇچۇق، يۈۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلغۇچى مۇئمىنلارغە لايىق كەلمەيدىغان، ئەيىپ ـ نۇقسانلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. بىراق ئۇ تېزلا قىلمىشىنى ئەسكە ئالىدۇ ـ دە دىققەت بىلەن نەزەر سالىدۇ ۋە غەپلەتتىن ئويغىنىپ پاتقاقتىن پۇتىنى تارتىۋالىدۇ. كەمچىلىكلىرىگە قارىتا ئىستىغپار ئېيتىدۇ ۋە كەچۈرۈم سورىغان، پۇشايمان قىلغان، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا پەرۋەردىگارىنىڭ ھىمايىسىگە سېغىنىدۇ:

(تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، الله نى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ).

(سۈرە ئەئراف 201 ـ ئايەت)

بىپەرۋالىق، الله نىڭ مۇھەببىتى ۋە تەقۋالىغى بىلەن سۇغۇرۇلغان يۈرەكتە كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن الله نىڭ ئەمرى ـ پەرمان، ھىدايىتىدىن يۈز ئۆرىگەن كىشىنىڭ قەلبىدە كۆرۈلىدۇ. ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ دىلى ھەر ۋاقىت ئىستىغپارغا، تەۋبىگە ۋە پۇشايمانغا ئۇچۇق، ھەمىشە تەقۋالىق، رازىمەنلىك پۈراقلىرىدىن راھەتلەنگۈچىدۇر.

## ئۇنىڭ بارلىق غېمى پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىشدۇر:

بارلىق ئىش ئەمىلىدە الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزلەيدىغان ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ پۈتۈن غېمى ھەر بىر باسقان قەدىمىدە باشقا ئادەملەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش

ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش. تېخى بەزى چاغلاردا الله نى رازى قىلىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپ قويىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ توغرىسىدىكى سۆزىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلغان:

*«كىمكى كىشىلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە پەرۋا قىلماي، الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسە، ئۇنى كىشىلەردىن ئەمىن قىلىشقا الله كېپىل. كىمكى الله نىڭ غەزىپىگە قارىماي ئادەملەرنى رازى قىلماقچى بولسا، الله ئۇ كىشىنى ئادەملەرگە تاپشۇرىدۇ».*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىش ھەركىتىنى الله تەئالانىڭ رازىلىق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدۇ. دەرۋەقە تارازىنىڭ پەللىسىنى بېسىپ كەتكەن نەرسىنى الله قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولىدۇ. تارازىنىڭ پەللىسىدە يەڭگىل كېلىپ قالغان نەرسىنى بولسا كۆزىدىن سېلىپ تاشلاپ قورتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئۆلچىمى تۈرغۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ماڭماقچى بولغان يولىنىڭ بەلگىسى ۋە داغدام يول نامايەن بولىدۇ. نەتىجىدە بىر قارىسا الله نىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان، يەنە بىر قارىسا ئىتائەتسىزدەك كۆرۈنىدىغان، ياكى بىر شەيئىنى بىر يېلى ھالال دېسە، يەنە بىر يېلى ھارام دېگەندەك كۈلكىلىك ئىشقا قالمايدۇ. چۈنكى توغرا يۆلىنىش، ئۈچۈق يول يورۇق، مۇستەھكەم ئۆلچەملا بولىدىكەن، زىددىيەتكە ئورۇن يوق.

سىز بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ مەسچىد ئىچىدە تىترەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، يەنە دەل شۇلارنىڭ بازار رەستىلەردە ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقا ـ نلىقىنى، ياكى ئۆي ئىچىدە، كوچا ـ كويلاردا ۋە ياكى مەكتەپ ـ كۇلۇپلاردا ئۆزلىرىگە ۋە ئەھلى ئاياللىرىغا، پەرزەنتلىرىگە ياكى قول ئاستىدىكى مۇلازىملىرىگە الله

نىڭ شەرئىتىنى يۈرگۈزمەي، چۈشەنجىسىدە كەمچىلىك بار ۋە مۇسۇلمانىنى بارچە ئىشلىرىدا الله نىڭ رازىلىقىدىن ئىبارەت چوڭ بىر ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان، مۇسۇلمانىنى ھەر بىر مەسىلىنى الله نىڭ رازىلىق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈردىغان بۇ مۇكەممەل دىنىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشدا داۋالغۇش بار كىشلەرنى ئەيىپلە ۋاتقانلىقنى كۆرسىز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار يېرىم مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇلار ئۈچۈن ئىسلامىيەتتىن پەقەت قورۇق ناملا بولىدۇ، مانا بۇ بۈگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى سىنىلىۋاتقان قوش يۈزلىنىشلىك ئامىل.

### پەرز ، ۋاجىپ ۋە سۈننەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىدۇ:

سادىقەتمەن مۇسۇلمان ئىسلامنىڭ پەرز، ۋاجىپلىرىنى تولۇق، ياخشى ئادا قىلىدۇ. ۋە ئۇنى ئادا قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. مۇرەسسەلەشمەيدۇ، ئادا قىلىشقا سەل قارىمايدۇ.

### بەش ۋاخ ناماز ئۆتەيدۇ:

ئۇ بەش ۋاخ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتەيدۇ. چۈنكى ناماز دىنىنىڭ تۈۋرىكى، كىمكى ئۇنى ئادا قىلسا دىنىنى بەرپا قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئۇنى تەرك ئەتسە دىنىنى پاچاقلاپ تاشلىغان بولىدۇ. ناماز بولسا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى.

*ئىبنى مەسئۇد: مەن ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەۋزەل ؟ دەپ سورىۋىدىم. رەسۇلۇللا: «ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دىدى. مەن يەنە: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىۋىدىم.*

*رەسۇلۇللا: «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى. مەن يەنە: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېسەم. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «**الله** يولىدا كۈرەش قىلىش» دەپ جاۋاپ بەردى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

چۈنكى ناماز بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى رىشتە. ئادەم ناماز ئۆتكەندە دۇنيانىڭ مەشغۇلاتىدىن ئۈزۈلۈپ بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھىدايەت، ياردەم، ئاسايىشلىق تىلەيدۇ، دىنىنىڭ داغدام يولدا مۇستەھكەم قىلىشنى سورايدۇ. نامازنىڭ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇ مۇسۇلماننىڭ تەقۋالىقىنى ئۇزۇۋقلاندۇردىغان ئۇزۇۋقلۇق مەنبىيى ۋە مۇسۇلماننىڭ خاتالىقىنى ئۆزىنىڭ زۇمرەتتەك سۈيى بىلەن يۇيۇپ تازىلايدىغان سۈپ ـ سۈزۈك بۇلاق.

*ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللانىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم، رەسۇلۇللا: «دەپ بېقىڭلارچۇ! بىرەر ـ سىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولسا، ئۇ شۇ ئۆستەڭدە ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرسا ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟ دېدى. ساھابىلەر: ئۇنداق ئادەمنىڭ بەدىنىدە ھېچ قانداق كىر قالمايدۇ دېيىشتى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئەنە ئەشۇ، **الله** تەئالا ئۇنىڭ بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان بەش ۋاخ نامازنىڭ مىسالى» دېدى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى: *پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەش ۋاخ نامازنىڭ مىسالى، بىرىڭلارنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى كۆلگە بەش قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرىدىغان سۇلىرى ئېقىن ئۆستەڭنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىرئەر، بىر ئايالنى

سۇيۇپ سىلىپ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىشىغا كىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، نەتىجىدە اللە تەئەلا:

(كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرپىدە ۋە كىچىنىڭ بىر قىسمىدا ناماز ئۆتىگىن، چوقۇمكى ياخشىلىق يامانلىقنى كەتكۈزىدۇ).

(سۇرە ھۇد 114 ـ ئايەت)

دىگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. ئاندىن ھىلىقى كىشى: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى!! بۇ ئايەت مەن ئۈچۈنلىمۇ؟ دىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «*بارلىق ئۈممىتىم ئۈچۈن*» دىگەن. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

*ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «بەش ۋاخ ناماز ۋە جۇمە نامىزى يەنە بىر جۇمە نامىزىغىچە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغانلا بولسا، ئارىسىدىكى خاتالىقلار ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «بىر مۇسۇلمان ۋاقتى كىرىپ قالغان پەرزنامازنى، تاھارەتنى كامىل ئىلىپ، تەئدىل ئەركان بىلەن رۇكۇلىرىغا رىئايە قىلىپ ئۆتىسە، چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغانلا بولسا، ناماز ئۆتەشنىڭ ئالدىدىكى كىچىك گۇناھلارغا يىل بويى كاپارەت بولىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

نامازنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى شۇنداقلا ناماز ئۆتۈگۈچىلەرگە بىرىلىدىغان مۇكاپاتلارنى تونۇشتۇردىغان ئايەت، ھەدىسلەر ھەققەتەن كۆپ بۇيەردە بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىش ئىمكانىيىتى يوق.

## جامائەت نامىزىغا قاتنىشىدۇ:

تەقۋادار مۇسۇلمان ئىمكان قەدەر مەسجىددىكى تۆلنجى جامائەتكە قاتنىششقا قىزىقىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇلغان ناماز يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن 27 دەرىجە ئارتۇق» بولىدىغىنىنى خەۋەر بەرگەن. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇسۇلمان «تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ئاندىن مەسجىدكە پەقەت ناماز ئۆتەش ئۈچۈنلا چىقسا، باسقان ھەربىر قەدىمى بىلەن خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلۈپ دەرىجىسى يۇقۇرى كۆتۈرۈلىدۇ. ناماز ئۆتىسە ۋە ناماز ئۆتىگەن جايىدا بىھۇدە گەپ-سۆز قىلمىغانلا بولسا، پەرىشتىلەر داۋاملىق: ئى الله! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن، شەپقەت قىلغىن دەپ دۇئا قىلىدۇ. نامازنى كۈتۈپ تۇرغانلىق ھەمىشە نامازدا تۇرغانلىقدۇر» دەپ خەۋەر بەرگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەن-كەچتە مەسجىدكە بېرىپ جامائەتكە قېتىلىپ ناماز ئۆتىگۈچىلەرگە جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىپ:

«كىمكى ئەتىگەن-كەچتە مەسجىدكە بارسا الله تەئالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر جاي تەييارلايدۇ» دىگەن. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار جامائەت بىلەن ئۆتىگەن نامازغا بولىدىغان ئەجرى-ساۋابقا تولىمۇ قىزىقاتتى. شۇ مەزمۇندا ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«كىمنى قىيامەت كۈنىدە الله تەئالاغا مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە مۇلاقەت بولۇش خۇرسەن قىلسا، نامازنى ئەزان چىققان جايدا ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرسۇن، ھەققەتەن

*اللە تەئەلا پەيغەمبىرىگىلارغا ھىدايەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئەنە شۇ نامازنى ئەزان چىققان جايدا ئۆتەش ھىدايەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر سىلەر مۇشۇ سۈننەتكە مۇخالىپ ئىش قىلغۇچى ئۆتىگەندەك ئۆيۈڭلاردا ناماز ئۆتىسەڭلار ئەلۋەتتە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتكەن بولىسىلەر. بۇ سۈننەتكە پەقەت مۇناپىقلارنىڭ دىلىدىكى نىپاقنى ئاشكارلاپ خىلاپلىق قىلغانلىقىنى كۆردۇق. بىر ئادەم بار ئىدى ئۇ سەپتە تۇرغىچە ئىككى ئادەمنىڭ ياردىمىدە كېلەتتى.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائەتكە قاتنىشىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۆزرىسىز جامائەتنى تەرك ئەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتمەكچى بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«اللە بىلەن قەسەمكى مەن ئوتۇن يىغىپ كېلىشكە بۇيرىسام ئوتۇن يىغىپ كېلىنسە، ئاندىن كېيىن نامازغا ئەزان ئېيتىشقا بۇيرىسام، ئەزان ئېيتىلسا، ئاندىن بىر كىشىنى بۇيرىسام كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ بەرسە، مەن نامازغا چىقمىغان ئادەملەرگە قارشى چىقىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتسەم دەيمەن».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شۇنىڭدىن كېيىن 30 نەچچە يىل جەريانىدا مەسجىدتە بىر ئادەمنىڭ گەدىنىنى كۆرۈپ باقمىغان سەئىد ئىبنى مۇسەييەبكە ئوخشاش كىشىلەرنى كۆرسەك ھەيران قېلىش كەتمەيدۇ. سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ شۇنچە ئۇزۇن بىرەرسىنىڭ گەدىنىنى كۆرمەسلىكى ئۇنىڭ ئەزان چىقىشتىن بۇرۇن ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئېلىپ بولىدىغانلىقىدىندۇر. سەئىدكە ئوخشاش كىشلەر مۇسۇلمانلار تارىخىدا تولىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ مەسجىدكە يىراق بولۇشى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە

جامائەتكە ئەھمىيەت بېرىشتە خېلىلا پىششىپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەزان چىقىشتىن بۇرۇن جامائەتكە ھازىرلىق قىلىشتىن توسۇپ قالالمىغان، بەلكى ئۇلار مەسجىدكە ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەنىنىڭ ساۋابى نام-ئەمەل دەپتىرىگە كۆپراق يېزىلىشى ئۈچۈن ئۆيلىرىنىڭ مەسجىدكە يىراق بولغانلىقىدىن خوشال بولغان.

*ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم بار ئىدى، مەن مەسجىدكە ئۇنىڭ ئۆيىدىنمۇ يىراقراق ئۆيى بار بىرەرسىنى بىلمەيمەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ نامازغا ھەرگىز كېچىكمەيتتى. ئۇنىڭغا بىر كۈنى، قاراڭغۇ كېچىلەردە، تومۇز ئىسسىقلاردا مىنىشۋېلىش ئۈچۈن بىر ئېشەك سېتىۋالغان بولساڭمۇ بوپتىكەن دېيىلدى. ئۇ، ئۆيۈمنىڭ مەسجىدنىڭ يېنىدا بولۇشى مېنى خوشال قىلالمايدۇ. مەن مەسجىدكە پىيادە بارغان، مەسجىددىن ئائىلەمگە پىيادە قايتقىنىمغا مەن ئۈچۈن ئەجىر-ساۋاب يېزىلسا ئىكەن دەيمەن دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «اللّٰه ساڭا ئاشۇنىڭ ھەممىسىنى جەملەپ بەرگەي» دېدى.* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۆيلىرى مەسجىدكە يىراق ساھابىلەرگە، ئۆيلىرىنى مەسجىدكە يېقىن قىلىپ سېلىشقا ئۇرۇنماسلىقنى تاپىلىغان ۋە ئۇلارغا مەسجىدكە بېرىشتا باسقان ھەربىر قەدەملىرى ئۈچۈن نامە-ئەمەل دەپتىرىگە ساۋاب يېزىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ماڭغىنى ھەرگىز بىكار كەتمەيدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلىگەن.

*جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەسجىدنىڭ يېنىدا بوش يەر بار ئىدى، بەنى سەلەمە ئائىلىسىدىكىلەر ئۇ يەرگە كۆچۈپ كەلمەكچى بولدى. بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، رەسۇلۇللا ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ مەسجىدنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ كەلمەكچى بولغىنىڭلار قۇلىقىمغا كىرىپ*

قالدى، سىلەر راست كۆچمەكچىمۇ؟» دېدى. ئۇلار، شۇنداق ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بەنى سەلەمە! ئۆز جايىڭلاردا تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ مەسجىدكە ماڭغان ھەر بىر قەدىمىڭلار ئۈچۈن ساۋاب يېزىلىدۇ، ئۆز جايىڭلاردا تۇرۇڭلار، ماڭغان ھەر بىر قەدىمىڭلار ئۈچۈن ساۋاب يېزىلىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇلار، بىزنى كۆچۈش خۇرسەن قىلالمايدۇ، بىز كۆچمەيدىغان بولدۇق دېيىشتى».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەملەرنىڭ نامازدىكى ئەجرى جەھەتتە، ئەڭ چوڭ ئەجرگە ئېرىشىدىغىنى، ئۇلارنىڭ نامازغا يىراق جايدىن مېڭىپ كەلگىنى، ئاندىن قالسا يېقىنراقراق يەردىن مېڭىپ كەلگىنى، نامازنى ئىمام بىلەن ئوقۇغىچە ساقلاپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئەجرى، نامازنى ئوقۇپلا ئۇخلاپ قالىدىغان ئادەمنىڭ ئەجرىدىن چوڭراق».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

كۆپىلىگەن ھەدىسلەردە بامدات نامىزى ۋە خۇپتەن نامازلىرىغا جامائەتكە قاتنىششقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ئىككى نامازدا جامائەتكە قاتناشقان ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغان ئەجرىنىڭ تولىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مەن پەقەت ئىككىلا ھەدىسنى دەلىل سۈپىتىدە تونۇشتۇرىمەن.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئۆتىسە، خۇددى كېچىنىڭ يېرىمىنى ناماز ئوقۇپ ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ، بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان كىشى خۇددى پۈتۈن بىر كېچىنى ناماز

*ئوقۇپ ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ»*.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مۇناپىقلارغا بامدات نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىدىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان ناماز يوق، ئەگەر ئۇلار شۇ ئىككى نامازدىكى ئەجىر ـ ساۋاپنى بىلگەن بولسا شۇ ئىككى نامازغا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

## سۈننەت ۋە نەپلە نامازلارنى ئۆتەيدۇ:

ئاخىرەت كۈنى نىجاتلىقتا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان، پەرز نامازلارنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇشنى ئەسلا قولدىن بەرمەيدۇ. كېچىنىڭ، كۈندۈزنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدە ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ۋاقتى يار بەرسىلا نەپلە نامازلارنى ئوقۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى نەپلە نامازنى كۆپ ئوقۇش، بەندىنى ئۆز پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇ كىشىنى، ئۆزىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، ئۇ كىشىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئورۇنغا ئېرىشتۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى ئۇ ئالى شەرەپلىك ئورۇندۇر، ئەگەر ئادەم شۇ ئورۇنغا ئېرىشەلىسىلا، **الله** شۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى بولۇپ بېرىدۇ. بۇ مەزمۇننى تۆۋەندىكى ھەدىس قۇددۇسى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى:

*«مېنىڭ بەندەم تاكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرگىچە نەپلە ناماز ئۆتەش بىلەن ھەمىشە ماڭا يېقىنلىق ئىزلەيدۇ. ئەگەر مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپلا قالسام ئۇنىڭ*

*ئاگلايدىغان قولىغى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن. ئەگەر مەندىن بىرەر نەرسە تىلىسە شۇنى بېرىمەن، ئەگەر مەندىن پاناھلىق تىلىسە ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىمەن».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئاسمان زېمىن ئەھلىنىڭ بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرۈشى **الله** نىڭ شۇ بەندىنى ياخشى كۆرۈشىگە قاراشلىق.

*ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مۇنداق بىر ھەدىسى بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** تەئەلا بىرە بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: مەن پالانى كىشىنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىدى: «ئاندىن ئۇ كىشىنى جىبرىئىل ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن ئاسماندا نىدا قىلىپ: **الله** پالانى كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار دەيدۇ، نەتىجىدە ئۇ ئادەمنى ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ياخشى كۆرىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى: ئاندىن كىيىن ئۇ ئادەم يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىدۇ، ئەگەر **الله** تەئەلا بىرەر بەندىنى ئۆچكۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: مەن پالانى ئادەمنى ئۆچ كۆرىمەن، ئۇنى سەنمۇ ئۆچ كۆر دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىدى: ئاندىن جىبرىئىل ئۇ بەندىنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئاندىن كىيىن ئاسماندا نىدا قىلىپ: **الله** تەئەلا پالانى بەندىنى ئۆچكۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۆچ كۆرۈڭلار دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىدى: ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇ ئادەمنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىنى ئۆچ كۆرۈش يەر يۈزىدە تارقىلىپ كىتىدۇ» دىگەن.* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاپانلىرى ئىششىپ كەتكۈچە كىچىلىرى ناماز ئوتىگەن. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

*ئى **اللە** نىڭ ئەلچىسى!! نېمە بۇنچىلىك قىلىپ كېتىسەن؟ **اللە** تەئالا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن تۇرسا دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جاۋاپ بېرىپ «شۈكرى ئېيتىدىغان بەندە بولمامدىمەن» دىگەن.* (شەيخانى رىۋايەت قىلىغان)

## نامازنى ياخشى ئادا قىلىدۇ:

ھەقىقى مۇسۇلمان ھەربىر نامىزىنى زېھنى چېچىلاڭغۇ، كۆڭلى تۇراقسىز ھالەتتە، پەقەتلا قىيامدا تۇرۇش، تەشەھھۇددا ئولتۇرۇش ۋە باشقا ھەركەتلىرىنىلا ئەمەس، بارلىق شەرتلىرىنى تولۇقلاپ ياخشى ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ دۇنيانىڭ تۈرلۈك مەشغۇلاتلىرىنى دەپ نامىزىنى چالا-پۇلا ئوقۇپلا تۇرۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى رەسۇلۇللانىڭ سۈننەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن ئىستىغپار، زىكىر-تەسبىھلەرنى ئېيتىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىغىنى تىلەپ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن، كەمتەرانە دۇئالىرى بىلەن بۈيۈك **اللە** غا ئىلتىجا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نامازنىڭ ھەقىقى مەنىسى سۈپ- سۈزۈك روھ، غۇبارسىز دىل ۋە پاك كۆڭۈل ئىچىدە ئادا بولىدۇ. شۇ مەزمۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېغىنچاقلاپ: «*كۆڭۈلنىڭ شادلىغى نامازدا*» دەيدۇ. (شەيخانى رىۋايەت قىلىغان)

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ساداقەتمەن، ئىتائەتمەن مۇسۇلمانلار، **اللە** تەئالانىڭ ئىشەنچىلىك ھىمايىسى ۋە ھەر تەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈشى ئىچىدە بولۇپ مۇسىبەت كەلسە زارلىنىپ، ياخشىلىق كەلسە بېخىللىشىپ كەتمەيدۇ:

(ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى، ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنۇچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر، بىرەر ياخشىلىق

يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر، پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر).

(سۈرە مائارىج19 ـ 20 ـ 21 ـ 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر)

## مال- مۈلكنىڭ زاكىتىنى بېرىدۇ:

ئۇ باي بولۇپ زاكات ۋاجىپ بولسا مال ـ مۈلكىنىڭ زاكىتىنى ئايرىدۇ. ئۆزىگە بېرىش ۋاجىپ بولغان ھەر بىر شەيئىنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن، سەممىلىك بىلەن، پەرھىزكارلىق بىلەن ھېساپلاپ بەلگىلەنگەن جايىغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەردە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان زاكاتنىڭ مىقدارى نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە مىليونغا يېتىشتىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يوشۇرۇش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. چۈنكى زاكات پەرىز خاراكتېرلىك بەلگىلىك ئىقتىسادى ئىبادەت، ساداقەتمەن مۇسۇلمان زاكىتىنى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىدىكىدەك تولۇق چىقىرىشقا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. شۇ زاكاتنى چىقىرىشتا، مۇسۇلماننىڭ پەقەت دىنىدا ساختىپەزلىك، روھىيىتىدە گادايلىق ۋە ئەخلاقىدا نۇقسان بارلار باھانە ـ سەۋەپ كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا تازا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بىزنىڭ زاكاتنى بەرمەي قويغۇچىلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىغىنى بىلىشىمىزگە، زاكاتنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرى كۆرسەتكەندەك تولۇق ئادا قىلغانىغا قەدەر ئۇرۇش قىلىش، قېنىنى تۆكۈشكە بولىدىغانلىقىغا يېتىپ ئاشىدۇ. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ دىندىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەر توغۇرسىدا: «الله بىلەن قەسەمكى ناماز بىلەن زاكاتنى ئايرىۋەتكەن كىشى بىلەن ئادااققىچە كۈرەش قىلىمەن» دېگەن سۆزى، دىن بىلەن دۇنيانىڭ بىرلەشتۈرگەنلىگىدىكى ئۇلۇغلۇقنى ھەمىشە نامايەن قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئەبۇبەكرىنىڭ قەسمى بۇ مۇكەممەل دىنىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارسىدىكى زىچ ئالاقىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى چوڭقۇر چۈشەنچىسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. سىز قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە نەزەر سالغىنىڭىزدا، ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىدا قويۇق ئالاقە باغلىنىشىنىڭ، ئورۇنداشلىقىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز:

(مۇئمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ).

(سۈرە مائىدە 55 ـ ئايەت)

(نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار). (سۈرە بەقەر 43 ـ ئايەت)

{«ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋاپقا ئېرىشىدۇ»}. (سۈرە بەقەر 277 ـ ئايەت)

## رامزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتىدۇ، كېچىلىرنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزىدۇ:

ھەقىقى مۇسۇلمان الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ساۋابىنى ئۈمىت قىلىپ رامزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتىدۇ، ئىمان بولسا ئۇنىڭ دىلىنى يورىتىدۇ.

*«كىمكى الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ۋە ساۋابىنى ئۈمىت قىلىپ رامزان روزىسىنى تۇتسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇ ئۆز زىمىسىدىكى روزىنىڭ ھەقىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. روزىنىڭ ھەققى بولسا تىلىنى، كۆزنى ۋە باشقا ئەزالىرنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا مۇخالىپ ئىشلاردىن ساقلاشدۇر. دىنغا مۇخالىپ ئىشلار روزىنى بۇزۇپ، ئەجرىنى بىكار قىلىۋىتىدۇ.

«بىرەرسىڭلار روزا تۇتقان كۈنى سەت گەپ ـ سۆزلەرنى قىلمىسۇن. ۋاقىراپ ـ

جاقىراپ يۈرمىسۇن، ئەگەر ئۇنى بىرەرسى تىللىسا ياكى ئۇرسا مەن: روزىدار دىسۇن». (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

«كىمكى يالغان ئېيتىشنى ۋە يالغان بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمىسە، الله ئۇ كىشىنىڭ يىمەك ـ ئىچمىكىنى تەرك ئەتكىنىگە (روزا تۇتقىنىغا) موھتاج ئەمەس». (بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

روزا مۇسۇلماننىڭ خىيالىدىن شۇ بىر ئاينى باشقا ئايغا ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە ئۆتكۈزۈش ئەسلا چىقىپ كەتمەيدۇ، ئۇ ئاي بولسا رامىزان ئېيىدۇر، رامىزان الله ئۈچۈندۇر. رامىزان روزىسىنىڭ ئەجرىنى الله ئۆزى بېرىدۇ:

*«ھەربىر ئادەم بالىسىنىڭ ئەملى ھەسسىلەپ كۆپەيتىلىدۇ، بىر ياخشىلىق 10 ئوخشىشى بىلەن 700 ھەسسىگىچە كۆپەيتىلىدۇ. الله تەئەلا: روزا بۇنىڭ سىرتىدا، شۈبھىسىزكى روزا مەن ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزۈم بېرىمەن. چۈنكى روزا تۇتقان ئادەم مىنى دەپ ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنى، يىمەك ـ ئىچمىكىنى تەرك ئېتىدۇ دىدى. روزا تۇتقان كىشىگە ئىككى خۇرسەنلىك بار، بىرى ئىپتار قىلغان چاغدىكى خۇرسەنلىك، يەنە بىرى پەرۋەردىگارى بىلەن مۇلاقەت بولغان چاغدىكى خۇرسەنلىك، روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىققان پۇراق الله نىڭ نەزىرىدە ئەنبەرنىڭ پۇرىغىدىنمۇ خۇشپۇراقىراقدۇر».* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر سەگەك، ئەقىللىق مۇسۇلمان بۇ مۇبارەك ئاينى ياخشى ئەمەللەر بىلەن كۈندۈزنى روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ياخشى ئىشلار بىلەن، كىچىلىرىنى تەھەججۇد، نەپلە نامازلار بىلەن، دۇئا ـ تەكبىرلەر بىلەن ئۆتكۈزمىگى لازىمدۇر.

*«كىمكى الله نىڭ ۋە دىسىگە ئىشىنىپ، ساۋابىنى ئۈمۈت قىلىپ رامىزان*

*ئېيىنىڭ كېچىلىرىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزسە، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا ئايلارغا قارىغاندا رامىزان ئېيىدا بولۇپمۇ رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدە كۆپلەپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشاتتى.

*ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئايلارغا قارىغاندا رامىزان ئېيىدا بولۇپمۇ رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى 10 كۈنلىرىدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تولىمۇ تىرىشاتتى».* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

يەنە بىر ھەدىستە: *«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرى كىرسە ھەرگىزمۇ ئۇخلىمايتتى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ ئۇخلاتمايتتى، ئەستايىدىل ئەمەل ئىبادەت قىلاتتى ۋە ئىشتان بېغىنىمۇ چىڭىتىۋالاتتى».* دېگەن (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەيلەتۇل قەدرى كېچىسىنى تېپىشقا ۋە ئۇ كېچىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇتتى: *«قەدرى كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10كۈنلىرىنىڭ تاق كۈنلىرىدىن ئىزدەڭلار».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى قەدرى كېچىسى اللە نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ساۋابنى كۆزلەپ ناماز ئۆتىسە ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».* دېگەن

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئادەم رامىزاننىڭ كېچىلىرىنى ئايغى چىقماس ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ۋە تاڭ ئاتقىچە بولغان ئۇزۇن ۋاقتىنى بىدارلىق

ئىچىدە ۋە ئۆزىنى كۆرۈۋاتقا بىر تاشلىۋالسا سوھۇرلۇق يېيىشكە، بامدات نامىزى ئوقۇشقىمۇ تۇرماي ئۇخلاپ كىتىشى ئەسلا لايىق ئەمەس. چۈنكى رامىزان ئېيى ساپ ئىبادەت ئېيىدۇر. تەقۋادار، ئۆزدىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئوبدان ئىگىلىگەن ئاڭلىق مۇسۇلمان تەراۋىھ نامىزىدىن قايتىپ كىلىپ بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئازراق ئۇخلىۋالغاندىن كىيىن نەپلە ـ ناۋاپىل ئوقۇش، سوھۇرلۇق يىيىش ئاندىن كىيىن بامدات نامىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىشقا ئويغىنىدۇ.

سوھۇرلۇق يىيىشتە كۆپلىگەن ياخشىلىق بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوھورلۇق يىيىشكە بۇيرىغان: *«سوھۇرلۇق يەڭلار، سوھۇرلۇقتا راستىنلا بەركەت بار»* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

سوھۇرلۇقتا ئويغىنىش، تەھەججۇد نامىزى ئۆتەشنى ئەسكە سالىدۇ ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئۆتەش ئۈچۈن مەسجىدكە روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە بېرىشقا تۈرتكە بولىدۇ. سوھۇرلۇق يىگەندە روزا تۇتۇشقا قارىتا بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرگىلى ۋە بىر كۈنلۈك روزىنىڭ ساغلام ئۆتىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ۋە ساھابىلىرىمۇ ھەم قىلىشقا ئۈندىگەن بىر ئىش.

*زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سوھۇرلۇق يىدۇق ئاندىن كىيىن نامازغا تۇردۇق، دىدى. سوھۇرلۇق يىيىش بىلەن نامازغا تۇرغىچە بولغان ئارلىقتا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەن؟ دىيىلگەندە، ئۇ 50 ئايەت ئوقۇپ بولغانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەن» دىگەن.* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

**نەپلە رۇزا تۇتىدۇ:**

تەقۋادار، سەگەك مۇسۇلمان رامىزان ئېيىدىن باشقا چاغلاردىمۇ ئەرەفە كۈنىسى ۋە ئاشۇرا (مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى) ۋە تاسۇئا (يەنى ھىجرىيە 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) كۈنلىرىنىڭ روزىسىغا ئوخشاش نەپلە روزىلارنى تۇتۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇ كۈنلەرنىڭ روزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىدىندۇر.

*ئەبى قاتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفە كۈنىنىڭ روزىسىدىن سورالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئۆتكەن يىلنىڭ ۋە كېلىدىغان يىلنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ» دىدى.* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتقان ۋە تۇتۇشقا بۇيرىغان».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*ئەبى قاتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش توغرۇلۇق سورالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆتكەن يىلنىڭ كىچىك گۇناھلىرى ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ» دىدى.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن كېلەر يىلغىچە ھايات بولسام چوقۇم مۇھەررەمنىڭ 9 ـ كۈنىسىنىڭ روزاسىنى تۇتىمەن» دىدى.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن روزا تۇتۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشدۇر، شەۋۋال ئېيىنىڭ روزىسى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«كىمكى رامىزان روزىسنى تۇتسا، ئاندى كىيىن ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن روزا تۇتسا خۇددى ئۇ يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشايدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ھەر ئايدا 3 كۈن روزا تۇتۇش مۇستەھەپدۇر، شۇ توغۇرلۇق

*ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەر ئايدا 3 كۈن روزا تۇتۇشنى، چاشكا نامىزى ئۆتەشنى، ۋىتىر نامىزى ئوقۇماي تۇرۇپ ئۇخلىماسلىقتەك 3 تۈرلۈك ئىشنى تەۋسىيە قىلدى».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر ئايدا 3 كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەر» دىدى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شۇ ئۈچ كۈننى ھەر ئاينىڭ 13 ـ 14 ـ ۋە 15 ـ كۈنى قىلىپ بىكىتكەن ۋە شۇ كۈنلەرنى ئاق كۈنلەر دەپ ئاتىغان مەزمۇنلار بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقىم بىر كۈنگە توختاتماي ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتىدىغانلىغىنى ئۇختۇردىغان ھەدىسلەرمۇ بار.

*مۇئازەتىل ئەدەۋىيەدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: رەسۇلۇللا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتامتى؟ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ ھەئە شۇندا قىلاتتى دىدى. مەن قايسى ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى دىسەم، ئۇ قايسى ئايدا بولىشىغا قارىماي تۇتىۋىرەتتى دىدى دىگەن.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

**اللە نىڭ ئۆيى بەيتۇل ھەرەمنى ھەج- تاۋاپ قىلىدۇ:**

دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرنى ئاڭلىق تۇنۇپ يەتكەن مۇسۇلمان قاچانكى قۇربى يەتسە بەيتۇللانى ھەج-تاۋاپ قىلماقنى كۆزلەيدۇ ۋە مۇقەددەس شەھەرگە سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى ھەج-تاۋاپ قىلىشنىڭ قائىدە-نىزاملىرنى تولۇق بىلىشكە تىرشىدۇ. ئاندىن ھەج پائالىيەتلىرنىڭ ھەربىر چوڭ-كىچىك نۇقتىلىرىدا توختۇلىدۇ. ھەج پائالىيەتلىرنى كۆڭۈل قويۇپ ئادا قىلسا ئۇنىڭ ھەجى دۇرۇس تامام بۇلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە شۇ ئۇلۇغ پەرزنىڭ يوشۇرۇن ھېكمەتنى چۈشەنگەن، يۈرىگىنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كەتكەن ئىماننىڭ خاتىرجەملىكىنى تۇنۇپ يەتكەن ۋە تەبىئىتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىسلامنىڭ ھەقىقى گۈزەللىكىنى ھىس قىلغان ھالدا شۇ خالىس قىلىنغان ھەجىدىن كېيىن ئۆز يۇرتى ئۆز ئائىلىسىگە قايتىدۇ. گۇناھىدىن ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك پاكلىنىدۇ. بەيتۇل مەئمۇر ئەتراپىغا يەر-يۈزىنىڭ بارچە مىللەتلىرنى توپلىغان بۇ ئۇلۇغ دىنىنىڭ ئىشەنچىسىگە قەلبى تولۇپ تاشىدۇ. ھەج بولسا خەلق، دۆلەت ۋە مىللەت خاراكتىرلىك قۇرۇلتاي، ئۇنىڭغا دۇنيا پەقەت ھەج مەۋسۇمىدىلا قاتنىشىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار بولسا ئوخشىمىغان رەڭ، ئوخشىمىغان ئىرىق، ئوخشىمىغان تىل ئۈستىدە تۇرۇپ يالغۇز اللە ئۈچۈن تەلبى، تەھلىل، تەكبىر، تەسبىھ ۋە ھەمدە ئېيتىشلار بىلەن جاھاننى لەرزىگە سالىدۇ.

**ئۆمرە ھەج قىلىدۇ:**

پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلغۇچى مۇسۇلمان ھەج

ۋاقىتلىرىدىن باشقا چاغلاردا ئۆمرە ھەج قىلىشنىمۇ ئۇنۇتمايدۇ. بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى رامىزان ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلغاننىڭ ساۋابى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىگەندەك، رەسۇلۇللا بىلەن ھەج قىلغاننىڭ ساۋابىغا تەڭ.

*ئىمام بۇخارىنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە، ئىبنى ئابباس مۇنداق دىدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجدىن قايتقاندا ئۇممۇسىنانىل ئەنسارىگە: «سىنى ھەج قىلىشتىن نىمە توستى؟» دىدى. ئۇ: ئەبۇ پالانى (ئېرىنى دىمەكچى) نىڭ ئىككى تۆگىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرىدە ئۆزى ھەج قىلدى، يەنە بىرى بولسا يېرىمىزنى سۇغىراتتى، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رامىزان ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلغانلىق مەن بىلەن ھەج قىلغانغا تەڭ» دىگەن.*

## الله قا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكۈچىدۇر:

مۇسۇلمان ئۆزىنى بۇ ھاياتى دۇنياغا پەقەت ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن دەپ چىن ئېتىقاد قىلىدۇ:

(جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم).

(سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت)

**الله** قا ئىبادەت قىلىش ئىنساننىڭ دۇنيانى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان بارلىق ئىجابى ھەركەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. **الله** نىڭ سۆزى (قۇرئان كەرىم) نى يەر يۈزىدە ئەمەللەشتۈرۈش، دۇنيا ھاياتىدا **الله** نىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى تەتبىقلاش ۋە مۇسۇلماننىڭ **الله** نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان بارلىق ئىشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ ئىش ـ ئەمىلى شۇ مۇسۇلماننىڭ نىيىتى، ئەمىلى ھەركىتىدە **الله** يولىدا ئىشلەشلا بولىدىكەن، بەلگىلىمىلەرنى ئادا قىلغانغا ئوخشاش

ئىبادەت.

ھەققى مۇسۇلماننىڭ قىلىدىغان ئىبادەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، يەر يۈزىدە الله نىڭ شەرئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىش، مەيلى شەخسلەر ھاياتى ۋە ئائىلە ھاياتى، جەمئىيەت، دۆلەت ھاياتىغا ھۆكۈم قىلىش جەھەتتە بولمىسۇن، ھاياتقا ئۇنىڭ يوليورۇقلىرىنى تەتبىقلاش.

ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئۆز تىرىشچانلىقىنى الله نىڭ جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېغىشلىمىغاندا ئۆز ئىبادىتىنىڭ تولىمۇ چولتا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. بىلىپ قېلىڭلاركى ئۇ ئۇلۇغۋار نىشان الله نىڭ كەلىمىسىنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا ئىنسانلارنىڭ الله قا قىلىدىغان ئىبادىتى ھەققى ئىبادەت بولىدۇ. پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا (بىر الله دىن باشقا ھەققى مەئبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى) دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسى ھايات ئەمەلىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مۇشۇ تۇغۇردا كۆز قاراش ۋە ئىسلامدىكى ئىبادەت ھەقىقىتىنىڭ ئاقىلانە تەسەۋۋۇردىن قارىغاندا مۇسۇلمان بۇ ھاياتتا پەقەت دىنى ۋەزىپىنىڭ ئىگىسىلا بولالايدۇ. ئۇ ۋەزىپە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىدە ھۆكۈمىنىڭ بىرلا الله ئۈچۈن بولىشىدۇر. مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانلىقى شۇ ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغاندىلا تولۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادىتىمۇ كىشىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ھەققى ئىبادەت بولۇپ روياپقا چىقىدۇ. ئەنە شۇ دىنى ۋەزىپە مۇسۇلمانغا ئىسلامىيەتنىڭ ھەممە ئىتراپ قىلىدىغان بىردىن-بىر توغرا كىملىكىنى بېرىدىغان ۋەزىپىدۇر. مۇسۇلمانى ساداقەتمەن، جەڭگىۋار مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشىدىغان ۋەزىپەدۇر. ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنى مەنىلىك قىلىدۇ، ئادەمنى يەر يۈزىدە

خەلىپە بولۇشقا لايىقلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمگە شۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتنى ۋە الله تەئەلا نىڭ ئۆزىنى بارچە مەخلۇقاتلاردىن ئەۋزەل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

(شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق). (سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت)

ساداقەتمەن مۇسۇلمان بۇ دىنى ۋەزىپىگە ئاكتىپ قاتنىششى بارچە ئالاھىلىدىلىگىنى شۇ ۋەزىپىگە ئاتىشى ۋە ئۇنىڭغا تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىنى سەرپ قىلىشى، ئۇنىڭ غەلبىسى يولىدا ۋاقتىنى، تىرىشچانلىقىنى ۋە بارلىقىنى ئاتىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدە تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ئۇسۇل، ئۇنىڭ يۈكسەك ۋۇجۇدىدىكى مەزمۇن ۋە ئۇ مۇسۇلماننىڭ الله غا بولغان يېقىنلىقىنىڭ ئىسپاتى، ئۇنىڭسىز مۇسۇلمان ھاياتىنىڭ لەززىتى ۋە مەۋجۇدلىقىنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. شۇنداقلا الله نىڭ رازى بولۇشىدىن پەقەت شۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا چىدامچانلىق ۋە ئۈزۈلۈكسىز ئىشلەش بىلەن خاتىرجەم بولۇشقا بولىدۇ. دېمەك ئۇ دىن يولىدا بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن ساداقەتمەن مۇسۇلمان كۆڭۈل قويۇپ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، مۇسۇلمان شۇ ئىبادەت بىلەن الله غا يېقىنلىشىدۇ. الله نىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، ئاڭلىق مۇسۇلمان ھەمىشە مۇشۇ دىنى ۋەزىپىنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىغا ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە خىزمەت قىلىغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىنى پەقەت شۇ خىزمەتكىلا بېغىشلايدۇ ھەمدە شۇ ۋەزىپىنىڭ توغىنىلا كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئەقىدىلەرنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ.

## كۆپلەپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ:

مۇسۇلمان مۇشۇنداق شانلىق، پارلاق باسقۇچقا يەتكەنلىكتىن ھەمىشە قۇرئان كەرىم نىڭ يېقىشلىق سالقىن سايىسىگە قايتىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ شۇ سايىسىدا ھىدايەتنىڭ سالقىن، ئارام ـ بەخىش يۇراقلىرىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ، ياخشىلىق ئەتراپىدا شەرەپ قوچىدۇ. ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن ھىكمەتلىك ئايەتلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ، نەتىجىدە مۇسۇلمان ئۇنى تەپەككۇر قىلىش، ھىكمەتلىرىنى كۆرۈپ يېتىش بىلەن بىرگە تامامى كەمتەرلىك ئىچىدە كۆپلەپ تىلاۋەت قىلىدۇ. شۇ تىلاۋەت ئۈچۈن ۋاقتىنى ئايماي سەرىپ قىلىدۇ. شۇ سەرىپ ئەتكەن ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىغا بېرىلىپ كالامىنى كۆپلەپ تىلاۋەت قىلىدۇ، ئەقلى ئېتقادىنى ئېشقا سېلىپ تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ ۋە قەلبىگە سىڭدۈرىدۇ، ئاندىن ئىشەنچىسىنى ۋە كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى ئاشۇرىدۇ:

(بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ).

(سۈرە رەئىد 28 ـ ئايەت)

ئاڭلىق تەقۋادار مۇسۇلمانغا، رەسۇلۇللانىڭ پاساھەتلىك بايانلىرى ئارقىلىق، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن ئاقلانە كۆرسەتمەلىرى يېتەرلىك بولۇپ كۆڭلىرىنى ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنداقلا قۇرئان كەرىمنىڭ يارقىن، چوڭقۇر مەنالىرى بىلەن دىللىرىنى يورىتىدۇ.

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆئمىننىڭ مىسالى يۇرىغىمۇ، تەمىمۇ ياخشى لىمۇننىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. قۇرئان ئوقۇمايدىغان مۆئمىننىڭ مىسالى خورمىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. خورمىنىڭ پۇرىغى يوق بىراق تەمى*

*ياخشى. قۇرئان ئوقۇيدىغان مۇناپىقنىڭ مىسالى ھىدى خۇشپۇراق، تەمى ئاچچىق رەيھاننىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. قۇرئان ئوقۇمايدىغان مۇناپىقنىڭ مىسالى پۇرىقى يوق ئاچچىق تاۋۇزنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ تۇرۇڭلار، شۈبھىسىزكى، قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ» دەيدۇ.* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن راۋان ئوقۇيدىغان ئادەم ھۆرمەتكە سازاۋەر پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. قۇرئاننى قىينىلىپ تەستە ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىككى ئەجرى بېرىلىدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ساداقەتمەن مۇسۇلمان يۇقارقى بايانلارنى بىلگەندىن كېيىنمۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، مەنالىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئىشلىرىغا بىپەرۋالىق قىلارمۇ؟

دېمەكچىمەنكى، مانا بۇ ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: راستچىل ۋە چوڭقۇر ئىمان، ئۆزلۈكسىز قىلىنغان ياخشى ئەمەل ۋە دائىم **الله** نىڭ رازىلىقىنى ئىزلەش مۇسۇلماننىڭ **الله** قا قىلىدىغان ئىبادىتىنى كۈچەيتىدۇ. **الله** تەئەلا ئۆز كالامىدا:

(جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم).

دەپ بەلگىلەپ بەرگەن، مۇشۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

## 2ـ مۇسۇلماننىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن باشقا ئادەملەر ئىچىدە سەزگۈر، كىشىلەر ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى يەتكۈزۈشكە لايىقلاشتۇرۇلغان ياخشى بىر ئۈلگۈنۇش ئۈلگىسى بولۇشلىرى ئۇچۇن كىيىنىشتە، سىرتقى قىياپىتىدە، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ۋە ئىش ـ ھەركەتتە ئالاھىدە پەرقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

*ساھابە جەلىل ئىبنى ھەنزىلىيە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كىتىۋاتقان ساھابىلىرگە مۇنداق دىگەن: «سىلەر راستىنلا قېرىندىشىڭلارنىڭ يېنىغا كىتىۋاتقانلار، ئىگەر جابدۇقلىرىڭلارنى تۈزەشتۈرۈڭلار، سىلەرنىڭ ئادەملەر ئىچىدە خۇددى سەزگۈر دانىشمەنلەردەك بولىشىڭلار ئۈچۈن، كىيىم ـ كىچىكىڭلارنى چىرايلىق ـ پاكىزە، رەتلىك كىيىڭلار، الله تەئەلا سەت، چاكىنىلىقنى ياقتۇرمايدۇ».*

(ئەبۇداۋۇت ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقى قىياپىتى رەتسىزلىكنى، كىيىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكنى ۋە كىيىم ـ كىچەك، ئائىلە ـ جابدۇقلىرىنى قالايمىقان ـ رەتسىز تاشلىۋىتىشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىدى. ھالبۇكى، ئۇ قىلمىشلار ئىسلامىيەت ياختۇرمايدىغان ۋە مەنئى قىلىدىغان ئىشلاردىندۇر.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ئۆز زاتىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇ ھاياتىي دۇنيادا ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغان يۈكسەك مەجبۇرىيەتنى ئەستىن چىقارمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىنسانىنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى ئۇنىڭ خەۋەر ئېلىشىدىن، نەزەر كۆزىدىن ئايرىلالمايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، چىرايلىق تۈزەشتۈرۈلگەن قىياپەت، تاشقى كۆرۈنىش، گۈزەللىكنى ۋە ئاجايىپ ئۇلۇغلۇقنى ئۆز قېتىغا ئېلىش بىلەن بىرگە نامايەن بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەر بىرى باشقىلارنى **الله** تەرەپكە چاقىرىدىغان مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر.

ھەقىقىي ئاڭلىق، زىرەك مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ جىسمى، ئەقلى ۋە روھىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى ئاداقىلىدۇ. ئۆلچەملىك تەڭپۇڭلاشتۇرۇغۇچى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىنى قىبلىنامە قىلىپ قايسىدۇر بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمەيدۇ.

*مانا بۇلار ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە تەپسىلى ئىزاھلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئىبادەتتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ ئۇنىڭغا: «ئىبنىڭە! سەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى ناماز ئوقۇمسەن؟ دېگەن. ئابدۇللا: شۇنداق ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلما، روزىنىمۇ تۇتقىن، ئاش ـ تاماقمۇ يېگىن. نامازمۇ ئوقۇ، ئۇيقىنىمۇ ئۇخلىغىن، راستىنلا سەندە بەدىنىڭنىڭ، كۆزۈڭنىڭ، ئايالىڭنىڭ ۋە يوقلىغۇچىلارنىڭمۇ ھەققى بار......» دېگەن.*

(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ جىسمى، ئەقلى ۋە روھى ئارىسىدىكى بۇ تەڭپۇڭلۇقنى قانداق

ئەمەلىلەشتۈرۈۋىدۇ؟.

## ئۆز جىسمىغا قارىتا يىمەك ـ ئىچمىكىنى نورمال قىلىدۇ:

مۇسۇلمان بەدىنىنىڭ ساغلام ۋە كۈچلۈك بولۇشىغا بەكلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نورمال يەپ ـ ئىچىدۇ. ئۆزىنى تاماققا ئاچكۆزلەرچە ئۇرۇپ كەتمەيدۇ. مۇسۇلمانغا پەقەت تاماقتىن قەددىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ساغلاملىقى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، روھلۇق كەيپىياتىنى ساقلاشقا يېتەرلىك بولسىلا كۇپايە. چۈنكى ئۇ **الله** تەئالانىڭ ھېكمەتلىك كىتابىدا دېيىلگەن يولىيورۇقىنى يېتەكچى قىلىغان:

(يەڭلار، ئىچىڭلار ئىسراپ قىلماڭلار. شۈبھىسىزكى **الله** ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ).

(سۈرە ئەئراپ 31 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىمەك ـ ئىچمەك توغۇرسىدا ئېيتقان سۆزىنى ئەستىن چىقارمايدۇ: *«ئادەملەر قورسىغىدىن ئىبارەت بۇ يامان قاچىنى توشقۇزمىسۇن، ئەگەر توشقۇزماي بولمىسا، ئۈچتىن بىرىنى تامىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى بىرىنى ئۇسسۇلۇغى ئۈچۈن، ئۈچۈنچى بىرىنى نەپەس ئېلىشى ئۈچۈن قالدۇرسۇن».* (ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىلار رىۋايەت قىلغان)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

*«يىمەك ـ ئىچمەكتە تويغۇدەك يەپ ـ ئىچىشتىن ساقلىنىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن بەدەنگە زىيانلىق، تۇرلۇك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نامازدىن ھورۇنلاشتۇرىدۇ، يىمەك ـ ئىچمەكتە نورمال بولۇڭلار. ئۇ تەن ساغلاملىققا پايدىلىق ۋە ئىسراپچىلىقتىن يىراق، **الله** تەئالا دەرىجىدىن تاشقىرى سېمىزلىكنى ياختۇرمايدۇ. بىر*

*ئادەمنىڭ شەھۋىتى، كۆڭۈل ئارزۇسى، دىنىنى بىيسىپ چۈشمىگىچە ھەرگىز ھالاك بولمايدۇ».*

دوكتۇر ۋاراج مۇھەممەد نازىمنىڭ (ئۆلچەمدىن ئارتۇق تويۇنۇش، بەدەنگە، ئەقىلگە زىيانلىق) دېگەن ماقالىسگە قارالسۇن.

مۇسۇلمان مەست قىلغۇچى، روھنى غىدىقلىغۇچى ۋە ئۇرغۇتقۇچى نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. بالدۇر ئۇخلاپ بالدۇر ئويغىنىدۇ. پەقەت ئاغرىپ قالغاندىلا دورا ئىچىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماننىڭ ھاياتلىق تۈزۈمىدىكى ساغلاملىقا، تەبئى روھى كۆتۈرەڭگۈلۈككە ياردىمى بولىدىغان نەرسىلەردۇر.

ئاڭلىق مۇسۇلمان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرغا قويغاندەك، كۈچلۈك مۆئمىننىڭ ئاجىز مۆئمىنغا قارىغاندا **الله** تەئەلاغا بەكرەك ياقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇ ھاياتىدا ساغلاملىق ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە بەدەننى كۈچەيتىشكە تىرىشىدۇ.

## بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

ھەقىقى مۇسۇلمان، كۆپۈنچە جىسمانى جەھەتتە ساغلام، تەن قۇرلىشى كۈچلۈك بولسا ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ ھارام قىلىنغان، ناپاك، زىيانلىق ۋە ئادەمنى ھالاكەتكە سۆرەپ ئاپىرىدىغانلىقلىرىدىن يىراق بولغانلىقى ۋە ئىرادىنى سۇندۇرىدىغان، بەدەن كۈچىنى خورىتىۋېتىدىغان، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان، ئۇخلىماسلىقتەك، ناچار ئادەتلەردىن ئۆزىنى تارتقانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇ بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە تىرىشىپ قىلىدۇ ۋە ئۆزى ئۈچۈن سىزىپ قويغان ساغلام ھايات

ئۇسۇلى بىلەن توختاپ قالمايدۇ. بەلكى ئۆز جىسمىغا، يېشىغا ۋە ئىجتىمائى ئورنىغا ماس كېلىدىغان شۇنداقلا بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدىغان، روھىنى ئورغۇتىدىغان ۋە ئىممۇنىت كۈچىنى كۈچەيتىدىغان بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىلاپلىق قىلماس كىلىشىملىرىنى تۈزىدۇ. مانا بۇ بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرى مۇسۇلماننىڭ جىسمىغا، ئۆزىنىڭ ياخشى مىۋىسىنى بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ھەر دائىم، ھەر جايدا، نورمال ئىنتىزامچانلىق بىلەن ئۇرۇندىشىغا باغلىق.

## بەدىنىنى ۋە كىيىم-كېچەكنى پاكىز تۇتىدۇ:

ئادەملەر ئارىسىدا ئىسلامنى ئۆزىنىڭ بەلگىسى قىلماقچى بولغان مۇسۇلمان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلۇپمۇ جۈمە كۈنلىرى تۇلۇق يۇيۇنۇشقا ۋە پاكلىققا ئالاھىدە ئۈندەپ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، بەدىنىنى پاك - پاكىز تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ۋاقتى قەرەلدە يۇيۇنۇپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «*سىلەر جۈنۈپ بولمىساڭلارمۇ جۈمە كۈنى يۇيۇنۇڭلار، خۇشپۇراق نەرسىلەردىن ئىشلىتىڭلار*» دېگەن.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بىر قىسىم مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ پاكىزلىقنى تەشەببۇس قىلىشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇلار جۈمە نامىزى ئۈچۈن يۇيۇنۇش(غۇسلە قىلىش) ۋاجىپ دېگەن.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «*بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھەر يەتتە كۈندە بىرقېتىم يۇيۇنۇش ۋاجىپ، مۇسۇلمان ئۇ كۈندە بېشىنى ۋە بەدىنىنى يۇيىدۇ*».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ھەقىقى مۇسۇلمان كىيىم ـ كېچەكنى پاكىز ـ پاكىز تۇتۇپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ياكى پۇتىدىن كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان سېسىق پۇراقنىڭ تارقىلىشىغا ئەسلا يول قويمايدۇ ۋە سېسىق پۇراقنى خۇش پۇراق بىلەن باسىدۇ. يول باشچىمىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ:

*«مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆچتىن بىرىنى پاكىزلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئادەم ئىسراپخور ئەمەس»* دېگەن سۆزى رىۋايەت قىلىنغان.

تەربىيەت كۆرگەن مۇسۇلمان ئېغىزىنى پاكىزلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن ھېچكىمنىڭ ئېغىزى سېسىق پۇرمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان ھەركۈنى چىشىنى مىسۋاك، چىش چوتكىسى، دېگەندەك چىشنى تازىلىغۇچى نەرسىلەر بىلەن تازىلاپ تۇرىدۇ. ئاز دېگەندىمۇ يىلدا بىر قېتىم ئاغزىنى چىش دوختۇرىغا ۋە باشقا ئېغىز، يۇتقۇنچاق كېسەللىكلەر دوختۇرلىرىغا كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«كېچە ياكى كۈندۈز تەرەپلىرىدە، ئۇخلاپ ئويغانسىلا تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن مىسۋاك قىلاتتى».* (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرگەندە دەسلەپ نېمە ئىش قىلاتتى؟ دەپ سورالغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جاۋاپ بېرىپ: *«مىسۋاك قىلاتتى».* (دېگەن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەرەپلەرگە سەل قاراۋاتقانلىقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇلار ئېغىز تازىلىقى ۋە كىيىم ـ كېچەك تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ مەسجىد، دەرىسخانا ۋە ئاممىۋى جامائەت سورۇنلىرىنى

بۇلغاۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ شۇ سورۇنغا قاتناشقان قېرىنداشلىرىغا، ئۆزىنىڭ سېسىق پۇراقلىرى بىلەن ئەزىيەت يەتكۈزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيسىز. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، سامساق، پىياز، كۇدە قاتارلىق كۆكتاتلارنى يېگەن ئادەم، ئۆزىنىڭ ئېغىز پۇرىقى بىلەن پەرىشتىلەرگە ۋە ئادەملەرگە ئەزىيەت بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەسجىدلەرگە يېقىن يولىمىسۇن. دېگەن سۆزىنى تەكرار ئوقۇيدۇ ۋە ئاڭلايدۇ:

*«سامساق، پىياز، كۇدە قاتارلىق كۆكتاتلارنى يېگەن ئادەم مەسجىدىمىزگە يېقىن يولىمىسۇن، چوقۇمكى پەرىشتىلەر ۋە ئادەم بالىلىرى ئۇنىڭدىن ئەزىيەت يەيدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، پەرىشتىلەرگە، ئادەملەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر قىسىم غەيرى پۇراقلىق كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلغان ئادەملەرنى مەسجىدكە يېقىنلىشىشتىن توسقان. مەنچە بولغاندا شۇ كۆكتاتلارنىڭ پۇرىقى، كۆڭۈللەرگە ئېغىر كېلىشتە، كىرلىشىپ كەتكەن كىيىم-كېچەك ۋە پايپاقلارنىڭ شۇنداقلا، تازلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرىدىن، ئېغىزلىرىدىن تارقالغان پۇراقلاردىن كۆپ يەڭگىل.

ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئى قاتارلىق ئالىملار، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللا بىر سىنىڭ ئۇستىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن كىيىمنى كۆرۈپ: *«بۇ ئادەم كىيىمنى يۇغىدەك بىر نەرسە تاپالمىدىمۇ؟»* دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇيۇنۇپ ئېرىغدىنىشقا قۇربى يېتىپ تۇرۇپمۇ، كىر-

مەينەت باسقان كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگىچىلەرنى ياقتۇرمىغان ۋە مۇسۇلماننىڭ، دائىم كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاكىز، پاكىزە، تاشقى قىياپىتى چىرايلىق، شەكلىنىڭ كۆركەم بولۇشىنى تەلەپ قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «*سىلەردىن كىمكى ئەگەر تاپالىسا ئىش كىيىمىدىن باشقا، جۈمە كۈنى ئۈچۈن بىرەر قۇر كىيىم ئېلىپ قويسا گۇناھ يوق*». (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامىيەت بارلىق پەرزەنتلىرىنى بىر قانچە مەزمۇنلاردا پاكىزلىققا تەرغىب قىلغان. ۋە ئۇلارنىڭ دائىم پاكىز بولۇشىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى خۇشپۇراق نەرسىلەر بىلەن پۇراقلىق قىلىشىنى، بەدەنلىرىدىن خۇشپۇراق ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشلاردۇر.

ئىمام مۇسلىمنىڭ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە، ئەنەس ئىبنى مالىك: «*مەن رەسۇلۇللانىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقراق بىرەر ئەنبەر ياكى بىرەر ئىپارنى پۇراپ باقمىدىم*» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىنىڭ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاكىزلىقى ۋە تەر پۇرىقىنىڭ تولىمۇ خۇشپۇراقلىقى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر مەلۇماتلار ئېشىپ تېشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن بىرىسى ئەگەر بىرەر كۆرۈشكۈچى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويسا، رەسۇلۇللا بىلەن كۆرۈشكەن ئادەمنىڭ خېلى كۈنلەرگىچە ئۆز قولىدا خۇشپۇراق ھىد قالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى بىرەر كىچىك بالىنىڭ بېشىغا قويسا ئۇ بالا باشقا بالىلار ئارىسىدا خۇشپۇراق ھىد بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

بۇخارى «تارىخۇل كەبىر» دېگەن ئەسىرىدە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «*رەسۇلۇللا بىرەر يولدىن ماڭغان بولسا شۇ يولدا ماڭغان ئادەم ئۇنىڭ خۇش ھىدلىرىدىن رەسۇلۇللانىڭ شۇ يولدىن ماڭغانلىقىنى*

*بىلەتتى. بىر قېتىم رەسۇلۇللا ئەنەسنىڭ ھويلىسىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالغاندا ئۇ تەرلەپ كەتكەن، ئەنەسنىڭ ئانىسى بىر قاچىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ رەسۇلۇللانىڭ تەرلىرىنى يىغىپ قاچىلىۋالغان، رەسۇلۇللا ئۇنىڭدىن شۇ توغرۇلۇق سورىغاندا، ئۇ ئايال: بۇ سىنىڭ بەدىنىڭدىن چىققان تەر بىز ئۇنى خۇشپۇراق نەرسىلىرىمىز ئورنىدا ئىشلىتىمىز ئۇ ئەنبەردىنمۇ خۇشپۇراق» دېگەن.* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مۇسۇلمانلار، بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن ئىبارەت مەشئەللەرگە نىمە دېگەن ئېھتىياجلىق ھە! ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ چاچنى ئىسلام شەرئىتىگە ئۇيغۇن ھالەتتە تۇرۇشكە، گۈزەللەشتۈرۈشكە قىلغان ئەمرىدۇر.

شۇ توغرۇلۇق ئەبى داۋۇت ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ئەبى ھۇرەيرە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«كىمنىڭ چېچى بولسا ئۇنى ھۆرمەتلىسۇن»* دېگەن.

ئىسلامىيەتنىڭ تەلۋىدىكى چاچنى ھۆرمەتلەش، ئۇنى پاكىز تۇتۇش، تاراش، خۇشپۇراق بۇيۇملار بىلەن ئۇنى مايلاش ۋە شەكىل پاسونىنى يارشىملىق تۈزەش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچىنى تارىماي، پاخما باش قىلىپ تاشلىۋەتكەن ئادەم باشقىلارنىڭ كۆزىگە غەلىتە مەخلۇقتەك كۆرۈنىدىغان بولغاچقا ئۇنداق كىشىنى ياختۇرمىغان ۋە ئۇنىڭ يېقىمسىز كۆرۈنىشىنى شەيتانغا ئوخشاتقان.

بۇ ئىمام مالىكنىڭ مۇ ئەتتا دېگەن ئەسىردە ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىپ خاتىرلىگەن ھەدىسىدە ئۇچرايدۇ. ئەتتا ئىبنى يەسار مۇنداق دېگەن:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىددە ئىدى، چاچ ـ ساقاللىرى چۇۋۇلۇق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە خۇددى چاچ ساقاللىرىنى*

*تۈزەشتۈرۈشكە بۇيرىغاندەك قىلىپ ئىشارەت قىلىدى، ھېلىقى ئادەم شۇنداق قىلىپ قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا بۇ بىرەرسىڭلارنىڭ خۇددى شەيتاندەك چاچلىرى چۇۋۇلۇق كەلگىنىدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېگەن.*

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاچلىرىنى پاخپايتىپ يۈرگەن ئادەمنى شەيتانغا ئوخشىتىشىدا، ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى كۆرنىش، گۈزەل قىياپەتكە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ئۇچۇق كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان قىياپىتىدىكى بۇ گۈزەللىك مۇلاھىزىسىگە قارىتا ھەر دائىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇراتتى، بىرەر كىيىنىشى رەتسىز، چاچلىرى چۇۋۇلۇق ئادەمنى كۆرۈپ قالسا، ئۇ ئادەمنىڭ بىپەرۋالىقىنى، يېتەرسىزلىكىنى ۋە ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىنى ياقتۇرماسلىق پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرەتتى.

*ئىمامى ئەھمەد ۋە نەسەئىنىڭ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىككى ئادەم رەسۇلۇللانى زىيارەت قىلىپ كەلدى، رەسۇلۇللا چاچلىرى رەتسىز چۇۋۇلۇق بىرسىنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەم چېچىنى رەتلەك تۈتۈپ تۇردىغان بىرەر نەرسە تاپالمىدىمۇ؟» دېگەن.*

## تەقتى تۇرقى چىرايلىق:

ھەقىقى مۇسۇلمان كىيىنىشكە، ئۆزىنى تۈزەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلماننىڭ يۇقىرى باھالىقىنى قوغلاشماي، ئىسراپمۇ قىلماي، كىشىنىڭ مەسلىگىنى كەلتۈرگىدەك ئۆزىنى تۈزەپ، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ باشقىلارغا كۆرۈمسىز ئۈستى ـ باش بىلەن يولۇقمايدىغانلىقىنى، بەلكى باشقىلارنىڭ يېنىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىش ئۈچۈن،

ئۆزىنى تۆزەشتۈرۈۋالىدىغانلىقىنى كۆرسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئۆز ئەھلىگە تۈزەشتۈرگەندىن سىرت ساھابىلىرى ئۈچۈنمۇ تۈزەشتۈرەتتى.

قۇرتەبى الله تەئەلانىڭ:

( (ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ، بەندىلىرگە چىقىرىپ بەرگەن، زىبۇ- زىننەتلىرىنى ۋە پاك رىزىقلىرىنى كىم ھارام قىلدى؟ دەڭ).

دىگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دىگەن:

مەكھۇلنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلىنغان رىۋايىتىدە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دىگەن: *«رەسۇلۇللانىڭ ساھابىلىردىن بىر نەچچە كىشى ئىشىك ئالدىدا رەسۇلۇللانى كۈتۈپ تۇراتتى، رەسۇلۇللا ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقماقچى بولۇپ، ھويلىدىكى سۈيى بار داسنىڭ يىنىغا كىلىپ سۇغا قاراپ تۇرۇپ چاچ-ساقاللىرىنى تۈزەشتۈردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دىدى: مەن ئۇنىڭغا، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سەنمۇ شۇنداق قىلامسەن؟ دىدىم. رەسۇلۇللا: ھەئە، بىرەر ئادەم قېرىنداشلىرىنىڭ يىنىغا چىقماقچى بولسا ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرسۇن، شەك-شۈبھىسىزكى الله گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ»* دىدى.

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى نورمال، ئىسلامىيەت قارشىغا ئۇيغۇن قىلىدۇ.

ئىسلام نەزىرىيەسى ئۇنىڭ چىللىقمۇ، سول چىللىقمۇ بولمىغان نورمال نەزىرىيەدۇر:

(ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرھال خىراجەت قىلىدۇ). (سۈرە فۇرقان 67 - ئايەت)

ئىسلام ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ۋە تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبدا جەمئىيەتنى قايىلشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇلار قارىغانلار كۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان، ئۇلاردىن نەپەسلەر سىقىلىدىغان ئەمەس بەلكى جەزىبىلىك، قارىغانسىرى قارىغۇسى

كىلىدىغان كىشىلەردۇر. زاھىدلىق، كەمتەرلىكنى دەۋا قىلىپ ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ كىيىنىشىنى مەنسىتمەسلىك، باشقىلارنى ئوڭايسىزلاندۇرۇش، خىجىل قىلىش ئىسلامىيەتنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاھىتلارنىڭ ۋە كەمتەرلەرنىڭ سەركىسى تۇرۇپ كىيىملىرىنى چىرايلىق، تۈجۈبىلەپ كىيەتتى. ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا ۋە سەبداشلىرىغا ئۆزىنى تۈزەشتۈرەتتى ۋە بۇ گۈزەللىكتە، رەتلىك، پاكىز كىيىنىشتە **الله** نىڭ نېئمىتى نامايەن بولىدۇ دەپ قارايتتى:

*«شۈبھىسىزكى **الله** تەئالا ئۆز نېئمىتىنىڭ ئىزناسىنى بەندىلىرى ئۈستىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ».* (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

*جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:*

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بىرەر جايدىن ئەلچىلەر كەلسە، كىيىمىنىڭ ياخشىسىنى كىيەتتى ۋە ساھابىلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، كىندىنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە يەمەندىن كەلتۈرۈلگەن تون كىيىۋالغىنىنى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭمۇ رەسۇلۇللا بىلەن ئوخشاش كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم».*

ئىبنى مۇبارەك، تىبرانى ۋە ھاكىم قاتارلىقلارغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

*«مەن رەسۇلۇللانىڭ يېڭى بىر كىيىم ئەكەلدۈرۈپ كەيگەنلىكىنى كۆردۈم ئۇ سەكرات ئالدىدا: ھاياتىمدا ئەۋرىتىمنى ياپىدىغان، مىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان كىيىملەرنى بەرگەن **الله** غا ھەمدە دىدى»* دىگەن.

(ئەتتەرھىب ۋە تەرغىب دىگەن ئەسەرنىڭ كىتابۇل لىباسقا قارالسۇن)

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋىف قىممىتى 400 ـ 500 تەڭگىگە باراۋەر كىلىدىغان كىيىملەرنى كەيگەن. ئىبنى ئابباسمۇ 1000 (مىڭ) تەڭگىگە بىر كىيىم سېتىۋېلىپ

كەيگەن. ياسىنىش چەكتىن ئېشىپ كەتمىسلا، ئۇ **الله** تەئەلا بەندىلىرى ئۈچۈن رۇخسەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بەندىلىرىنى قىزىقتۇرغان، زىبۇ-زىننەتلەر (يەنى كىيىملەر) دۇر:

(ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى يېپىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، **الله** ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. ئېيتقىنكى «**الله** بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆئمىنلار ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ) ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرگىلا خاستۇر». (**الله** نىڭ بىر ۋە شېرىكىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى)، بىلىدىغان قەۋملەر ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلىمىز). (سۈرە ئەئراف 31 - 32 - ئايەت)

مانا بۇ ساھابە كىرەملەر ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغان كىشىلەر چۈشەنگەن ۋە قىلغان ئىشلار. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئەبۇ ھەنىفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەققى-تۇرقى چىرايلىق، كىيىم-كېچەك پاكىزە ۋە خۇشپۇراق، كىيىنىشتە ھەمىشە رەتلىك، يېقىشلىق بولۇشقا ئامراق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قىزىقىشى ئىشلارنى تولىمۇ، كىيىم-كېچەكنى چىرايلىق ۋە يارشىملىق كىيىنىشتىن باشقا ئادەملەرنىمۇ شۇنىڭغا قىزىقتۇرۇشقا بېرىپ يەتكەن ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۈستى بېشىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇ بىر كۈنى ھەم-سۆھبەتلىرىنىڭ بىرسىنى جۇل-جۇل كىيىمدە كۆرۈپ، ئۇنى ئايرىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستى بېشىنى بىرەر قۇر تۈزىتىۋېلىشى ئۈچۈن 1000 تەڭگە بەرگەندە ئۇنىڭغا ھېلىقى ئادەم: مەن بولسام بىر باي، قول ئىلكىمدە بار ئادەممەن، بۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق دېگەن. ئەبۇھەنىپە ئۇ ئادەمگە كايىپ: ساڭا *«**الله** ئۆز نېمىتىنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدە*

*كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ»* دىگەن ھەدىس يەتمىگەنمۇ؟ دوستۇڭنى غەمگە سېلىپ قويماسلىق ئۇچۇن ھال ـ ئەھۋالىڭنى، ئۆزگەرتىشىڭ كىرەك دىگەن.

ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى باشقىلارنى الله نىڭ دىنىغا چاقىرغۇچىلار ئۇستى بېشى چىرايلىق، كۆرنىشى سالاپەتلىك، كىيىنىشى رەتلىك ۋە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك جەزبىدار بولىشى ئۇلارنىڭ دىللاردا ئورۇن ئالالىشى شۇنداقلا دەئۋىتىنى يۈرەكلەرنىڭ ئىچكىرسىگە يەتكۈزەلىشى ئۈچۈن ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە سالاپەتلىك بولىشى لازىم.

شۇنداقلا ئۇلارنىڭ باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا يۇقارقىدەك ئەخلاقلارنىڭ بولىشى تەلەپ قىلىندۇ. ئەگەر باشقا ئادەملەردە ئۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمىسە، الله نىڭ دىنىغا چاقىرغۇچىلارنىڭ ئۆز تەققى ـ تۇرقىغا، بەدەن تازلىقىغا ۋە كىيىم ـ كىچەك تازلىقىغا، تىرناقلىرىنىڭ، چاچلىرنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بىرىشلىرنى رەسۇلۇللا خەۋەر بەرگەن. ئۆزىمۇ ئۆزلەشتۇرگەن ئاشۇ ساغلام تەبىئىتىنىڭ چاقىرقىغا ئۆزى يالغۇز خالى قالغان چاغلاردا ۋە جايلاردا چوقۇم ئاۋاز قوشۇشلىرى كىرەك:

*«بەش تۈرلۈك ئىش ئالاھىدە فىترەت سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر: 1 ـ خەتنە قىلىش 2 ـ سۈننەت قىلىش 3 ـ قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش 4 ـ تىرناقلارنى ئېلىش 5 ـ بۇرۇتنى قىرقىش».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئىنسانىيەتنىڭ تەبئى گۈزەللىكىگە ئىتبار بىرىش بۇ دىن ياخشى كۆردىغان ۋە ئۇنىڭغا ھەر بىر ئىسىل تەبىئەتلىك، ساغلام ئىستىتىك زوقى بارلار قىزىقىدىغان ئىشتۇر.

بۇ سىرتقى كۆرنۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلمان كىيىم كىيىشتە، بىزەكچىلىك ئىشلىردا، يۇقرى باھالىقا ۋە ياسىنىشتا ئىسلام

شەرئىتى بەلگىلىگەن تەگۈپۈڭلۈقنى بۇزۇشتەك چەكتىن ئاشۇرۇتتىشكە ئېغىپ كەتمەيدۇ. ئاڭلىق سەگەك مۇسۇلمان ئۆز ھاياتىدا بىر تەرەپنىڭ يەنى بىر تەرەپنى بېسىپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن بارلىق ئىشلاردا نورمال بولۇشقا تىرىشىدۇ.

ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە، سىرتقى قىياپەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە مەسجىدلەرگە بارغاندا تولۇق كىيىنىشكە رىغبەتلەندۈردىغان ئىسلامىيەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتنى چەكتىن ئاشۇرۇتىشتىنى چەكلەيدىغانلىغى مۇسۇلماننىڭ خىيالىدىن ئەسلا نېرى كەتمەيدۇ. ھەدىس شىرىپتە:

*«نەگگە ـ تىللانىڭ، ئالى دەرىجىلىك كىيىم ـ كېچەكنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەم بەختىسىز ئادەمدۇر. ئەگەر بېرىلسە رازى بولىدۇ، بېرىلمىسە نارازى بولىدۇ».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

**الله** نىڭ دىنغا چاقىرغۇچىلارنىڭ ئېغىپ كېتىش ۋە توسالغۇلاردىن ئۆزلىرىنى ساق ـ سالامەت ساقلاپ قالغان بۇ ئۇلۇغ دىننىڭ كۆرسەتمەلىرى بىلەن، قۇتۇلۇپ كېتەلىشىدە شۇ دىننىڭ كەڭرى ـ ئازادە شەرئىتى ئېلىپ كەلگەن نورمال نەزىرىيەسىنى تۇتۇشىدا شەك يوق.

### ب ـ ئەقلى جەھەتتە

### ئىلىم ـ مەرىپەت مۇسۇلماننىڭ قارشىدا پەرھىزدۇر ۋە شەرەپلىكتۇر:

مۇسۇلمان ئەقلىنى ئىلىم بىلەن قۇراللاندۇرۇش ۋە ئۇنى كائىناتتىكى **الله** نىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا خىزمەت قىلدۇرۇشنى پەرز دەپ ئېتىقات قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئىلىم تەلەپ قىلىش بارچە مۇسۇلمانغا پەرزدۇر»* دېگەن.

(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەقلىنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن قۇراللاندۇرۇش، قاناتلاندۇرۇش ۋە يۈرىكى سوقۇشتىن، قان، تومۇرلىرىدا ئېقىشتىن توختاپلا قالمىسا ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلەشتىن توختاپ قالماسلىق پەرز.

مۇسۇلماننىڭ ئىلىم-بىلىم ئۆگىنىشكە مەردانە قەدەم تاشلىشىغا الله تەئەلانىڭ ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ۋە ئۇلارنى ئۆزىدىن قورقۇش، ئەيمىنىشكە خاس قىلىشى شۇنداقلا ئەشۇ شەرەپلەرنى باشقىلارسىز شۇ ئالىملارغىلا تەئەللۇق قىلىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك، الله تەئەلا مۇنداق دېگەن:

(الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ).

(سۈرە فاتىر 28-ئايەت)

الله دىن پەقەت كاللىسى ئوچۇق، پىكرى ئۆتكۈر كىشىلەرلا ھەقىقى قورقىدۇ. ئۇلارغا الله تەئەلانىڭ كائىنات مەخلۇقاتلىرىدىكى ۋە پۈتۈن جانلىقلاردىكى ئۇلۇغ قۇدرىتى ئاياندۇر، ئۇلار بولسا ئالىملاردۇر. ئاندىن كېيىن يەنە الله تەئەلا تۆۋەندىكى سۆزىدە ئۇلارنى ئالىم بولمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلدى:

(ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟» پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ).

(سۈرە زۇمەر 9- ئايەت)

سەفۋان ئىبنى ئەسسال مۇرادى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدىم دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنى قارشى ئالىمەن. پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنى قاناتلىرى بىلەن ئورىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇ كىشى تەلەپ قىلغان ئىلىمگە مۇھەببىتى بولغانلىقتىن دۇنيا ئاسمىنىغا يەتكۈچە ئۈز-ئارا بىرىكىپ كېتىدۇ»* دېدى. (ئەھمەد تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

ئىلىم-مەرىپەتنىڭ پەزىلىتى ۋە كۆپ ئىلىم ئۆگەنلەشكە تەرغىب قىلىش توغۇرسىدا دەلىل ئىسپات، مەزمۇنلار كۆپ بولغىنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلماننىڭ ئالىم بولىدىغانلىقىنى ياكى ئۆگەنگۈچى بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسى بولمايدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

## ئىلىم تەلەپ قىلىشنى ۋاپات بولغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ:

ھەقىقى ئىلىم ئۆگەللەش ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى بايلىق يارىتىدىغان، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىدىغان، ئالى دەرىجىلىك گۇۋاھنامىلەرنى ئېلىۋېلىپلا، يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ياكى تونۇشنى تېخىمۇ ئۈستۈرۈش ئاڭ-ساپاسىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن توختاپ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى الله تەئالانىڭ:

(پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن دېگىن).

(سۈرە تاھا 113 - ئايەت)

دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ھەقىقى ئىلىم ئۆگىنىش، ئۆزلۈكسىز تونۇشىنى ئۈستۈرۈش ۋە كۈنسايىن بىلىم-ساپاسىنى ئۈستۈرۈش دېمەكتۇر.

بىزنىڭ سالىھ پىشقەدەملىرىمىز ئىلمى ئورنى قانچىلىك يۇقىرى بولۇشتىن قەتئى نەزەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە بىلىم-قورۇلمىسىنى ئۈستۈرۈش، يەنىمۇ ئىلگىرلەپ ئىلىم

تەھسىل قىلىشنى توختاتقان ئەمەس. ئۇلار ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئىزدىنىش بىلەن ئۆسىدۇ. ئىزدىنىشنى تەرك ئېتىش، ئۇزۇپ قويۇش بىلەن خوراپ تۈگەيدۇ دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ توغرىدا، ئىلىم-مەرىپەتكە بولغان ھۆرمىتى، قەدىرلىشى، تونۇشنى ئۆستۈرۈشكە بولغان ھېرىسلىقى ۋە ئۆزلۈكسىز شىرىن مەنبەلەردىن بال يىغىشلىرىغا دەلىل بولىدىغان يارقىن سۆز-ئىبارىلەر بار. ئىمام ئىبنى ئەبدۇل بىر نىڭ ئىبنى ئەبى غەسساندىن رىۋايەت قىلغانلىرى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىبنى غەسسان مۇنداق دىگەن:

*«ئۇگۈنلا،ۋەرسەڭ ئالىم بولىسەن، ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ نادان قالىسەن».*

ئىمامى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

*«بىلىملىك ئادەمنىڭ ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويىشى لايىق ئەمەس»* دىگەن.

ئىمامى ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەككە: «قاچانغىچە ئىلىم ئۆگىنىسە؟ دىيىلگەندە، ئۇ ئۆلۈپ كەتكىچە، ئېھتىمال مەن پايدىلىنىۋاتقان بىراق تېخى يازمىغان سۆزلەر بولىشى مۇمكىن» دىگەن.

ئىمامى ئەبۇ ئەمر ئىبنى ئەلادىن بىرسى سوراپ:

*«ئادەم قاچانغىچە ياخشى ئۆگەنسە بولىدۇ؟ دىگەن. ئىمام جاۋاپ بىرىپ: ھاياتلا بولىدىكەن ياخشى ئۆگۈنىشى كېرەك»* دىگەن.

ئىمام سۇفيان ئىبنى ئۇ يەينە، كىشىلەرنىڭ ئىلىم ئۆگۈنۈشكە كىملەر ئەڭ ئېھتىياجىلىق؟ دىگەن سوئالغا نىمە دىگەن ياخشى جاۋاپ بەرگەن ھە! ئۇ مۇنداق دىگەن: «ئۇلارنىڭ بىلىملىكلىرى، نىمە ئۈچۈن دىيىلدى؟ چۈنكى ئۇلاردىن سادىر بولىدىغان خاتالىق ئەڭ قەبىھ بولىدۇ».

چوڭ تەپسىر شۇناس مول-ھوسۇللۇق ئىجادىيەتچى، ئۆز دەۋرىدىكى ئىلمى كالام ۋە ئىلمى مەئقۇل ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئىلىملەرنىڭ يىگانە سەركىسى ئىمام

پەخرۇددىن رازى (606 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) الله ئۇ كىشىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا سەلدەك ئېقىپ كىلىشىگە سەۋەپ بولغىدەك ئىلمى شۆھرەت ئاتا قىلغان. ئۇ مەرۋى شەھرىگە بارغاندا ئۇنىڭ قېشىغا ئالىم ـ ئۆلىمالار، تالىبۇل ئىلملەر ئۇنىڭدىن ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەش، سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەنلەر ئىچىدە يېشى20 گىمۇ يەتمىگەن يىتۈك ئالىم، پىشقان ئەدىبلەرمۇ بارئىدى. ئىمام پەخرۇددىن رازى ئۆزى ياخشى بىلمەيدىغان نەسەب ئىلمىنى ئۇلاردىن ئۈگىنىۋالغان. ئىمام پەخرۇددىن رازى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىردىن شۇ ئىلمىنى ئۈگىتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلغاندا ئوقۇغۇچىلىردىن خورلۇق ھىس قىلمىغان ھەمدە ئوقۇغۇچىسىنى ئۇستازلىق ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان، ئىمامنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈگىنىشتىكى كەمتەرلىكى ئۇنىڭ يۈكسەك ئورنىغا شانلىق تارىخىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمىگەن ئىدى.

مەشھۇر تارىخچى ئەدىپ يەقۇتۇل ھەمەۋى ئۆزىنىڭ «ئەدىبلەر قامۇسى» دىگەن ئەسىردە شۇ ۋەقەنى خاتىرلىگەن، ئۇ ئەزىزىددىن ئىسمائىل ئىبنى ھەسەنىل مەروزىنىسا بەتلىل ھۇسەيىنىنىڭ تەرجىمھالىدا ئۇنى ياقۇتنىڭ ھەمرالىرى ئۇچراتقان ۋە ئۇنىڭ تولۇق تەرجىمھالىنى ئىشلىگەن. ئۇ تەرجىمھالدا مۇنداق دىگەن:

«ئەزىز دىن ماڭا سۆزلەپ بىرىپ مۇنداق دىدى: ئىمام پەخرۇددىن رازى مەرۋىگە يىتىپ كەلدى. ئۇ قەدرى ـ قىممىتى ئۈستۈن، نامى ئۇلۇغ، سۆلەتلىك كىشى ئىدى، ئۇ گېپى قايتۇرۇلمايدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئالدىدا ھىچكىم چوڭراق تىنىشقا پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭ شۇنچە مەشھۇر، تونۇملۇق بولىشىغا قارىماي ئۇنىڭ قېشىغا كىردىم ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇشقا تۇتۇندۇم. ئۇ بىر كۈنى ماڭا: بىر قۇر كۆرۈپ چىقىشىم ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نام ـ نەسەبى توغرۇلۇق بىر كىتاپچە تۈزۈپ بەرسەڭ دىمەكچىدىم، ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قالماي دەيمەن دىدى. مەن ئۇنىڭغا: ئۇلارنىڭ

نەسەب شەجەرسىنى دىمەكچىمۇ ياكى قىسقىچە تەرجىمىھالىنىمۇ دىدىم. ئۇ: ئەستە ساقلىشىمغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن نەسەپ شەجەرىسىنى يېزىك، مەن بىرەر نەرسە يادلىۋېلىشنى ياخشى كۆرىمەن دىدى. مەن دىگەنلىردەك قىلىمەن دىدىم ـ دە چىقىپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭ پەخرى نامىدا بىر كىتاپچە تۈزۈپ ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ئولتۇرۋاتقان يىرىدىن چۈشۈپ بورا ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە مىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۆزرە ئېيتىپ: مەن بولسام سىلىنىڭ خىزمەتچىلىرى تەقسىر، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرالمايمەن دىدىم. ئۇ مىنى ئەيىپلەپ كايىپلا كەتتى ۋە مەن ئولتۇر دىگەندىكىن ئولتۇرماسەن دىدى. مەن ئامالسىز ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كىلىپ ئولتۇرۇپ ماڭا كىتاپچىنى ئوقۇپ بىرىشكە ۋە چۈشۈنۈكسىز يەرلىرىنى مەندىن سوراشقا باشلىدى. ئۇ كىتاپچىنى ئوقۇپ بولۇپ: ئەمدى ئۆزۈڭ خالىغان يەردە ئولتۇرغىن، بۇمۇ بىر ئىلىم، سەن بۇنىڭدا ماڭا ئۇستاز، مەن بولسام بۇنىڭدىن پايدىلىنىمەن ۋە ساڭا شاگىرتمەن. شاگىرتنىڭ ئۇستازدىن يۇقۇرى ئولتۇرۇشى ئەخلاقسىزلىقدۇر دىدى. مەن ئۆز ئورنۇمغا كىلىپ ئولتۇردۇم، ئۇمۇ ئۆز ئورنىغا چىقىپ ئولتۇردى، مەن ئۇنىڭغا ئوقۇپ بىرىشكە باشلىدىم».

ياقۇت بۇ خەۋەرنى دەپ بولۇپ: «بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئەڭ ياخشىسى، خۇسۇسەن ئاشۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ مىسالى» دىدى.

ئىلىم بۇ ئالىملەرنىڭ كۆڭلىگە نىمە دىگەن يېقىشلىق ھە! ئۇلارنىڭ قەلبىدە نىمە دىگەن بۈيۈك ھە! نەزىرىدە نىمە دىگەن ئۈستۈن ھە! كېيىنكىلەر بۇ ئۇلۇغ پىشىۋالارغا ئەگىشىشكە نىمە دىگەن ئېھتىياجلىق ھە!

## مۇسۇلماننىڭ مۇكەممەل ئىگەللىشىگە تېگىشلىك بولىدىغان ئىشلار:

مۇسۇلماننىڭ تۇنجى قىلىپ مۇكەممەل ئۆگىنىشى تېگىشلىك بولغان ئىش الله تەئالانىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىش، ئۆلچەملىك ئوقۇش ۋە تەپسىر جەھەتلەردە پىششىق بىلىش. ئاندىن كېيىن ھەدىس ئىلمىنى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ بايراقدارلىرى بولغان ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ خەۋەرلىرىنى، تەرجىمىھاللىرىنى بىلىش. دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى كۈچلۈك پاكىتلار ئاساسىدا بىلىش، ئىبادەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئورۇنداشتا كېرەك بولىدىغان فىقھى ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇش. بۇ، ئەگەر مۇسۇلمان شەرئەت ئىلمىنىڭ غەيرىگە تەيىنلەنگەن بولسۇن ياكى تەيىنلەنمىگەن بولسۇن، ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ئۆز كەسىپ ساھەسىدە تولۇق ئىنچىكە، مۇۋاپىقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا تەتبىقلايدۇ دېگەنلىك. قوشۇمچە قىلىپ ئېيتقاندا مۇمكىن بولسا مۇسۇلمان ئەرەپ تىلىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك.

## ئۆزىگە تېگىل بولغان ئىشنى پۇختا قىلىدۇ:

تەربىيە كۆرگەن ئاڭلىق مۇسۇلمان يۇقارقىلاردىن كېيىن ئۆز كەسپىگە قارايدۇ-دە. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بارچە ئىقتىدارىنى بەخش ئېتىدۇ ۋە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىتقادلىق مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مۇھىم كەسىپ دائىرسىدىكى ئىشلىرىغا، مەيلى ئۇنىڭ كەسپى شەرئەت ۋە دىن ئىلمى ئىچىدە بولسۇن مەيلى ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، گېئومېترىيە، ئاستورونومىيە، مەدەنىيەت ۋە سودا-سانائەت ئىلمىگە ئوخشاش دۇنيا ئىلىملىرى ئىچىدە بولسۇن ئوخشاشلا تۇتۇش قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ كەسپى دائىرسىدىكى ئىشلارنى ۋە بىلىمنى ئومۇمى يۈزلۈك مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر چامىسى يەتسە

ئوخشىمىغان تىللاردا يېزىلغان بارلىق ئىلىملەرنى ئىگەللەشتە ئىرشىچانلىقنى ئايمايدۇ. ئەشۇ ئىلىملەرنىڭ يىگىلا مەيدانغا چىققان يېڭىلىقلىرى بىلەن ئەقلىنى دائىم ئاشۇرۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇدەۋردىكى ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان يۈكسەك ئىلمى مۇۋاپىقىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇردىغان، ئادەملەرنىڭ كۆزئالدىدا كەسكىنلىكنى، ئۇلۇغلۇقنى، ھۆرمەتنى قولغا كەلتۈردىغان ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلىك-شەرەپلىك ئورۇنغا كۆتۈردىغان، ئۆزىنىڭ ئىرشچانلىغدا، ئىخلاسىدا، سەممىيىتىدە ۋە ئادىتىدە ئەكس ئەتسىلا، ئىلىم مۇھىتدا ئىسلام يۇرۇتقان روھى ئەركىن بولالىسىلا، بارغانلىكى جايغا ئۆز دەۋتىنى ئېلىپ باردىغان كىشىدۇر. شۇ چاغدا ئۇ پەرىز قىلىنغان بۇ ئىشنى ئادا قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن **الله** تەئەلاغا يېقىنلىشىدۇ ۋە ئىلىمنى **الله** نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ۋاستە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆز كىتاپلىردىكى كىرىش سۆز قىسمىدىلا بۇ يۈكسەك مەنانى تەكىتلەشكە ئامراقلىقىنى بايقىۋالالايمىز. چۈنكى ئۇلار ئۆمرىنى ئىلىم تارقىتىشقا سەرىپ ئەتكەن. ئىلىم ئارقىلىق **الله** ئەززەۋەجەللىنىڭ رازىلىقىنى تىلىگەن. ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ساپ **الله** رازىلىقى ئۈچۈنلا تەقدىم ئەتكەن.

## ئىدىيە كۆز- قارشلىرىغا كۆزنەكلەرنى ئاچىدۇ:

ئاڭلىق تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ كەسپى دائىرىسىدىلا توختاپ قالمايدۇ. پىكىر دەرىزىلىرنى ئېچىۋېتىدۇ-دە، پايدىلىق ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى مەدەنى، ئەدەبى ۋە ئىلمى كىتاپ-ۋورناللارنى ئوقۇيدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كەسپى دائىرىسگە يېقىن بولغانلىرىنى ئوقۇپ شۇ ئارقىلىق ئونىۋېرسال ئىلىم-مەرىپەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. زېھنىنى ئاچىدۇ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئەقلى مۈلكىنى

ئۆستۈرىدۇ.

## چەتئەل تىلنى پۇختا ئىگەللەيدۇ:

مۇسۇلمان باشقا ئەللەرنىڭ تىللىرىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشنى ئەستىن چىقارمايدۇ. چەتئەل تىلى بۇ دەۋردە ھازىرقى زامان ئىسلامىيەت ھاياتىنىڭ تەلىۋىنى چۈشىنىدىغان، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە مۇسۇلماننىڭ ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت قورالىدۇر. ئاڭلىق تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلمان ئۈچۈن باشقا ئەللەرنىڭ تىللىرىنى پۇختا ئىگەللەشكە ياخشى بىر تۈرتكە بولىدىغان ئۇلۇغ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بار. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانىنىڭ ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان ئېرىقتىكى ئادەملەر بىلەن داۋاملىق بىمالال ئالاقە قىلىشالايدىغان بولۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ **الله** تەئەلا خەلقى ئالەمگە يەتكۈزۈشنى ھاۋالە قىلغان ھەقىقەتكە (يەنى **الله** نى بىر بىلىش ۋە بار دەپ ئېتقات قىلىش) باشقىلارنى دەۋەت قىلىشلىرى ئۈچۈن **الله** بۇندىن 15 ئەسىر بۇرۇن مۇسۇلمانلارنى باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان. بىز بۇنىڭ تەستىقلىمىسىدىن زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىن كۆرۈۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

*«مەن ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ يېزىقىنى ئۆگىنىۋېلىپ قويغىن، **الله** بىلەن قەسەمكى مەن ئۇلار خېتىمگە قارىتا يەھۇدىيلارغا ئىشەنچ قىلالمايمەن» دېگەن. زەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن يەھۇدىيلارنىڭ يېزىقىنى يېرىم ئايغا قالماي ئۆگىنىۋېلىپ بولدۇم، تېخى ئۇنىڭغا ئۇستا بولۇپمۇ كەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خەت يازماقچى بولسا مەن يېزىپ بېرەتتىم، ئۇلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەت كەلسە ئوقۇپ بېرەتتىم. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: سۇريان تىلىنى ئوبدان*

*بىلەمسەن؟ ئۇلار دىن ماڭا خەت كىلىپ تۇردۇ» دىدى. مەن: ياق بىلمەيمەن دىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنى ئۆگۈنۈپ قوي» دىدى. مەن ئۆگەندىم.*
(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

*ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز دىنىنىڭ ۋە ئاخىرەت كۈنىسىنىڭ بۇ تىلنى (ئەرەپ تىلىنى دىمەكچى) ئۆگەنگەندىن سىرىت بىر قانچە تىلنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا 100 نەپەر مۇلازىم بولۇپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر بىر مۇلازىم، باشقا تىل بىلەن سۆزلەيتتى. ئىبنى زۇبەير مۇ ئۇلارغا شۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا سۆزلەيتتى. سىز ئۇنىڭ دۇنيالىق ئىشىغا نەزەر سالسىڭىز، بۇ ئادەم اللە نى ئويلاپمۇ قويمىسا كىرەك دەپ قالاتتىڭىز. ئەگەر ئاخىرەتلىك ئىشىغا نەزەر سالسىڭىز، بۇ ئادەم بىرە مىنۇتمۇ دۇنيانى ياد ئىتىپ قويمايدىغان ئوخشايدۇ، دىگەن ئويغا كىلەتتىڭىز.*

(ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

بۈگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى ھازىرقى دەۋرگە ئەگىشىپ ياشاش ئۈچۈن باشقا تىللاردا يېزىلغان مىللەتنىڭ، دىنىنىڭ مەدەنى مىراسلىرىغا چېتىلىدىغان يازمىلارنىڭ ئىجابى ۋە سەلبى تەرەپلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ۋە ئۆز مىللىتى، ئۆز دىنىنى سۈيقەستتىن ساقلاپ قىلىشقا خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئىلىپ كىلىدىغان ئىشەنچلىك تىلى بولۇشى ئۈچۈن كۆپلىگەن ۋاقىتلىرىنى باشقا ئەللەرنىڭ تىلىنى ئۆگۈنۈشكە سەرىپ قىلىشى كىرەك بۇ بىر ياخشى ئىش ئەلۋەتتە.

**ج- روھى جەھەتتە:**

ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ جىسىم ۋە ئەقلىدىنلا تۈزۈلمىگەنلىكىنى ئۇنۇتمايدۇ. ئۇ ئۆز نەپسىنى باشقۇرىدۇ ۋە ئەقلى، جىسمانى خۇسۇسىيەتلىرىنى يىتىلدۈرىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن سوقۇپ تۇرىدىغان يۈرەكنىڭ، سەھۋەنلىك ئۆتكۈزىدىغان روھنىڭ، ھىس قىلىدىغان دىلىنىڭ، ئىبادەت ئالىمىدىكى يۈكسەكلىككە ۋە ئۇلۇغلۇققا ئۇندەيدىغان زور ئىشتىياقنىڭ بارلىغىنى بىلىدۇ.

## روھىنى ئىبادەت بىلەن پاكلايدۇ:

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئۆز روھىنى ساقلىشى لازىم. ئاندىن ئۇ شۇ روھىتىنى ئىبادەت بىلەن ۋە **الله** تەئالانىڭ مىنى كېچە ـ كۈندۈز كۈزىتىپ تۇرىدۇ دىگەن ئوي بىلەن روھىنى پاكلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئويغاقلىق، سەگەكلىك بىلەن ھىلە ـ مىكىرلىك شەيتاننىڭ تور ـ توساقلىرىدىن، قۇبۇل ئېتىلمەس ۋەسۋەسىلىرىدىن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىنسانى ئاجىزلىق چاغلىرىدا شەيتان تەرەپتىن بىرەر نەرسە يېتىپ قالسا دەرھال **الله** نى ياد ئېتىدۇ، ئاندىن تۆۋبە قىلىپ **الله** دىن كەچۈرۈم سوراپ ئۆزىنى شەيتاننىڭ مىكرىدىن تارتىۋالىدۇ:

(تەقۋادار كىشلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، **الله** نى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ). (سۈرە ئەئراف 201 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:

*«ئىمانىڭلارنى يېڭىلاپ تۇرۇڭلار» دىگەن. ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئىمانىمىزنى قانداق يېڭىلايمىز؟ دىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا الە الا الله(بىر الله) دىن*

*باشقا ھەقىقى مەئبۇد يوق) دېگەن كەلىمىنى كۆپ دەڭلار» دېگەن.* (ئەھمەت رىۋايەت قىلغان)

مۇسۇلمان ئۆز روھىنى كۈچەيتىشتە، ئۆزىنى تۈزەشتە، قۇرئان كەرىمنى مۇلايىملىق، رايىشلىق بىلەن مەنا ـ مەزمۇنلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تىلاۋەت قىلىش، الله نى ھۇزۇر قەلب بىلەن ياد ئېتىش، نامازنى شەرتلىرىگە، خۇزۇ ـ خۇشۇلىرىغا تولۇق رىئايە قىلغان ئاساستا ئوقۇشتەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ئىبادەت ۋە روھىي چېنىقتۇرۇش، نەپسىنى بۇ تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئۆتەشكە كۆندۈرۈشتەك الله تەئالا ئۈچۈن ئىتائەتمەنلىك بىلەن، تىۋىنچىلىك، رايىشلىق بىلەن ئورۇنلايدىغان ئىبادەتلەرنى ۋاستە قىلىپ ياردەم تىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئادىتىگە ۋە ئايرىلماس، ئۈزۈلمەس خاراكتېرگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دىلى ئېرىيدۇ، ھېس تۇيغۇلىرى سەگەكلىشىدۇ، سەزگۈلىرى ئويغىنىدۇ. الله تەئالا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىغا ئاگاھ بولىدۇ، كىشىلەر بىلەن قىلىدىغان مۇئامىلىسىدە الله تەئالانىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ ۋە ھەقدىن تېيىپ كەتمەيدىغان، توغرا يولدىن ئاداشمايدىغان بولىدۇ.

## ياخشىلارغا ھەمرا، ئىمان سورۇنلىرىغا ھازىر بولىدۇ:

مۇسۇلمان ئۆزىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىدىغان، سەبرىگە تەۋسىيە قىلىدىغان ياخشىلارغا ھەمرا بولۇش بىلەن تەئالانى كۆپ ئەسلىتىدىغان، ئىسلامىيەت توغۇرىسىدا ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك تەربىيىسى، ئائىلە تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسىدىكى ئۇلۇغلۇقى توغۇرىسىدا گەپ ـ سۆز، مۇزاكىرىلەر بولۇپ تۇرىدىغان نە يەرىۋزىدە، نە

ئاسماندا بىر ھەر شەيئى ئاجىزلاشتۇرالمايدىغان ناھايىتى قۇدرەتلىك، بەندىلىرگە خالىغان ئىشنى قىلدۇرالايدىغان بۈيۈك الله تەئەلانىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلىدىغان ۋە الله نىڭ بۈيۈك مەخلۇقاتلىرى، كائىناتتىكى جانلىقلار ۋە ئىنسانلاردىكى ئاجايىپ قۇدرەتلىرىنى ئوتتۇرغا قويۇشىدىغان سۈرۈنلارغا كۆپلەپ قاتنىشىش بىلەنمۇ بۇ قېيىن باسقۇچقا يېتىشكە ياردەم تىلەيدۇ. چۈنكى ئۇنداق سۈرۈنلاردا روھ پاكلىنىدۇ، كۆڭۈللەر تازىلىنىدۇ، ئادەمنىڭ بارلىق تەبىئىتى ئىماننىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللا ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللانىڭ بىرەر ساھابىسىنى ئۇچرىتىپ قالسا:

*«بىرى كەل رەببىمىزگە بىرەر سائەت ئىمان ئېيتىشىمىز. (يەنى الله نىڭ قۇدرەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئىمانىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىمىز)»* دەيتتى. *بۇ خەۋەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:*

*«ئابدۇللا ئىبنى راۋاھەگە الله رەھمەت قىلسۇن، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ پەرىشتىلەرمۇ پەخىرلىنىدىغان سۈرۈنلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن.*

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

تىوغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپە سەردارىمىز، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىن ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ بىر ئىككى ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ: *«بىز بىلەن تۇر ئىمانىمىزنى ئاشۇرىمىز»* دەيتتى-دە، الله نى ياد ئېتىشەتتى.

(ساھابىلەرنىڭ تەرجىمھالىدىن)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەقۋادار، ئىبادەت ئىشلىرى ياخشى ئادەمنىڭ پات - پات كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ھىسقىلاتتى-دە. شۇ سائەتتە دۇنيانىڭ سىرتماقلىرىدىن، ھاياتنىڭ زورۇيېتلىرىدىن قەلبىنى راھەت ئالدۇرۇش، كۆڭلىنى

كۆتۈرۈش ۋە روھنى پاكلاش ئۈچۈن ئۆزىنى تارتاتتى. شۇنىڭدەك مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىتىۋاتقان ھەمرالىرىغا:

«ئولتۇرۇڭلار بىرەر سائەت ئىمان ئېيتىشايلى» دەيتتى.

مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلمان روھىنى كۈچەيتىدۇ، نەپسىنى پاكلايدۇ ۋە داۋاملىق ئۆزىنى يۈكسەكلىككە كۆتىرىدۇ. ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قېلىشتىن قوغدايدۇ:

(روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى- يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى روھىنى پاكلىغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يىتىدۇ، نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى- پۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نا ئۈمىد بولىدۇ). (سۈرە شەمسى 7 ـ 8 ـ 9 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئۆي-جاي ياكى شارائىتنى ياخشىلاشنى ئەمەس پەقەتلا ئىماننى، تەقۋالىقنى، ياخشىلىقنى ۋە ئەقلى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تاللايدۇ. ئىنسى-جىنلاردىن ئىبارەت، يامان-ئەسكى ھەمراھلاردىن ۋە قەلبىكە توسالغۇ، كىشگە زۇلۇم بولىدىغان، ناپاك سورۇنلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئىستەيدۇ:

(سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغان، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلەرنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ(سۆزىگە ) ئەگەشمىگىن).

(سۈرە كەھف 28 ـ ئايەت)

**پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاياتىدا قوللانغان دۇئالارنى كۆپ ئوقۇيدۇ:**

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ روھىنى كۆچەيتىشتە ۋە دىلىنى الله غا باغلاشتا ئۇنىڭ بىلەن ياردەم تىلەيدىغان ئىشلاردىن بىرى، ھەممە ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېلىنغان دۇئالارنىڭ ئۆز ئەينىنى ئوقۇشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدىن چىققاندا ۋە ئۆيگە كىرگەندە، سەپەرگە ماڭغان ئادەمنى ئۇزاتقاندا، قايتىپ كەلسە كۈتىۋالغاندا، يېڭى كىيىم كەيگەندە، ئۇخلاشقا ياتقاندا ۋە ئويقۇدىن ئويغانغاندا، ئوقۇيدىغان دۇئالىرى بار ئىدى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىش قىلماقچى بولسا، شۇ توغۇرلۇقمۇ دۇئاسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن الله تەئەلا غا يۈزلىنىپ مەخسەت ـ مۇددىئا ئىلھام قىلىشنى، مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىشنى، ئۆزى ئۈچۈن ياخشىلىق تەقدىر قىلىشنى تىلەيتتى. مانا بۇ رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن ئېلىنغان سەھىھ ھەدىس كىتاپلىرىدا يېزىلىپ ياتقان ئەھۋالاتلار. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرگە بۇ دۇئالارنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇلارنى شۇ دۇئالارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا قىززىقتۇرغان.

تەقۋادار ئاڭلىق مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئۇنىڭ ساھابىلىردىن ئۆرنەك ئېلىپ شۇ دۇئالارنى ئۆگۈنۈشكە ۋە مۇناسىپ ۋاقتىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبى الله تەئەلاغا باغلىنىدۇ ۋە دىلى پاكلىنىدۇ، روھى كۈتۈرلىدۇ، بىۋاستە بايقاش ئىقتىدارى ئاشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رازى بولغان روھى چېنىقىش بىلەن تۇنجى ئەۋلات كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ساھابىلەر روھىنى چېنىقتۇرغان ۋە دىلىنى پاكلىغان، ئۇلارنىڭ دىلىدا كىر، چاڭ ـ تۇزان قالمىغان، ئۇلار بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ چوڭ مۆجىزىلىرى بارلىققا كەلگەن.

## 3ـ مۇسۇلماننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

### ھەر ئىككىلىسىگە ياخشىلىق قىلىدۇ:

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر. چۈنكى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئىسلامىيەت رىغبەتلەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى كەسكىن ـ قەتئىي تەكىتلىگەن ئۇلۇغ ئىش. ئاگىلىق مۇسۇلمان الله تەئەلانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە كەڭ تونۇشتۇرۇلغان، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىردىغان بۇ تولۇق مەزمۇنلارغا ئەمەل قىلىدۇ. ئۇ پەقەت ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دائىملىق مىجەز ـ خارەكتېرى ۋە ئەڭ گەۋدىلىك ئەخلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

### ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇستىدە ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى تونۇيدۇ:

ئىسلامىيەت ئاتا ـ ئانىنى بۇ دىنىنىڭ سىرتىدىكى ئادەملەر تونۇپ يېتەلمەيدىغان بىر مەرتىۋىگە كۆتۈردى. چۈنكى ئىسلامىيەت ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا

غەمخورلۇق قىلىش تۈرىنى الله تەئەلاغا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش تۈرگە ياندىشىپلا كىلىدىغا بىر تۈرلۈك مۇھىم ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىن قىلدى.

سىز الله تەئەلانىڭ ئايەتلىرىدە ئاتا ـ ئانا رازىلىقىنى الله رازىلىقىدىن كىينلا ئوتتۇرغا قويغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىنسانىيەتنىڭ الله تەئەلاغا ئىشنىش پەزىلىتىدىن كىينلا تۇردىغان پەزىلەت سانىغانلىغىنى كۆرۈۋالالايسىز:

(الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھىچ نەرسىنى شىرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق ..........قىلىڭلار).

(سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، ساداقەتمەن ئاڭلىق مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسى دۇنيادا قانداقلا ئادەم بولۇشتىن قەتئى نەزەر ياخشىلىق قىلىشىردۇ.

قۇرئان كەرىم ئاتا ـ ئانىنىڭ ئورنىنى تەسۋىرلەشتە، مۇسۇلمانغا ئاتا ـ ئانىسغا مۇئامىلە قىلىشتا لايىق كىلىدىغان يۈكسەك ئەخلاقى پەزىلەتنى چۈشەندۈرۈشتە يۇقۇرى ئورۇندا تۇرىدۇ:

(پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، ياكى ئىككىلىسى قول ئاستىڭلاردا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي! دىمىگىن ( يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن) ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالى مىھرىبانلىقتىن ناھايتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مىنى كىچىكىمدە تەربىيەلىگەندەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دىگىن). (سۈرە ئىسرا 24 ـ 23 ـ ئايەت)

شۇبھىسىزكى بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كەسكىن ھۆكۈم تۈسىنى ئالغان مەڭگۈلۈك ئىلاھى بۇيرۇق. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭغا تول تىش كىرگۈزۈشكە

بولمايدۇ:

(پەرۋەردىگارىڭىز پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى بۇيرىدى).

بۇ ئايەت الله غا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئارىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى، شان ـ شەرىپىنى دانىشمەن ھۆكۈمالارمۇ، كۆنىسايىن يۈكسىلىۋاتقان ئەخلاق شۇناسلارمۇ كۆتۈرەلمىگەن يۇقۇرى چەككە كۆتۈرىدۇ. ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ بۇ يۈكسەك، پارلاق سىماسىنى يۇرتۇپلا قالماي بەلكى پەرزەنتلەر قەلبىدە ئاتا ـ ئانىغا قارتا مېھرى ـ شەپقەت ۋە غەمخورلۇق تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ:

(ئۇلارنىڭ بىر ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ قول ئاستىڭدا بۇلۇپ ياشىنىپ قالسا). ئۇ ئىككىسى سىنىڭ ھىمايە قىلىشىڭ، كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ، غەمخورلۇق قىلىشىڭدا بۇلىدۇ. بەزى چاغلاردا ئۇ ئىككىسى ياشىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك دەرجىدە زەئىپلىشىپ قالىدۇ. شۇچاغدا سەندىن كۆڭلى رەنجىدىغان، بىئارام بۇلىدىغان بىرەر كەلىمە سۆز ئاڭلاپ قېلىشتىن تولىمۇ ھەزەر قىلغىن:

(ئۇلارغا ئوھۇي! دىمىگىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن). بەلكى ئۇلارنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈردىغان، كۆڭلىگە ياقىدىغان، يۇمشاق، يېقىملىق سۆزلەرنى قىلىشتا كۆپ باش قاتۇرۇشۇڭ لازىم: (ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن). ئۇلارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كەمتىرانە قىياپەتتە باش ئىگىپ تۇرغىن:

(ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن). كىچىكلىكىڭدە، ئاجىزلىقىڭدا سىنى تەربىيە قىلىپ قاتارغا قوشقۇنغا ئاساسەن ئۇلار ئۈچۈن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەشتىن تىلىڭنى توختاتما:

(ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مىنى كىچىكىمدە تەربىيەت قىلغىنىدەك ئۇلارغا رەھمەت

قىلغىن، دېگىن).

دىلى ئۇچۇق، كۆزى يورۇق مۇسۇلمان الله تەئەلانىڭ سانسىز ئايەت، باياناتلىرىدىكى ئىلاھى كۆرسەتمىلىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ-دە، ئاتا-ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتى، قىلىدىغان ياخشىلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ:

(الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار ۋە ئاتا-ئانىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار) .

(سۈرە نىسا 36-ئايەت)

(ئىنسانغا ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق).

(سۈرە ئەنكەبۇت 8-ئايەت)

(ئىنسانغا ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى).

(سۈرە لوقمان 14-ئايەت)

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرۇلۇق كەلگەن ئايەت-ھەدىسلەرنى ئويلۇنۇپ تەتقىق قىلغۇچى، ھەدىس شەرىپلەرنىڭ ئايەت كەرىملەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەكىتلەپ، قانداقلا سەۋەپ بولۇشتىن قەتئى نەزەر ئۇلارنى رەنجىتىشتىن ھەزەر قىلدۇرىدىغانلىقىنى بايقىۋالالايدۇ:

*ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەمەللەرنىڭ قايسىسى الله غا ئەڭ سۆيۈملۈك؟ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بېرىپ: «ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دېدى. مەن: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى. مەن يەنە: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېسەم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇلۇغ تەربىيچى، ئۇستازىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى، دەل ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز، الله يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئۇلۇغ ئىشنىڭ ئارىسىدا قىلدى. ناماز بولسا دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، جىھاد بولسا ئىسلامنىڭ ئالىي يۇقىرى پەللىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىغا كۆرسەتكەن ئورۇندىن شەرەپلىك ئورۇن بارمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىركىشى الله دىن ئەجىر تىلەپ جىھاد قىلىش ۋە ھىجرەت قىلىشقا بەيئەت قىلىپ كېلىدۇ:

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى قوبۇل قىلىشتا ئەھۋال ئىگەللەپ: «ئاتا ـ ئاناڭدىن بىرەرسى ھايات بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى ھەئە ھەر ئىككىلىسى ھايات بار دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «سەن الله دىن ئەجىر تىلەمسەن؟» دېگەندە، ئۇ كىشى: شۇنداق دېدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەت ۋە ئۇلارغا ياخشى قارا» دېگەن.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شەيخاننىڭ رىۋايىتىدە: *بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غازاتقا چىقىشقا رۇخسەت سوراپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سورىغان، ھېلىقى ئادەم: ھەئە ئۇلار ھايات دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈرەشنى شۇلار توغۇرىسىدا قىلغىن» دېگەن.*

بۈيۈك قوماندان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا قوشۇن سەپلەۋېتىپمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان پەرۋەرلىكى بىلەن ئاجىز ئاتا ـ ئانىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ۋە ئۆزى قورال تۇتالايدىغان ھەر قانداق بىر ياردەمچىگە ئېھتىياجلىق تۇرۇپمۇ، كۈرەشكە ئۆزىنى ئاتاپ كەلگەن پىدائىيلارنى يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئەۋەتكەن، بۇنىڭدىن

ئىسلامىيەتنىڭ ئاتا ـ ئانىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ياقتۇرماي سەئىدكە تەھدىت سېلىپ: ياكى سەن دىنىڭدىن يانىسەن ياكى مەن ئۆلۈپ كەتكىچە ھېچنەرسە يېمەيمەن. سەن ئەرەپلەرنىڭ لەنىتىگە قالىسەن، ئۇلار سېنى ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن دەپ ئەيىپلەيدۇ دېگەندە. سەئىد ئانىسىغا جاۋاپ بېرىپ: بىلىپ قويغىن، **الله** بىلەن قەسەمكى ھېلىقى سېنىڭ بىر جېنىڭكەن يۈز جېنىڭ بولۇپ بىر ـ بىرلەپ چىققاندىمۇ مەن دىنىمدىن يانمايمەن دەيدۇ. سەئىدنىڭ ئانىسى تاماق يېمەي 2 ـ 3 كۈن چىداپ بېقىپ ئاخىر بولالماي تاماق يەيدۇ. **الله** تەئالا قۇرئاندىن ئايەت نازىل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇسۇلمانلارغا ئوقۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭدا سەئىدنىڭ ئانىسىغا قوپال تەگكەنلىكى تەنقىدلەنگەن:

(ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن) ).

(سۈرە لوقمان 15 ـ ئايەت)

*ئابىد جۇرەجنىڭ قىسسىسىدە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، پەرمان بەردار بولۇش توغۇرسىدا ئاجايىپ بىر ئىبرەت بار، ئەينى چاغدا جۇرەج ناماز ئۆتەۋاتاتتى، شۇ چاغدا ئۇنى ئانىسى چاقىرىپ قالىدۇ. جۇرەج: ئى پەرۋەردىگارىم ئانامغا ھە دەيمۇ؟ ياكى نامىزىمنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيمۇ؟ دەيدۇ. نەتىجىدە نامىزىنى ئوقۇۋېرىدۇ. جۇرەجنىڭ ئانىسى ئۇنى يەنە چاقىرىدۇ، جۇرەج جاۋاپ بەرمەي نامىزىنى ئوقۇۋېرىدۇ. ئانىسى ئۇنى ئۈچ قېتىم چاقىرىپ جۇرەجدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، **الله** سېنى بىر پاھىشەنىڭ يۈزىنى كۆرمىگىچە ۋاپات قىلدۇرمىغاي دەپ دۇئا قىلىدۇ، دېگەندەك بىر*

*پاھىشە ئايال بىر پادىچى بىلەن زىناھى ھارام قىلىپ ھامىلدار بولىدۇ. پاھىشە ئىشنىڭ پاش بولۇپ قىلىشتىن ئەنسىرگەندە پادىچى ئۈنىڭغا: ئەگەر باشقىلار سەندىن بالىنىڭ دادىسى كىم دەپ سوراپ قالسا: بالىنىڭ دادىسى ئابىد جۇرەج دىگىن، دەيدۇ. ئايال شۇنداق دەيدۇ. كىشلەر جۇرەجنىڭ ئىبادەت خانىسىنى چىقىۋىتىپ جۇرەجنى سۆرەپ ئىلىپ چىقىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئىلىپ ماڭىدۇ. جۇرەج يولدا كىتىۋىتىپ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى يادىغا ئالىدۇ ـ دە، كۆلۈمسىرەپ قويىدۇ. جۇرەج جازالاشقا ئىلىپ كىلىنگەندە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ، ئاندىن كىيىن بالىنى ئەكەلدۈرۈپ ھاكىمنىڭ رۇخستى بىلەن بالىدىن: داداڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ. بالا: (بۇ بالا يىپشىغا توشمايلا سۆزلىگەن ئۈچ بوۋاقنىڭ بىرى) دادام پالانى پادىچى دەپ جاۋاپ بىرىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ كىشلەر تەكبىر ئىيتىشىپ كىتىدۇ. ۋە ئى جۇرەج! بىز يىغىلىشىپتۇق، ئىبادەت خاناڭنى ئالتۇن كۈمۈشتىن قايتا ياساپ بىرەيلى دىيىشىدۇ. جۇرەج: بولدى قىلىڭلار ئۆزۈم چالما كىسەكلەر بىلەن ياسىۋالىمەن دەيدۇ.* (بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەلىك توغۇرسىدا: «ئەگەر جۇرەج دىندا ئالىم بولغان بولسا نامىزىنى داۋام ئىتتۈرىشتىن ئانىسىغا جاۋاپ بىرىشنىڭ ياخشىلىغىنى ئەلۋەتتە بىلىۋالالايتتى دەيدۇ».*

پىقھى شۇناسلار شۇنىڭغا قاراپ: بىرەر ئادەم نەپلە ناماز ئۆتەۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىسى چاقىرىپ قالسا نامىزىنى توختۇتۇپ ئاتا ـ ئانىسغا جاۋاپ بىرىشى كىرەك دەيدۇ.

## ئاتا-ئانىسى مۇسۇلمان بولمىغاندىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ:

بۇيۈك ئىسلام پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ يول ـ

يۇرقلىرىدا مۇسۇلمانلارغا گەرچە ئاتا ـ ئانىسى مۇسۇلمان بولمىغاندىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە كۆتۈرگەن. مۇشۇ مەزمۇندا ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دىگەن:

*مېنىڭ يېنىمغا ئانام كەلدى، ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مۇشرىك ئىدى، مەن رەسۇلۇللادىن پەتىۋا سوراپ: ئانام قېشىمغا تاماق سوراپ كەپتۇ، ئۇنىڭغا تاماق بەرسەم بۇلامدۇ، دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇلىدۇ ئانىڭىزغا تاماق بىرىڭ دىدى».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم يوليۇرۇقلىرىنى ۋە بۈيۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بىلگەن ھەقىقى ئاگلىق مۇسۇلمان الله تەئەلانىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىدىغان، ئۇلارغا كۆيىنىدىغان ۋە ھەرقاچان ـ ھەرزامان ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغان بەندىلىرىدىن بۇلۇشقا تىرىشىدۇ. مانا بۇ ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا ياخشىلىقچە ئەگىشىپ ماڭغان ئادەملەرنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى:

*بىر ئادەم سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ قېشىغا كىلىپ: الله تەئەلانىڭ* (ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن) *دىگەن ئايىتىدىن باشقا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغۇرىسىدا كەلگەن ھەممە ئايەتلىرىنى چۈشەندىم. سىلىق يۇمشاق سۆز قانداق بۇلىدۇ؟ دەپ سورىغان، سەئىد جاۋابەن: يەنى ئۇلارغا، قۇل ئۇز خوجايىنىغا سۆز قىلغاندەك سۆز قىلغىن دىگەن بۇلىدۇ دىگەن.*

ئىبنى سىرىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلىپ خۇددى ئۇزۇن يىل كىسەل تارتقان ئادەمدەك ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا سۆزلەيتتى.

## ئۇلارنى رەنجىتىشتىن كۆپ ھەزەر ئەيلەيدۇ:

بىز ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدىغان بۇ نۇرلۇق، يالقۇنلۇق سەھىپىلەرنى قويۇپ، ئۇلارنى قاقشىتىشتىن ھەزەر قىلدۇرىدىغان تەڭ قىممەتداش سەھىپىلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بىز ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقان بالىلارنىڭ قەلبىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالىدىغان، يۈرگىنى تىترىتىۋېتىدىغان سەھىپىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

شۇ سەھىپىلەر ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ساۋابىنى **الله** غا ئىشىنىشنىڭ ساۋابىغا ئورۇنداش قىلىپ بايان قىلغاندەك ھەر بىر ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى **الله** تەئالاغا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھى بىلەن ئورۇنداش كەلتۈرۈپ ئۆزگەرتىدۇ. ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش بولسا ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ئەقلى يېرگىنىدىغان قىلغان ئىشلىرىنىڭ ساۋابىنى يوقۇتىۋېتىدىغان قەبىھ جىنايەتتۇر. چۈنكى ئۇ چوڭ گۇناھلارنىڭمۇ چوڭى، ھەرقانداق ئېغىر خاتالىقلارنىڭمۇ ئېغىرى.

*ئەبۇبەكرى نۇفەيى ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، بىز: شۇنداق قىلسىلا ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تەئالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش» دېدى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

## ئالدى بىلەن ئانىسىغا ئاندىن كېيىن ئاتىسىغا ياخشىلىق قىلىدۇ:

يەنە بىر ھىساپتا ئىككىسىنىڭ بىرىگە ياخشىلىق قىلىشتا پەرزەنتلەر قارشىدىكى

تەڭپۇڭلۇق زىيانغا ئۇچۇرماسلىقى ئۈچۈن ئىسلامىيەت ئاتا-ئانىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يول يورۇقلارنى بەردى. ئانىدىن ۋە ئاتىدىن قايسى بىرى يالغۇز قالغاندا يول-يورۇقنى خاسلاشتۇرىدى.

بايىلا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلىپ كەلگەن كىشىدىن *«ئاتا-ئانىڭىزدىن بىرەرى ھايات بارمۇ؟»* دەپ سورايدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە باراۋەر ياخشىلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرۇلۇق رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام تەرەپتىن چىقىرىلغان قارارنى، ئەسمانىڭ ھەدىسىنىمۇ كۆرۈپ چىقتۇق، رەسۇلۇللا ئۇنى مۇشرىك ئانىسىغا خەيرى-خاھلىق قىلىشقا بۇيرىغان:

*بىر ئادەم كېلىپ: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمغا ئەڭ لايىق كىشىم كىم؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ» دىگەن، ھېلىقى ئادەم: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ» دىگەن، ئۇ كىشى يەنە: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتاڭ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ، ئاتىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ مەزمۇننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تەكىتلەپ ئۆتكەندى.

*ھەتتا ئۇممەتنىڭ يىتۈك ئۆلىماسى ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى اللە تەئەلاغا ئەڭ يېقىن دىگەن. ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كىلىپ: مەن بىر ئايالغا تويى قىلىش تەلۋىنى قويغانىدىم، ئۇ ئايال ماڭا ياتلىق بولۇشقا قوشۇلماي باشقا بىرىنىڭ تەلۋىگە خوشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى، مىنىڭ ئۇ ئايالغا قارىتا كۈندەشلىكىم تۇتۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. ئەمدى ماڭا تۆبە قىلىش پۇرستى*

*بارمۇ؟ دىگەندە. ئىبنى ئابباس ئۇ كىشىدىن، ئاناڭ ھاياتمۇ؟ دەپ سورىغان. ھېلىقى ئادەم: ئانام يوق دىگەن. ئىبنى ئابباس ئۇنداق بولسا* **الله** *تەئەلاغا تەۋبە قىلغىن، كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە* **الله** *غا يېقىنلىق ئىزدە دىگەن. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەتا ئىبنى يەسار ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئۇنىڭدىن نىمە ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىگىنى سورايسەن؟ دىدى. ئىبنى ئابباس: مەن ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتىنمۇ بەكرەك* **الله** *غا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىرەر ئەمەلنى بىلمەيمەن دىدى، دىگەن.* (بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام بۇخارىنىڭ (ئادابۇل مۇفرەد) دىگەن ئەسرىدە ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بابىنى ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش بابىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ تىمىسىنى ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن شۇنداق ماسلاشتۇرۇپ، كىرشتۈرۈپ روياپقا چىقارغانلىقىنى كۆرىمىز.

قۇرئان كەرىم پەرزەنتلەر قەلبىدە ياخشىلىق ۋە مەرىپەت تۇيغۇلىرىنى قوزغىدى. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە ئانىنىڭ قورساق كۆتۈرۈش، بوشانغاندىن كيىنكى ئىمتىشتىكى ئارتۇقچىلىقىنى، بۇ ئىككى باسقۇچتا چىكىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ۋە بارلىغىنى پەرزەنتلەرگە ئاتاشتەك ئۇلۇغۋار روھىنى ئاساسلىق مەسلە سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈردى:

(ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكرى قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر). (سۈرە لوقمان 14 ـ ئايەت)

بۇ نىمە دىگەن ئۇلۇغۋار تەربىيە ھە! ئىنسانىيەت مېھرى شەپقىتىنىڭ نىمە دىگەن ياخشى يىتەكچىسى!: ((ئەي ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكرى ئېيتقىن)

بالىنىڭ الله تەئەلاغا شۈكرى ئېيتقاندىن كېيىنلا مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈش بىلەن ئاتا-ئانىغا شۈكرە ئېيتىشى، خەيرى-ئېھسان قىلىشى بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ بېشىدۇر. بۇ دىنىنىڭ ئاتا-ئانىغا بەرگەن ئورنى نېمە دېگەن ئېسىل ئورۇن ھە!.

بەزى چاغلاردا بالىغا دۇنيا ئالدىنى قىلىدۇ. بەخىت تەلىيى تازا ئوڭدىن كېلىپ خەزىنىسى پۇل-مالغا توشۇپ كېتىدۇ. ئۇنى چىرايلىق ئايالى، ئۇماق پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىسىغا كۆيۈنۈشتىن توسۇپ قويىدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ خەج-خىراجىتىنى ئۇنتۇيدۇ. نەتىجىدە ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

ھەقىقى راستچىل، سەممى مۇسۇلمان ئۇنداق قىلمىشلاردىن مۇستەسنا. چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ يول-يورۇقلىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئەلۋەتتە قۇلاق سالىدۇ.

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ۋە سېنىڭ پۇل مېلىڭ، ئاتاڭغا مەنسۇپ» دېگەن.* (ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

نەتىجىدە ئۇنىڭ تەبىئىتى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن، ئەدەپ-ئەخلاقلارغا ماسلىشىدۇ ۋە ھىدايەت ئېقىنلىرىغا قۇچاق ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىسىنى نارازى قىلىشتەك ناچار قىلىقلارنى قىلمايدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن پۇل-مېلى ئاتىسىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

## ئاتا- ئانىسىنىڭ دوستلىرىغىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ:

بۇ توغرا، ئۇلۇغ دىن ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۇندەپلا بولدى قىلمىدى. بەلكى ئاتا-ئانىسى ياخشى كۆرگەن، دوستلۇققا تاللىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق

قىلىشقا چاقىردى.

*ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتىسىنىڭ دوستىغا دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزۈش ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دېگەن.*

*يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاتىسى دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ دوستىغا دوستلۇق يەتكۈزۈش ياخشىلىقنىڭ ياخشىسىدىندۇر» دېيىلگەن.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىنىڭ بىر دوستىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ قاتتىق ئىززەت ئىكرام قىلىپ كەتكەن، بۇنى كۆرگەن بىر كىشى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرگە: ئۇنىڭغا بىر ئىككى تەڭگە سەدىقە بېرىپ قويساڭلا بولمامدۇ؟ دېگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتاڭنىڭ دوستىغا كۆيۈنگىن، ئۇنىڭدىن شەپقىتىڭنى ئايىما، ئۇنداق بولمايدىكەن اللە نۇرۇڭنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ» دېدى.* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلار ئۈچۈن قىلىدىغان بىرەر ياخشىلىق بارمۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «شۇنداق تۆت ئىش، 1 ـ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش 2 ـ ئۇلار ئۈچۈن اللە دىن كەچۈرۈم سوراش 3 ـ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنداش 4 ـ ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا ئىززەت ئىكرام قىلىش ۋە شۇلارنى دەپلا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش» دېگەن.*

(ئىمام بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دېگەن ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

مانا بۇ ھەقىقىي مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ، ۋاپادارلىقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ ۋە باللىنىڭ

ئاتا ـ ئانىسى ئۆچۈن ئۇلار بار ۋاقتىدىمۇ، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ دوستلىرىغا دوستلۇق مېھرى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىززەت ئىكرام قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دوست بۇرادەرلىرىگە دوستلۇق، ساداقەت رىشتىنى باغلايدۇ، ئاتا ـ ئانىسى الله نىڭ دەرگاھىغا كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. سۆيۈملۈك ئاتا ئانىسى سىڭدۈرۈەتكەن ئاشۇ ئىسل پەزىلەتنى ئۇنۇتمايدۇ. شۇنىڭدەك ھاياتىنى گۈزەللەشتۈردىغان، كىشىلەرنى شات ـ خۇراملىققا ئىگە قىلىدىغان چىن دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ. مانا بۇنىڭ ھەممىسى بۇ ھاياتى دۇنيادا ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ۋۇجۇدى بىلەن باغلانغان.

غەرب ئەللىردە بالا ئاق ـ قارنى پەرىق ئەتكۈدەك بولسا ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ كىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باللىق رىشتىمۇ ئۈزىلىدۇ. ئاتىسى ياكى ئانىسى بىلەن نە كۆرۈشۈش، نە مېھرى شەپقەت يەتكۈزۈش، نە ھىسداشلىق دىگەنلەر بولمايدۇ. بالا ئۆز يولىغا كىتىۋىرىدۇ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى، گۈلدەك چاغلىرىنى، دۇنياغا كۆز ئاچقان ئەشۇ پەرزەنتى ئۈچۈن بېغىشلاپ ئىلىپتەك قەددى يادەك ئىگىلگەن، چاچ ـ ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقارغان، ئەشۇ بىچارە ئاتا ـ ئانىسىغا ھىسداشلىق، مېھرى ـ شەپقەت كۆزى بىلەن قاراپمۇ قويمايدۇ. غەرب ئەللىردىكى باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى نارازى قىلىشى، ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىغى، ئىسلام پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا مەيلى ھايات ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسۇن ياخشىلىق، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ھىسداشلىق ئىزھار قىلىشلىرىغا ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دوستلىرىغىمۇ دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزۈشلىرىگە قارىغاندا زادى نەدە؟ قايسى ئورۇندا تۇرىدۇ؟ راستىنلا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئىنسانىيەت قانۇن تۈزۈملىرى يىتەلمىگەن ئىسل ئۇلۇغۋار ئىنسانى ئالاقە قارارى ۋە كۆڭۈللەردە يىتىلگەن مىسلىسىز ئالاھىدە يول

يۈرۈقلىرى.

## ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسغا ياخشىلىق قىلىشتىكى ئۇسۇلى:

ئىسلامىيەت يېتىشتۈرگەن ھەقىقى مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسغا ياخشىلىق قىلغۇچى ئىنساندۇر. ئۇ ئاتا ـ ئانىسغا ئىززەت ئىكرامنىڭ ئەڭ گۈزەل شەكلى بىلەن قارايدۇ. ئۇلار ئولتۇرغان يېرىگە كەلسە ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ئېگىلىپ قولىغا سۆيۈپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاۋازىنى پەسەيتىدۇ، ئۇلارغا قانات ياپىدۇ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىلىدىغان ۋە يارسىغا تېگىدىغان سۆز ئىبارىلەرنى پەند ـ نەسىھەت تۈسىنى ئالغان جۈملىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىدۇ. ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا شەرىت ـ شارائىتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئېغىر بېسىقلىق ئىززەت ـ ئىكرام كەبى ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن چىقىپ كەتكەن بى نۇمۇس ئىشلارنى قىلمايدۇ ۋە داۋاملىق تۆۋەندىكى **الله** نىڭ سۆزنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلىدۇ:

(پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭغا ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئانىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي! دىمىگىن (يەنى مالالىلىقنى بىلدۈردىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۆشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن سىلىق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالى مىھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مىنى كىچىكىمدە تەربىيلەپ ئۆستۈرگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەممەت قىلغىن دىگىن).

(سۈرە ئىسرا 23 ـ 24 ئايەت)

بەزى چاغلاردا ئاتا ـ ئانىلار ھەق يولدىن تېيىپ كىتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ

قالىدۇ. مۇنداق چاغدا ۋاپادار مۇسۇلمان پەرزەنت ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇلارنى ناتوغرا يولدىن قايتۇرۇشى ئۈچۈن مېھرىبانلىق، سىلىق ـ سىپايىلىق، كەڭ قورساقلىق، سوغۇققانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى، ئۇلارغا قوپاللىق قىلماسلىقى، ئۇلارنى سىلكىمەسلىكى ۋە ئۇلارنى ئۆزى ئىشەنگەن ھەقىقەتكە قايتۇرۇپ كېلىشى ئۈچۈن زېرەكلىكى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشمىقى لازىمدۇر. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان كۈچلۈك پاكىتى دۇرۇس زاكۈنى ۋە ئاقىلانە تەدبىرى بولۇشى كېرەك.

ئاڭلىق زېرەك مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسى مۇشرىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار بىلەن بولغان مۇشۇ خىلدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنۇتمايدۇ. شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۇشرىك ھالىتىدە بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياخشى قاراش مەسئۇلىيىتى بار. ئۇ شېرىكىنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا الله تەئەلانىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىدۇ:

(ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكرى قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن. (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا ئىتائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن).

(سۈرە لوقمان 15 ـ ئايەت)

ئاتا ـ ئانا ھەقىقەتەن يېقىنلارنىڭ ئەڭ يېقىنى، سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ ئەڭ

سۈيۈملىكى، بىراق ئۇلارنىڭ شان ـ شەرەپ، قەدرى قىممەت ئاساسىدىكى ئالاقىسى، ئەقىدە ـ ئېتىقاد ئالاقىسىنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسى مۇشرىك بولۇپ پەرزەنتلەرنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ياراتقان الله تەئالاغا ئاسىيلىق قىلىپ مەخلۇقاتقا ئىتائەت قىلىش يوق. ئەينى چاغدا ئەقىدە مۇناسىۋىتى بارچە مۇناسىۋەتتىن ئۈستۈن تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىمۇ ھەممە پەرمانلاردىن يۇقىرى تۇراتتى بىراق پەرزەنتلەرمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا گەرچە ئۇلار مۇشرىك بولغاندىمۇ قىلىدىغان ياخشىلىقنى قىلىپ پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشۇرەتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقى مۇسۇلمان ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىدۇ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى بەختلىك قىلىش، خوشال قىلىش ۋە الله غا ئىتائەت قىلىش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن ئاساستا ئۇلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىززەت ـ ئىكرام قىلىش، ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ۋە راھەت بەخش تۇرالغۇ جايلارنى تەقدىم ئېتىشكە بېخىللىق قىلمايدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ياشاۋاتقان دەۋرگە، ئۇلار تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت سەۋىيەسىگە ماس ھالدا ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بەخش ئېتىشكە ئېچ تارلىق قىلمايدۇ. يۇقارقىلارنىڭمۇ ئۈستىدە تۇرىدىغان بىر ئىش ياخشى سۆز، ئىللىق چىراي، تولۇپ تاشقان مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق، ۋاپادارلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق قەدرى ـ قىممىتىنى تونۇپ يېتىشتۇر. ھەقىقى مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا ئاتاپ سەدىقە قىلىش، ھەققىدە كۆپلەپ دۇئا قىلىش بىلەن ياخشىلىق قىلىپ تۇرىدۇ. الله تەئالانىڭ دېگىنىدەك:

(ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەممەت

قىلىغىن» دېگىن).

(سۈرە ئىسرا 24 ـ ئايەت)

دېمەك بۇ ئىسلامنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغۇرسىدىكى كۆرسەتمىسى بىلەن ھىدايەت تاپقان مۇسۇلمان ئۇنىڭغا بوگۈنكى مۇسۇلمانلار ماددى ھايات تۈنجۇقتۇرۇپ كۆزلىرىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچقۇنى كۆرمەس قىلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئەگىشەمدۇ؟ ھەقىقەتەن بۈگۈنكى كۈندە كۆڭۈل بۆلۈش، ئەھمىيەت بېرىش پەقەت ئائىلىلەر بىلەن پەرزەنتلەر ئۈستىدە بولىۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش نۆۋەتتى ئائىلىلەر ۋە بالىلار نۆۋىتىنىڭ كەينىدە كېلىدۇ. ئۇلاردىن ئاتا ـ ئانىلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش پەقەتلا پەرھىزكۆر ۋە ۋاپادار پەرزەنتلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. كۆپىلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىنى مونوپول قىلىۋالغان ھازىرقى زامان غەربىي جەمئىيىتىنىڭ قانۇن تۈزۈملىرى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ياشانغاندا، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتكەندە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، قانات ئاستىغا ئېلىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇنداق ئاڭ تۈزۈملەر بىلەن قوراللانغان كىشى پەقەت ئائىلى ۋە پەرزەنتلىرىنىلا ئويلايدۇ ۋە ئۆزىگە تەدبىرچى، ئىگدارچىلىق قىلغۇچى بولغان ۋە ئۆزىنى پەرۋىش قىلىش يولىدا كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن، قاتارغا قېتىش يولىدا بارلىق تاپقان ـ تەرگىنىنى سەرپ ئەتكەن ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. سىز ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆي ـ جاي، ياخشى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكنى كۆرسىلا ئائىلى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئويلايدىغان، بۇنداق نېمەتلەردە ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ نىسۋىسى بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى ۋە شۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، كۆڭۈل شادلىقىنى سۆيۈملۈك پەرزەنتلەردىن ئالىدىغانلىقىنى ئەسلەپمۇ قويمايدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا مەرد ـ سېخىلىقى، يېقىملىق، بالدەك سۆزلىرى بىلەن ئىللىق، خۇشچىراي قۇچاق ئېچىشى مۇسۇلماننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدۇر. ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ، دۇنيا ئىشلىرى قانچىلىك ئالدىغا سېلىۋالغان، بەخت ـ تەلىيى ھەرقانچە ئوڭدىن كەلگەن، سىرتتىن كىرگەن ئادەت ـ يۇسۇنلار قاتمۇ ـ قات ئورىۋالغان بۇلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەسلى تەبىئىتىدىن ئايرىلىشى ئەسلا لايىق ئەمەس. چۈنكى ئۇ باشقىلار شەخسىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، ۋە ناشۈكۈرلۈك پاتقاقلىقىغا ھەر قانچە پېتىپ كەتكەندىمۇ، مۇسۇلماننىڭ باغرى قاتتىقلىقتىن ۋە شەخسىيەتچىلىك قارشىدىن ساقلاپ ، ئۇلارنى ئىنسانى خىسلىتىگە قايتۇرىدىغان، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارغا جەننەت ئىشىكلىرىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدىغان پىسخىك مىجەز ـ خاراكتېرى.

# 4- مۇسۇلماننىڭ ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## ئىسلامىيەتنىڭ ئەر-ئاياللىق قارشى:

ئىسلامدىكى نىكاھ كۆڭۈلنىڭ تەسەللىسى، دىلنىڭ راھىتى، يۈرەكنىڭ تىنچلىقى ۋە مېھرى- مۇھەببەت، ئۆز- ئارا كۆيۈنۈش، ئۆز- ئارا ماسلىشىش، ئۆز- ئارا ياردەم بېرىش ۋە يول قويۇشلار ئاساسىدا بىرلەشكەن ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇش مۇھىتى. ئۇ شۇنداق قاينام تاشقىنلىق بىر مۇھىتكى ئۇنىڭدا كىچىك بوغۇنلار بىمالال ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ ۋە ساغلام ئىسلامى ئائىلە بارلىققا كېلىدۇ، كۆڭۈلدىكىدەك كەيپىيات شەكىللىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئەبەدىلىك تەبئى مۇناسىۋەتنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەردى، شۇ تەسۋىردە تەسەللى، تىنچ- ئامانلىقنىڭ نىداسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ۋە مېھرى- مۇھەببەتنىڭ ئۆز- ئارا چۈشىنىشنىڭ، ھېسداشلىقنىڭ خۇش ھىدلىرى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ:

(ئاياللار بىلەن ئۇنسى ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر- خوتۇنلار ئارىسىدا) مېھرى- مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىندۇر)

(سۈرە رۇم 21 - ئايەت)

شۈبھىسىزكى ئۇ ئىككى قەلبنىڭ ئۆز-ئارا ئىشىنىشى ۋە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان مۇناسىۋەت، اللە شۇ ئىككىسىنىڭ قەلبىنى ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدا خاتىرجەملىك، ئىناق-ئىتتىپاقلىق، ۋە راھەت-پاراغەتلەر بىلەن كۆپ كەچۈرۈشلىرى ئۈچۈن مېھرى-مۇھەببەت، سەمىمى دوستلۇق، ئۆز-ئارا كۆيۈنۈش ھىسسىياتىنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ.

ئىسلامدىكى ياخشى ئايال دۇنيانىڭ بايلىقى ۋە اللە تەئەلانىڭ ئەرلەرگە ئاتا قىلغان چوڭ نېئمىتى، چۈنكى شۇ ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ خاپىچىلىقىدىن، كۆڭۈلسىزلىك، جاپا-مۇشەققەتلەرنىڭ روھى بېسىمىدىن تەسەللى تاپىدۇ، يەنە شۇ ئايالنىڭ قېشىدا ئىنسانلار ھېچقانداق بىر مال-مۈلۈك ئورنىنى باسالمايدىغان راھەت- پاراغەت ۋە باشقا كىرەكلىك لازىمەتلىكلىرنى تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرا ئېيتىدۇ:

*«دۇنيانىڭ ئۆزى بىر بايلىق، شۇ بايلىقنىڭ ياخشىسى سالىھ ئايال».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مانا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ يۈكسەك ئېگىزدىكى نىكاھ-تۇرمۇش نەزەرىيەسى ۋە ئەنە شۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئاجايىپ قەدرى-قىممەت، ئىززەت-ئىكرامى ئىچىدىكى ئاياللىق قارشى.

## مۇسۇلمان ئەر تەلەپ قىلىدىغان ئايال:

بۇ، ئەر-ئاياللىقنىڭ يۈكسەك نەزەرىيەسىدىن قارىغاندا ھەقىقى مۇسۇلمان ئەرنى بۇ دەۋرنىڭ بىرقىسىم ئۆزىنى تۈرلۈك پەرداز بويۇملار بىلەن بېيىپ ۋالغان قىزلىرى ئەسلا ئۆزىگە قارىتالمايدۇ، ئۇنى پەقەتلا كامىل مۇسۇلمان قىزنىڭ ئوبرازى جەلپ قىلالايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەر ئۆزىگە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئاتا قىلالايدىغان ئۇلۇغ ئىسلامىيەتنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن قىزلاردىن ئۆمۈرلۈك جورا تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنىڭ دىن مەلۇم بۇلىدىكى مۇسۇلمان ئەر پەقەت گۈزەللىك، لاتاپەتلىك، نازاكەتلىكلەر بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. بەلكى ئاشۇلارنىڭ ھەربىر تەرپىدە توغرادىننىڭ، ئۈتكۈر ئەقلىنىڭ، ياخشى كىلىپ چىقىشىنىڭ بۇلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئۇنداق قىلىشى، ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن تەلىماتلىرىنى ئۆزىگە ئۈرنەك قىلغانلىقدىندۇر:

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «ئايال كىشى 4 تۈرلۈك سەۋەپتىن نىكاھلىنىدۇ. 1 ـ مال ـ مۈلكى بولغانلىقى ئۈچۈن 2 ـ گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن 3 ـ نام ـ نەسەبى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن 4 ـ دىن ـ دىيانىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، سەن دىن ـ دىيانەتلىكنى تاللا ساڭا بەخت يار بولغاي».*
(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ ھەدىسگە ئاساسلانغاندا مۇسۇلمان يىگىت توي قىلماقچى بولغاندا ساپلا گۈزەللىكنى قوغلاشماي دىن ـ دىيانەتلىك جۆرە تاللاشقا ئەھمىيەت بىرىشى كىرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي قىلماقچى بولغان يىگىتنى تويدىن بۇرۇن لايىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئۈندىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق قىلىشى تويدىن كىيىن بەختسىز بۇلۇپ قېلىشىنىڭ، بىر ـ بىرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئىلىش ئۈچۈندۇر.

*مۇغەيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىر ئايالنى نىكاھىمغا ئالماقچى بولدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ دىدى، مەن: ياق كۆرمىدىم دىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى كۆرۈپ باق، ئۆز ـ ئارا يېقىن كۆرۈشۈش*

ئوتتـۇراڭلاردا مېھـرى ـ مۇھەببـەتنىڭ يىلتىــز تارتىــشىغا تۇرۇتكــە بولــدۇ» دېــدى

(نەسەئى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بىـر ئـادەم ئەنـسارى ئاياللـدىن بىرىـگە تـوي قىلـىش تـەلۋىنى قويغـان، ھەمـدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «سەن توي قىلىش تەلۋىنى قويغان ئايالنى كۆردۈڭمۇ؟» دېگەن، ئۇ كىشى: ياق تېخـى كۆرمـىدىم دېـگەندە، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالام ئـۇ ئايـالنى كـۆرۈپ بېقىـشقا بۇيرىغان. (نەسەئى رىۋايەت قىلغان ھەدىس).

پـەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالام كۆپلـىگەن ھەدىـسلەردە ئەرلـەرنىڭ ياخشى ئايـاللاردىن تەلەپ قىلىـدىغان ئاساسلىق گـۈزەل سۈپەتلەرنىڭ يەنـە بىـر مـەنۋى سۈپەتلەردىن ئايرىلالما ـ يدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئابباسقا دېگەن سۆزى شۇ جۈملىدىندۇر:

«مەن ساڭا كىشىنىڭ يىغىپ ساقلايدىغان نەرسىنىڭ ياخشىسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئـۇ بولـسىمۇ قارىسا خۇشـھال قىلـىدىغان، بۇيرىـسا ئىتائـەت قىلـىدىغان، ئـېرى يـوق چاغلاردا ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن ساقلىيالايدىغان ياخشى ئايال».

(ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىۋايــەت قىلىنــدۇكى، پــەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامدىن: ئايالـلارنىــڭ قايىســسى ياخــشى؟ دەپ ســورالدى. پــەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالام جـاۋاپ بـېرىپ: «قارىـسا خۇرسـەن قىلـىدىغان، بۇيرىـسا ئىتائـەت قىلـىدىغان، كۆڭلـى ياقمايـدىغان ئىـشلار توغۇرلۇقمـۇ، مـال ـ مۈلكـى توغۇرلۇقمـۇ، قارشىلاشمايدىغان ئايال» دېگەن.

(ئەھمەت رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

مانا بۇ ئۇلۇغ پـەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىبرىـگە شـاتلىق، تەسەللى، تىنچلىق بەخشى

ئىتەلەيدىغان ۋە ئۆزىنى ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشقا ئاتىيالايدىغان، پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيەلەيدىغان، ئىللىق چىراي، رازىمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن باغرىغا باسالايدىغان ئايالنىڭ ئوبرازىغا بولغان كۆز قارشى. مىجەز-خارەكتىرىنىڭ ئورتاقلىقىنى، قەلب ھىسسىياتىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاپ قالالايدىغان جىسمانى، ئەقلى، روھى ۋە ھىسسىيات تەرەپلەردە ماس تەڭپۇڭلۇق ئاساسىغا تۇرمۇش قۇرۇش بولسا ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆچلۈك تەشەببۇسى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بارلىق ئىشلىردا الله نىڭ شەرئىتىنى يىتەكچى قىلىدىغان ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆزىنى ناچار ئائىلىدىن چىققان سەتەڭلەرنىڭ (ئەخلەت دۆۋىسىدە ئېچىلغان گۈل) قىلتىقىغا دەسسەتمەيدۇ. كىمدۇر بىرسى «ئەخلەت دۆۋىسىدە ئېچىلغان گۈلدىن ئۆزۈڭلارنى تارتىڭلار» دىگەن ئىكەن.

### ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا ئىسلامدىن ئايرىلالمايدۇ:

ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلمان توي قىلغاندىن كىيىنمۇ، ئۆزىنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدا ئايالى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئىسلامىيەت كۆرسەتمىسىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا قىلغان تەۋسىيەسى ۋە ئۇلارنى قەدىرلەش ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغۇرسىدىكى كۆرسەتمىلىرگە قارايدىغان بولساق ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرىمىز.

ئىسلام دىنى ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلىدى ۋە ئۇلارنى شۇ دىنىدىن باشقا دىنلاردا كۆرۈلمەپ باقمىغان بىر ئورۇنغا ئىگە قىلدى. بۇ توغۇرلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارچە ئەرلەرگە خىتاپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

*«ئاياللارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار قوۋۇرغىدىن*

*يارىتىلغان، چوقۇمكى قوۋۇرغىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئەگرى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ سۇندۇرۋالىسەن، ئەگەر ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ ئەگرى تۇرغىنى تۇرغان، شۇڭىمۇ ئاياللارغا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇڭلار».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «ئايال كىشى دېگەن ئەگرى قوۋۇرغىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر رۇسلايمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن، ئەگەر پايدىلىناي دېسەڭ ئەگرى پېتى پايدىلىنالايسەن» دېيىلگەن.*

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: *«ئايال زاتى ھەقىقەتەن قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئۇ سەن ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك رۇسلانمايدۇ، ئەگەر پايدىلىناي دېسەڭ ئەگرى پېتى پايدىلىنالايسەن، ئەگەر رۇسلايمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن، ئۇنىڭ سۇنغىنى دېگەن كېتىپ قالغىنى شۇ».*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئوخشۇتۇشلىرىدا ئاياللارنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى ۋە تولۇق مەجەز تەبىئىتىنى تولىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ بايان قىلغان. ئۇ ئىرىنىڭ كۆتكىنىدەك بىر ھالەتتە رۇسلانمايدۇ، مۇسۇلمان ئۆز ئايالىدا شۇنداق بىر مىجەز-خاراكتېرنىڭ بارلىقىنى بىلىش كېرەك، ئاندىن ئۇ ئايالىنى دەرھال ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاياللارغا خاس بىر خىل مىجەز-خۇلقىنىڭ بارلىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ ۋە ئۇنى الله ياراتقاندەك قوبۇل قىلىدۇ. ئايال دېگەندە بەزى بىر ئىشلارغا قىززىقتۇرىدىغان ئەگرىلىك بار، ئۇنى ئۆز ئىرادىسى، ئۆز مىجەز-خارەكتىرگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنمىغان ئادەمنىڭ مىسالى ئەگرى قوۋۇرغىنى رۇسلاشقا ئۇرۇنمىغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۆز قولى بىلەن سۇندۇرسا ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئايالنىڭ سۇنغانلىقى دېگەن ئۇنىڭ كېتىپ قالغانلىقىدۇر.

قاچانكى ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئەرنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغ پەيغەمبەر

ئەلەيھسسالامنىڭ يول ـ يورۇقلىرى ئورۇن ئالسا، ئايالنىڭ كۆڭلىنى مجەز ـ خارەكترىنى چوڭقۇر چۈشۈنۈش ئاساسىدا ئايدىڭلاشسا، ئايالنىڭ كۆپلىگەن سەھۋەنلىكلىرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، بىر قىسىم خاتالىقلىرىنى، ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى كۆرمەسكە سالىدۇ ۋە شۇ كەمچىلىكلەرنى شۇ ئايالنىڭ تۇغما تەبئىيتىدىكى كەمچىلىك دەپ تونۇيدۇ، ئەگەر ئەر ـ ئايال ئائىلىسى بەختلىك، ئامان ـ ئەسەن، كۆڭۈللۈك بولسا ئۇ ئائىلىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، جىدەل ـ ماجرا كۆرۈلمەيدۇ.

بۇ ھەدىسنى چوڭقۇر ئانالىز قىلغۇچى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەدىسىنىڭ: «ئاياللارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار» دېگەن ئىبارە بىلەن باشلانغانلىقى ئاياللارنىڭ مجەز ـ خارەكترىنى بىكىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە «ئاياللارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار» دېگەن ئىبارە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغانلىقنى ئەلۋەتتە بىلەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاياللارغا نىمە دېگەن قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن ھە! ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى نىمە دېگەن چوڭقۇر چۈشەنگەن ھە! ئۇلارغا نىمە دېگەن كۆپ ھېسداشلىق قىلغان ھە!! ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنلاشقا ۋە ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ئەمەل قىلىشقا يېتىشىپ بولالامدۇ؟

ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلۈشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى ئۇ ھەججەتۇل ۋىدادا نۇتۇق سۆزلىگەندە، ئاياللارغا ياخشىلىقنى جېكىلەپ تورۇشقا ئەسكەرتىشنى ئۇنۇتمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ شۇ قىممەتلىك نۇتقى ئۆزىنىڭ ھەجدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە كېيىن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇبارەك سۆزىنى ئاڭلاش نىسىپ بولمايدىغانلىقىنى پۇرتۇپ ئۆتكەن نۇتقى ئىدى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام شۇ قېتىملىق نۇتقىدا ئاياللارغا كۆرسەتمە بىرىشنى قولدىن بەرمىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلار توغۇرلۇق بەرگەن يول-يورۇقلىرى بىلەن ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇلارغا ئەھمىيەت بىرىشكە كەڭ يول ئېچىپ بەرگەن:

*«ئاياللارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار، چوقۇمكى ئۇلار سىلەرنىڭ ياردەمچىلىرىڭلاردۇر، ئۇلار بىرەر پاھىشە قىلمىسىلا ئۇلاردىن شۇنىڭدىن ئۆزگە بىرنەرسىگە ئىگە بولالمايسىلەر، ئەگەر ئۇلار بىرەر پاھىشە قىلىپ قويسا ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار، بوش-بوش ئۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ئىتائەت قىلسا ئۇلارغا قارىتا باشقىچە يول تۇتماڭلار. بىلىشىڭلاركى سىلەرنىڭ ئۇلاردا ھەققىڭلار بار، ئۇلارنىڭمۇ سىلەردە ھەقلىرى بار، سىلەرنىڭ ئۇلاردىكى ھەققىڭلار شۇكى، كۆرۈشنىڭلارغا باشقا بىرىنى يېقىن يولاتماسلىق، سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنىڭ ئۆيۈڭلەرگە كىرىشىگە ئىجازەت بەرمەسلىك، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىكى ھەقلىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگى، كىيىم-كېچىكىگىنى جايىدا ياخشى بىرىش»* .

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

مانا بۇ ھەربىر ساداقەتمەن مۇسۇلمان قۇلاق سالىدىغان تەۋسىيە، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ئايالنىڭ ئەر ئۈستىدىكى ھەق- مەجبۇرىيەتلىرىنى بىكىتىشكە ئاياللارغا مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈش، كۆيۈنۈش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئاياللارغا زۇلۇم قىلماسلىق، ئائىلىدىكى مەنپەئەتنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق، ئۇلارنى قاقتى-سوقتى قىلماسلىق توغۇرسىدىكى يول-يورۇقلىرى كۆرلۈپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالغا كۆڭۈل بۆلگەن، ياخشى مۇئامىلىدە بولغان ئەرنى ئۇممەتنىڭ ياخشىلىرى قاتارىدا سانىغان:

*«مۆئمىننىڭ ئىمان جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر ۋە سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىنىڭلاردۇر».* (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئەرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرگە خىتاب قىلىپ:

*«بىر بۆلۈك ئاياللار ئەرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ مۇھەممەدنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنداق ئەرلەر سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەمەس»* دېگەن. (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئاياللارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش، كۆڭلىگە ياقمىغاندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىشتا ئۇلۇغ ئىسلام دىنى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مانا بۇ دۇنيا تارىخىدا ئاياللار پەقەت مۇشۇ دىنىدىلا ئېرىشكەن ئىمتىياز. **الله** تەئەلا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

(ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋرى قىلىڭلار) چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا **الله** كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن).

(سۈرە نىسا 19 ـ ئايەت)

چوقۇمكى بۇ ئۇلۇغ ئايەت تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ سەزگۈلىرىنى ئويغۇتۇپ، قايناپ ـ تاشقان غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان نەپرىتىنى بىر تەرەپلىمە كۆزقارشىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئىسلامىيەت ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىنى شۇ ئارقىلىق توسۇپ قالىدۇ ۋە مۇقەددەس رىشتىنى ئۆزگىرىشچان ھېسسىياتنىڭ، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان ھاماقەتلەرنىڭ قۇرۇق دەسمايىسى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالىنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئايرىلىپ كەتمەكچى بولغان ئادەمگە دېگەن سۆزى نېمە دېگەن ئۇلۇغ ھە! «ئائىلەڭ مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغانمۇ؟ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەنقىدى پىكىرلەر قېنى؟» ئىسلامدىكى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتى كىچىككىنە ھېسياتنىڭ بىردەملىك قوزغىلىشىدىن تولىمۇ ئۈستۈن ۋە ئېچىرقاپ كەتكەن ھايۋانى تەلەپنىڭ كۆشكۈرتىشىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ. ھەقىقى مۇسۇلماندىكى، شۇ مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئايالى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشلىشىغا يول قويمايدىغان مەرت ـ مەردانىلىق، ئىسىل ـ ئالىجاناپلىق، يۈكسەك كەڭ قورساقلىق تەك بىباھا سۈپەتلەر ھايۋانى خۇسۇسىيەتلەردىن، ئېلىپ ساتارلارنىڭ تەمەسىدىن ۋە بىكار تەلەپلەرنىڭ تېتىقسىزلىقىدىن بەكلا يىراقتۇر.

بەلكى ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ پەرمانىنى جان ـ دىل بىلەن ئىجرا قىلىشتىن باش تارتمايدۇ ـ دە، ئايالى بىلەن گەرچە كۆڭلىگە ياقمىسىمۇ ـ چىرايلىق كۈن كەچۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە نىسبەتەن سىر بولغان بارلىق شەيئىلەرنى بىلگۈچى ھەممىدىن خەۋەردا ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى كۆپ ئويلىنىدۇ، مۇلاھىزە قىلىدۇ.

شۆبھىسىزكى ئەدەملەر بەزى چاغلاردا مەلۇم نەرسىلەرنى يامان كۆرۈپ قالىدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ھەمدە يىراقلىشىشنى خالاپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى ئۇ نەرسىلەر ياخشىلىق بىلەن ئورالغان، يوشۇرۇن ـ تۈگۈمەس بەرىكەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاڭلىق مۇسۇلمان قانداق ياخشى كۆرۈشنى، قانداق يامان كۆرۈشنى بىلىدۇ. ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن شاللاق، ئەما ئادەملەر مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايدۇ ۋە ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەردىن تەلۋە، بىشەم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قاچۇرغىنىدەك ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ، پەقەتلا نورمال، ئادىل

نىسپى ئورۇننى ساقلاپ قالىدۇ.

ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان، مۆئمىن ئاياللىنىڭ ئېرى ھەرقانچە ياختۇرماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر ئەر كىشى رازى بولىدىغان ئىسىل ئەخلاقلاردىن خالىي ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەمدى مۇسۇلمان ئۈچۈن شۇ ئايالدا رازى بولىدىغان تەرەپلەرگە كۆز يۇمۇش ۋە ئۆزى ياقتۇرمايدىغان يەنە بىرتەرىپىنى كۆككە كۆتۈرۈۋېلىشى لايىق ئەمەس:

*«مۆئمىن ئەر مۆئمىن ئايالنى يامان كۆرمەيدۇ، ئەگەر مۆئمىن ئايالنىڭ بىر ئەخلاقىدىن نارازى بولسا يەنە بىر ئەخلاقىدىن رازى بولىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

## ھەقىقى مۇسۇلمان نەمۇنىلىك ئەردۇر:

ھەقىقى مۇسۇلمان ئايالىغا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشقا بۇيرىدىغان ئۇچۇق مەزمۇنلارغا قۇلاق سېلىپ، ئايالنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەن ۋاقتى قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆزىنىڭ مۇلايىم، خۇش-خۇي مۇئامىلىسى بىلەن سۆيۈندۈرىدۇ ۋە چەكسىز مېھرى-شەپقىتى بىلەن بەختلىك قىلىدۇ.

ئۆيگە كىرسە ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە ئىللىق چىراي، خوشال كەيپىيات بىلەن قۇچاق ئاچىدۇ. ئۇلارغا الله قىلىشقا بۇيرىغان ياخشى مۇبارەك سالامنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ، الله تەئەلا مۇنداق دېگەن:

(سىلەر ئۆيلەرگە كىرسەڭلار، ئۆزۈڭلارغا (يەنى ئۆيدىكىلەرگە) الله بەلگىلىگەن

پاك، مۇبارەك سالامنى بېرىڭلار).

(سۈرە نۇر 61 ـ ئايەت)

ۋە بۇ سالامغا ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كۆپ قىززىقتۇرغان، ئۇ ئەينى چاغدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

«ئى ئوغلۇم ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ قېشىغا كىرسەڭ سالام بەرگىن، ساڭا ۋە ئائىلەڭ ـ بىكىلەرگە بەرىكەت بولىدۇ» دېگەن.

(تىرمىز رىۋايەت قىلغان)

شۈبھىسىزكى ئۇ بىر بەرىكەتتۇر، يەنى ئەر كىشىنىڭ ئۆز ئەھلىگە سالام يوللىشى، ئۇلارنى خۇش چىراي قارشى ئېلىشى بىر بەرىكەت، يەنە ئۇ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى بەخت ـ سائادەت بىلەن شاد ـ خۇراملىق، راھەت ـ پاراغەت بىلەن جانلاندۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئۇ ئائىلىسىدە ئۈنسى ـ ئۈلپەت، مېھىر ـ شەپقەت، رازمەنلىكلەرنى قانات يايدۇرۇۋېتىدۇ. ئائىلىگە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، يېقىملىق، كۆڭۈللۈك سۆزلەر بىلەن مۇڭدىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئائىلىنىڭ دەرت ـ ئەلەم، جاپا ـ مۇشەققەت، قورۇنۇش، سىقىلىشلىرنى ئۇنتۇلدۇردۇ ۋە ئائىلىگە ئۆزىنىڭ كۆچلۈك، سېخى، كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھىمايە قىلالايدىغانلىقىنى، ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شەرىئەت يولىغا قويغان دائىرىدە ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، ياسىنىپ ـ تارىنىپ يۈرۈشكە رازى بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ۋاقتىنى ئاجرىتالايدىغان، ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى، خىزمىتى، تەتقىقاتى، پاكى مەسئۇلىيىتى ۋەياكى دوستلىرىغا سەرىپ قىلىۋەتمەستىن ئۇنىڭغىمۇ قارىيالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئىسلام دىنى ئائىلىنىڭ ئېرىدىن ئالىدىغان مەنپەتىگە كاپالەتلىك قىلغان، ھەتتا ئەرنىڭ بارلىق ۋاقتىنى ئىبادەت ۋە شەرەپلىك ـ ئۇلۇغ خىزمەتلەرگىلا سەرىپ

قىلىۋتىشقا رۇخسەت بەرمىگەن. بۇ توغۇرسىدىكى مەزمۇنلارنى ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە كۆرۈۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئۆزىنى ئىبادەت قىلىشقا بەك ئۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

*«دەپ باقە! سەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ناماز ئوقۇپلا يۈرەمسەن؟»*.

*ئابدۇللا ئىبنى ئەمر: شۇنداق ئى الله نىڭ ئەلچىسى!!* دېگەن-دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«ئۇنداق قىلما، روزىمۇ تۇتقىن ئاماقمۇ يېگىن، ئۇخلا ۋە نامازنىمۇ ئوقۇغىن، سەندە ھەققەتەن بەدىنىڭنىڭ ھەققى بار، كۆزۈڭنىڭ ھەققى بار، ئاياللىڭنىڭمۇ ھەققى بار ۋە سېنى يوقلاپ كەلگەن ئادەمنىڭمۇ ھەققى بار»* دېگەن.

(ئىمامى بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ھەكىمنىڭ قىزى، ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئايالى خەۋلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئۈستى-بېشى قالايمىقان ھالەتتە كىرىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا: سىزگە نېمە بولدى؟ دېگەن. ھېلىقى خەۋلە ئېرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: كېچىلىرى نامازغا تۇرۇۋالىدۇ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىۋالىدۇ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىدىن خەۋەر تاپقان، ئاندىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇننى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنىڭغا كايىپ: *«سەن مەندىن ئۈلگە ئالمامسەن؟»* دېگەن. ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ئۇنداق ئەمەس، مەن سىلىدىن ئەلۋەتتە ئۈلگىمەن الله تەئەلا مېنى ئۆزلىرىگە پىدا قىلىۋەتكەن دېگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئايالى چىرايلىق كىيىنىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ كەلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: *«ئى ئوسمان بىزگە دەرۋىشلىك پەرز قىلىنمىغان ئەمەس، سەن ئۇچۇن مەندە ئۈلگىنىڭ ئۆلگىسى يوقمۇ؟ الله بىلەن قەسەمكى مەن سىلەرگە قارىغاندا الله دىن بەكرەك قورقىمەن. ئۇنىڭ*

*بەلگۈلىمىلىرگە ئەڭ رىئايە قىلىدىغىنىمۇ يەنىلا مەن»* دېگەن.

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇسۇلنى ساھابىلىرى ئارىسىدا كەڭ قانات يايدۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئۇلارنىڭ ئىبادەت ھاياتىدا، بۇلۇپمۇ ئائىللىرى بىلەن بولغان تۇرمۇش ئىشلىرىدا نورمالنى باراۋەرلىككە يېتەكلىگەن ئىدى. ھەتتا بۇ نورماللىق، باراۋەرلىك ئۇلارنىڭ ئەخلاقىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى شۇنىڭغا تەۋسىيە قىلىشقان، شۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى ئائىلىدىن ئايرىلىپ تۇرماقنى خالاپ قالسا ۋە دەرۋىشلىككە، خوتۇننى تەرك ئېتىشكە ۋە ئىبادەتكە بېرىلىپلا كەتسە ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئەرز-شىكايەت قىلىپ كەلگەن. ئىمامى بۇخارى ئەبۇجۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

*«قېرىندىشىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، سالمان، ۋە ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ئارىسىدا ئىدى، سالمان ئەبۇ دەردانى يوقلاپ بېرىپ، ئۇممۇ دەردا نىڭ رەتسىز قالايمىقان تۇرغىنىنى كۆرۈپ سىزگە نېمە ئىش بولدى؟ دەپ سوراپتۇ، شۇ چاغدا ئەبۇ دەردا يېمەكلىك ئېلىپ كېلىپ سالماننىڭ ئالدىغا قويۇپ ئالە يە! مەن بولسام روزىدار مەن دەپتۇ. سالمان سەن يېمىسەڭ مەنمۇ يېمەيمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى ئەبۇ دەردا تاماق يەپتۇ، كېچىدە ئەبۇ دەردا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، سالمان: ئۇخلا دەپتۇ، ئەبۇ دەردا بىرئازدىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، سالمان ئۇنىڭغا يەنە: ئۇخلا دېمەن دەپتۇ. ئەبۇ دەردا ئۇخلاپتۇ. كېچىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرى بولغاندا سالمان ئەبۇدەرداغا: ئەمدى ئورنىڭدىن تۇر دەپتۇ ۋە ئۆزىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككىسى ناماز ئوقۇپتۇ. ئاندىن سالمان ئەبۇ دەرداغا نەسىھەت قىلىپ: سېنىڭ ئۈستىڭدە الله تەئالانىڭ ھەققى بار، ئۆز نەپسىڭنىڭ ھەققى بار ۋە خوتۇن بالىلىرىڭنىڭمۇ ھەققى بار، ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆزىگە تېگىشلىك*

*ھەققىنى بەر دەپتۇ. ئەبۇدەردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىلىپ ئاشۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالمان راست دەپتۇ»* دىدى.

تەقۋادار، زىرەك، خۇشخۇي مۇسۇلمان ئائىلى بىلەن ھاياتنىڭ مەنىسىز، كۆڭۈلسىزلىكلىرىدە روھنى ئۇرغۇتۇپ خۇشھال كەيپىياتقا چۆمدۈرۈشنى ۋە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇش ۋە دائىملىق ئالاقە تەرىپىنى قىزقارلىق، يۇمۇر-چاقچاقلىرى بىلەن كىشىنىڭ مەسلىگىنى كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە گۈزەللەشتۈرۈش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇنىڭغا ئۆز ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە يۈكسەك قىممەت ياراتقان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاساس سالغان ئەينى چاغدا ئۇنى دىنىنىڭ ئاساسىنى تىكلەش، مۇسۇلمان مىللىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە جەڭ لايھەسى تۈزۈش ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلارمۇ ئۇنى ئۆز ئائىللىرى بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشتە نەمۇنىلىك ئەر بولۇشتىن توسۇپ قالالمىغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىس شۇ جۈملىدىندۇر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دىدى:

*«مەن رەسۇلۇللاغا ئاتاپ پىشۇرۇلغان ھالۋىنى ئېلىپ كەلدىم-دە، سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: ئالە سەنمۇ يىگىن دىدىم. سەۋدە يىگىلى ئۇنىمىدى. رەسۇلۇللا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتىراتتى. مەن سەۋدەگە : يا سەن ھالۋىنى يىگىلى تۇرسەن ياكى مەن ھالۋىنى يۈزۈڭگە سۈۋايمەن دىسەممۇ ئۇ يىگىلى ئۇنىمىدى، مەن ھالۋىدىن ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۈۋىدىم، رەسۇلۇللا كۈلۈپ كەتتى ئاندىن قولىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ: سەنمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە سۈۋا دىدى، تېخى ئۇنىڭغا تىزىنى ئېگىپ بەردى، سەۋدە ھالۋىدىن ئېلىپ يۈزۈمگە سۈۋۈدى رەسۇلۇللا بولسا ھە دەپ كۈلۈۋاتاتتى».*

(ھەيسۇمى: بۇ ھەدىسنى ئەبۇيەئلا رىۋايەت قىلغان دىگەن)

سىز ئايالى بىلەن ئۇتۇشۇش، چاخچاقلىشىش، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ۋە ئايالىنىڭ قەلبىگە شاد ـ خۇراملىق بەخش ئېتىشكە بۇنىڭدىنمۇ كىشىنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈردىغان گۈزەل ئەخلاقنى چەكسىز كەڭ قورساقلىقنى ۋە ئاجايىپ ئالىجاناپلىقنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

*ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللا بىلەن بىر سەپەردە بىللە بولغانلىقىنى، ئاندىن رەسۇلۇللا بىلەن يۈگرەشتە بەسلەشكەندە رەسۇلۇللانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئائىشە سەمرىپ ئېتىگە ئەت قوشۇلغاندا يەنە يۈگۈرۈشتە بەسلىشىپ رەسۇلۇللانىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئاندىن رەسۇلۇللانىڭ: بۇ ئالدىنقى قېتىمدىكىگە تەڭ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.*

(ئەھمەد، ئەبى داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ياش، سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ قەلبىگە كۆپلەپ خوشاللىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن مۇبارەك كۆڭلى كۆكسىنى كەڭ تۇتقان. يەنە تېخى ئايالىنى ساغلام كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرگە چاقىرغان. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان ۋە شۇ پائالىيەتلەرنى كۆرۈشتىن بەھرىمان قىلغان. مۇشۇ مەزمۇندا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان:

*«بىركۈنى رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئولتىراتتى، توساتتىن كىشىلەرنىڭ ۋە باللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندى. شۇ چاغدا بىر نىگىر ئايال ئۇسۇل ئويناۋاتقان، ئەتراپىغا ئادەملەر ئولىشىۋالغان ئىكەن، رەسۇلۇللا: ئى ئائىشە! بۇ ياققا كېلىپ قارا دېدى، مەن ئىڭەكىمنى رەسۇلۇللانىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ مۆرىسى بىلەن بېشىنىڭ ئارىسىدىن قارىدىم، رەسۇلۇللا: ئى ئائىشە كۆرۈپ قاندىڭمۇ؟ كۆرۈپ قاندىڭمۇ؟ دېگىلى تۇردى، مەن: ئۇنىڭ نەزىردىكى ئورنۇمنى كۆرۈپ باقماق ئۈچۈن ياق تېخى كۆرۈپ قانمىدىم دېدىم، ئاندىن مەن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى*

*ئالماشتۇرغانلىغىنى كۆردۇم»* (نەسـەئى رىۋايـەت قىلغـان ھەدىس)

ئائىـشە رەزىيەللاھـۇ ئـەنھا يەنـە بىـر رىۋايەتتـە مۇنـداق دىـگەن. *«ئاللاھ بىلـەن قەسـەمكى مـەن رەسۇلۇللانىڭ ھـۇجرامنىڭ ئىشىـگىدە تـۇرغانلىغىنى ۋە بىـر نـىگىزنىڭ مەسـجىدده جانبـازلىق ماھـارىتى قىلىۋاتقـانلىغىنى كـۆردۇم، رەسـۇلۇللا ئـۇلا رنىڭ تاماشاسـىنى قـۇلىقى بىلـەن بويىنـى ئارىسـىدىن كۆرشـۇم ئۈچـۈن مىنـى رىداسـى بىلـەن يىپىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللا مەن قايتىدىغان بولغۇچە مىنى دەپلا تۇردى يەنـە: كۆڭۈل ئېچىشقا ئامراق، يېشى كىچىك قىزلارنىڭ رايىغا بېقىڭلار دىدى»*.

(شەيخانى رىۋايەت قىلغان)

ھـەقىقى مۇسـۇلمان رەسـۇلۇللا ئەلەيھىسـسالامنىڭ ئايـاللىرى بىلـەن ئۆينۇشـۇپ چاقچاقلىشىپ، ئاددى ـ ساددا تۇرمۇش ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلسە ئايالى بىلەن ياخشى كۈن كەچۈرىدۇ. كۆكسى قارنىنى كەڭ تۇتۇپ ئايالى بىلەن ئىللىق مۇئامىلە، ئىسىل ئـەخلاق، ھـالال پـايدا ـ مەنـپەئەت، سـاغلام كۆڭـۈل ئـېچىش پـائالىيەتلىرى ئىچـىدە تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

تەقۋادار زىرەك مۇسۇلمان ئاسان ھاياجانلانمايدۇ، ئانچىكى بىر ئىشلارغا چېچىلىپ يۇرمەيدۇ، نادان ئەرلەر دۇلىسى ئاپتاپ كۇرۇپ قالغان كۇنـى ئايالى ئەكەلـگەن تاماق كۆڭلىگە ياقماي قالسا ياكى دىـگەن ۋاقتىـتىن ئـازراق كېچىكىـپ قالسا ئايالى بىلـەن ئازراق سۇركۇلۇش، ئاچچىقلىنىشقا ياكى جىـدەل ـ ماجراغا سـەۋەپ بۇلـىدىغان ئـازراق ئىـشلار كۆرۈلـسە ئـائىلىنى بىـشىغا كىيـدۇ. بىـراق پـەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالامنىڭ ئەخلاقىنى ئۈزلەشتۇرگەن ھەقىقى مۇسۇلمان ئۇنچىلىك ئىشلارغا چېچىلىپ يۇرمەيدۇ، رەسـۇلۇللانىڭ گـۇزەل ئـەخلاقىنى، سـالماق مىجـەز ـ خـارەكتىرنى ئەسـلا يادىـدىن چىقارمايدۇ، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام:

*«ئەزەلدىن تاماقنى ئەيىپلىمەيتتى، كۆڭلى تارتسا يەيتتى، كۆڭلى تارتمىسا قويۇپ قوياتتى»*. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى ئاياللىرىدىن تەم تەڭشىگۈچ سورىغاندا ئۇلار زىنىڭ: بىزدە پەقەت سىركىلا بار دېگەنلىكىنى، ئاندىن رەسۇلۇللانىڭ ئۇنى ئەكەلدۈرۈپ ئىستىمال قىلغانلىقى ۋە «تەم تەڭشىگۈچ-سىركە نېمە دېگەن ياخشى، تەم تەڭشىگۈچ سىركە نېمە دېگەن ياخشى» دېگەنلىكىنى زىكرى قىلىدۇ.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئاياللىرى بىرەر كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا ياكى تاماقنى دېگەن ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ قويسا كۆزلىرىنى ئالايتىپ كېتىدىغان نۇرغۇن ھاماقەت ئەرلەر قۇلاق سالسۇن، بەزى چاغلاردا بىچارە ئاياللىنىڭ شۇنچىكى ئىشلىرىمۇ قاتتىق ئەلەمگە سەۋەپچى بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئەرلەر ئاشۇ سەۋەپلەرنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئاچچىقلىنىدۇ. ئەلەر ئاياللار ئۇستىدىن ھوقۇقدار ئەمەسمۇ؟ !!

ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئەر ئۆز ئاياللىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپلا قالماي، ئاياللىنىڭ پەزىلەتلىك دوستلىرىغىمۇ ياردەم قولىنى سۇنىدۇ ۋە خەيرى خاھلىق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بارچە ئىشلىرىدا رەسۇلۇللانىڭ قىلغانلىرىنى ئاساس قىلىدۇ:

*ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كېلىدىغان بىر موماي بار ئىدى، ئۇ كەلسە رەسۇلۇللا خۇشال بولۇپ ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇ مومايدىن قانداق تۇرۇۋاتىسىلەر؟ ئەھۋالىڭلار قانداق؟ بىزدىن كېيىن قانداق كىتىۋاتىسىلەر؟ دەپ ئەھۋال سورايتتى. ھېلىقى موماي: ياخشى، ئاناموۇ- ئاتامىۇ سىلىگە پىدا بولسۇن ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! دەپ جاۋاپ بېرەتتى. موماي چىقىپ كەتكەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ مومايغا ھېچكىمگە قىلمايدىغان مۇئامىلىنى قىلىپ مۇشۇنداق قارشى ئالامسەن دېدى؟ رەسۇلۇللا ماڭا جاۋاپ بېرىپ:*

*«ئۇ موماي خەدىچە بارچاغلاردا دائىم قېشىمىزغا كېلىپ تۇراتتى، دوستلارنى ھۆرمەتلەش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ دېدى»*.

(ھاكىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بەزى چاغلاردا ئايال كىشىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالىدۇ. ياكى ئالىلقانداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ھاياجىنىنى باسالماي يولسىزلىق قىلىپ ئۆزىنى ئېرىدىن قاچۇردۇ ۋە ئاسانلا غەزىپىنى چاندۇرۇپ قويدۇ. بۇنداق چاغلاردا مۇسۇلمان ئەر ئۆزىنىڭ ئىسىل ئەخلاقى، كەڭ قورساقلىقى، مۇلايىملىقى ۋە ئايالىنىڭ مىجەز-خارەكتېرگە نەزەر سېلىش ۋە ئىتبارغا ئېلىش بىلەن ئايالىغا كەڭچىلىك قىلمىقى كېرەك.

چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاياللىرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا ئۆزىنى بىر كۈن كەچكىچە تەرىك ئەتكەندىمۇ ئايالىنى كەچۈرەتتى،

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: *«بىز قۇرەيىش خەلقى ئاياللارنى باشقۇراتتۇق، مەدىنىگە كەلسەك ئەرلىرىنى ئاياللىرى باشقۇرىدىكەن، بىزنىڭ ئاياللىرىمىزمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىۋىشكە باشلىدى، ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئۆيۈم ئۈمەييە ئىبنى زەيدنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستى تەرىپىدىرەك ئىدى. بىر كۈنى ماڭا ئايالىم قايناپلا كەتتى ئېخى مىنى يالغۇز تاشلاپلا قويدى، مەن ئايرىلىپ تۇرۇشنى خالىمىدىم، ئايالىم ماڭا: سەندىن ئايرىلىپ تۇرۇشۇمغا نىمىشقا ئۇنىمايسەن؟* **الله** *بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللانىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىدىكەن ھەتتا پۈتۈن بىر كۈن تاشلاپ قويدىكەن دېدى، ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەپسە نىڭ يېنىغا بېرىپ: سىلەر رەسۇلۇللادىن ئۆزەڭلەرنى تارتامسىلەر؟ دېدىم، ئۇ: شۇنداق ئۆزىمىزنى تارتىمىز دېدى، مەن يەنە: ئاراڭلاردىن بىرەرسى رەسۇلۇللانى بىر كۈن يالغۇز تاشلاپ قويىدىغان ئىشمۇ بارمۇ؟ دېدىم، ئۇ: ھەئە شۇنداق قىلىدۇ دېدى، مەن: ئاراڭلاردىن كىم شۇنداق قىلسا چوقۇم نەس باسىدۇ، زىيان تارتىدۇ، بىرەرسىڭلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ*

*غەزەپلەنگىنى ئۈچۈن الله نىڭمۇ ئۆزىگە غەزەپلىنىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ؟! سەن رەسۇلۇللانى يالغۇز تاشلاپ قويما، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سورىما، پەقەت بولمىسا مەندىنلا سورا جۇمۇ دېدىم».*

(بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىلىپ ئۆزى بىلەن ھەپسە ئوتتۇرسىدىكى بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەشمىلەرنى ئېيتىپ بىرىدۇ، رەسۇلۇللا كۈلۈمسىرەپ قويىدى.

مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ مىجەز- خارەكتىرى ۋە بارلىق ئىشلىردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىشى ئۈچۈن مۇشۇ يۈكسەك ئىسىل ئەخلاقنىڭ ئوخشاشلىرنى ئۆزلەشتۈرمىكى لازىم. شۇ ۋاقىتتا ئىسلامىيەتنىڭ تەرەققى قىلغان ئىجتىمائى ھايات دىنى ئىكەنلىكىگە دەلىللەر بەرپا بولىدۇ. ئەمدى بىر ئادەمنىڭ ياكى بىر ئائىلىنىڭ ۋە ياكى بىرەر جەمئىيەتنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك، پاراكەندىچىلىك ۋە تالاپەتلەر پەقەتلا ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغ ئىسلامدىنى كۆرسەتكەن ۋە يولغا قويغان توغرا يولدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكتىن، شۇ يولنى بىلمىگەنلىكتىن ۋە ئۇلارنىڭ گۇمانى نەزەردە قارغانلىقتىن بولغان، شۈبھىسىزكى ئۇ تولىمۇ بىباھا ئەخلاقدۇر، ئەگەر ئۇنى ئەر- ئاياللار ئۆزلەشتۈرسە تۇرمۇشنىڭ بەختسىزلىكىدىن، كۆڭۈلسىزلىكىدىن، ئورۇنسىز تالاش- تارتىشلاردىن خالاس تاپىدۇ، ئائىلىگە بەخت- سائادەتنىڭ، خاتىر جەملىكنىڭ ۋە ئىناق- ئىتپاقلىقنىڭ قۇياشى نۇرچاچىدۇ.

### ئەرلەرنىڭ ئەڭ مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشكەنلىردىندۇر:

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاڭلىق مۇسۇلمان ئەر، ئىجتىمائى تۇرمۇشتا

ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئۇتۇق قازانغانلىردىن، سالىھ، پاك ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ ياقىدىغانلىردىندۇر. چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرگە يولۇقۇپ تۇرشى بىلەن ئاياللىنىڭ كۆڭۈل قەسرگە قانداق قىلىپ سىڭىپ كىرشىنى تونۇپ يىتىدۇ-دە، ئايالىنى ساغلام ئاڭ، گۈزەل ئەخلاق بىلەن يۇغۇرلۇپ كەتكەن ئىسلامىيەت تۇرمۇشى تەشەببۇس قىلغان توغرا يۆلۈنۈشكە باشلايدۇ. شۈبھىسىزكى ئۇ ئاياللىنىڭ مەيلىنى، قىزقىشنى، ۋە خۇي-پەيلىنى ئوبدان ئىگىلەپ ئۆز تىرىشچانلىغىنى ئۇينى شۇ مايىللىق، قىزقىش ۋە شۇ ئاياللىڭ گۈزەل ئەسلىمەلىردىن ئىبارەت خالىغان نەرسىلىرگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا سەرپ ئىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاياللىنىڭ ئەگرى قۇۋۇرغىدىن يارتىلغانلىغىنى، ئۇنى رۇسلاشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىرەر مىنۇتمۇ ئەسدىن چىقارمايدۇ.

## ئايالى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ھۇشيار زىرەكدۇر:

ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تولىمۇ زىرەكتۇركى، ئۇ ئاياللىنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ ئاياللىنىڭ بىرەر ئۇرۇغ-تۇققىنىغا قاتتىق تەگمەيدۇ. ئاياللىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بىرەرسىگە زەھەردەك ئاچچىق سۆزلەرنى قىلمايدۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى ئۇنىڭ پىكرىگە، ھىسياتىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئىرىنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىردىن بىرەرسىگە ئەزىيەت بولىدىغان، دىلىنى رەنجىتىدىغان گەپ-سۆز، ئىش-ھەركەتلەرنى قىلمايدۇ.

ئۇ ئاياللىنىڭ ئۆزىگە ئامانەت قويغان سىر-مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارلىمايدۇ، پەقەت ئۆزىگىلا ئىيتىپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا باشقا بىرسىنى شىرىك قىلمىغان خەۋەرلەرنى خەلقى-ئالەمگە ئىلان قىلمايدۇ، چۈنكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن

ئىشلاردا يەڭگىللىك قىلىش ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت يالقۇنلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. تەربىيە كۆرگەن ئاڭلىق مۇسۇلمان ئۆزىنى ئىسلامىيەتنىڭ سۈپ ـ سۈزۈك بۇلاقلىرىدىن سۇغۇرۇپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىسىل، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقى بىلەن بېزەپ تۇرسىلا، ھەرقانداق بولمىغۇر قىلىقلاردىن، دىيىشكە تېگىشلىك بولمىغان گەپ ـ سۆزلەرنى دىيىشتىن قىسقىسى يۇقارقىدەك ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

## ئايالىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلايدۇ:

ئاڭلىق مۇسۇلمان ئايالىدا ئۆزلىشىپ قالغان ئىلىم ـ مەرىپەت ياكى ئەخلاق جەھەتتىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاشقا تىرىشىدۇ شۇ ئەڭ ئۇنۇملۇك، ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ توغرا يولدۇركى، مۇسۇلمان شۇ يولدا ماڭىدۇ، شۇ ئەسنادا ئايالىدىن بىرەر ناتوغرا ئىش ياكى ئۆزگىرىپ كېتىشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلسا، سەۋەبىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئايالىنىڭ قىلغانلىرى قاتتىقراق بولۇپ بىرەرسى ئاڭلىسا ئۇنى ئەيىپلەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا تەڭ رەددىيە بېرىدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ، كىشلەرنىڭ ئالدىدا سۆكمەي، تاپا ـ تەنە قىلماي، قوپاللىق قىلماي، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق ۋە زېرەكلىك بىلەن توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. تەقۋادار ئاڭلىق مۇسۇلمان كىشلەرنىڭ ئاڭ سەزگۈرلىرىگە ۋە باشقىلارنىڭ ھېسياتىغا ئەڭ كۆپ ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىدۇر.

## ئايالىنى رازى قىلىش بىلەن ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ:

ئاكلىق سالىھ مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسنى رازى قىلىش بىلەن ئايالىنى رازى قىلىشنىڭ ئارىسىنى قانداق تەڭشەشنى بىلىدۇ. نەتىجىدە ئەقلى ئىقتىدارىنى، ئىستىدات ـ قابىلىيىتىنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىگە ئېغىپ كەتمەي ھەر ئىككىلىسىگە بىردەك مۇئامىلە قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى، ئايالىغا زۇلۇم قىلغۇچى بولمايدۇ. بەلكى ئاتا ـ ئانا ھەققىنى تونۇيدۇ ۋە ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدۇ، ئايالىنىڭ ھەققىنىمۇ تونۇيدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش يولىدا ئۇنىڭ ھەقلىرىدىن بىرەر شەيئى قىسقارتمايدۇ، ساداقەتمەن زېرەك مۇسۇلمان تەقۋا ئۆزىنى بىلەن ئۇزۇقلانغانلا بولسا چوقۇم شۇنداق قىلالايدۇ.

## ئايالىنى ياخشى باشقۇرىدۇ:

ئۆزىنىڭ مۇشۇ يۈكسەك ئەخلاقى ياخشى مۇئامىلىسى بىلەن مۇسۇلمان ئەر ئايالىنىڭ قەلبىگە ئىگە بولالايدۇ، نەتىجىدە ئۇنىڭغا ئايالى ئاسىيلىق قىلمايدۇ، بۇيرۇقلىرىغا بويۇنتاۋلىق قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئايالىغا يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن قىممەتلىك ئورۇق شۇ دىنىنىڭ ئۆزى ئۆزلەشتۈرگەن قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بىلەن بولىدۇ:

(ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇ، بۇ اللە نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىدىن ـ بەزىسىنى (يەنى ئەرلەرنى كۈچ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەت ـ تىلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر).
(سۈرە نسا 34 ـ ئايەت)

بۇ مەسئۇلىيەت تۆردىكى ھامىيلىق ۋە ھوقۇقدارلىق، ئەرنىڭ شۇ ئائىلىگە مەسئۇل بولغانلىقىدىندۇر، ئەر ئۆز ئائىلىگە تولۇق مەسئۇل بولىدۇ:

*«سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىر پادىچى سىلەر، ھەر بىرىڭلار ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، ئىماممۇ بىر پادىچى ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، ئەرمۇ ئەھلى ـ ئائىلىرىگە بىر پادىچى، ئۇمۇ ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، ئائىلمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدە بىر پادىچى ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، خىزمەتچى ـ مۇلازىم ئۆز خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىدە بىر پادىچى ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، دېمەك ھەممىڭلار بىر پادىچى ۋە ئۆز پادىسى توغرۇلۇق مەسئۇلىيەتكە تارتىلغۇچىسىلەر».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شۈبھىسىزكى ئۇ ئىسلامى جەمئىيەتلەردە ھەر بىر ئادەمنىڭ ماڭالاي چېچىدىن تارتىدىغان مەسئۇلىيەتتۇر. شۇ جەمئىيەتتە ھەربىر كىشى ئۆزىگە تېگىل بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ، چۈنكى ئىسلامىيەت قارشىدىكى ھايات تىرىشىپ ئىجتىھات قىلىش، ئىشلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش ھاياتىدۇر. جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخستىن ئويۇن ـ تاماشانىڭ، بىكار تەلەپلىكنىڭ بولۇشىنى ئەمەس، بىر مەسئۇللۇ ـ قىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

خۇددى ئىسلامىيەت ئائىلىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانىدەك ۋە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندەك، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالىشى، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىشى ئۈچۈن ۋە شان ـ شەرەپتە، ئەۋلاتلارنى تەربىيلەشتە شۇنىڭدەك تۇرمۇشنى بەخت سائادەتكە تولدۇرۇشتا ئەر بىلەن ئورتاقلىشالىشى ئۈچۈن شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن سىزىقتا توختاشقا ئەمىر قىلدى.

*ئەينى چاغدا ئىسلام ئەر كىشىدىن ئائىلىگە ياخشى ھەمرا بولۇشىنى، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭدەك ئائىل كىشىنىمۇ ئىسلامىيەت*

*يولغا قويغان دائىر ئىچىدە ئىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان ۋە شۇ خىل ئىتائەتنى ئىبخمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۇتتۇرغا قويغان. بۇ مەزمۇننى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ئوبدان يورىتىپ بىرىدۇ:*

«ئەگەر بىرەر ئادەمنى بىرەرسىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىسامتىم ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئۆز ئىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇتتىم».

(ئىبنى ماججە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان)

بەلكى ئەرنىڭ رازىلىقىنى ئايالنىڭ جەننەتكە كىرىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ قويغان:

*«قايسى بىر ئايال ئىرىنى رازى قىلىپ دۇنيادىن كەتسە شۇ ئايال جەننەتكە كىرىدۇ».* (ئىبنى ماججە رىۋايەت قىلغان)

ئۆز ئىرىنى ئورۇنسىز رەنجىتكەن، نارازى قىلغان ئايال ئىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالغانغا قەدەر، ئىرى بىلەن يارىشىۋالغانغا قەدەر پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. دەپ ھەيۋە قىلىدۇ:

*«ئايال كىشى ئۆز ئىرىنىڭ كۆرپىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئايرىم يېتىۋالسا تاڭ ئاتقىچە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىسلامىيەتنىڭ ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھوقۇقىنى، ئىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋە ئىرىنى رازى قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلىشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى ئايال كىشىنىڭ ئىرىنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتۇشىغا (پەرىز روزا بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە مېھمان كۈتۈشىگە يول قويمىدى:

*«ئىرى بار ئايالنىڭ ئىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ روزا تۇتۇشى (يەنى نەپلە روزا تۇتۇشى) ۋە ئۆيىگە بىرەر ئادەمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشى ھالال ئەمەس».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*ئىسلامىيەت ئەركىشىگە ھەقىقى بىر ئەر بولۇش ئۈچۈن ئايالنى باشقۇرۇش، ھامىيلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەردى، ئۇ ئائىلىسىدىكى تۇرمۇش كىمىسىنى تىنىچلىق، ھىدايەت ۋە توغرا ـ ھەققانىيەت ساھىلىغا قانداق ئېلىپ بېرىشنى بىلىدۇ. ئىسلامىيەت ئەرلەرنى ئاياللارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، ئەرلەر ئاياللارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپلا قالسا ئۇلارنىڭ كۆزى تورلىشىدۇ، ئىرادىسى سۇنىدۇ، ئەقىدىسى سۇسلىشىدۇ. نەتىجىدە ئايالنىڭ شەرىئەتنىڭ داغدام يولىدىن چەتنەپ كېتىشىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار قوللىرىدىن چۈلۋۈرنى تارتقۇزۇپ قويىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى ئائىلىدە خوجايىنلىق ئورنىغا ئۆتسە ئۇنىڭ ئىشىغا قارشى چىقالمايدۇ، گەپ ياندۇرالمايدۇ، كۆڭلىنى قايتۇرالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەرلەر ئۇچرايدىغان پىتنە دەپ كۆرسەتكەن:*

«مەن ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ زىيانلىقراق بىرەر پىتنى قالدۇرمىدىم».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇسۇلمان ئەر ئاياللارنىڭ ھىلە ـ مىكرى ئالدىدا ئۇ قانچىلىك چەكتىن ئېشىپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆزىنى يوقاتمايدۇ ۋە شۇ ئايال كۆڭلىگە ياققان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ پىتنىسىنى شۇ ئايالغا مولايىملىق بىلەن سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ھەقىقەتەن **الله** نىڭ رازىلىقى ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر، ئەرنىڭ ئايالغا بولغان مۇھەببىتى قانچىلىك چوڭقۇر بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئۇ **الله** نىڭ، **الله** نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەببىتىگە يەتمەيدۇ:

(ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشتىن قورۇققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار

سىلەر ئۈچۈن الله دىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كىتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ».

(سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ تۇرمۇشىدىن ئۆزىنى ئىسلامىيەتنىڭ ئەزاسى دەۋالغان نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئۇچرايدىغان ئاياللارنىڭ قارشىلىغىنى تاپقىلىمۇ بولمايدۇ. كوچا ـ كويلارغا بۇلىشىغا پەرداز قىلىپ، يېرىم يالىڭاچ باشلىرى، كۆكرەك، پاقالچەكلىرى ئۇچۇق چىقىۋالغان ئايالى، قىزى، ياكى ھەدە ـ سىڭىللىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بۇنداق الله نىڭ دىنىدىن، ئىسلامىيەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىدىن چەتنەپ كەتكەن قىلمىشلارنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىرمايدىغان ئەر شەك ـ شۈبھىسىز ئۆزىنىڭ ئەرلىك سالاھىيىتىنى يوقاتقان، ئۆزىنىڭ ئىسلامى روھىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە الله نىڭ غەزەپ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئەردۇر. ئۇ بۇنداق پاتقاقتىن پەقەت ھەقىقى تەۋبە قىلغاندىلا دىلىنى ئويغاتقاندىلا ۋە ئۆزىنىڭ ئەرلىك سالاھىيىتىنى تېپىۋالغاندىلا، شۇنىڭدەك ئۆزىنى ھەق يولغا قايتۇرۇپ كەلگەندىلا ئاندىن ئۆزىنى تارتالايدۇ.

ھەقىقەتەن ئىسلام ئايال ئۈچۈن ئۆزگە خاس ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئۆزگە خاس ئالاھىدە كىيىنىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئايالغا سىرىتقا چىققاندا ياكى يات ئەرلەر ئالدىدا كىيىپ يۈرىدىغان كىيىملەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ مۇسۇلمان ئايالنىڭ يوللۇق يۆگىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ يۆگىنىشكە رازى بولغان، ئىسلامنىڭ سۆزلۈك بۆلاقلىرىدىن تەشنا لىغىنى قاندۇرغان ۋە ئۇنىڭ ساللىق ھاۋاسىدىن قانغىچە

نەپەس ئېلىپ چوڭ بولغان مۇسۇلمان ئايال بۇنداق يۈگىنىشنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدۇ. چىن دىلىدىن قانائەت ھاسىل قىلدۇ ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ بېسىمىدىن بولماستىن **الله** تەئەلا تەرىپىدىن كەلگەن تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دىگەن:

«*رەسلەپكى قەدەمدە* **الله** *مۇھاجىر ئايالللارغا رەھمەت قىلسۇن.* **الله** *تەئەلا:* (ئۇلار لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن) *دىگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا ئۇلار پۈركەنجىلىرىنى يىرتىپ كۆكرەكلىرىنى ياپتى*».

بۇ خارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «*ئۇلار تۈگىملىرىنى ئەتتى، پۈكەنجىلىرىنى ئالدىدىن يىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن پۈركەندى*» دېيىلگەن.

سەفىيە ئىبنى شەيبەنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دىدى: «*بىر چاغلاردا بىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتى توغۇرسىدا پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دىدى: قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ راستىنلا ئارتۇقچىلىقى بار.* **الله** *بىلەن قەسەمكى مەن مەيلى* **الله** *نىڭ كىتابىنى تەستىقلاش جەھەتتە بولمىسۇن، مەيلى قۇرئانى كەرىمگە ئىشىنىش جەھەتتە بولمىسۇن، ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرىدىن ئارتۇقراق بىرەرسىنى كۆرمىدىم:* (ئۇلار لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن) *دىگەن ئايەت نازىل قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى* **الله** *نىڭ ئۇلار ھەققىدە نازىل قىلغان ئايىتىنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدى، ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىغا، قىزلىرىغا، ھەمشىرلىرگە ۋە ھەربىر يېقىن-يۇرۇقلىرىغا ئوقۇپ بىرەتتى. دەرۋەقە ئۇلاردىن ھەربىر ئايال* **الله** *تەئەلانىڭ نازىل قىلغان ئايىتىگە ئىشىنىش، ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن دەرھال ئەدىيالىرىنى ئېلىپ يۈگىنىشەتتى، ئەتىجەدە ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ كەينىدە خۇددى باشلىرىدا قاغا باردەك يۈگەلگۈچىلەرگە*

*ئايلاندى»* (يەنى ئۇلار باشلىرىنى قارا رومال بىلەن ئورىۋالغاچقا قارىماققا خۇددى بېشىغا قاغا قونغاندەك كۆرۈنەتتى).

ئەنسارى ئاياللارغا **الله** رەھمەت قىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئىمانى نىمە دېگەن كۈچلۈك ھە! ئىسلامىيتى نىمە دېگەن راستچىل ھە! ھەقنى چۈشكەن ھامان قوبۇل قىلىشى نىمە دېگەن ياخشى ھە! **الله** تەئەلاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقى ئىشەنگەن ھەر بىر مۇئمىن ئايال ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرىدىن ئۆگىنىشى لازىم. شۇندىلا ئەتراپىدىكى يېرىم-يالىڭاچ كىينىۋالغان قىز-ئاياللارغا پەرۋاقىلماي ئۆزىنىڭ ئىسلامى ئالاھىلىد-بىلىكىگە ئىگە كىيىم-كېچەكلىرىنى تاشلىمايدۇ. مەن تولۇق يۈگەنگەن بىر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى قىزنىڭ ئەنسارى ئاياللىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك تەسىرلىك ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەي: ئەينى چاغدا مەلۇم بىر گېزىتنىڭ مۇخبىرى دەمەشىق ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ تومۇز ئىسسىققا قارىماي تولۇق يۈگىنىۋالغان بىر قىزدىن شۇنداق كىينىۋېلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ قىز جاۋاپ سۈپىتىدە

(دوزاخ ئوتى قىززىقلىق جەھەتتە ئەڭ قاتتىق دەڭ) دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاڭلىق ئىپپەتلىك قىزلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى گۈللىنىدۇ. ئەۋلاتلىرى پەزىلەتلىك، يارامىلىق تەربىيلىنىدۇ ۋە جەمئىيەتنى قىزلارنىڭ خىزمەتچىلىرى بولغان باتۇر ئەرلەر قاپلايدۇ. **الله** قا مىڭلاپ شۈكرىكى بۈگۈنكى كۈندە شۇنداق قىزلار كۆپىيىۋاتىدۇ.

ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئەر ئايالىنىڭ ئۆيدىن چىققاندا ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشىغا، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ خاس ئالاھىدە كىيىمىگە ئايلانغا كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن ئۆلچەملىك يۈگىنىشىگە مەسئۇلدۇر. ئايالى ئىرىنى باش ئەگدۇرگەن، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا كۆندۇرگەن ۋە بىر

ئىشنى ئۆزى باش بولۇپ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان كۈنى شۇنداق ئەر ئائىلىنىڭ ئالدىدا قوللارچە بىچارە بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەرلىك سالاھىيتى، دىنى بىراقلا قولدىن كېتىدۇ.

ئەرنىڭ ئۆز ئائىلىگە بولغان مەسئۇللىغى ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگىلا قارىتىلمايدۇ. بەلكى ئۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىبادەت ۋە ئىدلوگىيە تەرەپلىرىگىمۇ چېتىلىدۇ. ئۇ ئائىلىنىڭ ئىبادەتتىكى يېتەرسىزلىكىگە ياكى يولسىزلىق قىلىپ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرىگە قاراپ تۇرمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنى ياخشىلىشىغا، توغرا دۇنيا قارشىنى يېتىلدۈرۈپ، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. يەنى مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ قايسى بىرسىگە سەل قاراپ، يېتەرسىزلىك قىلسا شۇ ئەرنىڭ ئەرلىك سالاھىيىتىگە نۇقسان يېتىدۇ ۋە ئىسلامى ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشىغا تەسىر يېتىدۇ، ئۇنىڭ الله ھۆرمەتلىگەن قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

چۈنكى ئىسلام ئائىلىنى ئەرنىڭ زىممىسىگە ئامانەت قىلدى. كۆپىنچە ئائىلە ئېرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولىدۇ. ئېرى ئۇنى جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇ ۋەجىدىن الله تەئەلا مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزىنى، خوتۇن بالىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشنى بۇيرىدى. قورقۇنۇچلۇك كۈندىكى دەھشەتنى دىلىنى ئېزىدىغان، باشلارنى ئايلاندۇرىدىغان ھەقىقى بىر ۋەھىمىنى تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇلار (ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلار) خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا سەل قارىغان ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغ ئىسلامىيەتكە قايتۇرۇپ كېلەلمىگەنلەردۇر:

(ئى مۆئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇغىنىدىن چىقمايدۇ، نىمىگە بۇيرىسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ). (سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت)

ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەققى پەقەتلا شۇ ئەرنىڭ ئۆيى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشكەندىلا ئىسلامىيەتنىڭ كۈتكىنىدەك ئەمىللىشىدۇ. مۇسۇلمان ئەر ئۆزىنىڭ قوپاللىقى، توڭلىقى، قاتتىق قوللىقى، زالىم ـ مۇستەبىتلىكى ۋە زەھەرخەندىلىكى بىلەن ئەر بولالمايدۇ، بولغاندىمۇ ئۇلار نادان تولىمۇ بىلىمسىز ئەرلەردۇر، ئىسلامدىكى ئەر ھەر جەھەتتىن تامامەن باشقا بىرخىل ئەر، ئىسلامدىكى ئەركەكلىك شەخسىيىتى كۈچلۈك، ۋىژدانلىق، خۇش پېئىل، گۈزەل ئەخلاقلىق، كەڭ قورساق، كىچىكلەرنىڭ سەھۋەنلىكىنى ئەپۇ قىلىدىغان، **الله** نىڭ بەلگىلىمىسىدە كەسكىن توختايدىغان، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە **الله** نىڭ ھۆكمىنى تەدبىقلايدىغان، ئۇلارنى ياخشىلىق تەرەپكە يېتەكلەيدىغان، ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ ـ چاچماي خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەسئۇللىغىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ھىدايەت تاپقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىدە بولۇشقا تېگىشلىك نەمۇنىلىك ھالەتلەرنى بايقىيالايدىغان بىر تۈرلۈك سالاھىيەتتۇر، مانا بۇلار ئىسلامىيەت كۈتكەن ھەقىقى مۇسۇلمانلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

## 5 ـ مۇسۇلماننىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پەرزەنتلەر ئىنساننىڭ كۆز قارچۇغى، ئۆمرىدىكى شاتلىغى، تۇرمۇشتىكى دوستى، ھاياتىنىڭ لەززىتىدۇر. ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى شۇ پەرزەنتلەرگە باغلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەركىتى بىلەن تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، كىرىمى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى تەربىيىسىگە ۋە ئۇلاردا ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ ئاساسى، ياخشىلىقنىڭ ئامىللىرى ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە باغلىق، ئەگەر بىرئادەمنىڭ پەرزەنتىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق تېپىلسا شۇ پەرزەنت الله تەئەلا ئۆز سۆزىدە سۈپەتلىگەندەك ئادەم ئۈچۈن دۇنيانىڭ كۆركى ـ زىننىتى: (مال ۋە باللار دۇنيا ـ ھاياتنىڭ زىننىتىدۇر...).

(سۈرە كەھبە 46 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال ۋە پەرزەنتنىڭ كۆپ بولۇشىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ياخشى دۇئالارنى قىلغان ئىدى:

*ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، ھاممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەھمەت ئېيتقان ئاندىن كېيىن ئۇلارغا بارلىق ياخشىلىقنى تىلەپ دۇئا قىلغان. ئەنەسنىڭ ئانىسى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى!، بۇ سىنىڭ كىچىك*

*خىزمەتچىلىك ئۇنىڭ ئۈچۈن* **الله** *غا دۇئا قىلغىنى دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغان ۋە دۇئاسىنىڭ ئاخىرىدا: «ئى* **الله** *ئۇنىڭ مېلىنى، پەرزەنتلىرىنى كۆپەيتىپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىكەت ئاتا قىلغىن» دېگەن.*

(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بىراق ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇلارنى ياخشى يولغا باشلىمىسا يارامسىز بالا بولۇپ كۆڭۈلگە تىنچلىق بەرمەيدۇ، ئۇنداق بالىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى غەم ـ قايغۇ، كۆڭۈلسىزلىكلا بولىدۇ شۇنداقلا ئۇلار كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز، كۈندۈزنىڭ ھېرىپ ـ چارچاش بىلەن ئۆتكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

## ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرى ئالدىدا چوڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى تونۇيدۇ:

ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان تۇغۇپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى چوڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇيدۇ. چۈنكى ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالىدۇ:

(ئى مۆئمىنلەر ئۆزەڭلارنى ۋە خوتۇن ـ بالاچاقىلىرىڭلارنى ئىنسانلار ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاخ ئوتىدىن ساقلاڭلار،...). (سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت)

ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتتا پەرزەنتلەر ئالدىدىكى چوڭ مەسئۇلىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئېيتقان سۆزىگە قۇلاق سالىدۇ:

*«سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىر پادىچى سىلەر، ھەر بىرىڭلار ئۆز پادىسىغا مەسئۇل. ئىماممۇ بىر پادىچى ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، ئەرمۇ ئۆز خوتۇن ـ بالىلىرىغا قارىتا بىر*

*پادىچى ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، ئايال كىشى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدە بىر پادىچى ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، خىزمەتچىمۇ خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىدە بىر پادىچى شۇ مۇ ئۆز پادىسىغا مەسئۇل، دېمەك ھەممىڭلار بىر پادىچى، ئۆز پاداڭلار توغۇرلۇق مەسئۇلىيەتكە تارتىلغۇچى سىلەر».*

(بىر لىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇ ئىسلامىيەت بارلىق دۇنيا پەرزەنتلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن ئالەم شۇمۇل مەسئۇلىيەت، ئۇنىڭدىن ھېچكىم ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. شۇ مەسئۇلىيەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەشكە، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈشكە ۋە رەسۇلى كەرىم سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن ۋە ئۆزىمۇ شۇ ئەخلاقنى تولۇقلاشقا ۋە ئۇنى ئادەملەر ئارىسىدا يىلتىز تارتقۇزۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىسىل ئەخلاق ئۇستىدە تۇرغۇزۇشقا مەسئۇل قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«مەن گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۇچۇن ئەۋەتىلدىم».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قارتىلغان، ئۇلارنى **الله** تەئالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ئاساسىدا ئۆستۈرۈشكە قارىتىلغان مەسئۇلىيىتىگە بۇنىڭدىن ئارتۇق دەلىل بولماس. ئەھلى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارار قىلدى: ھەر بىر ئائىلە باشلىقى جانابى رەسۇلۇللانىڭ:

*«بالىلىرىڭلارنى 7 ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، 10 كىرىپمۇ ناماز ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار».* (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

دېگەن سۆزىنى ئاڭلايدۇ. ئەمما پەرزەنتلىرى 7ياشقا كىرسىمۇ ناماز ئوقۇشقا بۇيرىمايدۇ، ناماز ئوقىمىغانلىقىغا قارتا 10ياشقا كىرسىمۇ ئۇرمايدۇ. شۇنداق ئائىلە

باشلىغى مەسئۇلىيەتسىز، يارىماس، الله تەئەلا ئالدىدا ئۆز يېتەرسىزلىگى، كەمچىلىكىگە قارىتا جاۋاپكارلىقتا تارتىلىدىغان گۇناھكار ئاتا ـ ئانىدۇر.

## ئۇلارنى تەربىيەلەشتە ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلارنى قوللىنىدۇ:

زېرەك مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئوبدان ئىگەللەيدۇ. نەتىجىدە شۇ مىجەز ـ خاراكتېر ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ـ سۆيۈلۈك دۇنيا سىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ شۇخىل خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈش ۋە يېتەكلەش يولىدا ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. ئۇلارغا ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن دوستلۇق ئىزھار قىلىدۇ يېقىنلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ زامانىۋىي سەۋىيەسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ يەنە ئۇلار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. قىزقارلىق يۇمۇرلۇق چاقچاقلارنى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈردىغان يېقىملىق سۆزلىرىگە قۇلاق سالىدۇ. ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى سەممىي قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاشقا تەييار تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلسا بۇيرىقنى ئىجرا قىلسا، چىن كۆڭلىدىن قىلىدۇ، مېھرى ـ مۇھەببەت، ئىززەت ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ ئۈستىدىكى ئىتائەت بىلەن قوياللىق، قەھرى غەزەپ، بېسىم ئاستىدىكى ئىتائەتنىڭ زور پەرقى بار. ئالدىنقىسى دائىملىق ۋە يوللۇق ئىتائەت، كېيىنكىسى بولسا بېسىم، قاتتىق قوللۇق يوقالسا تېزلا ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىتلىق ئىتائەت. بىر قىسىم كىشلەر ئاتىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن ئىچ قويۇن ـ تاش قويۇن بولۇپ كىتىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئاتىلىق ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قارشىدىكى تەربىيە دائىرسىنى تارايتىۋىتىدۇ دەپ قارايدۇ مانا بۇ ئۇچۇق خاتالىق. ئۇ پەرزەنتلەر بىلەن بولغان ئىسسىل ئەخلاق، ئۇ ھازىرقى زامان تەلىم ـ تەربىيىسى

چاقىرغان ئۇنۇملۇك، ھېكمەتلىك تەربىيە ئۇسۇل، دەل مۇشۇ خىل ئۇسۇلغا 15 ئەسىر ئىلگىرى ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ ـ سۆزى ۋە ئەمەلى ھەركىتى بىلەن ئاللا قاچان چاقىرىپ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ۋە ئۇبەيدۇللانى كۆپۈنچە ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باللىرىنى سەپكە تىزىۋېلىپ:

*«كىم مېنىڭ يېنىمغا بۇرۇن كېلەلىسە ئۇنىڭغا مۇنداق ـ مۇنداق مۇكاپات بېرىمەن دەيتتى. نەتىجىدە ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا بېرىشتا مۇسابىقەلىشەتتى، ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ كۆكرەك گەجگىلىرگە مىنىۋالاتتى، رەسۇلۇللا ئۇلارنى سۆيۈپ كېتەتتى».*

(ئەھمەت رىۋايەت قىلغان)

ئىمامى بۇخارى (ئادابۇل مۇفرەد) دىگەن ئەسىرىدە ۋە تىبرانى ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئاندىن كىيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ پۇتىنى ئۆز پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ئاندىن: «ئۇچە» دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئۇلۇغ تەربىيچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىل روھى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى كۆتۈرگەندە، ئۇلارغا ھەمراھ بولغاندا، ئۇلارغا كۆيۈنگەندە كۆپرەك نامايەن بولىدۇ. ئۇ ھەر زامان ھەر ماكاندىكى ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ شان ـ شەرپى، قەدىر ـ قىممىتى قانچىلىك بولۇشتىن قەتئى نەزەر پەرزەنتلىرنى ئىسىل ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيلەشتە قىممەتلىك ئۈگۈنۈش ئۈلگىسى، مۇشۇ توغۇردا ئەھمەد ۋە نەسەئىلەرنىڭ شەدداتدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسى بار شەددات:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ياكى ھۈسەيىننى كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ كەلدى، ئالدىغا ئۆتۈپ ھۈسەيىننى يەرگە قويۇپ قويدى. ئاندىن كىيىن نامازغا تەكبىر ئېيتتى، ئاندىن ئۇزۇن سەجدە قىلدى، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ*

*قارسام روسۇلۇللانىڭ دۈمبىسىدە بىر كىچىك بالا تۇرۇپتۇ، مەن يەنە بىشىمنى سەجدىگە قويدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى تۈگەتكەندە ساھابىلەر: يا رەسۇلۇللا سەجدىنى ئەجەپ ئۇزۇن قىلدىڭا دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوغلۇم ماڭا ئىبىشلدى مەن ئۇنىڭ ھاجىتىنى تۈگەتكۈچە ئالدىرتىشنى خالىمىدىم» دىدى.*

(ئەھمەد، نەسەئى رىۋايەت قىلغان)

مۇسۇلماننىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇلار بىلەن ئارلىشىپ ئۆتىشى، ئۇلارغا كۆيۈنىشى، ھېسداشلىق قىلىشى چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ دىلىغا شاتلىق ئاتا قىلىشى مانا شۇنىڭدەك بولۇشى كىرەك.

### ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىغىنى ۋە كۆيۈنىدىغانلىغىنى ھىس قىلدۇرۇدۇ:

ئاتا-ئانىلارنىڭ زىممىسىگە تۈنجى ۋاجىپ بولغان ئىش، پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مېھرى-مۇھەببەت، رەھىم-شەپقەت، كۆيۈنۈش ۋە ھېسداشلىق، ئىللىقلىق ھىس قىلدۇرۇش ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىشەنچكە تولدۇرۇش، قەلبىنى يورۇتۇش.

مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈش ئىسلامنىڭ ئەسلى ئەخلاقى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كۆرستىلگەندەك، ئۇ يۈكسەك مىجەز-خاراكتېرگە ئىگە رەسۇل كەرىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئەخلاقلىرىدىن ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دىگەن:

*«مەن خوتۇن باللىرىغا رەسۇلۇللادىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىغان بىرەر كىشىنى كۆرمىدىم، ئەنەس دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمىۋانقان ئوغلى ئىبراھىم*

*مەدىنىنىڭ يۇقۇرى تەرپىدە تۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا چىقاتتى بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقاتتۇق، ئۇ ئۆيگە كىرەتتى-دە، ئىبراھىمنى قولغا ئېلىپ سۆيۈپ قويۇپ قايتىپ چىقاتتى».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھرى-شەپقىتى ئەمدىلا ئىچىلغان مۇسۇلمان غۇنچىلىرىگە كەڭرى-تاشا يېتەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سايىسى ئويناۋاتقان ئۆسمۈر باللارغىمۇ چۈشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆسمۈر باللارغا ئۆزىنىڭ ھىسداشلىقى، چەكسىز مېھر-شەپقىتى بىلەن قۇچاق ئاچاتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم كىچىك باللارنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ قارايتتى ۋە ئۇلارغا سالام قىلاتتى».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبەدىلىك تەربىيە تۈسىنى ئالغان سۆزلىرىدىن بىرسى:

*«كىچىكلىرىمىزگە رەھىم-شەپقەت قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنىڭ ھەققىنى بىلمىگەن ئادەم بىزنىڭ سېپىمىزدىن ئەمەس»* دېگەن سۆزىدۇر.

(ئىمامى ئەھمەد، ھاكىمى رىۋايەت قىلغان)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بايان قىلىنغانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ئىبنى ئەلىنى سۆيۈپ قويغان، بۇنى كۆرگەن ئەقرەئ ئىبنى ھابىس: مېنىڭ ئون بالام بار بىرەرسىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم دېگەن-دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«رەھىم-شەپقەت قىلمىغان ئادەمگە رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدۇ»* دېگەن

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇلۇغ تەربىيچى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام دىللارنى مېھرى-شەپقەت ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ۋە ئۇنىڭدىكى ھېسداشلىق، مېھرى-مۇھەببەت كۆيۈمچانلىقنىڭ يۇشۇرۇن كۆچىنى ئېچىپ بېرىشكە ۋە ئىنسانى خۇسۇسىيەتلەرنى ساپلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. بىر كۈنى بىر سەھرالىق ئەرەب كېلىپ: سىلەر كىچىك باللىرىڭلارنى سۆيۈپ قويامسىلەر؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ:

«ئەگەر **الله** دىلىڭدىن مېھرى-شەپقەتنى تارتىۋالغان بولسا مەن ساڭا ئىگە بولالامدىم؟» دەيدۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:

*«پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالاتتىكەن ۋە سۆيۈپ قويۇپ ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇنىڭ قېشىغا كىرسە ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كەلگىنىنى قارشى ئالاتتىكەن ۋە ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالغاندا (شۇ كېسەلدە دۇنيادىن كەتكەن) پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يوقلاپ كىرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قارشى ئېلىپ سۆيۈپ قويغان»*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق كۆرسە-تمىلىرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ ھەرقانچە كۆڭلى قاتتىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قاپىغىنى تۈرۈۋېلىشقا، قوپاللىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى بۇ

ئۇلۇغ دىن دىللارنى ئېرىتىدىغان، مېھرى-شەپقەت بۇلىقىنى ئاچىدىغان، مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى ياندۇرىدىغان نۇرلۇق ھىدايەت ئېلىپ كەلگەن.

شائىر ئېتىقاندەك پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈرەكنىڭ بىر پارىسى:

پەقەت ئارمىزدىكى ئەۋلاتلىرمىز،
يەردە يۈرگەن يۈرەك پارىمىز.
مۇبادا شامال دارىپ قالسا بىرگە،
ئۇيقۇ يولىماس كۆزلىرمىزگە.

ئاتا-ئانىلار بولسا خەير-ساخاۋتى تۆكۈلۈپ تۇردىغان، مېھرى-شەپقىتى ئۇخجۇپ تۇردىغان كۆكۈل بۇلۇشكە، قۇربان بېرشكە ھەرقاچان تەييار تۇردىغان كىشلەردۇر.

**ئۇلارغا سېخلىق، خوشاللىق بىلەن چىقىم قىلىپ بىرىدۇ:**

ئىسلامىيەتتە ئاتا-ئانىلارنىڭ تەبىئى ھىسداشلىغى ۋە كۆيۈمچانلىغىلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى بەزىدە ھەتتا پەرزەنتلەر تەرەپتىن كىشنى ئاۋارە قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ قېلىشى ۋە ئاتا-ئانىلار ياكى ئۇلاردىن بىرى شۇ پەرزەنتنى دۇنيادا ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ياكى كۆنلىرنى قىينچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشى، غورگۇل تۇرمۇش كەچۈرشى ۋە نامراتلىقتا مەھكۈم بولۇپ قېلىپ تۇرمۇش يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھېرىپ ھالىدىن كېتىش، تۇرمۇش چىقىمىنىڭ ئېشىپ كىتىشىدىن ۋايساپ قېلىشى مۇمكىن. شۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئىسلامىيەت

ئاتا ـ ئانىلار ئۇچۇن بۈيۈك ئەجىر ساۋاپ ئاتىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا قۇربان بىرىشلەر، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر ئىش، نامراتلىق دىگەنلەر يوق گەپ.

*ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى ئۇ مۇنداق دىدى: مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! بەنى سەلەمەنىڭ پەرزەنتلىرىگە سەرىپ قىلىپ بەرگىنىمگە ئەجىر بارمۇ؟ مەن ئۇلارنى ئۇنداق ـ مۇنداق تاشلاپ قويۇشنى خالىمايمەن، شۈبھىسىزكى ئۇلار مىنىڭ پەرزەنتلىرىم دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق ئۇلارغا خەجلەپ بەرگەنلىرىڭگە ئەجىر بىرىلىدۇ» دىدى.* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*ئەبى مەسئۇدىل بەدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «بىرەر كىشى الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزلەپ بالا ـ چاقىسىغا پۇل ـ مال چىقىم قىلىپ بەرسە شۇ چىقىم قىلىپ بەرگەن نەرسىسى ئۇ ئادەم ئۇچۇن سەدىقە بۇلىدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بەلكى ئىسلامىيەت كىشىنىڭ ئۆز بالا ـ چاقىسىغا بەرگەن خەج ـ خىراجىتىنى ئىسلامنىڭ يولىدا سەرىپ ئەتكەنلىرىدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ، ساۋاپ ـ ئەجىر جەھەتتىمۇ ئۇنى چوڭ دەپ قارايدۇ. بۇ پىكىرنىڭ راستلىقىنى مۇسلىمنىڭ ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بۇلىدۇ: ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله يولىدا سەرىپ ئەتكەن، قۇل ئازات قىلىشقا سەرىپ ئەتكەن، پېقىر مىسكىنلەرگە سەرىپ ئەتكەن ۋە بالا ـ چاقىلىرىڭغا سەرىپ ئەتكەن پۇل ـ مالنىڭ ئەڭ ساۋابلىقى يەنىلا ئۆز پەرزەنتلىرىگە سەرىپ ئەتكىنىڭ» دىگەن.*

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەرنىڭ چىقىم قىلغان پۇل مېلىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالاچاقىلىرىغا خەجلەپ بەرگىنى ۋە الله يولىدا مىنىدىغان ئۇلىغىغا خەجلەپ بەرگىنى، الله يولىدىكى ئۆزىنىڭ سەبداشلىرىغا خەجلەپ بەرگىنى».

ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ دىلى خوتۇن باللىرىغا سەرىپ ئېتىپ بەرگەن نەرسىلىرى بىلەن خوشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان الله نىڭ رازىلىغىنى كۆزلەپ ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا ئۇنىڭدىن باشقىلارغا خىراجەت قىلىپ بەرگىنىگە الله تەئەلانىڭ كاتتا ساۋاپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ھەتتا ئەرنىڭ مۇھەببىتىنى، كۆيۈمچانلىغىنى، كۆلكە ـ چاقچىغىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئايالىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان بىرەر لوقما تامىقىغىمۇ چوڭ ساۋاپ بېرىلىدۇ. بۇ پىكرنى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋاققاسنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى قۇۋۋەتلەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«سەن الله نىڭ رازىلىغىنى دەپ قىلغان نەفقاتلىرىڭغا ئەجىر بېرىلىسەن، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان نەرسەڭگىمۇ ساۋاپ بېرىلىدۇ» دىگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ساداقەتمەن مۇسۇلمان رەسۇلۇللانىڭ ئائىلە مەسئۇللىغىدىن باش تارتقان ئەرلەرگە بەرگەن تەنبىھلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ بالا ـ چاقىلىرىدىن ۋازكېچە ـ لمەيدۇ. ئۇلارنى تاشلاپ پەش قىقىپلا كىتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ خەتەرلىك گۇناھى ئېغىر:

«بىرەر كىشىنىڭ ئۆزى ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا تېگىشلىك بىرەر سىنى تاشلىۋىتىشى گۇناھ جەھەتتە يېتەرلىك». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

## كۆيۈنۈشتە خەج-خىراجەت بىرىشتە قىز بىلەن ئوغۇلنى ئوخشاش كۆرىدۇ:

بىر قىسىم كىشىلەر قىزلارغا سول كۆزدە قارايدۇ. الله تەئەلانىڭ ئوغۇل پەرزەنت بىرىشنىلا ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار قىز پەرزەنتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن الله تەئەلانىڭ كاتتا ساۋاپ تەييارلىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، قىزلىرىنى يەكلىمىگەن، ئۇلارنى ياخشى تەربىيلىگەن، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغان بولاتتى. ئاتا ـ ئانىلارنى كۈتىۋاتقان شۇ ساۋابنى بىلگەن بولسا ئۇلارمۇ قىز پەرزەنتلىك بولغانلارغا ھەۋەسلىنەتتى، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ساۋاپ ماڭىمۇ بولسا دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ توغۇردا مۇنداق دىگەن:

*«كىمنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ ئۇلارغا قارتا سەۋىرچان بولسا، ئۇلارغا ئاش ـ تاماق بەرسە ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا يارشا كىيىم ـ كېچەك بەرسە، شۇ قىزلار ئۇ كىشىگە دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ قالىدىغان قالقان بولىدۇ».*

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

*يەنە بىر رىۋايەتتە:*

«كىمنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ ئۇلارغا ياخشى قارسا، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاسا ۋە ئۇلارنى ئايىسا ئۇ كىشىگە ئەلۋەتتە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ دىدى. كۆپچىلىكتىن بىرسى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئىككى قىزى بولسىچۇ؟ دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قىزى بولسىمۇ شۇنداق» دىدى.

الله تەئەلا قىز پەرزەنتلەرنى ئوبدان پەرۋىش قىلغانلارغا تەييارلىغان مۇكاپاتلارنىڭ خەۋرىنى ئاڭلىغان قايسى بىر دادا قىزلارنى تەربىيەلەشتىن ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشتىن باش تارتسۇن؟ .

ئىسلامىيەت تەكشۈردۇ، كۆرتىدۇ، ئۇ ھەر قاچان ھەر زامان ئىنسانىيەت ھادىسلىرگە ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قىينچىلىقلىرىغا ئامال قىلىدىغان قويۇق تۇرمۇش

پۇرقىغا ئىگە دىن، قىزلار بەزى تالاق قىلىنىپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى كىرىمىنىڭ ئاز، جان سانىنىڭ كۆپلىگى سەۋەپلىك قولى قىسقا، تۇرمۇشى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، دەل ئىسلامىيەت ئۇلارنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە شىپالىق مەلھەم باسىدۇ ۋە قىزلارغا قارتا قەلبىنى بېسىۋالغان غەم-ئەندىشە، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارقىتىۋېتىدۇ، ئەينى چاغدا ئاتا-ئانىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن قىزلىرىغا بەرگەن خەج-خىراجىتىنى سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە **الله** تەئەلاغا ئەڭ يېقىنلىقىنى بايان قىلغان.

*رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام سۇراقە ئىبنى جۇئشۇمگە: «مەن ساڭا سەدىقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنى ياكى سەدىقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدىن بىرىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دەيدۇ. سۇراقە: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!! بولسا شۇنداق قىلسىلا دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوغلىنىپ قېشىڭغا كەلگەن، سەندىن ئۆزگە غەمگۇزارى يوق قىزىڭ»دەيدۇ.*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى پەرزەنتلەرگە خوشاللىق، بەخت ئېلىپ كېلىدىغان بۇخىل ھىسيات قارشى، غەرىپ ئەللىرىدىكى باللارنى بەخت سىز قىلىپ قويۋاتقان قۇرۇق ماددى ھاياتقا سىلىشتۇرغاندا نەدە؟ غەرىپ ئەللىردە باللار ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن 18ياشقا كىرە-كىرمەيلا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئايرىلىپ كەسكىن رىقابەتكە تولغان ماددى ھايات قاينىمىغا شۇڭغۇيلا كىتىۋاتىدۇ، زامانىۋى كەسپلەرگە يۈزلىنىۋاتىدۇ، بۇ قاتتىق كىسەلگە گىرىپتار بولغاندا ۋە ئائىلە كويۇمچانلىقىنىڭ بۇلاقلىرىدىن تەشنالىقىنى قاندۇرغاندىلا ھىس قىلىدىغان، ئىسىگە ئالدىغان ئەھۋال.

ئىنسانىيەت بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كەلگەن **الله** نىڭ شەرئىتى بىلەن ئادەملەرنى ھايات ئازگىلىغا باشلايدىغان ئىنسانلارنىڭ چولتا، ناباب تۈزۈم-

سىياسەتلىرى ئارىسىدىكى پەرىق ھەقىقەتەن زور.

غەرب دۇنياسىدا بۇ ماددى تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى بولمىش روھى جەھەتتە چۈشكۈن، مەنىۋىتى قۇپقۇرۇق بىر توپ ماڭقۇرتلارنى ۋە تويى قىلماي تۇرۇپلا ئانىلار سېپىگە قېتىلىۋاتقان بەختسىز چوكانلارنى ئۇچرىتىشىمىز ۋە ئۇنداقلارنىڭ سانىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس.

## ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ۋە دۇنيا قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق بىر نەرسىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمايدۇ:

تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلمان ئاتا-ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئوبدان ھېرىس بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى، نېمە يېزىۋاتقانلىقىنى، ئۇلاردا ئۆزىمۇ سەزمەي يېتىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقىش-ھەۋەسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىۋاتقانلىقىنى، قىممەتلىك ۋاقتىنى بىرگە ئۆتكۈزۈۋاتقان دوست-بۇرادەرلىرىنى، بوش ۋاقتى تاپسىلا بېرىۋالىدىغان جايلىرىنى ۋە شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇلارنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى سەزدۈرمەيلا بىلىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن ئۆگىنىشتە ياكى قىزىقىشىدا بىرەر ئۆزگىرىش بايقاپ قالسا ۋە ياكى ئۇلارنىڭ بىرەر يامان كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىۋاتقانلىقىنى، بولمىغۇر، شۈبھىلىك جايلارغا قاتراۋاتقانلىقىنى، تاماكا چېكىشتەك ناچار ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى شۇنىڭدەك ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان، زېھنى كۈچىنى خورىتىدىغان، ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، يارامسىزلىققا ئېلىپ بارىدىغان نالايىق، شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئويۇن-تاماشالارغا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپلا قالسا ئۇلارنى مېھرىبانلىق، ئېھتىياتچانلىق، زىرەكلىك بىلەن چىرايلىق نەسىھەتلەرنى قىلىپ

توغرا يولغا، پايدىلىق ئىشلارغا قايتۇرۇپ كىلىدۇ.

چۈنكى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك بىر ھەدىستە كۆرسىتىلگە-ندەك ھەر بىر بۇۋاق ئىسلامىيەت ئىگى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، كىيىن ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدى ياكى ناسارا ۋە ياكى ئاتەش پەرەست قىلىپ يىتىلدۇردۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋىلىشقا بۇلىدۇكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيتى پەرزەنت-لەرنىڭ ئەقىل بۇلىغىنى ئىچىش، ئۇنىڭ كىملىكىنى تۇنۇتۇش بايلا زىكىر قىلىنغان ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يىتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللارنى ئوبدان ئىگەللەش، مۇلاھىزە قىلىشنا كۆرىلىدۇ. پەرزەنتلەر باش چۈككۈرۈپ ئۈگىنىدىغان كىتاب ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىغىنى ئاچقۇچى، ئۇلارنى ئىسىل ئەخلاقلار بىلەن تەربىيلىگۈچى ۋە يۈكسەك مىساللار بىلەن ئۇزۇق بەرگۈچى بۇلىشى لازىمكى ئۇلارنىڭ ئەقلىنى خوراتقۇچى، ئەخلاقىنى بۇزغۇچى، دىللىردىكى ياخشىلىقنىڭ چوغىنى ئۆچۈرگۈچى بولماسلىغى كىرەك. ۋە ئۇلارنىڭ قىزىقىشىمۇ دىللىردىكى ياخشىلىق تەرەپلىرنى يىتىلدۇردىغان-يامان ئىشلاردىن يىراق قىلىدىغان، قەلبىدە رەزىللىكنىڭ ئەمەس ھەققانىيەتنىڭ چوغىنى يېلىنجاتقۇچى بۇلىشى ۋە ئۇلاردا ناچار-يارىماس ئىللەتلەرنى ئەمەس ساغلام ئىستىنتىك زوق ئاتا قىلغۇچى بولىشى لازىم.

ئەمدى دوست-بۇرادەر دىگەنمۇ دوزاختا ئەمەس جەننەتكە باشلىيالايدىغان، باتىلغا ئەمەس ھەقىقەتكە يىتەكلەيدىغان، ئازغۇنلۇق چۈشكۈنلۈك، ئوگۈشسىزلىق ۋە ۋاپاسىزلىق ئەمەس توغرا يولغا، شان-شەرەپكە، بەخت-سائادەتكە ۋە مۇۋاپىقىيەتكە باشلىيالايدىغان بۇلىشى كىرەك. كۆپلىگەن دوستلار ئۆز دوستىنى ھالاكەتكە، ئەيشى-ئىشرەت سورۇنلىرىغا، ساغلام بولمىغان كۆڭۈل ئىچىش مەيدانلىرىغا ۋە ئاتا-ئانىلارنى پەرزەنتلىردىن غاپىل قىلىشقا ئىلىپ بارغان.

بۇھەقتە شائىر ئەدى ئىبنى زەيدىل ئىبادى مۇنداق دەيدۇ.

كۆپچىلىك ئىچرە بولساڭ ياخشىسىغا ھەمرا بول،
ئەسكىلەرگە دوست بولما ئەسكى سەن ئەسكى بىلەن.
گەربىرسىنى سورىساڭ ئۆز يېقىنىدىن سورا ،
ھەر بىر كىشى ماڭىدۇ دوستىنىڭ يولى بىلەن.

شۇنىڭدەك ئائىلىق مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە ئوقۇيدىغان كىتاپ ـ ژۇرناللىرىنى، ئارىلىشىدىغان ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى، ھەۋەس ـ قىزىقىشلىرىنى ۋە ئوقۇيد ـ ىغان مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنى، تەنتەربىيە كۇلۇبلىرىنى، ئېلان ـ ئۇچۇر ۋاستىلىرىنى ۋە شۇنىڭدەك پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتىر يارىتىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلى، روھى ۋە ئەقىدە تەربىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر بىر نەرسىنى ئەستايىدىل كۆزىتىدۇ. ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئىلمى تەربىيە ئېلىشىغا توسالغۇ بولماسلىقى ياكى تۇرلۇك ئاۋارچىلىق ۋە ياكى كىسەللىك، مەجرۇھلۇق بىلەن مۇسىبەتلەنمەسلىكى ئۈچۈن زۇرۇر تېپىلغاندا قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىز بىر قىسىم ئائىلەلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەشتىكى مۇۋاپىقىيىتىنى ۋە بىر قىسىملىرىنىڭ يۇرەك تىترىشىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيمىز.

1 ـ ئائىلە ئۆز پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى بۇرچىنى ھىس قىلغان، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ۋە ئۆز پەرزەنتلىرىگە، جەمئىيەتكە، ئادەملەرگە قارىتا ياخشى ئۈلگە بولىدىغان ئائىلەدۇر.

2 ـ بۇ مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەن ئۇلارغا سەل قارىغان، نەتىجىدە پەرزەنتلىرىگە، جەمئىيەتكە، ئادەملەرگە قارىتا ياخشى تەسىر بېرەلمەيدىغان ۋە بۇ

دۇنيادىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بالاغا مۇپتىلا بولىدىغان ئائىلەدۇر. بۇيۈك **الله** راست دەيدۇ:

(ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن ۋە باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار. ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار... ) (سۈرە تاغابۇن 14 ـ ئايەت)

پەرزەنتلەرنى ياخشى يولغا يېتەكلىسە، ئوبدان تەربىيلىسە، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇللىغىنى تونۇسا ۋە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلسا ھېچقاچان ئاتا ـ ئانىسىغا دۈشمەن بولغان ئەمەس.

## ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ:

پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيلەشنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئۇلارنى ئوخشاش كۆرۈش، بارچە ئىشلىرىدا ئۇلاردىن بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق كۆرمەسلىك، چۈنكى ئۆزى بىلەن قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئادالەت، باراۋەرلىك ھېس قىلغان بالا روھى جەھەتتە ساغلام چوڭ بولىدۇ، قېرىنداشلىرىغا ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، يۈركىنى كۆندەشلىك ۋە ھەسەت ئازاپلىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە رازىمەنلىك، كەڭ قورساقلىق، ياخشىلىق ۋە باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى قانات يايىدۇ. مانا بۇ ئىسلامىيەت قىزىقتۇرىدىغان ۋە ئاتا ـ ئانىلارنى بۇيرىغان ئىش.

شەيخانىنىڭ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: بۇ ئوغلۇمغا خىزمەتچىدىن بىرنى سوغا قىلدىم دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتچى سوغا قىلدىڭمۇ؟»* دېگەن،

*نۇئمانىنىڭ ئاتىسى: ياق، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىداقتا ئۇنى قايتۇرۇۋال» دېگەن.*

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ: ياق دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** دىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلارغا ئادىل بولۇڭلار»* دېدى. ئاتام قايتىپ كىلىپ سوغىسىنى قايتۇرۇۋالدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: *پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بەشىر سىنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ بالاڭ بارمۇ؟» دېگەن. نۇئمان: شۇنداق بار دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق سوغات بەردىڭمۇ؟» دېگەن، ئۇ: ياق دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا مىنى گۇۋاھ قىلما مەن ئادىل بولمىغان ئىشقا گۇۋاھ بولمايمەن» دېگەن، ئاندىن كېيىن يەنە «ئۇلارنىڭ سەن ئۇچۈن ياخشىلىقنى ئوخشاش قىلىشى سىنى خۇرسەن قىلامدۇ؟» دېگەن، ئۇ: شۇنداق دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا ياق (يەنى گۇۋاھچى بولمايمەن)» دېگەن.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەقۋادار مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە سوغا سالام قىلىشتا بولمىسۇن ياكى نەپىقە بىرىشتە بولمىسۇن، بىرنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق كۆرمەيدۇ. شۇ سەۋەپلىك ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى ئاتىسىغا دۇئا قىلىپ توختىمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن سوقىدۇ. كۆڭلىنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن ئاۋۇندۇردۇ.

ئۇلاردا يۈكسەك ئەدەپ ئەخلاق يېتىلدۈردۇ:

گۈزەللىك، مەمنۇنلۇق، قانائەت ۋە ياخشىلىقنى تولغان شۇ كۆڭۈل بىلەن ئاتا ئۆز پەرزەنتلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋە ئۇلۇغۋار ئىنسانى ئەخلاق ئىچىدىكى بەختلىكلەردىن قىلىپ ئۆستۈرەلەيدۇ. يەنە ئۇلارغا باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش، ئاجىز غېرىپ-غۇۋالارغا ھېسداشلىق قىلىش، ئۇرۇق-تۇققانلارغا سىلە رەھىم قىلىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرگە رەھىم شەپقەت قىلىش، ياخشى ئىشلارغا رازى بولۇش، ئادەملەر ئارىسىدا ئەدلى-ئادالەتنىڭ قانات يېيىشىغا قىزىقىشتەك ئېسىل ئەخلاقلارنى سىڭدۈرىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق دېگەنمۇ ئۆزىنى قاچۇرغانلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ ۋە نەرسە كىرەكلىرىنى يوقاتقان ئادەم باشقىلارغا بىرەر نەرسە بېرەلمەيدۇ.

*«ھىدايەت الله تەرىپىدىن ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئاتا-ئانىلار تەرەپتىن» دېگەن زات تولىمۇ راست ئېيتقاندۇر.*

(ئىمامى بۇخارىنىڭ ئادابۇل مۇفرەد دە رىۋايەت قىلغان)

ئەقىللىق مۇسۇلمان ئاتا پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگە قانداق سىڭىپ كىرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ دىلىغا، سۆيۈملۈك ئۆرنەكلەردىن ئىبارەت ئەشۇ ئاقىلانە تەربىيۋى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ۋە شۇ ئۇسۇللارنى كىڭەيتىپ، مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئوبدان دىققەت قىلىپ ۋە مېھرى-شەپقەت، كەمتەرلىك، خۇشخۇيلۇق، مېھرى-مۇھەببەت، كۆڭۈل بۆلۈش، قوللاپ-قۇۋۋەتلەش، ھېسداشلىق، باراۋەرلىك، ئادىللىق، نەسىھەت قىلىش، توسۇش، كۆرسەتمە بېرىش، ۋە قاتتىق يۇمشاق ۋاستىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، دۇرۇس ئەخلاق، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىلىم-ھېكمەتلەرنى قانداق سىڭدۈرۈشنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەۋلاتلار ياخشىلىق، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە غەمخورلۇق قىلىشنىڭ ھەممە مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىتنى

ياخشى، ئالىجاناب، مىجەز-خاراكتېرى ياخشى، زېھنى ئۇچۇق ۋە مەسئۇللۇقنى زىممىسىگە ئېلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئەۋلاتلارغا بېرىش كېرەك. بۇ ئىسلامىيەت پرىنسىپلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن قۇراللانغان ھەر ئادەمدە بىر ئۇچۇق ئاشكارە گەۋدىلىنىدۇ. بۈيۈك **الله** تولىمۇ راست ئېيتىدۇ:

(**الله** نىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، **الله** نىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ ). (سۈرە بەقەر 138 - ئايەت)

# 6ـ مۇسۇلماننىڭ ئۇرق-تۇققانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## ئۇرۇق- تۇققان:

مۇسۇلمان ياخشىلىقنى ئاتا ـ ئانىسى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىغىلا قىلىپ قالماي ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغىمۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشىلىق قىلىش، خەيرى ـ ئېھسان قىلىش ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇققان دېگەن: بىرەر ئادەم بىلەن مەيلى ۋارىس بولسۇن، بولمىسۇن نەسەپ جەھەتتە باغلىنىشلىق بولغان تۇققانلارنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىسلامىيەتنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلار بىلەن بولغان سەممى مۇئامىلىسى :

چۈنكى ئىسلامىيەت ئۇرۇق ـ تۇققانلارغا ئىنسانلار باشقا دىن ۋە باشقا قانۇندا ـ تۈزۈملەردە ئۇچرىتىپ باقمىغان بىرخىل ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلدى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. ئالاقىنى، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتىن ئاگاھلاندۇردى. ئىسلامىيەتنىڭ ئۇرق ـ تۇققانلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلار ئۈچۈن

سىزنى بەرگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەشۇ تەسۋىردىنمۇ ئارتۇق دەلىل بولمىسا كېرەك. ئۇرۇق ـ تۇققان قىيامەت كۈندىكى چوڭ مەيداندا الله تەئەلانىڭ ئالدىدا تۇردۇ، ئاندىن ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگۈچى الله دىن پاناھلىق تىلەيدۇ، ۋە الله تەئەلانىڭ سۇئالىغا جاۋاپ بېرىدۇ. يەنە ئۇرۇق ـ تۇققانلىق ئالاقىسىنى يەتكۈزگۈچىلەرگە شەپقىتىنى يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مۇناسىۋ ـ ىتىنى ئۈزگۈچىدىن ئۈزىدۇ.

بۇنى ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ئىشەنچىلىك ھەدىستىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىندۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

*«الله تەئەلا مەخلۇقاتلارنى ياراتتى، ئۇلارنى يارىتىشتىن پارىغ بولغاندا، ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق ئالاقىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: بۇ سەن بىلەن ئالاقىنى ئۈزگۈچىلەردىن پاناھلىق تىلەيدىغان جايمۇ؟ دېدى. الله تەئەلا: شۇنداق سىنى يەتكۈزگۈچىلەرگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم. سىنى ئۈزگۈچىلەردىن رەھمىتىمنى ئۈزسەم رازىمۇ سەن دېدى، ئۇ: رازى بولىمەن دېدى، الله تەئەلا دېگىنىڭدەك بولسۇن دېدى»*. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *ئەگەر خالىساڭلار* (سىلەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى الله رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەتنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى) . دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار دېدى. (سۈرە مۇھەممەد 21 ـ 22 ئايەت)

قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئايەتلەر باركى، ئۇ ئىسلامىيەتتە ئۇرۇق ـ تۇققاندارچىلىق يەتكۈزۈشنىڭ (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ) ئورنىنى ئەكتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇ ۋە

ئۇنىڭ يېقىنچىلىقىنى ھىس قىلىش، ھەقلىرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھىس ـ تۇيغۇلارنى ئويغۇتىدۇ ۋە ئەشۇ ھەقلەرنى ئايـاغ ئاستى قىلىشنى، ئۇرۇق ـ تۇققانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشنى، ئۇلارنى رەنجىتىشنى، ئۇلارغا يامانلىق يەتكۈزۈشنى چەكلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. **الله** تەئەلانىڭ مۇنۇ ئايىتى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

(سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا ئۇنىڭ نامى بىلەن سورايدىغان **الله** دىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار). (سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت)

ئىسلامىيەت **الله** دىن قورقۇشقا بۇيرۇپ ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنى يەتكۈزۈشنى مەدھىلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالقىش ياڭراتتى، ئۇرۇق ـ تۇققانلار ئۈچۈن ئىغىر ـ بېسىق بولۇشنى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشنى، غەمخورلۇق قىلىشنى تەكىتلىدى. ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ ئورنى كۆپلىگەن ئايەتلەردە سىلە ـ رەھىمى قىلىشقا، ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش **الله** غا ئىشىنىش ۋە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇشتىن كېيىنلا كىلىدۇ:

(پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى). (سۈرە ئىسرا 24 ـ ئايەت)

**الله** تەئەلا ئازراقتىن كېيىن يەنە مۇنداق دەيدۇ:

(تۇققانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇلى ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن). (سۈرە ئىسرا 26 ـ ئايەت)

(**الله** غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئانىغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق

قوشــنىغا، يانــدىكى ھــەمراھقا (يــەنى سەپەرداشــقا، ساۋاقداشــقا)، مۇساپــىر ـ غــا ......ياخشىلىق قىلىڭلار). (سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياخشىلىق قىلىشتىكى تەرتىپ جەھەتتە خۇددى قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ساغلام ئالاقىسىدە يۇقۇردىن تۆۋەنگە قاراپ تەدرىجى يولغا قويغىنىدەك ئۇرۇق ـ تۇققانلارغا ياخشىلىق قىلىش ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ كەينىدىنلا ئۇلۇشۇپ كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن ياخشىلىق قىلىش ئۇرۇق ـ تۇققانلاردىن ھالقىپ كىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ شۇ ياخشىلىق ئىنسانىيەت چوڭ ئائىلىسىدىكى بارلىق مۇھتاجلارغا قارتىدۇ. مانا بۇ ئۇرۇق ـ تۇققانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تەبئى تارتىدىغان ۋە ئىسلامى جەمئىيەتلەرنى تەشكىللەشتە ئىسلامنىڭ ئۇمۇمى پىرىنسىپلىرىنى تەڭشەيدىغان ئىشلاردۇر. ئىسلامىيەت ئەينى چاغدا ئىجتىمائى كاپالەتنى ئائىلە مۇھىتىدىن باشلاشنى ئاندىن كېيىن دائىرىسىنى ئۇرۇق ـ تۇققانلارغا كېڭەيتىشنى، ئاندىن جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈشنى ۋە قولايلىقلاشتۇرۇش، ئاسانلاشتۇرۇش شۇنداقلا دۇنيانى ئىنسانىيەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك گۈزەل، كۆڭۈللۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىدە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا سىڭدۈرۈشنى قارار قىلغان.

ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش ئىسلامىيەتنىڭ تۈنجى پىرىنسىپلىرىدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسى ئېنىق، بەلگىلىرى رۇشەن دەئۋەتلىرى بىلەن ئوتتۇرغا چىققان تۇنجى كۈندىن باشلاپ بۇ دىن، ئۇنىڭ بىلەن دۇنياغا نۇرچاچقان چوڭ بىر ئاساس، يەنە ئۇ بۇ ئۇلۇغ دىننىڭ شەرىئىتىدىكى تەلىماتلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكى ئەڭ روشەنلىرىدىندۇر. بۇنىڭغا ئەبۇ سۇپياننىڭ ھىرەقلە بىلەن قىلىشقان بىر قېتىملىق سۆھبىتى گۇۋاھ بولالايدۇ. ئەينى چاغدا ھىرەقلە ئەبۇ سۇپياندىن،

پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى نىمىگە بۇيرۇيدۇ؟ دەپ سورىغان، ئەبۇ سۇپيان جاۋاپ بېرىپ: پەيغەمبىرىمىز *«پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭلار، ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىقىڭلار دەيدۇ ۋە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، راستچىل بولۇشقا، نومۇسچان بولۇشقا، سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ»* دەيدۇ. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇرۇق ـ تۇققاندارچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش مۇشۇ توغرا دىنىنىڭ الله نىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ناماز ئوقۇش، راستچىل، نومۇسچان بولۇشتەك چوڭ ئىشلىرى قاتارىدا سانالغان، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش شۇ ھەقتە سورىغۇچىلارنىڭ سەمىگە سالىدىغان بۇ دىنىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىشلىرىدىن بىرى.

ئەمىر ئىبنى ئەنبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ قائىدە ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا چېتىلىدىغان ئۇزۇن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:

*«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى چېغىدا قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا: سەن كىم؟ دېدىم. ئۇ: «مەن پەيغەمبەر دېدى»، مەن: نىمە پەيغەمبەر؟ دېدىم، ئۇ: «مەن الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن» دېدى، مەن: سىنى نىمە ئىش بىلەن ئەۋەتتى؟ دېدىم، ئۇ: «ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنى يەتكۈزۈشكە، بۇت ـ ھەيكەللەرنى چېقىشقا ۋە الله نى بىر دەپ ئېتقاد قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئەۋەتتى» دېدى.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

رەسۇلى كەرىم سەللەللا ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئىسلامىيەت قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مېھرى ـ شەپقىتىنى يەتكۈزۈشنى ئەڭ ئالدىدا تونۇشتۇرغان، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىنى

سۆزلىگەن، بۇ ئۇرۇق ـ تۇققاندارچىلىقنى ئۇلاشنىڭ **الله** پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت قىلىپ چۈشۈرگەن بۇ دىنىنىڭ يول ـ يورۇقلىرىدىكى رولىنىڭ چوڭلىقىنى، ئورنىنىڭ ئۈستۈن ـ لىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشكە قىزىقتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

*ئەبۇ ئەييۇبىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا مېنى جەننەتكە كۆرگۈزىدىغان بىر ئەمەل ئېيتىپ بەرسىلە دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** غا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك (تەڭ) كەلتۈرمىگىن، ناماز ئوقۇغىن، زاكات بەرگىن ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنى يەتكۈزگىن» دىدى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

سىلە ـ رەھىم قىلىش **الله** غا ئىبادەت قىلىش، ئۇنى يەككە ـ يىگانە دەپ تونۇش، ناماز ئوقۇش، زاكات بىرىش قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن بىر قاتاردا كىلىدۇ. دىمەك ئۇ ئۆز ئىگىسىنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىشكە ۋە دوزاختىن ساقلاپ قېلىشقا كېپىل بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

*ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم رىزىقىنىڭ كەڭ، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياخشى كۆرسە ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلسۇن» دىگەن.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇ، سىلە ـ رەھىم قىلغۇچىنىڭ رىزقىغا ۋە ئۆمرىگە بەركەت ئېلىپ كىلىدۇ. پۇل ـ مېلىنى كۆپەيتىدۇ، ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ ۋە بەركەت بىرىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيتتى: «كىم الله دىن قورقسا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سىلە - رەھىم قىلسا، ئۆمرى ئۇزۇن، پۇل - مېلى كۆپ بولىدۇ، ئۇنى خوتۇن باللىرى ياخشى كۆرىدۇ».

(ئىمام بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دىگەن ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان)

ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئۇلاشنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ رىزىقىغا ۋە ئۆمرىگە بەركەت ئېلىپ كىلىدىغانلىغىنى شۇنىڭدەك الله تەرەپتىن رەھمەت بولۇپ دۇنيا ۋە ئاخرەتتە ئۇ كىشىگە ياغدىغانلىغىنى ۋە ئۇنى باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل قىلىدىغانلىغىنى، ئۇنىڭغا ئالقىشلار ئېلىپ كىلىدىغانلىغىنى كۆرۈپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى، سىلە - رەھىم قىلىشنى، ئۈزۈپ قويۇشنىڭ دەل ئەكسىچە ئۆز ئىگىسىگە شۇملۇق، بالا - مۇسىبەت ئېلىپ كىلىدىغانلىغىنى، الله نىڭ ۋە باشقا ئادەملەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرىتىپ ئاخىرەتتە جەننەتتىن يىراقلاشتۇرۇدىغانلىغىنى بىلىپ يىتەلەيمىز. ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئۈزگۈچىگە شۇملۇق، بالا - مۇسىبەت ۋە مەھرۇم قېلىش جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ:

«ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دىگەن سۆزىنى ئاڭلاشلا كۇپايە. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*شۇملۇق، بەختىسىزلىك ، ئازغۇنلۇق، جەھەتتە خۇددى بەيھەقى شۇئەبۇل ئىمان دىگەن ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك ئارىسىدا سىلە - رەھىم قىلىشنى ئۈزگۈچى بار قوۋملەرگە الله نىڭ رەھمىتى چۈشمەيدىغانلىغىلا كۇپايە:*

«شەك - شۈبھىسىزكى رەھمەت، ئارىسىدا سىلە - رەھىم قىلىشنى ئۈزگەن ئادەم بار قومگە چۈشمەيدۇ».

(ئىمام بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دىگەن ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان)

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ساھابە ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇرۇق -

تـۇققانچىلىق مۇناسـىۋىتىنى ئۈزگـەن ئـادەم بـار سـورۇندا **الله** غـا دۇئـا قىلىـشقا قوشـۇلمايتتى. چۈنكـى ئـۇ رەھمـەتنىڭ چۈشـۈشى ۋە دۇئانـىڭ ئىجابـەت بولـشىغا توسـالغۇ بولـىدىغانلىقىنى بىلـەتتى، ئـۇ پەيـشەنبە كۈنـى كـەچ جۈمـە تـاڭ ئاتـار كېچىـسى ئولتۇرۇشـقان بىـر سـورۇندا: *«ھـەر قانـداق بىـر ئـۇرۇق-تـۇققانچىلىقنى ئۈزگـۈچى بىزنىڭدىن تۇرۇپ كەتسە ئۇنىڭ ئورنى تارلاشتۇرۇلىدۇ. دېـگەننى ئـۈچ قېتىم دېگۈچە ھېچ كىم تـۇرۇپ كەتمىـدى. ئانـدىن ئىككـى يىـل بىـر ھاممىسى بىلـەن بـاردى-كەلـدى قىلىـشمىغان بىـر يىگىـت كىلىـپ ھاممىـسىنىڭ قېـشىغا كىرىـدۇ. ھاممىـسى ئۇنىڭغا: ئـى قېرىنـدىـشىمنىڭ ئوغلـى سـېنى نىمـە ئـېلىپ كەلـدى؟ دەيـدۇ. ئـۇ يىگىـت: ئەبـۇ ھۇرەيرىنىـڭ مۇنـداق-مۇنـداق دېـگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ، ھېلىقى ئايال: ئـەبى ھۇرەيرىنىـڭ قېشىغا بېرىـپ نىمـە ئۈچۈن شـۇنداق دېـگەنلىكىنى سـوراپ بـاق دەيـدۇ، ئەبـۇھۇرەيرە: مـەن پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئادەم باللىرىنىڭ ئەمەللىرى ھەر پەيشەنبە كۈنى كـەچ جۈمە تـاڭ ئاتـار كـېچىـسى الله تەئـەلاغا تەقـدىم قىلىنىـدۇ، نەتىجـىدە ئـۇرۇق-تـۇققانچىلىقنى ئۈزۈپ قويغـان ئادەمنىـڭ ئەمـەلى قوبـۇل قىلىنمايـدۇ» دېـگەنلىكىنى ئاڭلىغانمـەن دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.*

(ئىمام بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دېگەن ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان)

ھىس تۇيغۇلىرى سەزگۈر، پەرۋەردىـگارىنىڭ رازىلىقىنـى ۋە ئـاخىرەت كۈنىـسىنىڭ تىنىچ-ئامانلىقىنى تىلەيـدىغان مۇسـۇلماننى بـۇ مەزمۇنى چوڭقۇر تىكىـستلەر دەرھال ھەركەتلەندۈرىـدۇ. ئـۆز ۋاقتىـدا ئـۇرۇق-تـۇققانچىلىقنى ئۈزۈش رەھمەتكـە توسـالغۇ بولـىدۇ. دۇئانـىڭ ئىجابـەت بولـشىغا پۇتلىـشىدۇ ۋە قىلغـان ياخـشى ئەمەللـەرنىڭ ساۋابىنى يەپ كىتىدۇ دەپ قارار قىلىنغـان. قىلغـان ئەمـەللىرنى **الله** نىـڭ دەرگـاھىغا كۆتۈرگىلى قويمايدىغان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان چوڭ بىـر

ئاپەت. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوغرۇق-تۇققانلار ئارا سىلەر-رەھىمە قىلمايدىغان ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئىسلامىيەتنىڭ ھىدايىتى، ئىمان نۇرى يوقتۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇرۇق-تۇققانچىلىقنى ئۈزۈش بىر گۇناھدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان قەلبىنى ئىسلامىيەتنىڭ ھىدايىتى بىلەن يورۇتالمايدۇ، دىلىنى اللە نىڭ ئىتائىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېچىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇرۇق-تۇققانچىلىقنى ئۈزۈش اللە تەئالا جازا بېرىدىغان گۇناھ بولۇپ، ھەدىس شەرىپتە كەلگەندەك ئاخىرەتكە بېرىشتىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادىلا جازاسى بېرىلىدىغان گۇناھ:

*«اللە تەئالانىڭ گۇناھكارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كۆتۈرگەندىن باشقا بىرگە مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىشكە ئۇرۇق-تۇققانچىلىقنى ئۈزۈشتىن ۋە ئىسلامىيەتكە ئۆكتە قوپۇشتىنمۇ لايىقراق بىر گۇناھ يوق».*

(ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىلار رىۋايەت قىلغان)

ئۇرۇق-تۇققانچىلىقنى ئۈزۈش ئىسلامىيەتكە ئۆكتە قوپۇش بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى ئۆز ھەدىسىدە ئورۇنداش قىلىپ كەلتۈرگەن. چۈنكى تۇققانچىلىقنى ئۈزۈش زۇلۇمنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆز يېقىنلىرىنى كېسىپ تاشلاشتىن، مېھرى-مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزۈشتىن ۋە دوستلۇق باغلىرىنى قۇرۇتۇشتىنمۇ قاتتىقراق زۇلۇم بارمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش بىلەن سادىر بولىدىغان بۇ زۇلۇمنى مىسال قىلىپ مۇنداق دىدى: *«سىلە-رەھىم، رەھمان تەئالانىڭ رەھىم-شەپقەت شاخچىلىرىدىندۇر، ئۇ (سىلەر-رەھىم): ئى رەببىم! مەن زۇلۇمغا ئۇچرىدىم، ئى رەببىم! مەن ئۈزۈپ تاشلاندىم دەيدۇ. اللە تەئالا جاۋاب بېرىپ: سېنى ئۈزۈپ قويغۇچىدىن رەھمىتىمنى ئۈزۈۋەتسەم، سېنى ئۇلىغۇچىغا رەھمىتىمنى ئۇلىسام رازى*

*بولامسەن دەيدۇ»*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان).

الله تەئالا ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشنىڭ شان ـ شەرىپىنى يۇقۇرى كۆتۈردى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ رەھمان دىگەن ئىسمىدىن بىر شاخچە قىلدى، ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى، يەنە سىلە ـ رەھىم دىگەن ئىسمنى ئۆزىنىڭ ئىسمىدىن تۇرلەپ چىقاردى، الله مۇنداق دىدى: *«مەن بولسام رەھمان (ئايغۇچى ـ كويۈنگۈچى) رەھىم ـ شەپقەتنى مەن ياراتتىم، ئۇنىڭ نامىنى ئۆزۈمنىڭ نامىدىن شاخلىتىپ چىقاردىم، كىمكى ئۇنى ئۇلىسا مەنمۇ (رەھمىتىمنى) ئۇلايمەن، كىمكى ئۇنى ئۈزۈپ قويسا مەنمۇ ئۇنىڭدىن (رەھمىتىمنى) ئۈزىمەن»*.

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دە رىۋايەت قىلغان)

يۇقارقى ھەدىس قۇددۇسىدا ئەقىللىق مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزسە پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمەت سايىسىدا راھەت پەيزىنى سۈرىدىغانلىقىغا، ئۇنى ئۈزۈپ قويغاندا بولسا شۇ رەھمەت سايىسىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىغا ئىشارەت بار.

## مۇسۇلمان ئىسلامىيەتنىڭ كۆرسەتمىسى ھىساپلانغان ئۇرۇق-تۇققانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزگۈچىدۇر:

يۇقارقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەقۋادار، ئاڭلىق مۇسۇلمان ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنى ئۇلىغۇچىدۇر، ئۇنى نە دۇنيا، نە پۇل ـ مال، نە خوتۇن ـ بالا ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنى يەتكۈزۈشتىن، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلىشتىن، ئۇلارنى ئىززەت ئىكرام قىلىشتىن، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى

ئۇ شۇ ئالاقىنى تەشكىللىگەن تۇغرا ئىسلامىيەت كۆرسەتكەن يولغا ئەگەشتۇ. ئىسلامىيەت ئۇرۇق-تۇققانچىلىق ئالاقىسىنى، ئەھمىيىتى ۋە يېقىنلىق دەرىجىسىگە قاراپ زەنجىرسىمان ھالەتتە قىلدى. ئۇ دەسلەپ ئانا ئاندىن ئاتا ئاندىن كېيىن ئەڭ يېقىن تۇققان ئاندىن كېيىن شۇنىڭغان يېقىنراق تۇققانلاردىن باشلىنىدۇ. بىر ئادەم *رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! مېنىڭ سۆھبەتداش بولۇشمغا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟ دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ، ئاندىن كېيىن يەنە ئاناڭ، ئاندىن كېيىن يەنە ئاناڭ، ئاندىن كېيىن ئاتاڭ، ئاندىن كېيىن ساڭا يېقىن بولغان، ئاندىن كېيىن يېقىنراق بولغان كىشىلەر» دېگەن.* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلغان مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىككى ئەجىر بار. 1-يېقىنچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ئەجرى، 2- سەدىقە قىلغانلىقىنىڭ ئەجرى. ئۇرۇق-تۇققىنى پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا ئۇلارغا پۇل-پىچەك بېرىدۇ، نەتىجىدە ئۇ شۇ قىلغىنى بىلەن الله نىڭ دەرگاھىدا ئىككى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئۇرۇق-تۇققاندارچىلىق مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن دىللىرى سۆيۈنىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرسەتكەن ۋە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىستە چاقىرغان ئىش زەينەپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئى ئاياللار جامىئەسى! زىننەت بۇيۇمىڭلار بىلەن بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار» دېدى، زەينەپ: مەن ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: سەن قول-ئىلكىڭدە يوق بىر ئادەم، رەسۇلۇللا بىزنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرىدى. سەن بېرىپ سوراپ باق، ئەگەر ماڭا ئەجىر بېرىلسە ساڭا سەدىقە قىلاي، بولمىسا باشقا بىرىگە سەدىقە قىلاي دېدىم، ئابدۇللا: بولىدى سەن بارغىن دېدى، مەن بارسام*

*ئەنسارىلاردىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بىر ھاجەتمەن ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەچكە بىز ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇق، بىزنىڭ قېشىمىزغا بىلال چىقتى بىز ئۇنىڭغا: سىز كىرىپ رەسۇلۇللاغا، ئىشىك ئالدىدا ئىككى ئايال تۇرىدۇ، ئۇلار سىلىدىن سورايدىغان سۇئالى بار ئىكەن. ئۇلار ئېرىگە ۋە ئۆيىدىكى يېتىم-يېسىرلەرگە بەرگەن سەدىقىسىدە ئەجىر بارمۇ؟ دەڭ لېكىن كىملىكىمىزنى ئېيتماڭ دېدۇق، بىلال رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ، رەسۇلۇللا بىلالغا: «ئۇ ئىككى ئايال كىمكەن؟» دەپتۇ، بىلال: ئەنسارىلاردىن بىر ئايال ۋە زەينەپ دەپتۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئىككىسىگە ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ، بىرى تۇغقاندارچىلىق يەتكۇ- زگەنلىك ئەجرى، يەنە بىرى سەدىقە قىلغانلىقىنىڭ ئەجرى» دەپتۇ.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: *«مىسكىنگە بەرگەن سەدىقىگە سەدىقىنىڭ ئەجرى بولىدۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا بەرگەن سەدىقىگە، سەدىقە بەرگەننىڭ ۋە سىلەر-رەھىم قىلغاننىڭ ئەجرى بولىدۇ».*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى پۇرسىتى چىققاندا ۋە مۇناسىۋەتلىك جايلاردا تەكىتلەپلا تۇراتتى. (ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرىپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر...).

(سۇرە ئال ئىمران 92-ئايەت)

دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا

كېلىپ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! الله تەئەلا: (ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر... ) دەيدۇ. مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېلىم خورمازارلىق بىغىمدۇر، ئۇ الله تەئەلا ئۈچۈن سەدىقە بولسۇن، مەن ئۇنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىنى الله نىڭ ھوزۇرىدىن كۈتىمەن، سەن ئۇنى الله كۆرسەتكەن يەرگە ئىشلەتكىن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«ئاشۇ مەنپەئەتلىك مال نىمە دېگەن ياخشى مال ھە! ئەشۇ مال نىمە دېگەن ئېسىل مال ھە! مەن دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىدىم، مەن سىنىڭ ئۇ بىغىڭنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا سەدىقە قىل دىمەكچى دىگەن، ئەبۇتەلھە: ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! مەن سەن دېگەندەك قىلىمەن دىگەن، ئەنىجىدە ئۇ بىغىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋە تاغىسىنىڭ بالىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنىڭ، ۋاقىتلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىپ شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر خەلقىگە ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بايان قىلىنىدۇ:

*«سىلەر يات يېقىندا مىسىرنى ئازات قىلىسىلەر، ئۇ يەرنى ئازات قىلغاندا شەھەر خەلقىگە ياخشىلىق قىلىڭلار، چوقۇم ئۇلارنى قوغداش، مېھرى ـ شەپقەت قىلىش كېرەك (ياكى قوغداش ۋە يېقىنچىلىق قىلىش كېرەك)»*. ئالىملار بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ: ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش: ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەرنىڭ ئۇلاردىن بولغانلىقىدا، يېقىنچىلىق قىلىش رەسۇلۇللانىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى ئۇلاردىن

بولغانلىغىدا دېگەن.

بۇ نىمە دېگەن ۋاپادارلىق! نىمە دېگەن ئالىجاناپلىق ھە! بۇ ئەسىرلەرنىڭ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەنمۇ يوقىلىپ كەتمىگەن ئالىجاناپ، ئېسىل ئىنسانى پەزىلەت ھە! تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا ئىگە بولىشى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىشى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، تۇققانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇلارغا خەيرى-ئېھسان قىلىشقا خۇددى باھارنىڭ گىياھسىز يەرگە ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈشكە تۈرتۈش قىلغىنىدەك تۈرتۈش قىلىشى يېگىلىق ئەمەس.

## ئۇرۇق-تۇققىنى مۇسۇلمان بولمىغان ئەھۋالدىمۇ تۇققانچىلىق يەتكۈزىدۇ:

ئىسلامىيەت ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئىنسان پەرۋەرلىكىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇ، گەرچە ئۇرۇق-تۇققىنى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ ئۇلارغا تۇققانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغان. ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇچۇق ئاشكارە ئاڭلىدىم ئۇمۇنداق دېدى:

«پالانىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئائىلە-تاۋاباتى مېنىڭ دوستلىرىم ئەمەس، شەك-شۈبھىسىز مېنىڭ دوستلىرىم **الله** ۋە سالىھ مۇئمىنلەردۇر، لېكىن ئۇلارغا لايىغىدا غەمخورلۇق قىلىپ قويىمەن». (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

**الله** تەئەلانىڭ: (يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن) دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، (سۈرە شۇئارا 214 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنى ئۇمۇمى يۈزلۈك يىغىپ مۇنداق دېگەن:

«ئى ئابدۇ شەمس پەرزەنتلىرى! ئى كەئبنى لوئى پەرزەنتلىرى! ئۆزۈڭلارنى دوزاخ

ئوتىدىن ساقلاپ قىلىڭلار، ئى ئابدىماناپ باللىرى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ قىلىڭلار، ئى ئابدۇل مۇتەللىپ پەرزەنتلىرى! ئۆزۈڭلارنى ئوتتىن ساقلاپ قىلىڭلار، ئى پاتىمە! سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئوتتىن ساقلاپ قىلىڭ، مەن سىزلەرگە ئۆز لايىقىدا ئاز تولا ياخشىلىق قىلغاندىن باشقا الله تەرەپتىن سىلەرگە كېلىدىغان بىرەر شەيئىگە دال بولالمايمەن». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئىنسانى ھېسداشلىق نېئمىتى مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە قورۇپ قالمايدۇ. بەلكى ياخشىلىقدىن، ھېسداشلىقدىن مەھرۇم قالغان ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى گەرچە مۇسۇلمان بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا نەپ يەتكۈزىدۇ.

ھەقىقى مۇسۇلمان چېقىشقاقدۇر، ئۇنى بارچە خالايىق ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلار مۇسۇلماننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغان سىڭىپ كەتكەن گۈزەل ئەخلاقنى كۆرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن *«ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن يىپەك توننى ھېچ ئىككىلەنمەيلا، يۇرتىگى سىقىلمايلا، بىر مۇشرىك تۇققىنىغا بىرۋەتكەن».* (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

بىز يۇقاردا ئىسلامىيەتنىڭ، گەرچە مۇسۇلمان بولمىغاندىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا تەرغىپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى ئۇرۇق ـ تۇققىنى مۇسۇلمان بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندە ۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ ئۇلۇغ دىنىمىزنىڭ كەڭ ـ قورساق، ئىنسان پەرۋەر دىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى، بۇ دىندا يىگىلىق ئەمەس. الله تەئەلا ئۆز سۆزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ:

(بىز سىزنى خەلقى ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق) دىگەن.

(سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

«مەن گۈزەل ئەخلاقنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم».

(ئىمامى مالىك رىۋايەت قىلغان).

ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش دېگەننى، ئۇنىڭ كەڭ مەنىسى بىلەن قوشۇپ چۈشىنىمىز:

ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلماننىڭ نەزىرىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزۈش دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى، ئۇ پەقەت پۇل ـ مال چىقىم قىلىش بىلەنلا بولمايدۇ. بەلكى ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ مەناغا ئىگە بىر ئۇقۇم، ئۇ نامرات تۇغقانلارغا پۇل ـ مال بېرىش بىلەن، ھاللىق تۇغقانلارنى يوقلاپ تۇرۇش بىلەن، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىش ۋە دوستلۇق مېھرى ـ شەپقىتى ئاساسىدا مەدەت بېرىش بىلەنمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك نەسىھەت قىلىش، ياردەم بېرىش، ئۇنىڭ مەنپەتىنى ئۆز مەنپەتىدىن ئەلا كۆرۈش، ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ياخشى سۆزلەش، ئۈچۈق چىراي، قىزغىن سالام ـ سائەت قىلىش ۋە دوستانە كۆلۈمسىرەش بىلەنمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دىللاردا مېھرى ـ مۇھەببەت بولغىنى ئاچىدىغان ياخشى ئىش ھەركەتلەر بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت، مېھرى ـ شەپقەت سەھنىسىنى كەڭەيتىش، ئۆز ـ ئارا كېپىل بولۇش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى تولۇق ئۇسۇللار بىلەن يەتكۈزۈشكە بەرگەن كۆرسەتمىلىرى بار. ئۇنىڭ ئەڭ ئەقەللىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: *«ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى سالام بىلەن بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار»*. دېگەن سۆزى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

(بۇ بەززار ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس).

## ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تۇغقانچىلىق يەتكۈزمىگەندىمۇ، ئۇ يەتكۈزىدۇ:

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى سىلە-رەھىم قىلمىسىمۇ ئۇلارغا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزىدۇ. چۈنكى سىلە-رەھىم قىلغۇچى شۇ قىلغىنى بىلەن الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدۇ ۋە ئۇلۇغ ئىسلامىيەت ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈردۇ. ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مېھرى يەتكۈزگەنلىككە ئوخشاش تۇغقانلىرىنىڭ سىلە-رەھىم قىلىشىنى كۈتمەيدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىسلامىيەت رامكىسى ئاساسىدىكى ئۇلۇغۋار يۈكسەك ئىنسانى ئىسلام ئەخلاقىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلار مەيلى تۇغقانچىلىق يەتكۈزسۇن مەيلى يەتكۈزمىسۇن، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تۇغقانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزىدۇ ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەقىقىي مۇسۇلماندىكى بۇ ئېسىل خىسلەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

*«ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگۈچى جاۋاپ قايتۇرۇش يۈزىسىدىن ئەمەس، ئۈزۈلۈپ قالغان تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگۈچىدۇر».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىدىكى مۇلايىملىق، سەۋرچانلىق، ئەپۇچانلىق، كەڭ-قورساقلىقتەك ئەخلاقنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا تۇغقانچىلىق مېھرى يەتكۈزىدىغان ئەخلاقنى قەدىرلەيدۇ. تۇغقانچىلىق يەتكۈزمەسلىك، تاشلىشىپ كېتىش، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا يامانلىشىپ قېلىش قارتارلىق ئىشلارنى ئەيىپلەيدۇ. ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ سىلە-رەھىم قىلغىنىغا قاراپ ئەمەس ئۈزۈلۈپ قالغان تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگۈچى بىلەن بىرگە دەپ ئۈتتۈرغا قويىدى ۋە يوللۇق ئىشلارنىمۇ ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋە تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزمىگۈچىلەرگە ئاۋارچىلىق كەلتۈرىدىغان گۇناھنىڭ قورقۇنۇشلۇق سۈرىتىنى

تەسۋىرلەپ بەردى. بىركىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ تۇغقانلىرىم بار، مەن ئۇلارغا تۇغقانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزىمەن، ئۇلار ئۇنداق قىلمايدۇ، مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىمەن؟ ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن، ئۇلار ماڭا قوپاللىق قىلىدۇ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە مۇنداق دېگەن:

*«ئەگەر ئەھۋال سەن دېگەندەك بولسا، خۇددى ئۇلار قىززىق كۈلنى يېگەندەك ئىش قىلىپتۇ، سەن شۇنداقلا قىلىۋەرسەڭ **الله** تەئالا ئۇلارغا قارشى ھەمىشە سەن بىلەن بىرگە بولىدۇ»*. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئالاقىنى ئۈزۈشىگە، يوقلىماي تاشلىۋېتىشىگە سەۋر قىلىپ تۇرۇپ تۇغقانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزگۈچىگە **الله** نىڭ قانداق ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى، قانداق مەدەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە قارىتا قانداق سەۋرى-چىدامغا تولدۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنسانى پەزىلەتتە چېڭ تۇرۇشقا ئىرادىسىنى قانداق چىڭىتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا قوپاللىق قىلىش، ئالاقىنى ئۈزۈش، يامانلىق قىلىشتەك قىلمىشلارنىڭ گۇناھىنى قىززىق كۈلنى يېيىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشقا قانداق ئوخشاتقانلىقىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلغۇچى، تۇغقانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزگۈچى ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلغۇچىغا يامانلىق قىلىش، ئالاقىنى ئۈزۈشكە ئۇرىنىشنىڭ جازاسىنى قىززىق كۈلگە ئوخشاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

*بۇنىڭ دىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقى مۇسۇلمان ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزگۈچى ۋە شۇ قىلغانلىرى بىلەن داۋاملىق پەرۋەردىگارنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ نادانلىقتىن، ھاماقەتلىكتىن ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار*

*ئارا يۈز بېرىپ قالىدىغان ئارازلىقتىن ئۆزىنى تارتقۇچى، ئادەمنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىدىغان، غەزەپلەندۈردىغان ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن يىراق بولغۇچىدۇر. ھەقىقى مۇسۇلمان قەلبىدىكى ھەممە بولمىغۇر خىياللاردىن، ھاماقەتلىكتىن قۇتۇلۇپ ئۇرۇغ تۇققانلىرىنىڭ مەنپەتىدىن ئۆز مەنپەتىنى ئالا كۆرىدۇ. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، تۇققاندارچىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشنى تاللىۋالىدۇ. ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدۇ:*

«مېھرى-شەپقەت ئەرشكە ئېسىلغۇچىدۇر ئۇ دەيدۇ: كىمكى مېنى يەتكۈزسە **الله** ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئۇلايدۇ، كىم مېنى ئۈزۈپ قويسا **الله** مۇ ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزىدۇ» *(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).*

# 7 ـ مۇسۇلماننىڭ قۇلۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## قۇلۇم- قوشنىسىغا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى:

ئۆزدىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئەقىللىق مۇسۇلمان، قۇلۇم- قوشنىسىغا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، قۇلۇم- قوشنىسىغا ئەڭ كۆپ ياخشىلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا ئەڭ كۆپ ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەمدۇر.

## ئىسلامىيەتنىڭ قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش توغۇرسىدىكى كۆرسەتمىلىرنى چۈشىنىدۇ:

چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ كۆپلىگەن كۆرسەتمىلىرنى ۋە قوشنا بىلەن تەڭ بىپىشقا قىلغان تەۋسىيەلىرىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ساغلام ئالاقىسىگە بەرگەن يۈكسەك ئورنىنى چۈشىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ بۇ دىن شەرئىتىدىن ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن قانۇن- تۈزۈملەر يېقىنلىشالمىغان ئالاھىدە بىر

ئورۇن. الله تەئەلا ئۆزىنىڭ ھىكمەتلىك كىتابىدا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

(الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلار، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا، (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قول چۆرىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار...) (سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت)

يېقىن قوشنا دېگەنلىك، سەن ئۇنىڭ بىلەن نەسەپ ياكى دىن ئالاقە قوشنىدار ـ چىلىقى بىلەن بىر يەرگە كېلىپ قالغان قوشنا، يىراق قوشنا دېگەنلىك سەن ئۇنىڭ بىلەن نەسەپ جەھەتتە ياكى دىن جەھەتتە بىريەرگە كەلمىگەن قوشنا. ياندىكى ھەمراھ دېگەنلىك، خەيرلىك ئىشلاردىكى ھەمراھ دېگەنلىك، ئۇ سەن بىلەن ئۆي ماكاندا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ھەربىر كىشىنىڭ، گەرچە ئاراڭلاردا تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى ياكى دىنى جەھەتتىكى ئالاقە بولمىغان ئەھۋالدىمۇ سىنىڭ ئۈستۈڭدە قوشنىدارچىلىق ھەققى بار. بۇنىڭدا، يەنى كەڭ قورساقلىق، يۈكسەك ئىنسان پەرۋەرلىككە ئىگە ئىسلام شەرئىتىدە قۇلۇم ـ قوشنىلار ئۆلچۈن ئىززەت ـ ئىكرام بار.

مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىققا ياكى دىنى ئالاقىسىگە پەرۋا قىلماي ئومۇملىق قارشى ئۈستىدە تۇرۇپ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلدىغان، ئىسلامدىكى قوشنىدارچىلىق ئالاقىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ئالايلۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«جىبرىئىل ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەردى، ھەتتا مەن*

*قوشنام ماڭا ۋارىس بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ھەقىقەتەن ئۇ ئۇلۇغ بۇيۇك بىر مەرتىۋە، ئۇنى ئىسلامىيەت قوشنىلار ئۈچۈن ئىشەنچلىك دەپ نام ئالغان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بەردى. جىبرىئىل ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن ۋە قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن، ھەتتا رەسۇلۇللا شۇ قولۇم ـ قوشنىلىق مەرتىۋىسىنى ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق دەرىجىسگە كۆتۈرد ـ ىغان، يەنە تېخى قوشنىنى تۇققانغا ئوخشاش ۋارىس قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىلنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن، قوشنىلارغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەرغىپ قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ ھەتتا ئۇ ھەججەتۇل ۋىدادىكى تارىخى خاراكتېرلىك بىر قېتىملىق نۇتۇقىدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلارنى يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلىپ قولۇم ـ قوشنىلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەن، ئۇلۇغ ساھابە ئەبى ئۇمامەنىڭ كۆزقارشىدا بۇرلۇش بولغان، ھەتتا ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىلارنى ۋارىس قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان، ئەبى ئۇمامە مۇ مۇشۇ توغۇرلۇق مۇنداق دەيدۇ:

*«مەن رەسۇلۇللانىڭ ھەججەتۇلۋىدادا تۆگىسى ئۈستىدە تۇرۇپ سىلەرگە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن دىگەن سۆزىنى ئەڭ كۆپ تىلغا ئالغانلىغىنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللا قوشنىنى ۋارىس قىلىپ قويسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم».*

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشى مۇھىملىق نۇقتىسىدىن شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

قۇلۇم-قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇنى رەنجىتىشتىن ساقلىنىشى، **الله** غا ئىشىنىش ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشنىڭ بەلگىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ نەتىجىلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتكەن. شۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

*«كىمكى **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن، كىمكى **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى قەدىرلىسۇن، كىمكى **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ياخشىلىقنى سۆزلىسۇن، ياكى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇسۇن».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:

*«كىمكى **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە قوشنىسىنى رەنجىتمىسۇن... »* دېيىلگەن.

**ھەقىقى مۇسۇلمان قوشنىسىغا نىسبەتەن كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ:**

*قەلبىنى ۋە ئەقلىنى بۇ دىنىنىڭ ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتقان ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ قوشنىسىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، قوشنىسىغا غەمخورلۇق قىلىشى، چىقىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشى، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشى يېڭىلىق ئەمەس، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلىپ، قوشنىسى ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا ئۆز ئۆيىدىن مەنپەئەتلىنىشنى توسمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«قوشنا ئۆز قوشنىسىنى تېمىغا ياغاچىنى قويۇۋېلىشتىن توسمىسۇن».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

## ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قوشنىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىدۇ:

قەلبى كۆزى ئوچۇق، ئۆز دىنىنىڭ نۇرى بىلەن يول تېپىپ ماڭغان، دىلى يۇمشاق، پىكرى ئۆتكۈر، ئالىجاناپ، چىۋەر مۇسۇلمان قوشنىسى ئويلىغاننى ئويلايدۇ. قوشنىسى خوشال بولسا خوشال بولىدۇ، قوشنىسى ئازاپ چەكسە بىرگە ئازاپلىنىدۇ، ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قوشنىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى ئۆز قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ»*. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*مۇسلىمنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«**الله** بىلەن قەسەمكى بەندە ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قوشنىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (ياكى قېرىندىش ئۈچۈن دېدىمىكىن) مۇئمىن بولالمايدۇ».

ھەرقاچان ئۆيىدىن ئاش تاماقنىڭ مەززىلىك ھىدى كۆتۈرۈلگەندە قول ئىلكىدە يوق قوشنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى يادىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ۋە قوشنىسىنىڭ ئۆز قازىنىدىن كۆتۈرۈلگەن ياكى شورپا كاۋاپلىرىنىڭ ھىد بۇيلىرىدىن ھىدلاپ ئىتىپ يېيىشكە قۇربى يەتمەي دىلىنىڭ ئازار يېيىشى ئېغىر كېلىدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىچىك باللار، بىچارە يېتىم-يېسىرلار، بويتاق مىسكىنلەر ۋە ياشانغان ئاجىز مېيىپلار بولۇپمۇ قالىدۇ. چۈنكى ھەقىقى مۇسۇلمان، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرگەن ئىجتىمائى كاپالەت روھىغا ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىدۇ. ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«ئى ئەبۇزەر! شورپا سالساڭ سۈيىنى كۆپەك قىل ۋە قوشناڭنى يوقلا»*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە بىر رىۋايەتتە: *«گۆش پىشۇرساڭ سۈيىنى كۆپەك قوي ئاندىن كىيىن قوشناڭنىڭ بالا ـ چاقىسىغا قاراپ ئۇلارغىمۇ قائىدە بويىچە شورپىدىن ئۇسۇپ بەر»*.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ئۆتكۈر ۋىجدانى ئۆزى پاراۋان تۇرمۇش ئىچىدە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت پەيزىنى سۈرۈپ، قوشنىسىنىڭ ئېغىر تۇرمۇش ئىچىدە سىقىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىسلامىيەت ئويغاتقان ۋىجدانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۆزى بىلەن قوشنىسى ئوتتۇرسىدىكى بۇ پەرقنى قانداق كۆتۈرسۇن؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«قوشنىسىنىڭ ئاچلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قورسىقى توق ھالدا يېتىپ قالغان كىشى ماڭا ئىشەنگەن ھىسابلانمايدۇ».

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

يەنە مۇنداق دىگەن:

*«ئۆزى توق، قوشنىسى ئاچ يۈرگەن ئادەم مۇئمىن ئەمەس»*.

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقانداق بىر ماكاندا ئىنسانىيەتنى چىرمىۋا ـ لىدىغان بەختسىزلىكلەرنىڭ شۇ ماكاندىكى نەق ھايات سەھنىسىدىن ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ يوقالغانلىقى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، ئەدلۇ ـ

ئادالەت قائىدە-پرىنسىپلىرنى ئوخشىمىغان جەمئىيەتلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى سىقىپ چىقىرۋەتكەنلىكى سەۋەپتىن بولغانلىقىنى بايقىۋالالايمىز. دەل شۇ سەۋەپتىن ئۇلار، ئىنسانىيەت ئايغا چىققان بوشلۇقتا يۈرۈش قىلغان، سۇنئىي ھەمرا، راكىتا كەشىپ قىلىنغان بىردەۋردىمۇ ئاچ-يالىڭاچلىقتىن، بەختسىزلىكتىن، يوقسۇزلۇقتىن ۋە ئېكسپىلاتسىيە قىلىشتىن ئۆزگە نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. 1975-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا يېزا ئىگىلىك ئوزۇقلۇق ستاتىستىكا ئورگىنى ئافرىقا، ئاسىيا ئەللىردە كەلگۈسى بىر قانچە يىلدا تەخمىنەن 20مىليوندىن 200 مىليونغىچە ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار. ئەگەر ۋەزىيەت مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسە ھەر ھەپتىسىگە تەخمىنەن 3مىليون ئادەم ئاچلىق تەھتىتىگە ئۇچرايدۇ ۋە شۇ ئەللەردە 1مىليارد 460مىليون ئادەم ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن ياردەمگە مۇھتاج بولىدۇ دەپ ئېلان قىلدى.

ئاخبارات ئورگانلىرى شۇ يىلى بىر ۋەقەنى مۇزاكىرە قىلغان، ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئاھالىسى ئۇزاق مەزگىللىك ناچار ئوزۇقلۇق بىلەن قىينىلىپ كۆن ئېلىۋاتقان ئافرىقا رايونلىرىنىڭ بىرىدە سىستىرالىق خىزمىتى ئىشلەۋاتقان بىر قىز قاتتىق نىرۋا قوزغۇلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، نەتىجىدە شۇ خىل كېسەل بىلەن ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاس قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىز ئاچارچىلىق ۋەھشىلەرچە ئورۇشۇشقا مەجبۇرقىلغان ئافرىقىلىق بىر توپ باللار ئارسىدا يۈزبەرگەن قان-ياشلىق تىراگىدىيىگە شاھىد بولغان، باللار ئارسىدىكى ئورۇش-تالاش باللارنىڭ بىر ساۋاقدىشىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەندىلا ئاخىرلاشقان، ئورۇشۇپ قالغان باللارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 8 ياشتىن ئاشمىغان، بۇ ئاچارچىلىق، بەدەننىڭ داۋاملىق ۋىتامىنلارغا ئېھتىياجلىق بولغان سەۋەپلىك كۆپلىگەن مۇكەممەل ئەمالارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە باللارنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىممۇنىت كۈچىنى يوقاتقان.

ئاسىيا ۋە ئافرىقا ئەللىرىگە ئاچارچىلىق جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، بىز دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئارانلا 2% پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدىغان باي غەربىي دۇنياسىنى ئۇچرىتىمىز، ئۇلار دۇنيا بايلىقىنىڭ 80% پىرسەنتىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ شۇ دۆلەت خەلقى بۇ بايلىقلارنى ساقلاپ قېلىشقا تەلۋىلەرچە خىزمەت قىلىدۇ. بىرازىلىيە 1975 ـ يىلى خەلقئارادىكى يۇقىرى باھا سەۋىيەسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نەچچە مىڭ توننا قەھۋە پۇرچىقىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ياۋروپا شىركەتلىرى خەلقئارالىق بازار ئېھتىياجىدىن ئاشقان ئۇزۇقلۇق ۋە يېزائىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يۇقىرى بازار باھاسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا خاراپ قىلىشقا 50 مىليون دوللار چىقىم قىلغان ۋە ئامرىكا يۇقىرى بازار باھاسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇزۇقلۇق ئىشلەپ چىقارماسلىققا يىلىغا 3 مىليون دوللار تۆلەم تۆلەيدۇ، يەنە ئامرىكىلىق تىرىقچىلار، ئافرىقا، ئاسىيا ۋە جەنۇبى ئامرىكىدا ئاچلىقتىن مىڭلىغان ئادەم ئۆلۈپ كىتىۋاتسا گۆشنىڭ يۇقىرى باھاسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا نەچچە ئونمىڭ مۇزايىنى ئۆلتۈرۈپ كۆمىدۇ.

نامرات ئادەمنى قوشنىسىنىڭ تاماق ھىدى بىلەن ئىشتىھاسىنى قوزغاپ ئەزىيەت بېرىشكە رازىلىق بەرمەيدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئىسلام ھەزارىتى بىلەن ئاچارچىلىق مىليونلىغان جانغا تەھدىت بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ پىسەنت قىلمايۋاتقان غەربنىڭ ماددى ھازارىتى ئوتتۇرىسىدا پەرىق نىمە دىگەن زورھە!

شەرقنىڭ ۋە غەربنىڭ ماددىنى ئاساس قىلىدىغان قانۇن ـ تۈزۈملىرى ئارقىسىدا ھالاكەتلىك ـ جاھالەت قاراڭغۇلىقى ئىچىدە چاڭقاپ، تىمىسقىلاپ يۈرۋاتقان ئىنسانىيەت نىمە دىگەن بەختسىز ھە!

مۇبارەك دەرەختىن يېقىلغۇ ئالىدىغان نۇرلۇق مەشئەل كۆتۈرۋالغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، مەيلى شەرىقتە بولسۇن، مەيلى غەربتە بولسۇن پەقەت شۇ مەشئەل بىلەنلا جاھالەت تۇمانلىرى تارقايدۇ. ئۇنىڭ نۇرى بىلەن دىللار،

ئەقىللەر يۇرۇيدۇ ۋە ئىنسانىيەتمۇ ھەقىقەتكە، ھىدايەتكە، خاتىرجەملىك ۋە باياشات تۇرمۇشقا يول ئالىدۇ.

## مۇسۇلمان كۆچىنىڭ يېتىشچە قوشنىسىغا ياردەم قىلىدۇ:

ئىسلامدىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئوبدان چۈشەنگەن مۇسۇلمان قوشنىسىغا كۆچىنىڭ يېتىشچە ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ بىر قىسىم نادان ئادەملەردەك قوشنىسىغا قىلىدىغان ياردەمنىڭ ئېزىنى ئاز كۆرمەيدۇ. چۈنكى ياخشى ئىشنى ئاز كۆرۈپ كۆزگە ئىلماسلىق، شۇ ياخشىلىقنى قوشنىسىغا تەقدىم قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئۆزىنىمۇ ۋە قوشنىسىنىمۇ ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولۇپمۇ ئاياللارنى بەكرەك ئاگاھلاندۇرغان بىر ئىش، چۈنكى ئاياللار ياخشى نەرسە ئاز بولۇپ قالسا ئۇنى قوشنىسىغا سۇنۇشتىن خىجىل بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«ئى ئايال مۇسۇلمانلار! قوشنا ئۆز قوشنىسىغا بىرىدىغىنى قوينىڭ تۇياق بېزى بولسىمۇ ئاز كۆرمىسۇن»*. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

قوينىڭ تۇياق بېزى دېگەن شۇ نەرسىنىڭ ئازلىقىغا قارتا ئېيتىلغان. يەنى قوشنا ئايال ئۆز قوشنىسىغا ياخشىلىقتىن گەرچە قوينىڭ تۇياق بېزىغا ئوخشاش ئازغىنا نەرسە بولسىمۇ ھەدىيە قىلىشتىن خىجىل بولمىسۇن، ئۇنى ئاز كۆرمىسۇن، ئۇ يوقتىن ياخشى، الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

(كىمكى زەررەچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ مۇكاپىتىنى كۆرىدۇ).

(سۈرە زەلزەلە 7 ـ ئايەت)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«يىرىم تال خورما بىلەن بولسىمۇ دوۋزاختىن ساقلىنىڭلار».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

*بۇ ھەدىس شەرىپنىڭ ئۇمۇمى ئىپادىسىگە ئاساسلانغاندا، قوشنىغا بىرلىدىغان نەرسىنىڭ چەكلىنىپ قېلىشىمۇ شۇ نەرسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن دەپ ئىپتىشقا بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھەدىسنىڭ مەنىسى: قوشنا قوشنىسىغا ياخشى كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن بەرگەن، گەرچە ئۇ ئازلىقتىن ياكى ئاددىلىقتىن قويىنىڭ تۇياق بىزىچىلىك نەرسە بولسىمۇ ئۇنى ئاددى كۆرمىسۇن، ئەرزىمەس نەرسە دەپ قارىمىسۇن، بەلكى قوشنىسىغا شۇ نەرسىنى بەرگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرسۇن. قوشنىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈۋۈش ئىككى قوشنا ئارىسىدا مىھرى-مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مىھرى-شەپقەت، ئۆز-ئارا كاپالەت ۋە كۆيۈمچا - نلىقنى ئاشۇرىدۇ. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزگە قىلغان كىچىككىنە ياخشىلىقىغىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكىچە بولغان ئىشلار ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئەخلاقلىرىدىندۇر. ئۇنى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى سۆز بىلەن تەكىتلىگەن ۋە باشقىلارنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگەن:*

«باشقىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمىگەن ئادەم **الله** قىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈر مەيدۇ». *(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)*

## مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان قوشنىلىرىغا ئالاھىدە ياخشىلىق قىلىدۇ:

ئاڭلىق مۇسۇلمان ئۆزىگە يىقىن مۇسۇلمان قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىپلا قالماستىن

بەلكى مۇسۇلمان بولمىغان قوشنىسىغىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ كەڭ قورساقلىقى دىنلىرىنىڭ، ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىماي بارلىق ئىنسانىيەتكە سايە تاشلىشى ئۈچۈن دائىرىسى كەڭەيتىلىدۇ، مۇساپىسى ئۇزارتىلىدۇ. مۇشۇ ھەقتە بىر ھەدىس بار، ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللا ئىبنى ئەمىرغا بىر قوي سويىلىدۇ، ئۇ خىزمەتچىسىگە:

*«يەھۇدى قوشنىمىزغا ئەچىقىپ بەردىڭمۇ؟ مەن رەسۇلۇللانىڭ: «ماڭا جىبرىئىل قوشنامغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەردى، مەن قوشنامنى ماڭا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم»* دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دېگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇنىڭدىن ئەھلى كىتاپلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قوشنىدارچىلىقىدا ئۆزىدىن، يۈز ئابرويىدىن، مال ـ مۈلكىدىن ۋە ئۆز ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىدىن خاتىرجەم ياشايدىغانلىقىنى، قوشنىلارنىڭ ياخشىلىقىدىن، ئىسىل مۇئامىلىسىدىن ۋە ئەقىدە ئەركىنلىكىدىن بەھرىمان بولىدىغانلىقىنى كۆرۋالغىلى بولىدۇ، بۇنىڭغا قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردىكى تاغ چوققۇلىرىدا ئەھلى كىتاپلارنىڭ چىركاۋلىرىنىڭ چوقچىيىپ تورغانلىقىنى ۋە ئەتراپىدىكى نەچچە مىڭ مۇسۇلماننىڭ قۇرئان كەرىم ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ ئەھلى كىتاپلاردىن بولغان قوشنىلىرىنى ياخشىلىق قىلىش، قانات ئاستىغا ئېلىش ۋە ئادىل مۇئامىلىسى بىلەن قورشاپ تۇرغانلىقى ئىسپات بولالايدۇ، **الله** تەئەلا مۇنداق دېگەن:

((كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، **الله** ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن ئۇلارغا ئادىل بولىشىڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، **الله** ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ).

(سۈرە مۇمتەھىنە 8 ـ ئايەت).

**ياخشىلىقنى ئاۋۋال تام ئېلىشما قوشنىسىغا ئاندىن ئەتراپىدىكى قوشنىسىغا قىلىدۇ:**

ئاڭلىق مۇسۇلماننىڭ خىيالىدىن ئىسلامىيەتنىڭ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تۇرگە ئايرىغاندا بىكىتكەن ئىنچىكە تۈزۈملىرى ئەسلا چىقىپ كەتمەيدۇ. ئىسلامىيەت قۇلۇم-قوشنىلار ئارىسىدىكى قويۇق ئالاقىنى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئادەتتە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنى نەزەردە تۇتۇپ قوشنىلارنى تۇرالغۇ جەھەتتىكى دەرىجىسىگە قاراپ ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى.

*ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: « مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! مېنىڭ ئىككى قوشنام بار ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا سوغا سالام بېرىمەن؟» دېدىم، رەسۇلۇللا: «دەرۋازىسى يېقىنراقىغا»دېدى.*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ساھابە كەرىملەر قۇلۇم-قوشنا مۇئامىلىسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۇلۇغ كۆرسەتمىسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان، نەتىجىدە ئۇلار يېقىندىكى قوشنىسىنى قويۇپ يىراقتىكى قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىش، ئىززەت-ئىكرام قىلىشتەك ئىشلارنى قىلمىغان، شۇ توغۇرلۇق ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

*«ياخشىلىق قىلىش يېقىن قوشنىدىن ئىلگىرى يىراق قوشنىدىن باشلانمايدۇ».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان)

مۇسۇلمان قۇلۇم-قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش توغۇرسىدىكى بۇ تۈزۈملەرگە بويۇنتاۋلىق قىلمايدۇ ۋە تۇرالغۇسى يىراق قوشنىلاردىنمۇ كۆزنى ئېلىپ قاچمايدۇ، ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق كىشىلەر قۇلۇم-قوشنا دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بار، بىراق يۇقارقى يېقىن قوشنىلارغا بۇرۇن ياخشىلىق قىلىش

توغۇرسىدىكى تۈر پەقەتلا تەرتىپ جەھەتتىكى بىر تۈر. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاردا كىرىپ-چىقىش، مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۆزلۈمەس بىر ئالاقىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن يېقىن قولۇم-قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن.

## ھەقىقى مۇسۇلمان ياخشى قوشنىدۇر:

قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ بىۋاستە سەزگۈسىدىكى ئاساسلىق ھىسياتى ۋە ئۇنىڭ **الله** نىڭ شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ نەزرىدىكى ئالاھىدە بىر تۈرلۈك سۈپىتى. چۈنكى ئىسلامىيەتنىڭ شىرىن-شەربەتلىرىدىن تەشنالىغىنى قاندۇرغان ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان ھەمرالىرىغا پەقەت ياخشى ھەمرا، قولۇم-قوشنىلىرىغا ياخشى قوشنا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلغۇچىدۇر:

*«**الله** نىڭ نەزىرىدىكى ياخشى ھەمرا ئۆز ھەمراھى ئۈچۈن ياخشى بولغانلاردۇر، **الله** نىڭ نەزىرىدىكى ياخشى قوشنا ئۆز قوشنىسى ئۈچۈن ياخشى بولغانلاردۇر».*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام ياخشى مۇسۇلمان قوشنىنى كىشىلەرنىڭ بەختلىكلىرىگە، ئۇنىڭ قوشندارچىلىغىنى ئۆز قوشنىسىنى خوشال قىلىدىغان بەخىت سائادەتنىڭ، شات-خوراملىقنىڭ، رازىمەنلىكنىڭ، تىنىچلىقنىڭ، خاتىرجەملىكنىڭ مەنبىيىگە ئايلاندۇردى. ياخشى قوشنىنى ھۆرمەت ۋە يۇقۇرى مەرتىۋە جەھەتتە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمان ھاياتىدىكى بەخىت-سائادەتنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىنغانلىقى يېتەرلىك. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

*«مۇسۇلمان ئادەمنىڭ دۇنيادىكى بەخىت-سائادەتلىرىنىڭ بىرى ياخشى قوشنا،*

ئازادە ئۆي ـ جاي ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ئۇلاغ».

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

ساھابىلەر ياخشىسى قوشنىغا باھا بېرىپ ئۇلار ياخشى قوشنىنىڭ قوشنىدارچىلىقىنى پۇل ـ مال بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغان ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان نىئمەت دەپ قارىغان. بۇ توغۇرلۇق بىر ھىكايەت بار. سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ قوشنىسى ئۆيىنى يۈزمىڭ دىنارغا باھاسىنى ئېتىپ ساتقان، ئاندىن كېيىن ئۆيىنى سېتىۋالغۇچىغا: بۇ ئۆيىنىڭ پۇلى، ئەمدى سەئىدنىڭ قوشنادارچىلىقىنى قانچىگە ئالىسەن! دىگەن، سەئىد ئاشۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندا ئۇ كىشىنىڭ پۇلىنى ئەۋەتىپ بېرىۋېتىپ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ قالغان. مانا بۇ ئىسلامىيەتتىكى قوشنىدارچىلىقنىڭ ئورنى، مانا بۇ ياخشى قوشنىنىڭ ئەخلاقى، مانا بۇ قوشنادارچىلىقنىڭ نۇرلۇق ئەلبۇمى. ئەمدى ناچار قوشنىنىڭ ئەلبۇمى قانداق بولىدۇ؟

## ناچار قوشنىنىڭ قاپ ـ قارا ئەلبۇمى:

شۈبھىسىزكى ئۇ قارا، تۇتۇق، نۇرسىز بىر ئەلبۇمدۇركى مۇسۇلماننىڭ پاك ۋىجدانى ئۇنى پەرىقلەندۇرمەيلا توشقۇزىۋېرىشنى كۆتۈرەلمەيدۇ ۋە ناچار قوشنا ئۈچۈن ئەلبۇمنى قورقۇنۇشقا، ۋەھىمىگە، ئۆچمەنلىككە توشقۇزىدۇر.

## ناچار قوشنا ئىمان نىئمىتىدىن مەھرۇم قالغان ئىنساندۇر:

ئۇ الله تەئەلانىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىگە قىلغان نىئمىتىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر پەزىلەتنىڭ ئەڭ ئالدى بولغان ئىمان نىئمىتىدىن مەھرۇم

قالغان ئىنساندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نىئمەتنىڭ ناچار قوشنىدىن كۆتۈرلۈپ كېتىدىغانلىغىنى ئۇنىڭغا قىلچىلىك كەڭچىلىك، يۇمشاق قوللۇق بولمايدىغانلىغىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

*«الله بىلەن قەسەمكى مۆئمىن بولمايدۇ، الله بىلەن قەسەمكى مۆئمىن بولمايدۇ، الله بىلەن قەسەمكى مۆئمىن بولمايدۇ» ئى! رەسۇلۇللا كىم مۆئمىن بولمايدۇ؟ دېيىلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسى يامانلىغىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم» دېگەن.* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*يەنە بىر رىۋايەتتە:*

«قوشنىسى يامانلىغىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ».

*(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)*

ناچار قوشنىنىڭ ئۆز قوشنىسىغا قىلىدىغان يامانلىقىنىڭ گۇناھى چوڭ بولغانلىقتىن قوشنىسىغا يامانلىق قىلسا ئىمان نىئمىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ھەقىقى ئاڭلىق، ئەقىللىق مۇسۇلمان بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۇچۇق دىلى، ئويغاق زېھنى بىلەن ھەقىقى تايىنىدۇ. بىرەر قوشنىسى بىلەن ئارازلىششىش، ئاداۋەتلىششىش، ئۆچمەنلىش دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلمىشلار ئۇنىڭ ئىمانىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئاخىرىتىنى تۈگەشتۈرىدۇ. تەقۋادار مۇسۇلمان ئۈچۈن قەلبى ئازاپلىنىدىغان، ۋۇجۇدى تىترەپ، ئەقىل ھۇشى ئۇچۇپ كېتىدىغان، ئىماندىن ۋە ئاخىرەتتىدىن زىيان تارتىقاندىمۇ ئارتۇق زىيان بارمۇ؟

**ناچار قوشنا ئىش ئەمەلنى يوققا چىقىرىدىغان ئادەمدۇر:**

ئاشۇلاردىن كىيىن ناچار قوشنا ئىش ئەمەلى يوققا چىقىدىغان ئادەم دەپ ئىلان قىلىنغان، مەزمۇنلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ناچار قوشنا ئۆز قوشنىسىغان ئەزىيەت بىرىش بىلەن قىلغان ئىشىدىن پايدا ئالالمايدۇ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ الله نىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلامدىكى ياخشى ئەمەللەر ئىماننىڭ قائىدە قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە پۈتتىرەپ تۇرىدۇ. يۇقاردا زىكىر قىلغان ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ناچار قوشنىدا ئىمان بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر الله تەئەلانىڭ ئۇنى قوبۇل قىلماسلىغى ئىنىق، بەلكى ئۇنىڭ كىچە ـ كۈندۈز قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرۋېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

*«ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! پالانى كىچىسى ناماز ئوقۇيدۇ، كۈندۈزى روزا تۇتىدۇ، سەدىقە ئىھسان قىلىدۇ ۋە باشقا ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ ـ يۇ تىلى بىلەن قوشنىسىغا ئازار بىرىدۇ دىيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنىڭ (قىلغان) لىرىدا ياخشىلىق يوق بۇ كىشى ئەھلى دوزىخى» دىدى. ئاندىن ساھابىلەر: پالانى پەرىز نامازنىلا ئوقۇيدۇ. قۇرۇت بىلەنلا سەدىقە بىرىدۇ لىكىن ھىچكىمگە ئازار بەرمەيدۇ، دىيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەھىسسالام: «ئۇ كىشى ئەھلى جەننىتى» دىدى.*

(بۇخارى ئادىبل مۇفرەد دە خاتىرلىگەن)

ناچار قوشنا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك مەنپەئەتسىز كىشىلەردىندۇر:

*«ئۈچ تۈرلۈك ئادەم مەنپەئەتسىز كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر: 1 ـ ياخشىلىق قىلساڭ تەشەككۈر ئېيتمايدىغان. ئەگەر يامانلىق قىلساڭ كەچۈرمەيدىغان ئادەم. 2 ـ*

*ياخشىلىق كۆرسە كۆرمەسكە سالىدىغان، ئەگەر بىرەر يامانلىق كۆرسە ئۇنى خەلقى ئالەمگە يېيىۋېتىدىغان ناچار قوشنا. 3 ـ قىشىغا كەلسەڭ ئازار بېرىدىغان، يىراقلاپ كەتسەڭ خىيانەت قىلىدىغان ئايال».*

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەقۋادار ئاڭلىق مۇسۇلماننىڭ خىيالىدا ناچار قوشنىنىڭ خاراكتېرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈپەتلەپ بەرگەندەك تەسۋىرلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۇنداق سۈپەتلەردىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ.

## ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆز قوشنىسى بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قېلىشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ:

ھەقىقى مۇسۇلمان قوشنىسى بىلەن بىرەر ئالاھىدە گۇناھ ـ مەسىيەت ياكى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ. چۈنكى قوشنىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھ ـ مەسىيەت، باشقىلار بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھ ـ مەسىيەتكە قارىغاندا خېلىلا چوڭ، بېرىلىدىغان جازامۇ قاتتىق بولىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى تەستىقلايدۇ. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ساھابىلىرى زىنا توغرۇلۇق سورىغاندا، ئۇلار: ئۇ ھارام، ئۇنى **الله** ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«بىر ئادەمنىڭ قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغىنى باشقا 10 ئايال بىلەن زىنا قىلغىنىدىن ئېغىرراق» دېگەن. ئوغرۇلۇقتىن سورىغاندا، ئۇنى **الله** ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىش دېيىشكەن، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلىپ: «كىشىنىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن نەرسە كىرەك ئوغرۇلىغىنى باشقا 10ئۆيىدىن*

*نەرسە ـ كېرەك ئوغۇرلىغىنىدىن ئېغىرراق»* دېگەن. (ئىمامى ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامدا قوشنا ئۆچۈن قوغدىلىدىغان ئىززەت ـ ھۆرمەت بار. ئۇنى ئىنسان قانۇنلىرى ۋە ئىنسانىيەت تۈزۈملىرىمۇ تېخى بىلىپ يەتكەن ئەمەس. بەلكى ئاشۇ قانۇنلار ۋە ۋەزىيەت بەلگۈلىمىلىرى قولۇم قوشنىلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتى ۋە يۈز ـ ئابرويى بىلەن ئۆزلۈكسىز ئوينىشىۋاتىدۇ. چۈنكى قوشنىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە، يۈز ـ ئابرويىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزۈش، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە، ئابرويىغا چېقىلىشتىن كۆپ ئاسان، جاپاسى ئاز بىزنىڭ ئېچىمىزدە تام ئېلىشما قوشنىمىزنى ۋە باشقىلارنى سۆيەتلەپ بېرىدىغان ئاشۇ بىمەنە ناخشا مۇزىكىلارنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئىسىل ئەخلاقىمىز ۋە ئىمانىمىزنى يوقاتتۇق. بىزنى دورامچىلىقنىڭ قارا زۇلمىتى ۋە پىكرى ئاغدۇر مىچىلىقنىڭ دولقۇنلىرى بېسىۋالدى. نەتىجىدە ئارىمىزدا ئايال قوشنىسى بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئىشقۋازلىق قىلىشىپ تۈنەپ قالىدىغان پەسكەش ئەرلەر پەيدا بولدى. بۇنداق پەسكەشلەر جاھىلىيەتتىكى چاغلىرىمىزدا كۆرۈلمەي بەلكى ئىسلامىيىتىمىزدە كۆرلىۋاتىدۇ. ئۆز ۋاختىدا قەيسەر، غورۇرلۇق شائىرىمىز ئايال قوشنىسى بىلەن ئۆچرىشىپ قالغاندىكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن:

كۆرۈپ قالسام مۇبادا ئايال قوشنامنى،
ھەتتا كىرىپ كەتكۈچە يۇمۇۋالىمەن كۆزۈمنى.

ۋە شائىر ئەمەۋى مىسكىن دارىمى مۇنداق دېگەن:

مېنىڭ ۋە قوشنامنىڭ ئوتتۇرىدۇر بىر ئوت،
مەندىن بۇرۇن چۈشۈرلەر ئاڭا قازان.

ئىشكىدە پەرىدىنىڭ بولماسلىغى،
يەتكۈزمەس قوشنامغا ئەسلا زىيان.
ئايال قوشنام كۆرنۈپ قالسا،
كىرىپ كەتكۈچە كۆزلىرىم ئەئما.

ھەقىقى سادادىقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ھەرقاچان، ھەرماكاندا ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرى تونۇپ يەتكەن ياخشى قوشنا بولالىشى ئەسلا يىگىلىق ئەمەس. ئارىمىزدىكى بۇنداق ئىسىل ئىنسانى ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئىسلامىيەت ئۆستۈردى. چۈنكى ئەشۇ قوشنىلارغا كۆڭۈل بولۇش، يۈز ـ ئابروينى ساقلاش ۋە ئۇنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداش، ئەيىپلىرىنى يېپىش، ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، مەھرەملىرىدىن كۆز يۇمۇش ۋە شۇنىڭدەك قوشنىسىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىدىغان ۋە ئۇنىڭغا يامانلىق يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشتىن يىراق بولۇش توغۇرسىدىكى چوڭ قائىدە قانۇنىيەتلەرنى شۇ ئىسلامىيەتتە ئوتتۇرغا قويغان.

زېھنى ئۇچۇق، كۆزى ئۆتكۆر، ھېس تۇيغۇرلىرى سەزگۈر ۋە ئۆز دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى، قولۇم قوشنا توغۇرسىدىكى يۈكسەك ئىجتىمائى كۆرسەتمە يول ـ يۇرۇقلىرىنى ئوبدان چۈشەنگەن مۇسۇلمان، بەزى بىر سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۆزى بىلەن قوشنىسى ئارىسىدا يۈزبېرىپ قالىدىغان بەزى بىر ئارازلىقلارنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان ئويلىشىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللا سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئىككى قوشنىنىڭ ئارازلىشىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ:

*«قىيامەت كۈنى تۇنجى قىلىپ بىرتەرەپ قىلىنىدىغان ئىش ئىككى قوشنىنىڭ ئارازلىقى»* دېگەن. (ئەھمەت ۋە تىبرانى رىۋايەت قىلغان).

## قوشنىسىغا ياردەم قولىنى سۇنۇشتا سۇسلۇق قىلمايدۇ:

بەلكى ئىسلامنى تەرەققىي قىلغان مۇسۇلمان، قوشنىسىغا ياردەم قىلىشتا پىخسىقلىق قىلىپ كەتمەيدۇ. تېخى ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ تولۇق ئادا قىلىنماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قوشنىسى ئۈچۈن كۆيۈمچانلىق، دوستلۇق ۋە ئىززەت ئىكرامنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىدۇ. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشىلىق قىلىش، ۋاپاغا ـ جاپا قىلىدىغان قوشنىلار توغۇرسىدا ئېيتقانلىرى دەلىل بولىدۇ:

«قىيامەت كۈنى ئۆز قوشنىسىغا باغلىنىپ قالىدىغان قانچىلىغان قوشنىلار بولىدۇ، ئۇلار دەيدۇكى: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ مەن ئۈچۈن ئىشىكىنى تاقىۋالغان، ياخشىلىغىنى مەندىن ئايىغان». (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشتا پىخسىقلىق قىلغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىسىدىكى ئورنى نىمە دىگەن يامان ھە! ئۇلارغا نىمە دىگەن خىجىلچىلىق ھە!

ئىسلامىيەتنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمانلار بىرىكتۈرۈپ، كىرىشتۈرۈپ ياسالغان بىناغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىنانىڭ قىش ـ كېسەكلىرى مۇشۇ ئۈممەتنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. ھەربىر تال قىش يەنە بىر قىش بىلەن چىڭ تۇتۇشقان، مۇستەھكەم باغلانغا، يېپىشقان بولىشى كېرەك. شۇندىلا بىنا گەۋدىسى پۇختا، چىدامچانلىغى كۈچلۈك، ساقلىنىش مۇددىتى ئۇزۇن بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بىنا ئاسانلا بۇزغۇنچىلىققا، يىمىرلىشكە، خارابىلىششقا يۈزلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلامىيەت ئۆز بىناسىنى روھى ئۇزۇۋقتىن ئىبارەت مۇستەھكەم رىشتە بىلەن ئوراپ تۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇقۇملىغىنى ئۆز ـ ئارا بىركىشىنى بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ، نەتىجىدە مۇسۇلمانلار بىناسىنىڭ كۈچى ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنى تۈرلۈك

ھادىسىلەر ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شىددەتلىك بوران چاپقۇنلارمۇ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يوقىتالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيۈشۈش كۈچىنى، بىر ـ بىرىگە تايىنىشنى، ئۆز ـ ئارا ھەمدەمدە بولۇشنى نىمە دىگەن جايىدا ئوخشاتقان ـ ھە!

«مۆئمىن مۆئمىن ئۈچۈن ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ». (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن:

*«مۇئمىنلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشتىكى، ئۆز ـ ئارا مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈشتىكى ۋە ئۆز ـ ئارا كۆيۈنۈشتىكى مىسالى بىرەر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا قالغان ئەزالىرى ئۇيقۇسىزلىق، قىززىش، بىلەن ھەمدەردىت بولىدىغان بىر تەنگە ئوخشايدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىسلامدىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قوشنىدارچىلىق ئالاقىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر ـ بىرىگە غەمخورلۇق قىلىش، بىر ـ بىرىگە كېپىل بولۇشدىن ئىبارەت ئاجايىپ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۇيۇشۇشغا ئەھمىيەت بىرىدۇ.

## قوشنىسىنىڭ ئازار ـ كۈلپەتلىرىگە سەۋرى قىلىدۇ:

دىلىنى دىنىنىڭ ھىدايىتى بىلەن يورۇتقان مۇسۇلمان قوشنىسىنىڭ ئازار كۈلپەتلىرىگە سەۋرى قىلىدۇ. قوشنىسىدىن بىرەر يامانلىق كەلسە ئاچچىقلىنىپ كەتمەيدۇ ۋە قوشنىسىنى خاتالاشتى ياكى ناچارلىق قىلدى دەپ ئويلىمايدۇ. ئەنە شۇنىڭ ھەممىسىدە الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قوشنىسىنى ئەپۇ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ

ۋە قوشنامنى ئەپۇ قىلغانلىقىم، يول قويغىنىم اللە نىڭ دەرگاھىدا ھەرگىز زايا بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى اللە نىڭ ياخشى كۆرىشىگە، رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ.

بۇ پىكرىمىزگە ئەبۇ زەرنىڭ مۇترە ئىبنى ئابدۇللا بىلەن ئۇچراشقاندا دىگەنلىرى گۇۋاھ بولىدۇ، ئابدۇللاھ ئەبۇ زەرگە: ئى ئەبۇزەر! ماڭا سىنىڭ بىر ھەدىس بىلىدىغانلىغىڭنىڭ خەۋرى يەتتى، سەن بىلەن كۆرىشەي دەپ يۈرەتتىم دىدى، ئەبۇزەر: اللە ئاتاڭنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، ئۇزۈڭ ماڭا ئۇچراپ قالدىڭ مانا دىدى، مەن: ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساڭا بىر ھەدىس دەپ بەرگەنلىگى يەتتى دىدىم. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«اللە تەئەلا ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنى ئۆچ كۆرىدۇ»* دىگەن دىدى. ئەبۇزەر: *مېنىڭ رەسۇلۇللانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىش خىيالىم يوق* دىدى. مەن *اللە تەئەلا ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەم كىملەر؟* دىدىم. *ئەبۇزەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە يولىدا جىدام بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئۆلتۈرۈلگىچە ئۇرۇش قىلىدىغان ئادەم، سىلەر ئۇنى اللە نىڭ كىتابىدىن تاپالايسىلەر دەپ ئارقىدىن:* (اللە ئۆز يولىدا مۇستەھكەم بىنالاردەك سەپ تۈزۈپ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ). *دىگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى* دىدى. *مەن يەنە كىملەر؟* دىدىم، *پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىلىغا ئازار بېرىدىغان ناچار قوشنىسى بار بولۇپ ئۇنىڭ ئەزىيەتلىرىگە اللە ئۇنى ھايات بىلەن ياكى ئۆلۈم بىلەن توختاتقۇچە سەۋرى قىلغان ئادەم»* دىدى.

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

**قوشنىسىنىڭ ئەسكىلىكىگە ئەسكىلىك بىلەن تاقابىل تۇرمايدۇ:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە كەڭ-كەتىپ بەرگەن بۇ دىننىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن بىرسى قوشنىغا ئۆز قوشنىسىغا يامانلىق بىلەن تاقابىل تۇرماي، بەلكى ئىمكان قەدەر قوشنىسىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرى قىلىش. ئېھتىمال ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىگە قوشنىسىنىڭ ئەسكىلىك تاقابىل تۇرماي بەلكى سەۋرى قىلىش بىلەن ۋە مۇلايىملىق بىلەن ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرگەن قوشنا ئۆزلىكىدىن ئەزىيەتلىرىنى توختىتىشى مۇمكىن، مانا بۇ ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە بىر قىسىم كۆڭۈللەردىن ئەسكىلىكنىڭ يىلتىزىنى قۇمۇرۇپ تاشلاشتىكى مەنىۋى تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ كۆرنەرلىكى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ قوشنام دىلىمنى رەنجىتتى دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«سەۋرى قىلغىن» دېگەن. ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە كېلىپ: «قوشنام ماڭا ئازار بەردى» دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەۋرى قىلغىن» دېگەن. ئۇ ئۈچۈنچى قېتىم كېلىپ يەنە: «قوشنام ماڭا ئەزىيەت بەردى» دېگەن. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ياتىقىڭغا قايتىپ كىتىپ يۈك-تاقلىرىڭنى ئادەملەر ئۆتىدىغان يەرگە تاشلا، ئەگەر قېشىڭغا بىرەرسى كېلىپ قالسا ئۇنىڭغان: «قوشنام ماڭا ئازار بەردى دېگىن» نەتىجىدە ئۇنىڭغا لەنەتلەر ياغىدۇ، كىمكى الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە، قوشنىسىنى ھۆرمەتلىسۇن» دېدى.* (ساھابىلەر ھاياتىدىن)

**قوشنىسىنىڭ ئۆزى ئۇستىدىكى ھەققىنى تونۇيدۇ:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈلۈغ كۆرسەتمىسى بىلەن ۋە قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىش توغۇرسىدىكى يۈكسەك يول يورۇقلىرى بىلەن ئاگلىق تەقۋادار مۇسۇلمان ھەر قاچان ئۆز ئۆيىدە قوشنىسىنىڭ ھەققى بارلىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئېغىر كۆڭلەردە قوشنىسىغا ياردەم قىلىدۇ. قوشنىسى خاتىرجەم-باياشات كۈن كەچۈرسە خوشال بولىدۇ. ئەگەر قولى قىسقا بولۇپ قالسا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئاغرىپ يېتىپ قالسا يوقلايدۇ، تەسەللى بېرىدۇ، ئۆلۈپ كېتىپ قالسا يۆيۈپ تاراپ ئۇزىتىدۇ، بالا-چاقىسىغا تەسەللى قىلىدۇ، بېشىنى سىلايدۇ. قوشنىسىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش ئەسلا خىيالىدىن كەتمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يىراق-يېقىندىن ئازار بېرىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. مانا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ قولۇم-قوشنىلارغا قارىتىلغان يۈكسەك نەزىرىيىسى ئۇنىڭدا ھەربىر ئۆز ئىسلامىيىتىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەكلەنگەن ۋە ئۇنىڭ ھىدايەت نۇرى بىلەن دىلىنى يورۇتقان، ئۇنىڭ ئەخلاقلىرىنى ئۆزىگە ۋە ئائىلە- تاۋاباتلىرىغا، تەتبىقلىغان مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىسىل تەلىماتلار بار. يۇقارقى بىر قاتار مەزمۇنلاردىن كېيىنمۇ ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تونۇپ يەتكەن قوشنىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولۇشتىن ئەجەپلەنگۈلۈكمۇ؟ .

# 8 ـ مۇسۇلماننىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## دوستلىرىنى الله نى دەپلا ياخشى كۆرىدۇ:

ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ھەرقانداق مەنپەئەت مۇددىئادىن خالى، غەرەزسىز، شۈبھىسىز ھالەتتە ياخشى كۆرۈش. چۈنكى ئۇ ئۆز ساپلىقىنى، سۆزۈكلىكىنى ۋەھىي ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئالىدۇ. سەممىي دوستلۇق مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭ بىردەكلىكى ئىنسانىيەت ئالاقىسىدا سىڭىشىپ كەتكەن، مۇسۇلمان شەخسىنىڭ ئەخلاقىغا، مۇئامىلە تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن مېھرى ـ مۇھەببەت ئىدى. ئەنە شۇ مۇسۇلمانىي جىنسىنىڭ، رەڭگىنىڭ ۋە تىلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆز دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن باغلاپ تۇرغان رىشتە الله تەئەلاغا ئىشىنىش رىشتىسى:

(مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر).

(سۈرە ھۇجرات 10 ـ ئايەت)

ئىمان قېرىنداشلىقى دىل رىشتىلىرىنىڭ ئەڭ پۇختىسى، قەلبلەرنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئالاقىسى، ئەقىل ۋە روھلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ماناسىۋىتى، ئەشۇ مىسلىسىز قېرىنداشلىقنىڭ ئۈستۈنلۈكتە، ساپلىقتا، چوڭقۇرلۇقتا ۋە ئەبەدىلىكتە ھەيران قالارلىق

دەرىجىدىكى مۇھەببەت شەكلىنى بايان قىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇنى ئىسلامىيەت الله توغۇرسىدىكى مېھرى-مۇھەببەت دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭدا ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئىمان لەززىتىنى تاپالايدۇ:

*«ئۈچ كىمدە بولسا شۇ كىشى ئىماننىڭ لەززىتىنى تاپالايدىغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار: الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈكراق بولۇش، بىراۋنى دوست تۇتسا پەقەت الله ئۈچۈنلا دوست تۇتۇش. الله كۇفرىدىن قۇتقازغاندىن كېيىن كۇفرىغا قايتىشنى ئوتقا تاشلاشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

## الله نى دەپلا دوست بۇلۇشقۇچىلارنىڭ ئورنى:

الله نى دەپلا دوست بۇلۇشقىچىلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردىغان ۋە الله نىڭ ئۆز جەننىتىدە ئۇلارغا تەييارلىغان ئۇلۇغ جايىنى شۇنىڭدەك قىيامەت كۈنى ئۇلارغا كۆرستىدىغان ئالى شەرەپنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ھەدىسلەر بار.

ھېچ قانداق سايە يوق قىيامەت كۈنى الله ئۆز سايىسىدىن جاي بېرىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشى توغۇرسىدىكى ھەدىس شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

*ئۇلار: « 1 ـ ئادىل پادىشا 2 ـ الله نىڭ ئىبادىتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش 3 ـ قەلبى الله نىڭ مەسجىدلىرىگە باغلانغان كىشى 4 ـ الله نى دەپلا دوست بولۇپ الله ئۈچۈن يىغىلغان الله ئۈچۈن ئايرىلغان ئىككى كىشى 5 ـ چىرايلىق ئابال ئۆزىگە چاقىرسا، مەن الله دىن قورقىمەن دەپ رەت قىلغان ئەر 6 ـ ئوڭ قولى بەرگەن سەدىقىنى سول قولى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەخپى بەرگەن كىشى 7 ـ خالى جايدا*

*الله نى ئەسلەپ ياش تۆككەن كىشى»*.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بۇ الله تەئەلا ئۆز سايىسىدىن سايە بېرىشكە تاللىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەم ئىچىدىكى الله نى دەپلا دوست بولۇشقۇچىلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۈچۈق تېكىست، شۇ تېكىستە ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ھۆرمەت بار. الله نى دەپلا دوستلاشقۇچىلارغا شەرەپ جەھەتتە الله تەئەلانىڭ ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىكى يىغىلىش مەيدانىدا:

*«مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن دوست بولۇشقىچىلار قېنى؟ بۈگۈن مەن ئۇلارنى ئۆز سايەمدە سايىدىتىمەن، بۈگۈن مېنىڭ سايەمدىن ئۆزگە سايە يوق»*. دەپ چاقىرىسىلا *كۇپايە* . (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

تولىمۇ قورقۇنۇشلۇق، دەھشىتى قاتتىق، جاپا ـ مۇشەققىتى ئېغىر بولغان قىيامەت كۈنىدە الله نى دەپلا سەممىي دوست بولۇشقانلار ئۇچرايدىغان شان ـ شەرەپ نىمە دېگەن يۈكسەك شەرەپ ھە! ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات نىمە دېگەن تولۇق ھە! چۈنكى ئۇ تۈرلۈك مۇددىئا بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا غەمخورلۇق، مەنپەئەت پەرەسلىك، ئۈچچىغا چىققان شەھۋەت پەرەسلىكتەك ئالىقاندىن بىر نەرسىلەر ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈن ئورنىتىلغان دوستلۇق، ئۇنى پەقەت دىلى سۈزۈك، روھى باي، الله نىڭ رازىلىقى ئالدىدا دۇنيانى پەسەنتكە ئالمايدىغان ئالىجاناپ كىشىلەر ۋايىغا يەتكۈزەلەيدۇ. شۇنداق بولغاندا الله تەئەلانىڭ ئۇلارنىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتى، دۇنيادىكى شان ـ شەرىپى ۋە دۇنيانىڭ تۇسالغۇلىرىدىن، ساختا شان ـ شەرەپلىرىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىگە مۇناسىپ ئورۇن، نازۇ نېئمەت تەييارلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ توغۇردىكى مەزمۇنلارنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدىن بىلىۋالالايمىز.

*مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دېگەن: «الله تەئەلا مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم تۇغۇرلۇق دوست بولۇشقۇچىلار ئۈچۈن نۇردىن مۇنبەرلەر بولىدۇ ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرمۇ، شەھىدلەرمۇ ھەۋەس قىلىدۇ»* دېدى. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

بەلكى الله تەئەلانىڭ ئۆزىنى دەپلا دوست بولۇشقان بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈشى ئەشۇ ئورۇندىمۇ، ئەشۇ نېمەتلەردىنمۇ ئۇلۇغ، ھەم بۈيۈكراق، الله ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ياخشى كۆرۈشىدە ياخشى كۆرىدۇ. بۇ توغۇردا ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىس بار.

ھەدىستە: *«بىر كىشى ئۆزىنىڭ باشقا بىر كەنتتىكى قېرىندىشىنى يوقلاشقا ماڭدى. ئاندىن الله تەئەلا ئۇ كىشىنىڭ ئۆتەر يولىغا بىر پەرىشتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ قېشىغا بىرەرسى كەلسە نەگە ماڭدىڭ دېدى؟ ئۇ كىشى ئۇ كەنتتىكى قېرىندىشىمنى يوقلاشقا ماڭدىم دېدى، ئۇنىڭدا بىرەر ئېلىشىڭ بارمۇ؟ دېدى پەرىشتە، ئۇ كىشى: ياق، ئۇنى الله نى دەپلا ياخشى كۆرگەندىن باشقا بىرەر ئىشىم يوق دېدى، پەرىشتە: مەن بولسام الله تەئەلانىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى، شۈبھىسىزكى الله تەئەلا سىنى سەن قېرىندىشىڭنى ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى دەپ ياخشى كۆرگىنىڭدەك ياخشى كۆرىدۇ»* دېدى.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئىنسانىنى الله تەئەلا ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولىدىغان بىر دەرىجىگە كۆتۈرىدىغان مېھرى-مۇھەببەت نېمە دېگەن ئۇلۇغ مۇھەببەت ھە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يول-يورۇقى مۇسۇلماننى يۇقۇرى مەرتىۋە جەھەتتە مۇشۇنداق يۈكسەك پارلاقلىققا كۆتۈرىدۇ. ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«الله توغرىسىدا دوست بولۇشقان ئىككى قېرىنداشنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى،*

*قېرىندىشىغا مۇھەببىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى».* دىگەننى ئوتتۇرغا قويغان مۇشۇ مەزمۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«بىر بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن ئىككى ئادەمنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ھەمراغا مۇھەببىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى».*

(ئىمامى بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دىگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان)

بەلكى ئۇ، توغرا يولدا كىتىۋاتقان مۇسۇلمان جەمئىيىتىگە مېھرى-مۇھەببەت تارقىتىشتا ئۇنىڭدىمۇ يىراققا بارىدۇ. شۇنىڭدەك مۇسۇلماندىن ئۆز قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە شۇ ياخشى كۆرگەنلىكنى قېرىندىشىغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇشۇ توغۇردا مۇنداق دىدى:

*«بىرەر ئادەم قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن».* (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پاك، كۈچلۈك مۇھەببەتنىڭ جەمئىيەت ۋە ئۇممەت قۇرلىشىدىكى تەسىرنى تونۇپ يەتكەن شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنى ئۆز-ئارا دوستلۇق ئورنىتىشقا چاقىرغان ۋە ئۇلارنى قەلبلىرىنىڭ توساقلىرىنى ئېچىش، مۇسۇلمانلار سەپلىرى ئارىسىدا دوستلۇق رىشتىنى قانات يايدۇرۇشقا بۇيرىغان ئىدى.

*ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تۇراتتى، يەنە بىر كىشى ئۆتۈپ قالدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تۇرغان كىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! مەن ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىمەن دىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئۇنىڭغا دىدىڭمۇ؟» دىدى، ئۇ: ياق دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ كىشىگە ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ قوي» دىدى. ئاندىن ئۇ قېرىندىشىنىڭ كېيىندىن بېرىپ: مەن سىنى الله توغۇرسىدا ياخشى كۆرىمەن*

*دېدى، ئاندىن ھېلىقى كىشى: مېنى ياخشى كۆرسەتكەن الله سېنىمۇ ياخشى كۆرسەتسۇن دېدى».*

(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مۇسۇلمانلارغا مېھرى-مۇھەببەت، دوستلۇق، قېرىندا شلىق مېھرىگە تولغان جەمئىيەتنى قانداق قۇرۇپ چىقىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن يۇقارقىدەك ئىشلارنى ئۆزى باشلامچى بولۇپ قىلاتتى. مانا قاراڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

*«ئى مۇئاز! الله بىلەن قەسەمكى مەن سېنى راستىنلا ياخشى كۆرىمەن، دېدى. ئاندىن كېيىن ئى مۇئاز! مەن ساڭا ھەر نامازدىن كېيىن: ئى الله مېنىڭ سېنى ياد ئېتىپ تۇرۇشۇمغا، ساڭا تەشەككۇر ئېيتىشىمغا ۋە ساڭا ياخشى ئىبادەت قىلىشىمغا ياردەم بەرگىن، دېيىشنى تاشلىماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېگەن.*

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

مۇئاز بۇ پاك مۇھەببەتنى ئىسلام دىيارىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ قانات يايدۇرۇشقا، يەنە ئۇلارغا الله تەئالانىڭ ئۆزى توغۇرسىدا ياخشى كۆرۈشۈپ دوست بولۇشقۇچىلارغا تەييارلىغان كاتتا ساۋاپ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق مېھرى-مۇھەببەت توغۇرسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە باشلىغان. ئىمامى مالىك ئۆزىنىڭ مۇئەتتا دېگەن ئەسىردە ئەبۇ ئىدرىسىل خەۋلانىدىن ئىشەنچىلىك ئۇسلۇپتا بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان، خەۋلانى مۇنداق دېگەن:

«مەن دەمەشىق مەسچىتىگە كىرسەم ، ئۇ يەردە كۈلۈشكەن بىر يىگىت بار ئىكەن، ئادەملەر بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇۋېتىپتۇ، كىشىلەر بىرەر ئىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالسا ئۇنىڭغا تايىنىدىكەن ۋە ئۇنىڭ پىكرىنى ئالىدىكەن. مەن ئۇ يىگىت توغۇرسىدا سورىسام، مۇئاز ئىبنى جەبەل دېيىلدى، ئەتىسى مەسجىدكە

ئالدىراپ چىقتىم، بىراق ئۇ مەندىمۇ بۇرۇن چىقىپ نامازغا تۇرۇپ بوپتۇ، مەن ئۇ نامىزىنى تۈگەتكۈچە ساقلاپ تۇردۇم، ئاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئاندىن كېيىن مەن: **الله** بىلەن قەسەمكى مەن سىنى ياخشى كۆرىمەن دېدىم، ئۇ **الله** ئۈچۈنمۇ؟ دېدى، مەن: **الله** ئۈچۈن دېدىم، ئۇ يەنە: **الله** ئۈچۈنمۇ؟ دېدى، مەن: شۇنداق **الله** ئۈچۈن دېدىم. ئاندىن ئۇ تونۇمنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى-دە خەۋەردار بولۇپ قال، مەن رەسۇلۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانتىم:

«**الله** تەئەلا: مېنىڭ مۇھەببىتىم، مېنى دەپ دوست بولۇشقۇچىلارغا، مەن توغۇرلۇق يىغىلىشقۇچىلارغا، مەن توغۇرلۇق يوقلاشقۇچىلارغا ۋە مەن توغۇرلۇق پۇل-مال سەرپ ئەتكۈچىلەرگە ۋاجىپ بولىدۇ، دېدى».

(ئىمامى مالىك ئۆزىنىڭ مۇئەتتا دېگەن ئەسىردە رىۋايەت قىلغان)

## **الله** توغۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى تەسىرى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە مۆئمىنلەر ئارىسىدىكى بۇ خىل دوستلۇقنى ئۆز ئىگىسىنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىر شەرت دەپ تەكىتلىگەن. مۇشۇ ھەقتە ئىمامى مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

*«**الله** بىلەن قەسەمكى سىلەر مۆئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆز-ئارا دوست بولمىغۇچە مۆئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرگە شۇ ئىشنى قىلساڭلار سىلەرنى دوستلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تەربىيۋى پەم-پاراستى بىلەن مۇسۇلمانلار ھاياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى مېھرى-مۇھەببەت، سەممىيەت، دوستلۇق ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىدىغان، ئۇلاردىن سۈيقەست، بويۇنتۇرۇق، ھەسەت، تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئاداۋەتلىشىشتەك ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىدىغان يۈكسەك سەممى ساداقەتكە ئىگە قېرىنداشلىق مېھرىسىز ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن ئاداۋەتنىڭ قارىسىنى يۇيۇۋېتەلەيدىغانلىقىنى ۋە كۆڭۈللەردىن، دۈشمەنلىشىش، قارشىلىشىش ۋە كۆرەلمەسلىك تۇمانلىرىنى تارقىتىۋېتەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن، شۇڭلاشقا قەلبلەرنىڭ مېھرى-مۇھەببەت ۋە ياخشىلىق ئۈستىدە ئۇچرىشىشلىرى ئۈچۈن قېرىنداشلار ئارىسىدا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا چاقىرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەزمۇننى دىللارغا مېھرى-مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى تاشلاشنى ۋە ئاشۇ مېھرى- مۇھەببەتنىڭ ئىسلامىيەت كۆتكەندەك مېۋە بەرگەنگە قەدەر ئوبدان ئاسراشنى مەقسەت قىلىپ ساھابىلىرىگە تەكرار-تەكرار ئاگاھلاتقان.

بۇ پاك مۇھەببەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىگە ساماۋى دىننى تارقاتقان تۇنجى ئەۋلات ئىسلام پەرزەنتلىرىنى يېتىشتۈرگەن ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىسلامىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان پۇلات ئىرادىلىك قوماندان بولغان ئىدى. ئىسلامىيەت قەلبلەرگە ئۆزگىچە بىرخىل ئۇسلۇب بىلەن تېرىغان بۇ پاك مېھرى-مۇھەببەتسىز تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلار ئۇيۇشالىغان، بەردەم تۇرالىغان، ئۇرۇش قىينچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈشتە مۆرىنى-مۆرىگە تىرەپ ھەمدەمدە بولالىغان ۋە ئىسلام بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلالماس ئىدى.

بۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى سەمىمى مېھرى-مۇھەببەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە تەسۋىرلەپ بەرگەن ئاجايىپ ئۇيۇشۇش كۆچى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مىسلىسىز بىر مۆئمىنلەر جەمئىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: *«مۆئمىن، مۆئمىن ئۈچۈن ئۆز-ئارا بىر- بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە مۇنداق دېگەن:

*«مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشتىكى، ئۆز-ئارا مېھرى شەپقەت يەتكۈزۈشتىكى ۋە ئۆز-ئارا كۆيۈنۈشتىكى مىسالى، بىرەر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا قالغان ئەزاسى ئويقۇسىزلۇق بىلەن، قىززىش بىلەن ھەم دەرت بۆلۈشۈپ بىرىدىغان بىر تەننىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە مۇنداق دېگەن:

*«مۇسۇلمانلار، ئەگەر ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىسىمۇ ھەممە يېرى ئاغرىيدىغان، بېشى ئاغرىسىمۇ ھەممە يېرى ئاغرىيدىغان بىر ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۇلۇغ ھىدايىتى ئالدىدا ئۆز قەلبىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ مۇھەببىتى بىلەنلا سوقۇشىنى خالايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كېپىل بولىدۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھاياتىدا ياخشىلىقنىڭ، ئىناقلىقنىڭ ۋە ئىسلامىيەت قۇرلىشىنىڭ ماترىيالى بولسا ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ۋە مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىدۇر.

## دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئالاقىنى ئۈزمەيدۇ ۋە ئۇلارنى تاشلىۋەتمەيدۇ:

ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەنگەن ھەقىقى مۇسۇلمان مېھرى-مۇھەببەت، دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا ۋە ھەمداشلىق قىلىشقا چاقىرغان ئىسلامىيەتنىڭ، ئۆچمەنلىشىشنى، دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى ۋە تاشلىشىپ كېتىشنى ھارام قىلغانلىقىنى شۇنىڭدەك ئىككى ساداقەتمەن دوستنى ئاز-تولا يېتەرسىزلىك ۋە توسالغۇلار ئايرىۋېتەلمەيدۇ دەپ بايان قىلغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى **الله** توغۇرسىدىكى مۇھەببەتنىڭ رىشتىسى ئۇ ئىككىسىدىن بىرىنىڭ قىلىپ تاشلىغان تۇنجى گۇناھى سەۋەبلىك ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان رىشتە ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «*بۈيۈك **الله** توغۇرىسىدا ياكى ئىسلامىيەت توغۇرىسىدا دوست بولۇشقان ئىككى كىشىنى بىرەر سىنىڭ قىلىپ تاشلىغان تۇنجى گۇناھى ئايرىۋېتەلمەيدۇ*» دېگەن.

(بۇخارى ئادىبىل مۇفرەد دېگەن ئەسىرىدە خاتىرلىگەن)

*شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئىسلامىيەت ئىنسانلارنىڭ مىجەز-خارەكتىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ئەمەس. چوقۇمكى ئۇ غەرەزپ ئۇچقۇنلىرىنىڭ ۋە زەئىپلەشكەن چاغلاردىكى ھېسسيات نۇرماللىسىزلىقىنىڭ مەھسۇلى، نەتىجىدە ئىسلامىيەت غەزەپ-نەپرەت ئوتىنىڭ تازا قىززىدىغان ۋاقىت چېكىنى ۋە ھاياجانلىنىشنىڭ، ئۆزىنى تۇتالماسلىقنىڭ پەسكويغا چۈشىدىغان ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەردى ۋە ئاززارلىشىپ قالغان ئىككى مۇسۇلماننىڭ شۇ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشىنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ يارىشىپ قىلىشىغا، كۆرۈشۈشكە ۋە دوستلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالدىرىماسلىقىنى ھارام دەپ ئۇختۇردى. شۇ توغۇردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ۋە ئۇچراشقاندا ئۇنى ـ بۇنى ئوتتۇرىغا قويىشى(يەنى ئۆتكەن ئىشلارنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىشى) ھالال بولمايدۇ. بالدۇر سالام قىلغىنى شۇ ئىككىسىنىڭ ياخشىسىدۇر».

*(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)*

بۇ پۇلاتتەك پاكىتنى كۆرگەن ساداقەتمەن، زېرەك مۇسۇلمان قانداق سەۋەپ بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆز دوست ـ بۇرادەرلىرىنى تاشلىۋېتىشكە ۋە ئۇنى رەنجىتىشكە چىدىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە، سالام ـ سائەت قىلىشقا ئالدىرايدۇ. چۈنكى بالدۇر سالام قىلغىنى ئۇلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا سالام قايتۇرسا ئىككىنجىسىمۇ يارشىپ قېلىشنىڭ ئەجرىگە تەڭ شېرىك بولىدۇ. ئەگەر سالام قايتۇرمىسا، سالام قىلغۇچى ئالاقىنى ئۈزۈشنىڭ ۋە تاشلىشىپ كېتىشنىڭ گۇناھىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. قېرىندىشىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالمىغىنى گۇناھىنى ئۆزى يالغۇز تارتىدۇ. تۆۋەندىكى ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ئۇنى ئوبدانلا يورتۇپ بىرىدۇ. ئۇ مۇنداق دىگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

*«بىرەر كىشىنىڭ مۇئمىن ئادەمنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلاپ قويىشى ھالال بولمايدۇ، ئەگەر ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتسە ئۇنىڭغا گەپ قىلسۇن ۋە سالام بەرسۇن، ئەگەر سالىمنى ئىلىك ئالسا ئىككىلىسى ئەجىرىدە تەڭ شېرىك، ئەگەر سالىمنى ئىلىك ئالمىسا سالام قىلغۇچى تاشلىۋېتىشنىڭ گۇناھىدىن خالاس تاپىدۇ»*

دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(بۇخارى ئادابىل مۇفرەد دىگەن ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئۈزلۈشۈپ كەتكەن، تاشلىشىپ كەتكەن ۋاقىت قانچە ئۇزارغانسىرى ئۇنىڭ گۇناھىمۇ كۆپىيىدۇ، خاتالىقى چوڭيىدۇ ۋە ئارازلىشىپ قالغۇچى ئالاقىنى ئۈزگۈچىگە قارتىلغان تەھتىدمۇ كۈچىيىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«كۆز قىرىندىشىنى يوقلىماي بىر يىل تاشلىۋەتكەن ئادەم گويakı ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەنگە ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ»*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەدە رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامىيەتنىڭ كىشىلىك تەلىم-تەربىيەسىدىكى يول-يورۇقلىرى مۇسۇلمانلارنى دوستلاشتۇرۇشقا، يېقىنلاشتۇرۇشقا ۋە چىقىشىپ ئۆتۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساداقەتمەن مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدا دۈشمەنلىشىش، كۆرەلمەسلىك، تەتۈر قارشىش دېگەنلەر بولمايدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىغا، ئېڭىغا ئىسلامىيە تنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئاۋازى سىڭدۈرۈۋېتىلگەن تۇرسا يەنە قانداقمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا ناچار ئەخلاقلاردىن بىرەرسى كۆرۈلسۇن؟:

*«قېرىنداشلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىشمەڭلار، تەتۈر قاراشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار ۋە الله بۇيرىغاندەك قېرىنداشلاردىن بولۇڭلار».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

*«سىلەر گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، شۈبھىسىزكى گۇمان دېگەن گەپ-سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنى، ئەيىب-نۇقسان ئىزدىمەڭلار، خەۋەر يەتكۈزۈشمەڭلار (يەنى قېرىندىشىڭلارنىڭ ئەيىبىنى يەتكۈزۈشمەڭلار) رىقابەتلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، تەتۈر قاراشماڭلار ۋە الله نىڭ بەندىلىرى قېرىنداشلاردىن بولۇڭلار».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە مۇنداق دېگەن:

*«ھەسەت قىلىشماڭلار، قەستەن مال باھاسىنى ئۆستۈرۈشمەڭلار، ئۆز-ئارا بىر-بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ سودا قىلىشماڭلار، الله نىڭ بەندىلىرى قېرىنداش*

*بۇلۇپ ئۆتۈڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلسا بولمايدۇ، ئۇنى خورلىسا ۋە كەمستسە بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تەقۋادىگەن بۇيەردە بولىدۇ ـ دەپ ئۈچ قېتىم يۈرىگىنى كۆرسەتكەن، بىرەر كىشىگە يامانلىق جەھەتتە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمستىشلا يېتەرلىك، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مال ـ مۈلكى ۋە يۈز ئابرويى يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ھارام».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىنى ئانالىز قىلالايدىغان، مېھرى ـ مۇھەببەت، ھىسداشلىق ۋە قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت ئىسل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىنى ئۆزلەشتۈرگەن مۇسۇلمان دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. لېكىن دىلىدا كىسەل، مىجەز ـ خاراكتېردا قوپاللىق، توڭلۇق، پىسخىكىسىدا غەيرىلىك بارلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. ئىسلامىيەت ئەخلاقىدىن ئايىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، كەڭ قورساقلىقىنى كۆمۈپ تاشلىغان، قېرىنداشلىرى بىلەن تاشلىشىپ كىتىشنى تۈگەتمىگەن ئاشۇ قاتتىق قول، باغرى قاتتىق كىشىلەر ئۈچۈن قاتتىق تەھدىد تۈسىنى ئالغان ھەدىسلەرمۇ بار. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئىشلىرى خەيرىلىك بولمايدۇ. ئۇلار **الله** تەئەلانىڭ ئەپۇ ـ مەغپىرىتىدىن، رەھىم شەپقىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىشكلىرى ئېچىلمايدۇ، مۇشۇ مەزمۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن:

*«جەننەتنىڭ ئىشكى دۈيشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى ئېچىلىدۇ، ئاندىن **الله** غا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھەر بىر بەندە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، بىراق ئۆزى بىلەن قېرىندىشى ئارىسىدا ئاداۋەت ساقلىنىپ قالغان كىشى مەغپىرەت قىلىنمايدۇ، ئاندىن: بۇ ئىككىسى يارىشىۋالغۇچە كۈتۈڭلار، بۇ ئىككىسىنى يارىشىۋالغۇچە كۈتۈپ تۇرۇڭلار دىيىلىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى:

*«مەن سىلەرگە سەدىقە بەرگەندىنمۇ ۋە روزا تۇتقاندىنمۇ ياخشى بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئارازلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش، بىلىپ قېلىڭلاركى ئۆچ-ئاداۋەت ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى يەپ كەتكۈچىدۇر».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

شۈبھىسىزكى ئۇ دوستلۇق مېھرى-مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇ دىن روھىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولغان بىر قاراش، پىكىرنىڭ ياخشىلىغى، كۆزنىڭ ئۆتكۈرلىگى بىلەن رەسۇلى كەرىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ چوڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن بۇ ئۇلۇغ ساھابە، ئۆچ-ئاداۋەت ياخشى ئەمەلنى يوققا چىقىرىدۇ، ئەجرىنى زايا قىلىدۇ، ياخشىلىقنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ دەپ قارىغان، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇسۇلماننى دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇش سەدىقە بەرگەندىن روزا تۇتقاندىن (نەپلە روزا) ياخشى. چۈنكى دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن ئالاقىنى ئۈزگىنى ئۈزگەن پېتى، ئۆچ-ئاداۋەت تۇتقۇنى تۇتقان پېتى ئۆتۈپ كېتىش ئىبادەتنىڭ، ياخشى ئىشلارنىڭ ساۋاپىتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

### دوست-بۇرادەرلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا يول قويىدۇ:

ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ دوست-بۇرادەرلىرى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپ كەچۈرۈم سوراشقا، رازىلىق ئېلىشقا ئالدىرىمىسا دوستلىرىنىڭ قىلغانلىرىنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭدا مىنى **الله** نىڭ رەھمىتىگە يېقىنلاشتۇردىغان ۋە **الله** نىڭ

ياخشى بەندىلىرى ئۈچۈنلا ئاتىغان مۇھەببەتكە ئېرىشتۈردىغان بىر ياخشىلىق بار دەپ قارايدۇ. الله تەئەلا ئۆز كالامىدا مۇنداق دىگەن:

(تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل ـ مال) سەرىپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈردىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ). (سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەت)

توغرا بەزى چاغدا ئادەم ئاچچىقىنى يۇتۇۋالمايدۇ، ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ قازنى ئۇنىڭ كۆڭلىدە قاينايدۇ، نەتىجىدە ئۇنىڭ قايناپ تېشىپ تۇرغان غەزىپى ئۆچمەس نەپرەتكە، ئوچۇق ـ ئاشكارە ئاچچىقى يوشۇرۇن ئاداۋەتكە ئايلىنىدۇ، غەزەپ ـ نەپرەت ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن ياخشىراق.

دىلىغا مۇشۇ دىنىنىڭ ھىدايىتى سىڭگەن ھەقىقى مۇسۇلمانغا كەلسەك، ئۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، ئاچچىقىنى يۇتۇۋالەيدۇ، يەنە شۇنىڭدەك كەچۈرەلەيدۇ، يول قويالايدۇ، ئۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلاردىندۇر. غەزەپلەنگەندە ئاچچىقىنى يۇتۇش راستىنلا ئادەمگە ئېغىر كىلىدۇ. غەزەپ ـ يالقۇنى يۈرەكنى كۆيدۈرىدۇ، ئەمما كۆڭۈل يول قويسا، دىل كەچۈرسە ئاشۇ ئاچچىق غەزەپ ـ نەپرەت بوشلۇققا تاراپ كىتىدۇ ـ دە، يۈرەكمۇ ئارام تېپىپ راھەتلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئۆز قېرىنداشنى ئەپۇ قىلالايدىغان، يول قويالايدىغان ھەقىقى مۇسۇلمان ھىس قىلىدىغان ياخشى بىر تۇيغۇ.

ھەقىقى مۇسۇلمان كەڭچىلىك قىلغان، ئەپۇ قىلغان ھالدا ئۆز دوستىغا قۇچاق ئاچىدۇ، پەقەتلا ئۆز دوستىغا كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆز سۆزىدە يۇرتۇپ بەرگەن ئىززەت ھۆرمەت، شان ـ شەرەپنى كۆزلەپ، الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوستىنى ئەپۇ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە مۇنداق دىگەن:

*«اللە تەئالا بەندىگە ئەپۇ قىلغىنىغا ئاساسەن ئىززەتنىلا زىيادە قىلىدۇ، بىرەر كىشى اللە تەئالا ئۈچۈن كەمتەر بولسا اللە ئۇنىڭ (شان ـ شەرىپىنى)كۆتىرىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئىككىسى اللە تەرىپىدىن بولغان ئىززەت ۋە شان ـ شەرەپ، ئۇ ئىككىسى كەڭ قورساق، ئەپۇچان، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ مۇسۇلمان سۈپەتلەنگەن ياخشىلىق بىلەن بىر يەرگە كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا ئۇ اللە ياخشى كۆرىدىغان ياخشىلاردىن بولىدۇ ۋە ئادەملەر ياخشى كۆرىشىگە، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. *ئۆز دىنىنىڭ قائىدە تۈزۈملىرىنى بىلىدىغان زىرەك مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىدە راستىنلا ئۆچ ـ ئاداۋەتكە ئورۇن يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بەرگەندەك اللە نىڭ ئۆزىنى مەغپىرەت قىلىشتىكى، ئەپۇچانلىقىنىڭ ۋە پاك قەلبىنىڭ قىممىتىنى بايقىيالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«كىشىدە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى سادىر قىلمىغان كىشىنىڭ قالغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ: 1 ـ كىم اللە غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن بولسا 2 ـ كېيىنى ـ كەينىدىن سېھرى بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسا 3 ـ قېرىندىشىغا ئۆچ ئاداۋەت ساقلىمىغان بولسا».

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

## دوستلىرىغا خۇشچىراي بىلەن قارايدۇ:

مۇسۇلمان يۇقارقىلاردىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆتكەندەك نىيىتى ياخشى، كۆڭلى ساپ، خۇش چىراي، سىلىق ـ سىپايە ۋە دوستلىرى بىلەن ئىللىق چىراي كۆرۈشىدىغان بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قەبرىندىشىڭنى خۇش چىراي كۈتىۋالىدىغان ئىش بولسىمۇ، ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىما».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

خۇشچىراي بولۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىقتۇرغان ۋە ئىگىسىنى ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرىدىغان گۈزەل ئەخلاق، چۈنكى ئىللىق چىراي بىغۇبار قەلبنىڭ سۈزۈك ئەينىكى، بۇ سۈزۈكلۈك كۆرۈنۈشتە ساداقەتمەن مۇسۇلماندىكى ئۇلۇغ ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاقلىرىدىندۇر. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ كۆرسەتمىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

«قېرىندىشىڭغا خۇش ـ تەبەسسۇم قىلغىنىڭ سەدىقەدۇر».

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىن ئۆز ساھابىلىرىگە كۈلكە ئۆچمەيتتى ۋە ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسە ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارايتتى، بۇنىڭغا شەيخانى ئۇلۇغ ساھابە جەرىر ئىبنى ئابدۇللا بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئىسپات بولالايدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنى مەن مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ چەتكە قاقمىدى ۋە مىنى كۆرسىلا خۇش ـ تەبەسسۇم قىلدى».

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدىمۇ شۇ مەزمۇن ئايان بولىدۇ:

«ئىككى مۇسۇلمان جەم بولۇپ **الله** نى ياد ئەتسە، **الله** ئۇ ئىككىسىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، خۇش ـ تەبەسسۇم بىلەن قارايدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن دىللىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئۇلۇغ ساھابىلەر ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، يىراق سەپەردىن كەلسە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتىنى

يىتىلدۈرگەن ئىدى.

بۇمۇ ئۇچراشقان ئىككى دوست ئارىسىدىكى دوستلۇق، مېھرى-مۇھەببەت رىشتىسىنى چىڭىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئىبنى سەئەد شۇئەبىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

*«رەسۇلۇللا خەيبەردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ جەئپەر ئىبنى ئەبى تالىپنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدى ۋە مۇنداق دېدى: مەن ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىغا بەكرەك خۇرسەن بولۇشنى بىلمەيۋاتىمەن، جەئپەرنىڭ كەلگىنىگىمۇ؟ ياكى خەيبەرنىڭ ئازات قىلىنغانلىقىغىمۇ؟».*

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ئاندىن قۇچاقلىدى، دېگەننى قوشۇپ سۆزلىگەن.

ئىسلامىيەت ئىتتىپاقداش قەلبلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق سەۋەپلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قېرىنداشلار ئۇچراشقاندا سالام قىلىشنى قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جامائىسى ئۆز ئىسلامىيىتى بىلەن ياشىيالايدۇ ۋە ھاياتتا ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ ئۆتەلەيدۇ.

## دوستلىرىغا سەممىي مۇئامىلە قىلىدۇ:

ساداقەتمەن مۇسۇلمان مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك **الله** تەئالا ئۈچۈن ۋە **الله** تەئالانىڭ كىتابى، پەيغەمبىرى شۇنىڭدەك بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سەممىي مۇئامىلە قىلغۇچىدۇر. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«دىن دېگەن سەمىمىيەتتۇر» دېدى، بىز: كىم ئۈچۈن؟ دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە ئۈچۈن، اللە نىڭ كىتابى، اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە بارلىق مۇسۇلمان ئۈممەتلىرى ئۈچۈن» دېدى.*

مۇسۇلماننىڭ ئۆز دوستىغا سەمىمى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارنى ئالدىماسلىقى، قاقتى سوقتى قىلماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

*سەمىمىلىك بولسا، ئەقىللىق مۇسۇلماننىڭ ھېس تۇيغۇسىدىكى خۇددى تۈنجى ئەۋلات مۆئمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئىسلامىيەتنىڭ نېگىزلىك قائىدە قانۇنىيەتلىرىدىندۇر. بۇنى جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى كۈچلۈك دەلىللەيدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن:*

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، بارلىق مۇسۇلمانلارغا سەمىمى بولۇشقا ۋەدە بەردىم»

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يۇقارقى ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىننى (سەمىمىيەت) دېگەن بىرلا سۆز بىلەن تونۇشتۇرغانلىقىنى كۆردۇق، بۇ سەمىمىلىكنىڭ دىننىڭ يىلتىزىنى مۇستەھكەملىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىغۇچى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭسىز كىشىنىڭ ئىمانى ئۆلچەمگە توشمايدۇ، ئىسلامىيتى ياخشىلانمايدۇ، بۇنى پىكرىمىزنى تۆۋەندىكى ھەدىس دەلىللەيدۇ:

*«بىرەر سىلەر ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئۆز قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە مۆئمىن بولالمايدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن سەمىمى مېھرى ـ مۇھەببەت بولغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. دەرۋەقە ئۆزىگە ياخشى

كۆرگەن نەرسىنى ئۆز دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۆچۈنمۇ ياخشى كۆرۈش ئادەم ئۈنچە ئاسان يەتكىلى بولىدىغان باسقۇچ ئەمەس، بىراق كىشىنىڭ دىلىدىن ئىمان شەرتلىرىدىن بىر شەرت بولغان ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى ئۆز دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈش ئورۇن ئالسىلا ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس. دىن دىمەك سەممىيەت دىمەكتۇر، بەلكى ئۇ قەلبىگە ئىسلامنىڭ ئىزگۈلۈكى سىڭگەن ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ يۈرۈش تۇرىشىدا تەبىئى بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ. بىزنىڭ قەدىمقى ۋە ھازىرقى تارىخىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى ئۆز دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈشتەك ئالىجاناپ پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان دەلىل پاكىتلەرگە توشۇپ تۇرۇپتۇ، مۇشۇ ھەقتە منى ئۆزىگە تارتىقنى بىر پىشقەدەم بوۋاينىڭ شام دىيارىدىكى بىر بازارغا يىغىلغان ئەتتىرچى، بوياقچى، تىككۈچى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا لازىمەتلىكلەر سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان تىجارەتچى، كاسىپلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى بولدى. ئەگەر ئۇلاردىن بىرسىدىن بىرەر خېرىدار نەرسە ـ كېرەك ئالسا ئاندىن كيىن يەنە شۇ كىشىنىڭ قېشىغا ئىككىنجى بىر خېرىدار نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلسە يەنە تىجارەتچىنىڭ قوشنىسى تېخىچە بىرەر نەرسە دەسلەپ قىلىپ ساتمىغان بولسا ئۇ تىجارەتچى مۇلايىملىق بىلەن لازىمەتلىك نەرسىڭىزنى قوشنامدىن سېتىۋالغان بولسىڭىز، ئۇ تېخى دەسلەپ قىلمىدى مەن بولسام دەسلەپ قىلىپ سودا قىلدىم دەيدىكەن. يا الله! بۇخىل دوستلۇق، قېرىنداشلىق، ھەسداشلىق سايىسىدا قانچىلىغان جانلار شات ـ خۇراملىق، يۈكسەك مەنپەئەت ئىچىدە ئۆتىدۇ ھە! ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامنىڭ روھى كۆلىسە، ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدە ئۆز قىممىتىنى تاپسا يەنە قانچىلىغان جانلار بەخىت پەيزىنى سۈرەرئىدى ھە! . ئۇلار پەقەت دىن دىگەن «سەممىلىك دىمەكتۇر» دەپ يۇرۇتۇپ بىرىلگەن دىن بىلەن قۇراللانغاندىلا ئىنسانىيەت ئىرىشكەن يۈكسەكلىك ئىچىدە ياشىيالايدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چەكسىز كۆڭۈل ئازادىلىك مېھرى-مۇھەببەت ۋە سەممىيلىكتىن كېلىدۇ. ئۇلۇغ ساھابە ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

*«مۇئمىن ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئەينىكى، ئۇنىڭدا بىرەر كەمچىلىك كۆرسە ئۇنى تۈزىدۇ».* (بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ سۆزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىدىن پايدىلانغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دېگەن:

*«مۇئمىن ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئەينىكى، مۆئمىن مۆئمىننىڭ قېرىندىشى، ئۇ قېرىندىشىغا كېلىدىغان زىيان زەخمەتنى توسۇپ قالىدۇ، ئۇنى كەينى تەرەپتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا قارىتا بۇنداق يۈكسەك ئورۇندا تۇرالىشى راستىنلا تەبىئى بىر ئىش، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن باشقىچىرەك پوزۇتسىيەدە بولماقچى بولسا ئۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى پارلاق، يۈكسەك بىر نوقتىدا ياشاۋاتقان ئادەم شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەت پەرەسلىكتەك تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ، ھەرقانداق بىر ئىدىشنىڭمۇ سۇ چۈشۈرۈش ئورنى بولىدۇ، گۈللەرمۇ خۇشپۇراق تارقىتىدۇ، ھەرقانداق مۇنبەت تۇپراقمۇ ياخشى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرىدۇ.

خەتتى دېگەن دەرەخنى يىلتىزىلا ئۆستۈرەر،

خورما دېگەن كۆچەتمۇ ئۆز ئورنىغا تىكىلەر.

(خەتتى: نەيزە ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈرلۈك دەرەخ)

**دوست-بۇرادەرلىرىگە ياخشىلىق قىلىشقا، ۋاپا قىلىشقا ئادەتلەنگۈچىدۇر:**

ئىسلامىيەت ئۆز پەرزەنتلىرىنى دوستلىرىغا ۋاپادار بولۇشقا، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. ھەتتا ئۇ «مۇسۇلماننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» دېگەن تېمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دوستلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەنە شۇ ئىسلامىيەت تەرەپتىن ۋاپانىڭ پەزىلىتىگە ۋە قېرىنداشلىق، دوستلۇق رىشتىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بېرىلگەن باھا، ئۇنى ساھابىلەر ئۆز ھاياتىدا، ئەمەلى ھەركىتىدە كۆرسەتكەن، ئاندىن ئۇلار ئۆز ئەخلاقىدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشى بىر ئۈممەت بولۇپ چىقىرىلغان ئىدى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى مۇشۇ جۈملىدىندۇر. ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «*ياخشىلار دادىسىنىڭ دوستلىرىغا دىتلۇق مېھرى يەتكۈزگەن ئادەم*» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

*ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرگە مەككىنىڭ يولىدا بىر ئادەم ئۇچرىغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر سالام قىلغان ۋە ئۇنى مىنىپ كەلگەن ئۇلىقىغا مىندۈرگەن ۋە ئۆز كىشىگە سەللىسىنى كەيدۈرۈپ قويغان ئىكەن، ئىبنى دىنار مۇنداق دېگەن: بىز ئۇنىڭغا الله سېنى تۈزەتسۇن. ئىنىقكى ئۇ ئەرابلار (كۆچمەن ئەرەپلەر) دىن ئەرابى دېگەن ئازغىنا نەرسىگىمۇ رازى بولاتتى دىدۇق. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر: بۇ كىشىنىڭ دادىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (دادىسىنى دېمەكچى) بىلەن دوست ئىكەن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ياخشىلىقلارنىڭ ياخشىسى ئۆز ئاتىسىنىڭ دوستىغا دوستلۇق مېھرى يەتكۈزگەن ئادەم» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم دېگەن.* (بۇھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ روھىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇلارنىڭ

دىللىرىغا ۋاپادارلىقنى سىڭدۈرۈۋەتكەن. مۇسۇلمانلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن، يول-يورۇقلىرىدىن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى بىلىپ قالسا ئۇنىڭغا قۇلاق سالاتتىكەن.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر كىشى كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!! مېنىڭ ئاتا-ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قىلسام مەنپەئەتى ئۇلارغا يېتىدىغان بىرەر ئىش بارمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: *«بار، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش، ئۇلار ئۈچۈن **الله** دىن كەچۈرۈم سوراش، ئۇلارنىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پەقەت شۇنى دەپلا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا ئىززەت-ئىكرام قىلىش»* دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇت ئىبنى ماجەھ رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلىرىغا بەكلا ۋاپادار ئىدى. شۇ سەۋەپتىن مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئاچچىقلانغا، بۇ ۋەقە خەدىچەنىڭ دوستىغا ياخشىلىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مانا بۇ ۋەقەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن ئىش، ئۇ مۇنداق دېگەن:

*«مەن رەسۇلۇللانىڭ ئاياللىرىدىن ھېچ كىمگە خەدىچىگە كۈندەشلىك قىلغاندەك كۈندەشلىك قىلمايتتىم. مەنغۇ خەدىچىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان، لېكىن ئۇنىڭ گېپى كۆپ قىلىناتتى، ئەھتىمال بىر قوي سويىدىغۇ دەيمەن، ئاندىن كېيىن قوينىڭ بىر ياتىسنى كەسىپ ئۇنى خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بەردى. مەن رەسۇلۇللاغا خەدىچەدىن باشقا دۇنيادا ئايال كىشى يوقتەك! دېگەن بولسام كىرەك، ئاندىن رەسۇلۇللا: «ئۇ بولسا بۇلىدۇ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن بىر بالام بار»* دېگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر رەسۇلۇللا قوي سويۇپ قالسا خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا يەتەرلىك ھەدىيە قىلاتتى» دېيىلگەن.

ھەقىقەتەن ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ يىراق دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ ياخشىلىقى ۋە ۋاپاسىنى يەتكۈزىدىغان بىردىن بىر ئىسلامى ۋاپادارلىق، ئى ئىنسانلار جامئەسى! بىز ئەمدى يېقىن دوست بۇرادەرلىرىمىزگە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟!.

ئىسلام شەرتىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ سەممىي ئاق كۆڭۈللۈكىنىڭ، ۋاپادارلىق، ياخشىلىقنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن بىرسى كىشىنىڭ ئۆز دوستىغا ھەر قاچان ياردەم قولىنى سۇنۇش. مۇسۇلمان دوستى توغرا ئىش قىلسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ، قېشىدا تۇرۇپ مەدەت بېرىدۇ ۋە يوقلاپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ قىلغىنى ناتوغرا بولسا ئۇنى شۇ ئىشتىن توسىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ، ناتوغرا ئىشنىڭ پاتىقىقىغا پېتىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تارتىۋالىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغان ئىشلاردۇر.

ئۇ مۇنداق دېگەن: *«كىشىنىڭ قېرىندىشى زالىم بولسىمۇ ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلسۇن، ئەگەر ئۇ زالىم بولسا ئۇنى توسسۇن، ئۇ شۇ قېرىندىشى ئۈچۈن ياردەم، ئەگەر ئۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بولسا ئۇنىڭغىمۇ ياردەم قىلسۇن»*. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھەقىقى مۇسۇلمان، دوستى مەيلى ئۇۋال قىلغۇچى بولسۇن مەيلى ئۇۋال قىلىنغۇچى بولسۇن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. چۈنكى ئىسلام ئۇنىڭغا ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى ئۆز دوستىغىمۇ ياخشى كۆرۈشنى ئۆگەتكەن. ئۇ باشقىلارنى بوزەك ئېتىشنى ياكى بوزەك بولۇشنى ياخشى كۆرمىسىلا ئۇنى دوستىغىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوستى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىسا قېشىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ زالىم مۇستەبىت بولۇپ قالسا ئۇنى توسىدۇ، مانا بۇ ھەقىقى ساپ ئاق

كۆڭۈللۈك، ھەقىقى دوستانە ياخشىلىق قىلىش، بۇ ئىككىسى ئىسلامىيەت يېتىشتۈرگەن ھەقىقى ۋاپادار مۇسۇلمانلاردا نەدە ھايات كەچۈرسە، نەدە ماكانلىششىدىن قەتئىي نەزەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەخلاقتۇر.

## دوستلىرىغا سىلىق مۇئامىلىدە بولىدۇ:

ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆز دوست-بۇرادەرلىرىگە بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قىزغىن، ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن ياخشى سۆھبەتلىشىدۇ، ئۈلپەتلىشىدۇ ۋە ئىچ-قويۇن، تاش-قويۇن بولۇپ ئۆتىدۇ. ئۇ شۇئىشلارنىڭ ھەربىرىدە ئىسىل ئەخلاقنى ئۆگەندىغان ئىسلامىيەتنىڭ يوليورۇقلىرىدىن ئۆرنەك ئالىدۇ. الله تەئەلا مۆئمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

(مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز).

(سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

*بۇنىڭدا يۇمشاقلىق، كەمتەرلىك ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا تولىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئەكس ئەتتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانغا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرستىش توغۇرسىدىكى يول-يورۇقى كېلىدۇ، شۇ توغۇرلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«بىرەر شەيئىدە ئىللىقلىق بولسا شۇ نەرسە گۈزەللىشىپ كىتىدۇ، ئەگەر ئۇ بىرەر شەيئىدىن تارتىلىپ كىتىلسە شۇ نەرسە خۇنۇكلىشىدۇ».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*مۇسۇلماننىڭ كۆزىنى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئىش-ئىزلىرىدىكى ئوبرازى يورتىۋتىدۇ، ئۇنىڭ ئوبرازى بولسا مۇلايىملىق، ئىللىقلىق ۋە گۈزەل ئەخلاقتۇر، ئۇنىڭ*

*بىرەر قېتىممۇ گەپ سۆزىدە نالايىق ئىبارە ئىشلەتكەنلىكى، نە بىرەر مۇسۇلماننى تىللىغانلىقى بىلىنمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلازىمى ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:*

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياسىز، شاللاق ۋە ئادەم تىللايدىغان ئەمەس ئىدى، بىرەر سىدىن نارازى بولغاندا ئۇنىڭ پىشانىسى تولپا بولۇپ كەتكەي دەيتتى».*

*(بۇ ھەدىسنىڭ ئىزاھاتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى نارازى قىلغان ئادەمنىڭ كۆپلەپ سەجدە قىلىشىغا دۇئا قىلغان دېيىلگەن)*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

## ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايدۇ:

ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلمان قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ يوق يېرىدە بولمىغۇر گەپ ـ سۆزلەرنى قىلمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ تىكىستلىرى بىلەن غەيۋەتنىڭ ھاراملىقىنى ئوقتۇرغان:

(بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياختۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياختۇرمايسىلە، **الله** دىن قورقۇڭلار، **الله** (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر). (سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەت)

ئىسلامنىڭ ئەخلاقى بىلەن قۇراللانغان زېھنى ئۆتكۈر مۇسۇلمان قۇرئان كەرىمنىڭ غەيۋەت قىلغۇچىلارغا سىزىپ بەرگەن بۇ تەسۋىردىن ھەققەتەن چۆچۈپ كېتىدۇ. قېرىندىشى يوق چاغلاردا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يەپ تاشلىسا **الله** تەئەلانىڭ غەيۋەت ئايىتىگە ئۇلاپلا تىلغا ئالغان تەقۋاغا ئالدىرايدۇ.

ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ سەممىي تەۋبە قىلىدۇ. غەيۋەتتىن تىلىنى يىغىدۇ ۋە ئۇنى قېرىنداشلىرىغا ياخشى بولىدىغان، مەنپەئەتى تېگىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ، ھەمىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلا يادىدىن چىقىرۋەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېگەن، ساھابىلەر اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىنىڭ قېرىندىشىڭنى ئۇ ياختۇرمايدىغان ئىش بىلەن تىلغا ئالغانلىقىڭ دېگەن، دەپ باقە ئەگەر مەن دېگەن ئىش ئۇنىڭدا بولسىچۇ؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن: ئەگەر ئۇنىڭدا سەن دېگەن ئىش بولسا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، سەن دېگەن ئىش ئۇنىڭدا بولمىسا تۆھمەت قىلغان بولىسەن»* دېگەن. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

تەقۋادار مۇسۇلمان ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن غەيۋەتلەردىن ساقلىنىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قېرىنداشلىرىنىڭ گۆشىنى يەپ سالماسلىققا تىرىشىدۇ. تىلىنى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشتىن ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازنى تىلىنى يىغىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

*«بۇنى يىغىشىڭ لازىم» ئاندىن مۇئاز ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز سۆزلىگەنلىرىمىزگىمۇ جاۋاپكار بولامدۇق؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئادەملەر دوزاختا يۈزلىرى بىلەن ياكى تۇمشۇقلىرى بىلەن دۈم چۈشمەيدۇ، بىراق تىللىرىنىڭ تۇقۇلمىرى سەۋەپلىك دۈم چۈشىدۇ».*

(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

غەيۋەت ئەركىشى قىلمايدىغان ناچار ئىشنىڭ بىرىسى، ئۇنداق قىلىقنى پەقەت باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ غەيۋىتىنى

قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىك كىشىلەرلا قىلىدۇ. ئۇنداقلار ئەگەر دوستىلىرىنى ئۈچرىتىپ قالغۇدەك بولسا ئۇلارغا ساداقەتمەن ئىكەنلىكىنى ۋە دوستلىقىنى ئىپادىلەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ دوست-بۇرادەرلىرى يوق يەردە ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقى مۇسۇلمان غەيۋەت قىلىشتىن، رەڭۋازلىقتىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ چۈنكى ئىسلامىيەت ئۇنىڭغا ئەرلىك سالاھىيەتنى بىلدۈرگەن. دۇرۇس ئەخلاق تەربىيىسى بەرگەن ۋە گەپ-سۆزدە، ئىش-ھەركەتتە ئىلمى بولۇشنى ياخشى كۆرسەتكەن مۇناپىقلىقنى، شەكىل ۋازلىقنى، تەخسكەشلىكنى يامان كۆرسەتكەن، بەلكى بۇنداق يىرگىنىشلىك ئىللەتلەردىن نەپرەتلەندۈرگەن. شۇ ۋەجىدىن ئىسلامىيەت دوستىنىڭ ئالدىدا بىرخىل كەينىدە بىرخىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىچىلەرنى الله نىڭ نەزىرىدىن ئادەملەرنىڭ ئەڭ رەزىلى دەپ كۆرسەتتى. شۇ توغۇرلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«قىيامەت كۈنى الله نىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ قېشىغا بىرخىل، بۇنىڭ قېشىغا بىرخىل كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمچى كىشىنىڭ ئادەملەرنىڭ ئەڭ ناچارى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن»*.

(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئېنىقكى ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ئىككى ئەمەس پەقەت بىرلا يۈزى بار، ئۇ ئەڭ نۇرلۇق، ئەڭ پارلاق، ئەڭ يورۇق يۈزدۇر. چۈنكى ئىككى يۈزلىمچىلىكنىڭ دەل مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام بىلەن مۇناپىقلىقنىڭ بىريەردە بولمايدىغانلىغىنى، ئىككى يۈزلىمچىلەرنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى، مۇناپىقنىڭ دەۋزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولىدىغانلىغىنى بىلىدۇ.

## ئۇلار بىلەن جىدەللىشىپ قېلىشتىن، سەت بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىشتىن،

**ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىدۇ:**

دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن پايدىسىز جىدەل ـ ماجىرا قىلماسلىق، ئۇلارغا ئېغىر كېلىدىغان بىمەنە چاقچاقلارنى قىلماسلىق، ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىنى بويلاپ ماڭىدىغان ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ سۈپەتلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا لام مۇنداق دېگەن:

*«قېرىندىشىڭ بىلەن جىدەللەشمە، ئورۇنسىز چاقچاقلاشما، قىلالمايدىغان ئىشقا ۋەدە بەرمە»*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

چۈنكى تالاش ـ تارتىش ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. باشقىلارنى رەنجىتىدىغان چاقچاق تولاراق نەپرەتكە، يامان كۆرۈشكە، ئىززەت ھۆرمەتنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش بولسا كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، دىللاردىن مۇھەببەتنى تارتىۋالىدۇ. ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يىراق تۇرىدۇ.

**ئۆز مەنپەتىدىن دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ مەنپەتىنى ئەلا كۆرىدۇ:**

ھەقىقى مۇسۇلمان سېخى مېھمان دوست بولۇپ ساخاۋەتلىك قولى قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئوچۇق. ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمدۇركى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى تەقۋادار مۆئمىنلەردىن بولسىلا كۆپايە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«سەن پەقەت مۆئمىن بىلەنلا دوست بول، تامىقىڭنى پەقەت تەقۋادار كىشىلەرلا يېسۇن»*

(ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سېخىلىق قىلىشنىڭ مۇناسىپ ۋە ئېھتىياجلىق جايىنى تونۇپ يەتكەن ئاقىلانە مۇسۇلمان مەن سېخى دەپ مال مۈلۈكىنى سورۇۋەتمەيدۇ ئۆزىنىڭ تەقۋادار مۆئمىن قېرىنداشلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئاياپمۇ يۈرمەيدۇ. بىر تۈركۈم دىنسىز پەسكەشلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ سېغىن كالىسى بولۇپ قېلىشقا ياكى ساددا ئىخلاسمەن كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان زومىگەر ئادەملەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ يۈرۈشكە رازى بولمايدۇ.

ئاقىلانە مەرت مۇسۇلماننىڭ سېخىلىقى چوقۇم ئۆز يولىدا بولىدۇ. چۈنكى سېخىلىق ئۆز ئىگىسىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان، شان-شەرىپىنى ئۆستۈرىدىغان، ئۇنى كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان، ئۇلارغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىسلامىيەتنىڭ نىگىزلىك ئەخلاقىدۇر. بۇ ئۇلۇغ ئەخلاق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن سۈپەتلىنىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ياخشى ئەمەللەردىن ئىدى. ئۇنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

*«قېرىنداشلىرىمدىن بىرقانچە كىشىنى بىرسا ياكى ئىككى سا تاماققا جەم قىلغىنىم مەن ئۈچۈن بازىرىڭلارغا چىقىپ بىر قۇل سېتىۋېلىپ ئازات قىلغىنىمدىن سۆيۈملۈكراقتۇر».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

چۈنكى شۇنىڭغا ئوخشاش تاماق ئۈستىدە جەم بولۇش دوست-بۇرادەرلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت رىشتىسىنى چىڭىتىدۇ. ئۇلاردىكى ھەمداشلىق روھىنى كۈچەيتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ھازىرقى زامان ماددى-مەئىشەتكە تولغان شەھەر

ئاھالىسى يوقاتقان ئىنسانى ھىسداشلىقنىڭ خۇش ھىدى ئەتراپقا تارايدۇ. ماددى مەدەنىيەت ھاۋاسىدا ياشاۋاتقانلار پەقەت ئۆزىگىلا ئۆز مەنپەئەتىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، يەنە ئېچىرقاپ كەتكەن روھ، قورۇقتىن-قورۇق ھىسداشلىقنىڭلا ئېرىقىنى ياقىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى چوڭقۇر ھىسسىيات، ساداقەت يوقۇلۇپ، ئىخلاسمەن دوستلاردىن مەھرۇم قېلىش بىلەن نەتىجەلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىتلارنى رازى قىلىش ۋە ئىتلارغا كۆرسەتمە بېرىش، كۈيۈنۈشكىلا بېرىلىپ كەتكەنلىكلىرى پەقەتلا ئۆزى ئۈچۈن دىن قىلۋالغان ماددى پەلسەپەدە قورۇپ كەتكەن ئىنسانى ھىسداشلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈندۇر. فىرانسىيە قارار نامىسىدا ئوتتۇرغا قويۇلۇشچە نۇپۇسى تەخمىنەن 25000000 (يىگىرمە بەش مىليونغا) يىتىدىغان فىرانسىيدە 7000000(يەتتە مىليون) ئىت بار بولۇپ بۇ ئىتلار ئۆز ئىگىلىرى بىلەن خۇددى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى، دوست-بۇرادەرلىرىدەك ھايات كەچۈرىدۇ ۋە بارچە تاماقخانىلىرىدا ئىت بىلەن ھەم داستىخان بولۇپ غىزالىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر يات سانالمايدۇ. پارىژدىكى ھايۋاناتلارغا كۆڭۈل بۆلۈش جەمئىيەتلىرىدىكى بىرەر مەسئۇل خادىمىدىن نىمە ئۈچۈن فىرانسىيە لىكلەر ئىتلىرىغا خۇددى ئۆزلىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ؟ دەپ سورالسا ئۇلار جاۋاپ بېرىپ: «چۈنكى ئۇلار ھايۋانلار بىلەن دوست بولماقچى، بىراق ئۇلار ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە بۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ.

(ئۇستاز ۋەھىددىن خاننىڭ ھەرقانداق ماكان ھەرقانداق چاغدا ئىسلام شەرئىتىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش كېرەك ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىنغان. بۇ ماقالە كۇۋەيت ۋورنىلىنىڭ 1976 - يىلى 2 - نويابىر سانىدا ئىلان قىلىنغان)

غەرىپتىكى ياكى شەرقتىكى ماددى مەئىشەتكە چۈمگەن ئىنسان ئۆز جەمئىيىتىدە ۋاپادار، ساداقەتمەن، دوستانە ئادەمنى قايتا تاپالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز

مۇھەببىتىنى، ھەسداشلىقىنى، ئەقىدە-ئىخلاسىنى، ۋاپا-ساداقىتىنى ۋە يېقىنچىلىقىنى شۇ ھايۋانلارغا بىرىۋەتكەن. ئادەملەرنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ ھايۋانلارنى دوستلۇققا تاللىغان ھېسسىيات كىرزىسىدىنمۇ ۋە ھىدايەت نۇرى، ئىمان نېمىتىنى يوقۇتۇشتىنمۇ ئۆتە كىرزىس ۋە يوقۇتۇش بولامدۇ؟

ھەقىقەتەن بۇ، قەلبىدىن ئىنسان پەرۋەرلىك ھېس-تۇيغۇلىرى قۇرۇپ كەتكەن غەربلىكلەر كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ھېسسىيات كىرزىسى ئىدى، مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان زىيالىلىرى نەزىرىنى ئاغدۇرغان تۇنجى ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئىنسانىيەت روھىنى قۇرۇتۇپ ھاياتتا جاپالىق ئىشلەش، كەسىپ دە رىقابەتلىشىشتىن ئۆزگىنى بىلمەيدىغان ماشىنا ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان غەربنىڭ مادىي تۇرمۇشىغا نەزەر سالدى. غەرب جەمئىيىتىدىكى ئادەملەرنىڭ قەلبى دوست ئۈچۈن شاتلانمايدۇ. ھەمرالىرى ئۈچۈن دوستانە كۈلۈمسىرەپ بېقىشقا چولىسى تەگمەيدۇ. پەقەت ئۇلار ئالدىراشچىلىق، جىددىيچىلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. ئەمدى ئىسلامىيەت دۇنياسىدا شۇ ئىسلامنىڭ كەڭ تاشا مەنىۋى ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ ياشاۋاتقانلارنىڭ قەلبىدە ئۆز قېرىندىشى ئۈچۈن ئىنسانى مېھرى مۇھەببەت كۆكلىگەن. يەنە تېخى ئۇلار غەربلىكلەرنى قىزغىن مېھرى-مۇھەببەتكە، قېرىنداشلىققا، ئۆز-ئارا تونۇش ھاسىل قىلىشقا چاقىرغان. مانا بۇ ئىنسانىيەت چاقىرقىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرىدىغان ئۇلۇغ سادا.

ماددى ھايات ھەممە نەرسىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەشۇ ئەلدە ياشاش يۈسۈپ ئەسىئەتكە غانىمگە قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ ۋە يۈكى ئېشىپكەتكەن قوپ-قۇرۇق مادىي ئېقىمنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىگە غەرق بولۇپ كەتكەن شۇ ھاياتتىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئىسلام دىيارىدىكى ئەرەپ زېمىنغا بولغان ئىشتىياق ۋە سېغىنىش غەليان كۆتەرگەن. ئۇ ئەرەپ چېدىرلىرىدا تۇرمۇش

كۆچۈرۈشكە ئىنتىلگەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مېنىڭ قىسقىغىنا ئۆمرۈمنىڭ ھەممىسى ئەرەپلەرنىڭ قايسى بىر دۆڭلىرىدە ئۆتسە، **الله** ئەرەپ پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىدە بەرپا قىلغان دۇنيادىكى قىسقىغىنە ھاياتقا قارىتا **الله** غا ئەلۋەتتە ھەمدە ئېيتاتتىم، مەن غەرپتە راستىنلا بەك چارچاپ كەتتىم، ھەتتا ھېرىپ-چارچاش مېنى زېرىكتۈرۈۋەتتى. ماشىنا، ئايروپىلانلارنى ئېلىپ قېلىپ، ماڭا تۆگە بىلەن ئاتلارنى بېرىڭلار. غەربىي دۇنياسىنىڭ يەر، ئاسمان، دېڭىزلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، ماڭا ئەرەپ چېدىرلىرىنى بېرىڭلار. مەن ئۇنى لىۋان دۆڭلىرىنىڭ بېرىگە، بەردى قىرغاقلىرىغا، فۇرات ساھىللىرىغا، ئۇممان تۇپراقلىرىغا، سەئۇدى چۆللىرىگە، يەمەننىڭ ئادىمىزاتسىز بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا، ئەل-ئىھرامنىڭ تاغ باغرىلىرىغا، لىۋىيەنىڭ مۇنبەت تۇپراقلىرىغا تىكەي. ماڭا ئەرەپ چېدىرلىرىنى بېرىڭلار، مەن ئۇنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە قوياي يەنە بىر پەللىسىگە دۇنيانى قوياي، يەنىلا مەن پايدا ئالغۇچى».

كۆچمە ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدىكى بۇ سىمفونىيەنى ياڭرىتىدىغان تېكىستلەر ھەقىقەتەن كۆپ، ئۇنىڭدىن مۇنۇ ئىككىسىلا كۇپايە، ئۇنىڭ ھەربىرى مۇھاجىرلارنىڭ غەرپنىڭ ماددى ئالىمىدە يوقۇتۇپ قويغان تەشنالىقىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىسلامىيەت مېھرى-مۇھەببەت، قېرىنداشلىق، ھېسداشلىق ۋە كاپالەت نۇرىنى چاچقان شەرىق تۇپرىقىغا بولغان سېغىنىش ئىشتىياقلىرىنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەن ھېسيات قاراشلىرىغىچە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

ئىسلامىيەت قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆچرىششىنى ياخشى كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى ئۆز-ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق ئالاقىسىنى كۈچەيتىدىغان، مەرتلىك، سېخىلىق ئىچىدە نەپەس ئېلىشقا ئالدىراتقاندەك مۇسۇلمانغا، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى تەرك ئەتسە بولمايدىغان بىر مەجبۇرىيەت قىلدى. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار قېرىندىشىنىڭ چاقىرىقىغا لەببەي! دەپ تۇراتتى. بەلكى

قېرىندىشىغا جاۋاپ قايتۇرۇشنى، چاقىرغان يېرىگە بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت، شۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا سەل قاراشنى بولسا گۇناھ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئىمامى بۇخارىنىڭ ئادابۇل مۇفرەد دېگەن ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان زەييىد ئىبنى ئەنئەمىل ئافرىقىنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسى دەلىلدۇر، ئۇ مۇنداق دېگەن:

*«بىز مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا دېڭىز يۈرۈشىدە ئىدۇق، بىزنىڭ كېمىمىز ئەبى ئەييۇبىل ئەنسارىنىڭ كېمىسىگە قوشۇلۇپ قالدى. بىزنىڭ چۈشلۈك تامىقىمىز تەييار بولغاندا ئۇنىڭ قېشىغا چاقىرىپ كىلىشكە ئادەم ئەۋەتتۇق، ئۇ قېشىمىزغا كىلىپ: مىنى چاقىرتىپتىكەنسىلەر، گەرچە رۇزىدار بولساممۇ قېشىڭلارغا كەلمەي بولمىدى. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى ئۈستىدە ئالتە ھەققى بار، ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەرسىنى تاشلىۋەتسە، قېرىندىشىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرىنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ: قېرىندىشىغا ئۇچراپ قالسا سالام قىلىدۇ، چاقىرسا بارىدۇ، چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللا دىسە، يەرھەمەكوللا دەيدۇ، ئاغرىپ قالسا يوقلايدۇ، ئۆلۈپ كەتسە جىنازىسىغا قاتنىشىدۇ، سەمىمىيەت تەلەپ قىلسا سەمىمى بولىدۇ»* دىدى.

بەلكى ئۇلار قېرىندىشىنىڭ تەكلىۋىنى ئۆزرەسىز رەت قىلىش **الله** غا ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلىق دەيدۇ. مۇشۇ توغۇرلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«تاماقنىڭ ئەڭ يامىنى، كەلگەن كىشىگە بىرىلمەي، كەلگىلى خوشى يوق ئادەم چاقىرىلىدىغان توي تامىقىدۇ، كىمكى قېرىندىشىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلسا **الله** غا **الله** نىڭ پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئىمان قېرىنداشلىقى جار سېلىندىغان شۇ ئار ئەمەس، ئۇ ئىپلان قىلىش، داۋراڭ

سېلىش مەخسەت قىلىندىغان پەخىرمۇ ئەمەس، پەقەت قېرىنداشلىقنىڭ، قېرىنداشلىق بۇرچىنىڭ، ھەمكارلىششنىڭ ۋە قېرىنداشلىق ھەقلىرىنىڭ مۇقەددەس رىشتىسى. ئۇنى الله تەئەلاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقى ئىشەنگەن، ئىسلامىيەت بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلغان كىشىلا بىلەلەيدۇ. بىز بۇ ئىماننىڭ ئىزناسىنى ۋە بۇ خىزمەتنىڭ مۆۋسىنى، ئۆز دىنىنى دەپلا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارغا ئەنسارىلارنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى يەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتەك، ئىشلىردا كۆرۈۋالالايمىز. ئەينى چاغدا مۇھاجىرلار مەدىنىگە قورۇق قول بارغان، ئەنسارىلار ئۇلارغا ھەممە نەرسىنى تەقدىم ئەتكەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى مۇھاجىر قېرىندىشىغا مۇنداق دېگەن: بۇ مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم يېرىمىنى سەن ئال، بۇ ئىككىسى مېنىڭ ئايالىم، قارا ساڭا قايسى يارسا ماڭا ئىسمىنى دېگىن ئىددەتى چىققاندا ساڭا خوتۇن بولۇشى ئۈچۈن مەن تالاق قىلاي، مۇھاجىر قېرىنداشمۇ ئانسارى قېرىندىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىقراق قوبۇل قىلىپ: الله مال ـ مۈلكۈڭگە، خوتۇنۇڭغا بەركەت بەرسۇن، بۇنىڭ ھېچ قايسىسىغا مېنىڭ ھاجىتىم يوق، لېكىن مىنى بازار ئاپىرىپ قوي ئۆزۈم ئىشلەي دېگەن. ئەنسارىلار ئۆز ئۆيىدە كىچىك بالىسىنىڭ يېمەكلىكىدىن ئۆزگە ئۇزۇق ـ تۈلۈگى بولمىسىمۇ مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنى مېھمان قىلغان ئۆزىدىن ۋە خوتۇن بالىلىرىدىنمۇ ئۇلارنى ئەلا كۆرگەن. ئەنسارى ئايالىغا: بالاڭنى ئۇخلات، چىراقنى ئۆچۈر، ئېلىكىڭدە بارنى مېھمانغا ئېلىپ چىق ئۇنىڭ بىلەن داستىخاندا ئولتۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن تاماق يەۋاتقاندەك تەسىراتقا كەلتۈرەيلى ـ يۇ، بىز يېمەيلى دېگەن. ئۇلار داستىخاندا بىرگە ئولتۇرغىنى بىلەن مېھمان ئۆزى يالغۇز غىزالانغان، شۇ ئاخشىمى ئەنسارى ئەر ـ ئايال ئىككىسى توگۇلۇپلا دىگۈدەك ياتقان. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەنسارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«**الله** تەئەلا سىلەرنىڭ ئاخشام مېھمىنىڭلارغا قىلغان ئىشىڭلاردىن ئەجەپلەندى»* دېگەن. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەنسارىلارنىڭ مۇھاجىرلارنى قەدىرلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز مۈلكىگە ئۇلارنى تەڭ شېرىك قىلىشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇلار بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خورمىزارلىقىمىزنى بىز بىلەن قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا تەخسىملەپ بەرسىلە دەپ تەلەپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېگەندە، ئۇلار: *بىزنى ئاشلىق بىلەن ياردەم قىلىشتىن توسۇپ قالدىڭلار، سىلەرنى مېۋە-چېۋىلەردە بولسىمۇ شېرىك قىلايلى، دېگەندە مۇھاجىرلار: سۆزۈڭلارنى ئاڭلايمىز، ئىتائەت قىلىمىز دېگەن».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

مۇھاجىرلار ئەنسارىلارنىڭ قىلغانلىرىنى چوڭ كۆرۈپ كېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

*«ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!! بىز قول ئىلكىدە بارى ئاز بولسىمۇ ياردەم قىلىشتا ياخشى، كۆپ بولسا چىقىم قىلىش جەھەتتە ئەڭ ياخشى قەۋۇملەرنى كۆرۈپ باقمايتىكەنمىز، ئۇلار بىزنى جاپالىق ئىشلاردا توختۇتۇپ قويۇپ جاپا-مۇشەققەتسىز ئىشلاردا بىزنى شېرىك قىلدۇ، ھەتتا بىز ئەجرى-ساۋاپنىڭ ھەممىسنى ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمىز دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، ئۇلارنى مۇنداق ماختاپ كەتمەي ئۇلار ئۈچۈن **الله** غا دۇئا قىلىڭلار دېگەن».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەتتە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئەنسارىلارغا **الله** تەئەلانىڭ مەدھىسىلا يېتىپ ئاشىدۇ، ئەينى چاغدا ئۇلار ھەققىدە تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان ئايەت نازىل قىلدى، ئۇ ئايەت ھەرزامان ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرىنى ھىكايە قىلىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلار دىللاردىن بېخىللىق، پىخسىقلىق ئىللەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلاشتا ئەمىلى، جانلىق ئۆرنەك

بۇلۇپ قالغۇسى:

(ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارىلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتىدىن) ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر).

(سۈرە ھەشىرى 9 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىمدە ئەنسارىلارنىڭ پارلاق ئابىدىسى تەمەخورلۇقنىڭ، شەخسىيە تچىلىكنىڭ، بېخىللىقنىڭ، پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن ئادەملەر ئۈچۈن نۇرلۇق ماياك، مەشئەل چىراق بولۇپ ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە ئىنسانىيەتنى خەيرى ـ ساخاۋەتكە، قەۋىم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەتىنى ئۆز مەنپەتىدىن ئەلا كۆرۈشكە چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلارنى دوستلاشتۇرغاچ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۆز ئۈستىدىكى ئىمانى قېرىنداشلىقى بىكىتكەن مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇپ يەتكەن. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى ئۆز قېرىنداشلىرىغا ياخشى كۆرىدىغان ھەقىقى مۆئمىنلەردىن بولۇپ كەتكەن، ئۇلار خۇددى رەسۇلۇللادىن ئاڭلىغاندەك مۇھاجىر قېرىنداشلىرىدىن، ھېچ نىمىسىنى ئايىمىغان، بەلكى مۇھاجىر قېرىنداشلىرى ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ئاكتىپلىق بىلەن، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، كۆڭلى كۆكسىدىن چىقىرىپ تەقدىم ئەتكەن، ئۇلار ھىجرەتنىڭ تۇنجى يىلى ھېچقانداق تۇققاندارچىلىقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بايرىغىنى تىكلىگەن قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇھاجىرلارنى ئۆزىگە ۋارىس قىلغان، بۇنىڭغا ئىمامى بۇخارىنىڭ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسى دەلىل

بۇلىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دىگەن: مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دوستلاشتۇردى. قېرىنداشلىق ئۇچۇن ھېچ بىر تۇققانچىلىقى بولمىغان مۇھاجىرلار ئەنسارىلارغا ۋارىس بولدى:

(ئۇرۇق ـ تۇققانلار بىر ـ بىرىگە ۋارىس بولۇشقا لايىق) دىگەن ئايەت نازىل بولغاندا ۋارىسلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ياردەم، غەمخورلۇق، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى قىزغىنلىق ئەينەن ساقلىنىپ قالغان.

## دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇچۇن يوق يەردە دۇئا قىلىدۇ:

ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۇچۇنمۇ ياخشى كۆرىدىغان ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئۆز قېرىندىشى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ يوق يېرىدە ئۇلارغا دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ. دىدار كۆرۈشەلمەيدىغان دوستلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلغان دۇئاسىدا ساداقەتمەن دوستلارنىڭ يۈرەك تىۋىشى ئاڭلىنىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا قىلغان دۇئاسىدا بىر ياخشىلىق بولۇپ ئۇ ياخشىلىق ئۇنىڭ قېرىندىشىغا قىلغان دۇئاسىدا مۇھەببىتىنى كۈچەيتىپ، قەلبىدىكى پاك قېرىنداشلىق رىشتىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ھەقىقەتەن ئۇ بۇنداق دۇئانىڭ ئەڭ تېز ئىجابەت بۇلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەزمۇنلارنى تەكىتلەپ مۇنداق دىگەن:

*«ئەڭ تېز ئىجابەت بۇلىدىغان دۇئا كىشىنىڭ نەق مەيداندا يوق كىشىگە قىلغان دۇئاسى».*

(بۇ ھەدىسنى ئىمامى بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

شۇنىڭ ئۇچۇن رەسۇلى كەرىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇمەر رەزىيەللاھۇ

ئەنهۇ ئۆمرە ھەج قىلىشقا ئىجازەت سوراپ كەلگەندە ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان، ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

*« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆمرە ھەج قىلىشقا رۇخسەت سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئى قېرىندىشىم! دۇئايىڭدا بىزنى ئۇنۇتما» ئاندىن ئۇمەر: رەسۇلۇللا ماڭا دۇنيادا مىنى خۇرسەن قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلدى دىگەن».* (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇ مەزمۇن ساھابە كىرەملەرنىڭ قەلبىدە ئورۇنلىشىپلا قالغان، ئۇلار قېرىنداشلىرى دۇئا ئىجابەت بولىدىغانلا جايدا تۇرۇپ قالسا ئۇلاردىن ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان، مۇنداق قىلىشتا ئەر-ئايال ئوخشاش ئىدى. تارىخىمىزدىن ئەشۇ پارلاق ئاڭدىكى ھەر بىر جەمئىيەت سەۋىيەسىنىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىل پاكىتلارنىڭ جۈملىسىدىن، ئىمامى بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دىگەن ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان مۇنداق بىر ھەدىس بار:

ئابدۇللا مۇنداق دىدى: ئۇلارنىڭ قېشىغا شامغا كەلدىم، ئۆيدە دەردانىڭ ئانىسىنى كۆردۈم، دەردانىڭ ئاتىسىنى كۆرمىدىم، دەردانىڭ ئانىسى: ھەج قىلماقچىمۇ سىز؟ دىدى، مەن: شۇنداق ھەج قىلماقچى دىدىم، ئۇ: بىزگە ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى:

*«مۇسۇلمان ئادەمنىڭ نەق مەيداندا بولمىغان ئادەمگە قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر، ئۇنىڭ بېشىدا بىر پەرىشتە باركى، ئۇ ھەرقاچان قېرىندىشىغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلسا: ئى بەندە ساڭىمۇ تىلىگەن نەرسەڭنىڭ ئوخشىشى بولسۇن دەيدۇ».*

ئابدۇللا مۇنداق دىدى: مەن ئەبۇ دەردانى بازاردا ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇمۇ رەسۇلۇللادىن قالغان ئەشۇ سۆزنى قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلىرى ئىچىدە كوللىكتىپچانلىق روھىنى يېتىلدۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن غەيرى تۈيغۇلارنى تارقىتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھەرقانداق بىر مۇناسىۋەتتە، قېرىنداشلىقنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىشقا قاراتقان، شۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ كۆڭلىدە كۆزلەرنى توسىۋالىدىغان، ئەقىلنى ئېتىۋالىدىغان تارمەنىدىكى شەخسىيەت ۋە ئۆزۈمچىلىككە ئورۇن قالمىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ، مەن ئۈچۈن، مۇھەممەد ئۈچۈن ۋە بىزنىڭ بىرىمىز ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن دەپ دۇئا قىلغان ئادەمگە: «*ئۇنى كۆپچىلىكتىن ئايرىۋالدىڭ*» دېگەن، بۇ بىر جۈملە سۆزى كۆڭۈللەرگە ئۇمۇمى قېرىنداشلىق روھى يەتكۈزىدىغان ۋە شەخسىيەتچىلىك، ئۆزۈمچىلىك يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلايدىغان گەۋدىلىك تەربىيۋى ئۇسۇللىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئۇ ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆز قېرىنداشلىرىنى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى سۆيگۈچى، ئۇلارغا ئىخلاس قىلغۇچى، ئۇلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلغۇچى، ئۇلارنىڭ سەھۋەنلىك، كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا يول قويغۇچىدۇر، ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن چىقىشىپ، ياردەم قىلىشىپ ئۆتىدۇ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا رەنجىتمەيدۇ، ئۇلارغا بېخىللىق قىلمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، ۋاپا قىلىدۇكى، خىيانەت قىلمايدۇ. مۇسۇلماننىڭ مۇنداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئۇ راستىنلا ئىسلامىيەتنىڭ مۆجىزىسى، ئۇمۇ ئىسلامىيەت كۈتكەندەك مۇسۇلمان.

# 9 ـ مۇسۇلماننىڭ جەمئىيتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇسۇلمان ھاياتتا مەئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دىنىنىڭ ئىجتىمائى ئەھكاملىرىنى بىلگۈچىدۇر. مەجبۇرىيەت ئىگىلىرى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشىپ، ئارلىشىپ، مۇئامىلە قىلىشىپ ۋە ئۆز ـ ئارا ئىلىم ـ بېرىم قىلىشىپ ئۆتمىكى لازىمدۇر.

مۇسۇلمان ئادەم توغرا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئىگىلىگەنلىكى، ئىجتىمائى مۇئامىلە ساھەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىسىل، ئۇلۇغۋار ئىنسانى ئەخلاق پەزىلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى بىلەن يۇقۇرى ساپالىق جەمئىيەتكە مەنسۇپتۇر.

دىلىنى قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتى بىلەن يۇرۇتقان، پەيغەمبىرىمىز سۈننىتىنىڭ بۇلاقلىرىدىن تەشنالىقىنى قاندۇرغان مۇسۇلماننىڭ ئىجتىمائى ئوبرازى ھازىرقى زامان تۈزۈلمىلىرى ۋە قەدىمقى زامان پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلىرى تەسلىكتە بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجتىمائى ئوبرازلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى مىسلىسىز يېگانە ئوبرازدۇر.

ئۇ راستىنلا تەرەققى قىلغان ئىجتىمائى ئوبراز، ئۇ گۈزەل ئەخلاق توغۇرسىدا غايەت زور بىر توپلام بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدا توغرا دىنىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئىبارەت تېكىستلىرى سۆزلىنىدۇ ۋە دىنى جەھەتتە ئۆزلەشتۈرگەن ئادەم ساۋاپقا ئېرىشىدىغان، تەرىك ئەتكەن ئادەم جاۋاپكۇرلىققا تارتىلىدىغان ئەخلاق بارلىققا

كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن تەرەققى تاپقان پاك ـ دىيانەتلىك، يۇقۇرى ساپالىق جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ يېگانە ئۆلگىسى بولالايدىغان ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ئوبرازىنى تىكلەشكە تامامەن بولىدۇ.

بۇ تىكىستلەرنى ئۆز يولىدا تەتبىق قىلىدىغان ئىزدەنگۈچىلەر، شۇ تىكىستلەرنىڭ مولللىغىدىن، ئاما بايلىغىدىن، چېتىلىش دائىرسىنىڭ كەڭلىگىدىن ۋە ئۇنىڭ تولىمۇ نازۇكلىغىدىن ھەيران قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ھەر بىر تەرپىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدى ۋە ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئىرادە قىلغان پاك، پارلاق، يۈكسەك تەرەققىياتقا كۆرسەتمە بەردى. قاچانكى مۇسۇلماننىڭ قەلبىگە ئىسلامنىڭ ھەقىقتى ئورۇنلاشسا، ئۇنىڭ نۇرلۇق ھىدايىتى كۆڭلىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭسە، روھىغا ئىسلامىيەتنىڭ ئىزگۈلۈكى ئورۇنلاشسا شۇ تەرەققىياتقا ماسلىشىپ كىتەلىشىدە شەك يوق.

مۇسۇلماننىڭ ئىجتىمائى ئوبرازىنىڭ دۇرۇس بولىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائى ئىش ـ ئىزلىرىدا، كىشلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە الله نىڭ بەلگۈلىمىسىدە توختىيالىشى، تەقۋادار مۇسۇلمان ئۆزلەشتۈردىغان ئىجتىمائى ئەخلاق بىخ سۈرۈپ چىققىدىغان ئىسلامىيەت ئەقىدىسىنىڭ مۇشۇ چوڭ يىلتىزىدىندۇر، مۇشۇ مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىدە ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ باشقىلار بىلەن بولغام ئىجتىمائى ئالاقىسى تۈزىلىدۇ.

### سەممى راسچىلدۇر:

ئۇ بارلىق كىشلەر بىلەن سەممى راستچىل مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەبئىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئىسلامنىڭ ھىدايىتى، سەممى ساداقەتنىڭ، ئىسل

خىسلەتلەرنىڭ بېشى، گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئىگىسىنى جەننەتكە، تۈز يولغا باشلايدۇ. يالغانچىلىق بولسا گۇناھ مەسىيەتكە، دوزاخقا باشلايدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«راستچىللىق ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ، دائىم راست سۆزلەيدىغان ئادەم ھەتتا الله نىڭ دەرگاھىدىمۇ راستچىل دەپ يېزىلىدۇ، يالغانچىلىق بولسا گۇناھ-مەسىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، گۇناھ مەسىيەت دوزاخقا باشلايدۇ. داۋاملىق يالغان ئېيتىپلا يۈرىدىغان ئادەم الله نىڭ دەرگاھىدىمۇ يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇ ھەدىستە ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى، راستچىللىق ئۇنىڭ گەپ-سۆزى، ئىش-ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك، ئۇلۇغ مەرتىۋە ئىكەنلىكىنى ۋە ئادەمنىڭمۇ الله نىڭ ھوزۇرىدا راستچىل دەپ يېزىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئالدامچىلىق، ساختاپەزلىك قىلمايدۇ:

بۇ يۈكسەك مەرتىۋىگە يەتكەن مۇسۇلمان ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىق قىلمايدۇ، مانا بۇ راستچىللىق، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ئىنساپ ۋە ۋاپا كەبى ئىسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنىڭ تەلىۋى. پىكرى ئۆتكۈر ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ۋىجدانى ئالدامچىلىققا يول قويمايدۇ، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلمايدۇ. بەلكى ئۇنداق قىلمىشتىن يىرگىنىدۇ. ئەگەر مۇسۇلماننىڭ ئالدامچىلىق قىلغانلىقى بايقالسا

ئىسلامىيەت سىپىدىن ھەيدىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە شۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دىگەن:

*«كىمكى بىزگە قورال كۆتۈرسە ۋە بىزنى ئالدىسا ئۇنداق ئادەم بىزنىڭ سىپىمىزدىن ئەمەس».*

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايەتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردۆۋە ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كىتىۋىتىپ ئاشلىقنىڭ ئارىسىغا قولىنى تىقىپ ئاشلىقنىڭ تىگىدە ھۆل بارلىغىنى سىزىپ:

*«ھەي ئاشلىقنىڭ ئىگىسى! بۇ نىمە ئىش؟» دىگەن. ئاشلىقنىڭ ئىگىسى: ئۇنىڭغا يامغۇر تىگىپ قاپتۇ دىگەندە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا باشقىلارنىڭ كۆرەلىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ھۆللىرىنى ئاشلىقنىڭ ئۈستىگە ئىلىپ قويساڭ بولمامدۇ! كىمكى ئالدامچىلىق قىلسا مىنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس»* دىگەن.

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى مېھرى-مۇھەببەتنى قانات يايدۇردىغان، سەممىيەتنى ئومۇملاشتۇردىغان ۋە ئۆز ئەزالىرىگە راستچىللىق، ياخشىلىق، ۋاپادارلىقنى ئاساس قىلىدىغان جەمئىيەتتۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئالدامچى، ساختىپەز، كۆز بويامچى، ھىلىگەر، مەككۇرلارغا ئورۇن يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، كۆز بويامچىلىقنى قاتتىق ئەيىپلىگەن ۋە ئالدامچى، ساختىپەزلەرنى چەتكە قېقىشنى، دۇنيادا مۇسۇلمانلار توپىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى توختاتامىغان، بەلكى ھەر بىر ئالدامچى قىيامەت كۈنى ئالدامچىلىق بايرىغىنى كۆتۈرگەن ھالدا يىغىلىدۇ دەپ ئېلان قىلغان. مۇشۇ توغۇردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئالدامچىنىڭ بىردىن بايرىغى بولۇپ، بۇ پالانى ئالدامچى دىيىلىدۇ».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۆز كۆڭلىرىنى ساختىپەزلىك بىلەن ئۆتكۈزۈش نىمە دېگەن خېجىلچىلىق ـ ھە!، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەپتى ـ بەشرىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ، ئۇلار قوللىرىدا ئۆز بايرىقىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ خىجىلچىلىقى، رەسۇلۇللانى كۆرگەن، ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە الله تەئەلانىڭ ئۇلار بىلەن داۋالىشىدىغانلىقى ئېلان قىلغاندا تېخىمۇ ئاشىدۇ، چۈنكى ئۇلار ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆز ئىگىسىنى الله نىڭ رەھمىتىدىن، رەسۇلۇللانىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان چوڭ جىنايەت، ھەدىس قۇددىسىدا الله تەئەلا مۇنداق دېگەن:

*«قىيامەت كۈنى مەن ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بىلەن داۋالىشىمەن:1 ـ ماڭا ۋەدە بېرىپ قويۇپ ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم 2 ـ ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم 3 ـ بىراۋنى تۆلۈق ھەق بېرىشكە ئىشلىتىپ ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئەقلى ھوشى جايىدا، كۆڭۈل كۆزى ئوچۇق ھەقىقى مۇسۇلمان قانچىلىك پايدا ـ مەنپەئەت يېتىشىدىن قەتئى نەزەر ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىقتەك ناچار ئىللەتلەرگە يېقىن يولىمايدۇ. چۈنكى مۇنداق سۈپەت ئىگىلىرىنى ئىسلامىيەت مۇناپىقلار قاتارىدا سانىغان، ئېنىقكى مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ تېگىدە بولىدۇ. ئۇلارغا قىيامەت كۈنى ھېچ بىر ياردەم بەرگۈچى بولمايدۇ:

(مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (ئەڭ تېگىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازاپتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن). (سۈرە نىسا 145 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«تۆت تۈرلۈك ئىش بار، ئۇ كىمدە بولسا شۇ كىشى ساپ مۇناپىق بولىدۇ، ئەگەر*

*كىمدە شۇ تۆت ئىشتىن بىرسى بولسا، شۇ ئىشنى تاشلىۋەتكەنگە قەدەر ئۇ كىشىدە مۇناپىقنىڭ خىسلىتىدىن بىرسى ساقلانغان بولىدۇ: 1 ـ ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىش 2 ـ گەپ قىلسا يالغان سۆزلەش 3 ـ ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىش 4 ـ تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالسا سەت گەپ قىلىش».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

### ھەسەت قىلمايدۇ:

تەقۋادار مۇسۇلمانغا لايىق كەلمەيدىغان ناچار ئىللەتنىڭ بىرسى ھەسەت قىلىشتۇر. چۈنكى ھەسەت قىلىشتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، ھەسەت بىلەن ئىماننىڭ مۆئمىننىڭ قەلبىدە جەم بولمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان:

*«بەندىنىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن ھەسەت تەڭ ئورۇن تۇتمايدۇ».*

(ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان)

*زەمرە ئىبنى سەئلەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇركى، ئۇ مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:*

«ئادەملەر ھەسەت قىلىشمىسىلا ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ» دىدى.

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

قەلبىنى ساختىپەزلىكتىن، چىدىماسلىقتىن، ئەھدىگە رىئايە قىلماسلىق ۋە ئۆچ ئاداۋەتتىن پاك تۇتۇش ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ سۈپىتىدۇر. بۇ پاكلىق ئۆز ئىگىسىنى گەرچە ئۇ كېچىلىرى ناماز ئوقۇش، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشتەك ئىبادەتنى كۆپ قىلىدىغانلاردىن بولمىسىمۇ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئىمامى ئەھمەد ئۆزىنىڭ توغرا لىنيەسى بىلەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر

ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن:بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ھازىر سىلەرگە جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئادەم چىقىپ كېلىدۇ». دېدى. دېگەندەك ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ساقىلىدىن تاھارەت سۈيى تامچىلىۋاتقان ھالدا چىقىپ كەلدى، ئۇ سول قولىدا كەشىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى، ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە شۇ گەپنى قىلدى، دېگەندەك ئاۋالقى قېتىمغا ئوپمۇ-ئوخشاش بىركىشى چىقىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىۋىدى، ھېلىقى ئادەمگە ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگىشىپ مېڭىپ: مەن ئاتام بىلەن ئازراق ئازارلىشىپ قالغان، ئەگەر خالىساڭ يېنىڭدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ تۇرسام چۇنكى مەن ئاتامنىڭ قېشىغا ئۈچ كۈنگىچە كىرمەسلىككە قەسەم قىلغان دىدى. ھېلىقى كىشى ماقۇل بولدى، ئەنەس مۇنداق دىدى: ئابدۇللا ئۇ كىشى بىلەن ئۈچ كۈن بىرگە تۇرۇش جەريانىدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ۋە ئۇخلاشقا ياتقاندا الله تەئەلانى ياد ئەتكەن ۋە تەكبىر ئېيتقاندىن باشقا كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە بىرەر ئىش قىلغانلىقىنى كۆرمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ئابدۇللا: مەن ياخشىلىقتىن ئۆزگىنى ئاڭلىمىدىم، ئۈچ كۈنمۇ توشۇپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ قىلغان ئەمىلىنى كۆزۈمگە ئىلمىغىلى تاس قالدىم، مەن ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ بەندىسى! مەن ئاتام بىلەن ئاچچىقلىشىپ تاشلىشىپمۇ كەتمىگەن، لىكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ قېتىم: «ھازىر قېشىڭلارغا جەننەت ئەھلىدىن بىرىس چىقىپ كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۈچىلى قېتىم سەن چىقىپ كەلدىڭ، مەن ساڭا ھەمراھ بولۇپ قىلغان ئىشلىرىڭنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ساڭا ئەگەشتىم، بىراق سىنىڭ بىرەر چوڭ ئىش قىلغىنىڭنى كۆرمىدىم. رەسۇلۇللانىڭ دېگىنىگە سىنى قايسى ئىش يەتكۈزدىكىنە؟ دىسەم، ئۇ سىنىڭ كۆرگەنلىرىڭ شۇ دىدى، مەن كېتەي دەپ مېڭىشىمغا ئۇ مىنى

*چاقىرىپ ئۇ ئىشنى كۆردۈك، مەن ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمانلار بىر كىشىگە الله بەرگەن ياخشىلىققا ھەسەت قىلمايمەن دېدى. ئابدۇللا مۇنداق دېدى: سېنى شۇ مەرتىۋىگە يەتكۈزگەن، بىراق دەپ بەرمىگەن ئىش شۇ».*

بۇ ھەدىس ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى تەقدىرىنى بىكىتىشتە ۋە الله نىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، قىلغان ئىشنىڭ ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىنىشىدا قەلبىنىڭ ئۆچ ئاداۋەتتىن، ھەسەت ـ كۆرەلمەسلىكتىن پاك بولۇشى، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ۋاپاسىزلىقتىن يىراق بولۇش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەسەر ئازغىنە ئىبادەت قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ پاك، ئۇچۇق ـ يورۇقلىقىنى ۋە باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكى بىلەن جەننەتكە كىرگەن بۇ ئادەمنىڭ سىيلىشتۇر مىسىنى تولىمۇ ئۇچۇق ئاشكارلاپ بېرىدۇ. رەسۇلۇللادىن كېچىسى ناماز ئوقۇيدىغان، كۈندۈزى روزى تۇتىدىغان، ئەمما قوشنىسىغا ئازار بېرىدىغان بىر ئايال توغۇرلۇق سورالغاندا:

*«ئۇ ئايالنىڭ قىلغانلىرىدا ھېچ مەنپەئەت يوق ئۇ ئەھلى دوزىخى» دېگەن.*

(ئىمامى بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

بۇ ھەدىستىن بىر ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى، قىلغان ئەمىلىنىڭ ئاز ـ كۆپلىگى بىلەن ئەمەس بەلكى كۆڭلىنىڭ ياخشى ـ يامانلىغى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. چۈنكى ئۆزىنى ئىسلامىيەتنىڭ تارازىسىدا دائىم ئۆلچەپ تۇرىدىغان ئادەم گەرچە قىلغان ئەملى ئاز بولسىمۇ قەلبى ئالدامچىلىقتىن، ۋاپاسىزلىقتىن، چىدىماسلىقتىن، ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن خالى، راستچىل ياخشى ئادەمدۇر. قىلغان ئىبادىتى گەرچە ئاز بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ مىسالى ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلىشىدىكى ياخشى كىرىشكەن پاك بىرتال قىشنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، قەلبى باشقىلاردىن نەپرەتلىنىشكە ئۇلارنى كۆرەلمەسلىككە، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، كۆڭلىنى

چىگىشتەك ناچار قىلىقلارغا تۇتۇلۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىسالىغا كەلسەك، ئۇنداق كىشى گەرچە قىلغان ئەمەل ئىبادىتى ھەرقانچە كۆپ بولۇپ كەتكەن بىلەنمۇ، ئىسلامىيەت تارازىسىدا ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرمىگەچ جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يارىماس، بۇزۇق بىر كىسەكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. بەزى چاغلاردا بۇنداقلار، شۇ بىنانىڭ گۇمران بولۇشىغا سەۋەپ بولۇپمۇ قالىدۇ. ئىسلامنىڭ كۆتكەن يىرىدىن چىقالايدىغان ھەقىقى نەمۇنىچى مۇسۇلمان ئىبادەتنىڭ ياخشىسىنى، كۆڭلىنىڭ پاكلىقىنى ۋە گۈزەل مۇئامىلىلەرنى جەملىيە لەيدىغان كىشى شۇ. ئۇنىڭ ئىچى تېشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ ۋە قىلغان گەپ سۆزىنى ئەمىلىيەت ئىسپاتلايدۇ. نەتىجىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمانلاردىن خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئۆز-ئارا بىر-بىرسىنى چىگىتىپ مۇستەھكەم بىنالاردەك»* دەپ تەسۋىرلەپ بەرگەندەك ئىسلامىيەتنىڭ تۇغرا، كۈچلۈك جەمئىيتى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتكە **الله** نىڭ ۋەزىپىسىنى يەتكۈزىدىغان پاك، تەرەققى تاپقان، مۇقۇملۇقا ئىگە بىر جەمئىيەتتۇر.

## سەممى ئاق كۆڭۈل:

ھەقىقى مۇسۇلمان ناچار ئىللەتلەرنى يوقتۇرۇۋالمايدۇ. بەلكى مۇسۇلمان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىجابى ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇختۇرغاندەك، ئۆز دىنىنىڭ سەممى ساداقەتنىڭ ئۆز ئەينى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكتىن ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن ئۆز جەمئىيتىدە سەممى ساداقەتمەنلىك، ئەخلاقى بار.

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىن سەممى ساداقەت دىمەكتۇر» دىدى. بىز: كىم*

*ئۆچۈن دىدۇق؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ﷲ، ﷲ نىڭ كىتابى قۇرئان ۋە ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى شۇنداقلا بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆچۈن» دىدى.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئۇلۇغ ساھابە ـ كىرەملەر رەسۇلۇللاغا ناماز ئوقۇش، زاكات بىرىش، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆچۈن سەممى بولۇشقا ۋەدە بىرىشكەندى. بۇنىڭغا جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ئىسپات بولالايدۇ:

مەن: *«رەسۇلۇللاغا ناماز ئوقۇش، زاكات بىرىش، ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆچۈن سەممى مۇئامىلىدە بولۇشقا ۋەدە بەردىم».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇ ئۇلۇغ ساھابىنىڭ رەسۇلۇللاغا بەرگەن ۋەدە ـ قەسىمىدە سەممىيەتنىڭ ناماز ۋە زاكات بىلەن ئورۇنداش بولۇپ كىلىشى، شۇ سەممىيەتنىڭ مۇسۇلماننىڭ ئەمەل تارازىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنى بىكىتىشتە ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىغا شاھىتتۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ، ساداقەتمەن، تەقۋادار ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋەتنىڭ خەيرلىك بولۇشىغا قىزىقىدىغان مۇسۇلماننىڭ ئەسلى ئەخلاقى.

سەممىيلىك مۇسۇلماننىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن بولغاچقا ئۇنىڭ قىممىتى مۇسۇلماننىڭ ئاخىرەتتىكى تەقدىرىنى بىكىتىشتە تېخمۇ ئاشىدۇ. ئۇ راستىنلا ئەبەدىلىك جەننەتنىڭ ئاچقۇچى، ئەگەر ئۇنى مۇسۇلمان دۇنيادا ئۆزىگە ھەمرا قىلمايدىكەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرەلىشىدە ئۈمىد يوق، مۇشۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«ﷲ تەئەلا بىرەر بەندىنى قول ئاستىدىكىلەرگە قاراشقا مەسئۇل قىلسا، ئۇ بەندە ئۆز مەسئۇلىيىتىگە كۆز بويامچىلىق قىلىپ دۇنيادىن كەتسە، ﷲ ئۇ كىشىگە*

*جەننەتنى ھارام قىلىدۇ».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە بىر رىۋايەتتە:

*«ئۆز مەسئۇلىيىتىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئادا قىلمىسا ئۇ جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ تاپالمايدۇ»* دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە:

*«بىرەر ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا باش تۇرۇپ ئۇلار ئۇچۇن قەيسەرلىك، سەمىمىيلىك بىلەن ئىشلىمىسە، ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»* دېيىلگەن.

قاراڭ ئىسلامدىكى ئەمەلدارنىڭ مەسئۇلىيىتى نىمە دېگەن چوڭ ھە! مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا باش بولغان ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىچۇ تېخى! ۋە ئۆز تەۋەلىكىدىكىلەر ئۈچۈن سەمىمى ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىشنىڭ شۇ مەسئۇل خادىمنىڭ تەقدىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى نىمە دېگەن زور ھە! ئەگەر كۆز ئالدىمىزغا، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: *«سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىر پادىچى سىلەر، ھەر بىرىڭلاردىن ئۆز پادىسى توغۇرلۇق مەسئۇلىيىتى سورۇشتە قىلىنىدۇ»* دەپ بېكىتىپ بەرگەن مەسئۇلىيەت كەلسە، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئالەم شۇمۇل مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇشۇ ئىلاھى پىرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەقىقى ئىسلام جەمئىيىتى ئەڭ تەرەققى قىلغان ۋە خاتىرجەملىك، پاكلىق، گۈزەل ئەخلاق ئەڭ كۆپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدۇر.

## ۋەدىگە ۋاپا قىلغۇچىدۇر:

قەلبى تەشنالىقىنى ئىسلامنىڭ ھىدايىتىدىن قاندۇرغان ھەقىقى مۇسۇلمان

ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشتەك سۈيۈملۈك ئىجابى ئەخلاقنىمۇ ئۆزلەشتۈرىدۇ. بىز بۇ ئەخلاقنى ئىنساننىڭ ئۆز جەمئىيىتىدە مۇۋاپىقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى ۋە ئىنسانىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى، ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ۋە ئىجتىمائى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى دېسەك قىلچىلىك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

مۇسۇلمان ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تەرەققى قىلغان تىپىدىندۇر. بەلكى ھەقىقى مۇسۇلمان بولغانلىق جەھەتتىن تامامەن ئۇلارنىڭ ئەڭ يۈكسەلگەنلىرىدىندۇر. چۈنكى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىسلامىيەتنىڭ ئەسلى ئەخلاقى، مۇسۇلمان ئىمانىنىڭ دۇرۇسلىغى، ئىسلامى ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىقىغا ئەڭ كۈچلۈك پاكىت، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار. شۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەخلاق بىلەن قۇراللىنىشقا قىزىقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغۇچىلارغا قاتتىق تەھدىت سالىدۇ ۋە ئۇنداق قىلىشنىڭ مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

(ئى مۆئمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى الله بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار).

(سۈرە مائىدە 1 ـ ئايەت).

(ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراقىا قىلىنىسىلەر).

(سۈرە ئىسرا 34 ـ ئايەت)

ئەھدە دېگەن بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلار قىلىۋاتقاندەك بىرەرسىگە بىرىپ قويۇپ مەسئۇللىقنى تونىمايدىغان قۇشنىڭ سۆزى ئەمەس. شۈبھىسىزكى ئۇ ۋاپا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى سورۇشتۇرلىدىغان مەسئۇلىيەتتۇر.

(سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، الله نىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىڭلار).

(سۈرە نەھل 91 ـ ئايەت)

ئۇ الله نىڭ ئۆزىگە قوشۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ئەھدىسى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى ھۆرمەتلەش، چوڭ بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش لازىم.

(ئى مۆئمىنلەر! سىلەر نىمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نىمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشلارنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان ئىش تۇر) ). (سۈرە سەپ 2 ـ ئايەت)

ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئۆزىنى قاچۇرۇش، الله ئۆزىنىڭ مۆئمىن بەندىلىرى ئۈچۈن ياقتۇرمايدىغان ئەڭ چوڭ نەپرەتلىك ئىشدۇر ۋە ئۇنداق ئىشنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئايەتتە كەلگەن سۈئالدا ۋاپادار مۆئمىن قىلىشتىن خىجىل بولىدىغان يامان ئىش ئىكەنلىكى مەخپى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ دۇر: سۆزلىسە يالغان ئېيتىش، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىش، ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىش».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە بىر رىۋايەتتە:

*«روزا تۇتسا، ناماز ئوقۇسا، ئۇنى مۇسۇلمان چىقى دەپ ئويلايدۇ»* دىگەن.

نوقۇل روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەر يۇقاردا ئېيتىلغاندەك بىر ئادەمنىڭ ئىسلامى ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىدىن دىرەك بەرمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئىسلام تەلىماتلىرى بىلەن بىردەملىك ھاياجانلانغانلىقلا بولىدۇ خالاس. ئەكسىچە ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋۇجۇدىغا سىڭگەن، ئۆزىدىن

ئىسلامچە ئەخلاقنىڭ خوش ھىدى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەمنى الله نىڭ توختاتقان يېرىدە توختايدىغانلىغى، الله بۇيرۇقلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلالايدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

بۇنىڭدىن ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىن يالغانچىلىق، ۋەدىگە، توختام-كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتەك، ناچار ئىللەتلەرنىڭ تېپىلمايدىغانلىقىنى كۆرۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىن يالغانچىلىق، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، توختام كېلىشىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك ئىشلار تېپىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ يۇقارقىدەك قىلمىشلارنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئەخلاقى بولۇپ پەقەت مۇناپىقلاردىلا تېپىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىلىپ قېلىڭلاركى ئۇ، ھۆنەرۋەن، كاسىپلاردا كۆپ كۆرىلىدىغان ھەقىقەتتۇر، ئۇلار باشقىلارغا ئىشنى بەلگۈلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئورۇنداپ بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ- يۇ بىراق يەنە بىلىپ تۇرۇپ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك باشقىلار ئامانەت قويغان مال-مۈلۈك، سىر-مەخپىيەتلىكلەرگە خىيانەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناماز ئوقۇسىمۇ، روزا تۇتسىمۇ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئويلىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلار سېپىدىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويسۇن! مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىغا تاشلىنىدۇ.

## گۈزەل ئەخلاقلىقدۇر:

*ھەقىقى مۇسۇلمان ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگەشكەنلىكتىن گەپ-سۆزى يۇمشاق، مۇلايىم،*

*سىلىق، سىپايە ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق كىلىدۇ.*

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى مۇلازىمى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغانىدەك ئەخلاق جەھەتتە ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقارقى سۆزىدە قىلچىلىك ئاشۇرۇۋەتكەن ياكى رەسۇلۇللاھنى قالتىس ياخشى كۆرگەچ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن ئەمەس ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، گۈزەل ئەخلاقىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان. بىز بۇنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزىگە تاشلاپ بېرەيلى. ئۇ رەسۇلۇللانىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

*«مەن رەسۇلۇللاغا 20 يىل خىزمەت قىلدىم، بۇ جەريانىدا مەن بىرەر قېتىم «جىك ئا....ي» دىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ باقمىدىم ۋە مەن بىرەر ئىشنى قىلسام ئۇ نىمىشقا مۇنداق قىلدىڭ؟ دەپ باقمىدى، ئەگەر بەزى ئىشلارنى قىلمىسام، نىمىشقا قىلمىدىڭ؟ دىمىدى»*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىگەندەك سەت، بىمەنە گەپ-سۆزلەرنى قىلغۇچى ئەمەس، قىلىنغۇچىمۇ ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىرلىگە:

*«ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئەخلاق جەھەتتە ياخشى بولغىنىڭلار دۇر»* دەپ تۇراتتى. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*يەنە مۇنداق دىگەن:*

«بىمەنە گەپ-سۆز، تېتىقسىز ئىش-ھەركەت ئىسلامدىن ئەمەس، راستىنلا ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئەخلاق جەھەتتە ياخشى بولغانلىرىدۇر».

(تبرانى رىۋايەت قىلغان)

يەنە مۇنداق دىگەن:

*«ماڭا ئەڭ سۈيۈملۈكلىرىڭلار، قىيامەت كۈنى ئورۇن جەھەتتە ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلىرىڭلار ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ ياخشىلىڭلاردۇر، ماڭا ئەڭ ئۆچ كۆرىلىدىغىنىڭلار ۋە ماڭا ئەڭ يىراق تۇرىدىغىنىڭلار، تولا گەپ قىلىدىغان، كىشىلەرگە ئۆزۈڭدىن ۋەزخانلىق قىلغۇچىلار ۋە ھاكاۋۇرلاردۇر».*

(ترمىزى رىۋايەت قىلغان)

ئۇلۇغ ساھابە كەرىملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكسەك ئەخلاق تەربىيىسىگە قوۇلاق سالاتتى ۋە رەسۇلۇللانىڭ كىشلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى يۇقىرى ئاخلاق ساپاسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەتتى-دە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلاتتى، قىلغان ئىشلىرنى ئۆرنەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغان ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولىمۇ مۇلايىم ئىدى، ئۇنىڭ قېشىغا بىركىشى كىلىپ بىر نەرسە سورىسا شۇ كىشىگە ۋەدە بىرەتتى، ئەگەر قول ئىلكىدە بولسا ئۇ كىشىگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى بىرەتتى، نامازغا تەكبىر ئېيتىلدى، بىر ئەئرابى كىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياقىسغا ئېسىلىپ مىنىڭ ئازراق ئىشىم قالغان، ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھاجىتىنى تۈگىتىشكە تۇتۇش قىلدى، ئىشنى تۈگىتىپ ئاندىن نامازغا تۇردى».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەئرابىنىڭ(كۆچمەن ئەرەپ)

سۆزنى ئاڭلاشتىن ۋە ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشتىن ئۇڭايسىزلانمىغان، ئۇكىشىنىڭ ياقىسغا ئېسىلغىنىغا قەلبى سىقىلمىغان، نامازدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھاجىتىنى ئورۇنلاشقا تۇتۇنغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاق جەمئىيىتى بەرپا قىلاتتى. مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ ئەمەلى ھەركىتى ئارقىلىق مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشى بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىغىنى ئۆگىتەتتى، ئۇلارغا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە باب كېلىدىغان ئەخلاق تۈزۈملەرنى بېكىتىپ بېرەتتى.

غەيرى مۇسۇلمانلاردىكى گۈزەل ئەخلاق تەلىم تەربىيەنىڭ ياخشىلىقىغا، ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ساغلاملىقىغا، ئاڭ ـ ساپانىڭ يۇقۇرلىقىغا بېرىپ تاقالسا مۇسۇلمانلاردىكى گۈزەل ئەخلاق ھەممىدىن بۇرۇن شۇ گۈزەل ئەخلاقنى مۇسۇلمان شەخسلەردىكى ئەسلى خاراكتىر قىلىپ يېتىلدۈرگەن دىنىنىڭ ھىدايىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. گۈزەل ئەخلاق دۇنيادا مۇسۇلماننىڭ ئورنىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ ئاخىرەتتە تارازىسىنى باسىدۇ. چۈنكى ھساپ كۈنى تارازىسىدا مۆمىنىنىڭ ئەخلاقىدىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان بىرەر ئەمەل بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

*«قىيامەت كۈنى مۆمىنىڭ تارازىسدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان بىرەر ئىش يوق، الله تەئەلا ناچار قىلىقنى راستىنلا يامان كۆرىدۇ».*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

*ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغان ئادەمنى الله تەئەلاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان نامزات قىلىپ كۆرسەتتى چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرى، ئىمان جەھەتتە ئادەملەرنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى ئىدى. مۇشۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«مۆئمىنلەرنىڭ ئىمان جەھەتتە ئەڭ مۇكەممىلى، ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ ياخشى بولغانلىرى». *(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)*

ئۇسامە ئىبنى شەرىك مۇنداق دېگەن:

*«بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، خۇددى بېشىمىزدا بىرەر قۇش باردەك ئارىمىزدا ھېچ كىم گەپ ـ سۆز قىلمىدى، شۇ ئارىدا بىر بۆلۈك ئادەملەر كېلىپ: الله نىڭ بەندىلىرىدىن* **الله** *غا كىملەر ئەڭ سۆيۈملۈك؟* دېدى، پەيغەمبەر *ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغانلىرى»* دېدى.

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

ئەخلاقى ئەڭ ياخشى ئادەملەرنىڭ **الله** تەئالاغا ئەڭ ياخشى كۆرلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ئىسلام شەرىئىتىدە ئۇلۇغ ئىشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك گۈزەل ئەخلاق قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ تارازىسىغا سېلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئېغىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ ئىككى چوڭ ئاساسى بولغان ناماز بىلەن روزىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«تارازىغا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق بىر نەرسە قويۇلمايدۇ، شۈبھىسىزكى گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ئۆز ئىگىسىنى روزىنىڭ، نامازنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ».*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

يەنە بىر رىۋايەتتە:

*«چوقۇمكى بەندە گۈزەل ئەخلاق بىلەن نامازنىڭ روزىنىڭ دەرىجىسىنى تاپىدۇ»* دېيىلگەن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ ساھابىلىرىگە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆپ تەكىتلەيتتى، ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى بېزەشكە رىغبەتلەندۈرەتتى ۋە ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئۆزىنىڭ گەپ ـ سۆز ئىش ھەرىكەتلىرىدە گۈزەل ئەخلاقنى ئۇلارغا ياخشى كۆرسىتەتتى، ئۇنىڭ

ئەبۇزەرگە دىگەن تۆۋەندىكى سۆزى شۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر:

*«ئى! ئەبۇزەر مەن ساڭا قىلماققا ئىنتايىن ئاسان، باشقا ئىشلارغا قارىغاندا تارازىدا ئەڭ ئىغىر ئىككى خىسلەتنى دەپ بىرەيمۇ؟ دىدى. ئەبۇزەر: بۇلىدۇ، دەپ بەرسىلە ئى! رەسۇلۇللا دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە كەم سۆز بول، الله بىلەن قەسەمكى ئادەملەر مۇشۇ ئىككى ئىشنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرمەي گۈزەل بولالمايدۇ»*

(ئەبۇ يەئىلا، تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دىيىلگەن:

*«گۈزەل ئەخلاق، بەخىت ـ سائادەت ئىلىپ كىلىدۇ، ناچار ئەخلاق بەختىسىزلىك ئىلىپ كىلىدۇ، ياخشىلىق ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، سەدىقە ئىچىنىشلىق ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىدۇ»*.

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام :

*«ئى الله! جىسمىمنى چىرايلىق ياراتقاندەك، ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن»*. دەپ دۇئا قىلاتتى. (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام الله دىن گۈزەل ئەخلاق تىلەپ دۇئا قىلدى، الله تەئەلا ئۇنى: ((ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن) دىدى.

(سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاققا تولىمۇ ئەھمىيەت بىرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭمۇ قانچىلىك ئەخلاقلىق بولۇپ كىتىشىدىن قەتئى نەزەر خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرى الله دىن شۇ دۇئاسى بىلەن تىخىمۇ ئەخلاقنى زىيادە قىلىپ بىرىشنى تىلىگەنىدەك، ئەخلاقنىڭ زىيادە

بۇلىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا بەكلا قىزىقىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. گۈزەل ئەخلاق بىر ئابىستراكىت ئاتالغۇ بولۇپ ئۇنىڭ ئاستىغا ئىنسانىيەتنى گۈزەللەشتۈرىدىغان، پاكلايدىغان، شان ـ شەرىپىنى ئۆستۈرىدىغان، ھايالىق، مۇلايىم، سىلىق ـ سىپايە، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، خۇش ـ خۇي، راستچىل، ئىشەنچلىك، سەمىمى، ئاق كۆڭۈل بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئىسىل ئەخلاقلارغا ئوخشاش، گۈزەل ئىسىل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسى كىرىپ كېتىدۇ.

بىراق ئىسلامدىكى ئىجتىمائى ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئالاقىدار يول ـ يورۇق، پىرىنسىپلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى، ئۇزىنى بۇ يۈكسەك ئىجتىمائى ئەخلاقلارنىڭ رىغبەتلەندۈرگۈچىسى بولغان زور بىر تۈركۈم تېكىستلەرنىڭ ئالدىدا كۆرىدۇ، شۇ تېكىستلەرنىڭ ھەر بىرى ئىسلامىيەتنىڭ مۇسۇلمان شەخسنىڭ ئىجتىمائى ئوبرازىنى تولىمۇ ئىنچىكە، مۇكەممەل بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئاجايىپ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىسلامىيەت بىر تۈرلۈك ئۇمۇملۇق بىلەنلا توختۇلۇپ قالماي ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەل ئىجتىمائى ئوبرازنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھەر بىر ئەدەپ ـ ئەخلاق تۈركۈملىرى ئۈستىدە تەپسىلى توختىلىدۇ ۋە بۇ كەڭ ئومۇملىق بۇ دىن پىرىنسىپ يول ـ يورۇقلىرى ئاساسىدىلا تولۇقلىنىدۇ.

تەتقىقاتچىلارنىڭ بارلىق تېكىستلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرلەپ توختۇلۇشى، شۇ تېكىستلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆرسەتمە يول ـ يورۇق ۋە تۈزۈملەرنى تەقۋادار، ئاڭلىق، مۇسۇلمان ئۇنىڭ بىلەن پەرىقلىنىپ تۇرىدىغان يۈكسەلگەن ئىجتىمائى ئوبرازنى يورىتىپ بېرىشى ئۈچۈن بىر ـ بىرلەپ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى يوق، بىز يۇقاردا ئۆزىدىنىڭ كۆرسەتمىسىنى بويىلاپ ماڭىدىغان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقلىنى ئىجرا قىلىپ توسقانلىرىدىن يانىدىغان مۇسۇلماننىڭ ئوبرازىنى يورىتىپ بېرىدىغان ۋە بىزلەرگە ئۆز ـ ئارا چىن ـ ساداقەتمەن، ۋاپادار، سەمىمى، ئاق ـ كۆڭۈل،

كۆڭلى كۆكسى كەڭ، ھەقىقى مۇسۇلمانلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قىسمەن مەزمۇلار ئۈستىدە توختالدۇق.

ھېلىمۇ بىز مۇسۇلماننىڭ ئىجتىمائى ئوبرازىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە ئوخشىمىغان تەرەپلەردە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كىملىكىنى بەلگۈلەپ بېرىدىغان كۆپلىگەن مەزمۇنلار ئۈستىدە كىتىپ بارىمىز. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى:

## ھايالىقدۇر:

ھەقىقى مۇسۇلمان ھايادا يۈكسەك ئۈلگە بەرپا قىلغان، پەيغەمبەرىمىز ئاساس سالغان ھايا بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەكراق ھايالىق ئىدى، ئەگەر ئۇ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىرەر ناشايان ئىشنى بىرنى كۆرۈپ قالسا بىز ئۇنى رەسۇلۇللانىڭ چىرايىدىن بىلىۋالالايتتۇق»*. دىگەن سۆزى ئىسپات بولالايدۇ.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ھايا دىگەن ئالىملار تونۇشتۇرغاندەك داۋاملىق ناچار قىلىقلارنى تەرك ئېتىشكە ئۈندەيدىغان بىر تۈرلۈك ئىسىل ئەخلاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر قانچە ھەدىسىدە مەدھىلىگەن ۋە ئۇنى ئۆز ئىگىسگە، ياشاۋاتقان جەمئىيىتىگە ئېلىپ كىلىدىغان ياخشىلىقلىرنى ئوتتۇرغا قويغان. ئىمران ئىبنى ھۆسەييىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىگەن:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايا دىگەن پەقەت ياخشىلىقلا كەلتۈرىدۇ»*. دىدى.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:

*«ھايانىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر دېگەن»*

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«ئىمان 60 نەچچە ياكى 70نەچچە شاخچە بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى* **الله** *دىن ئۆزگە ھېچ مەبۇد يوق دېگەن سۆزدۇر. ئەڭ تۆۋىنى يولدىن توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاش، ھايا قىلىشمۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر»* دېگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ساداقەتمەن ئەقىللىق، سەزگۈلىرى جايىدا ھەقىقى مۇسۇلماندىن باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان ئېتىقىسىز قىلىقلار سادىر بولمايدۇ، ھېچ بىر كىشىنىڭ ھەققىنى كېمەيتمەيدۇ.

چۈنكى مۇسۇلماندىكى ھايا قىلىش ئەخلاقى مۇسۇلماننى ناچار قىلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن توسۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنى بىمەنە، ئېتىقىسىزلىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ھايا دېمەك ئادەملەردىنلا خىجىل بولۇشلا ئەمەس، بەلكى **الله** دىنمۇ تەپ تارتىش، ئۇيۇلۇش دېمەكتۇر. چۈنكى ھايا قىلىشمۇ ئىماننىڭ شاخچىلىرىدىن بىر شاخچىدۇر. ئۇ ھايالىق ئادەملەرلا يېتەلەيدىغان تەرەققىيات باسقۇچى، ھايا **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشكە باغلانغان مۇسۇلمان ئادەمنى مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن ئالاھىدە پەرىقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر تۈرلۈك ئېسىل ئەخلاق. چۈنكى ئۇ خىيانەت قىلىشتىن ئۇيىلىدىغان نومۇسچان، ۋىجدانلىق ئادەملەردە بولىدۇ. ئۇ پەقەتلا كۆز ئالدىمىزدىكى ئوچۇق ئاشكارە نەرسىلەرنىلا بىلەلەيدىغان ئادەملەردىن خىجىل بولۇشتىن ئىلگىرى بارلىق سىر مەخپىيەتلەرنى تولۇق بىلگۈچى **الله** دىن ھايا قىلىشتۇر. بۇ خىلدىكى **الله** دىن ھايا قىلىش، مۇسۇلمانلار ئەخلاقى بىلەن غەيرى

مۇسۇلمانلار ئەخلاقىنى پەرقلەندۇر- گۈچىدۇر.

## كىشىلەرگە سىلىق- سىپايە مۇئامىلە قىلىدۇ:

ھەقىقى مۇسۇلمان باشقىلار بىلەن مۇلايىم، قىزغىن، دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇ جەھەتتىكى مۇلايىملىق، قىزغىنلىق، گۈزەللىك، دوستانىلىق، چىدامچانلىق، سەۋرچانلىق مەدھىلىنىدۇ. چۈنكى ئىللىقلىق، مۇلايىملىق، سەۋرچانلىق، مەدھىلىنىشكە ئەرزىيدىغان ياخشى خىسلەت ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلەردە بولۇشىنى **الله** ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەن ئادەم خۇش- پېئىللىقنى، مۇلايىملىقنى، چىچەن سەزگۈرلۈكنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، باشقىلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

(ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئەدەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ ۋە بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نىسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ). (سۈرە فۇسسىلەت 34 ـ ئايەت)

*مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدىغان شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئومۇملاشتۇرۇشقا لايىق كېلىدىغانلىقىنى ۋە شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانىڭ ئۆزلەشتۈرۈشكە باپ كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان تېكىستلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن، مۇسۇلماننىڭ مۇلايىملىقنىڭ **الله** نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشىلا يېتەرلىك:*

«ھەقىقەتەن **الله** تەئالا مۇلايىم دۇر، بارچە ئىشلاردا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ».

*(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)*

مۇلايىملىق الله تەئەلا باشقا ئەخلاقتا بەرمەيدىغان ساۋاپنى بېرىدىغان بۈيۈك ئەخلاقدۇر:

*«ھەقىقەتەن الله تەئەلا مۇلايىمدۇر، مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇلايىملىققا، قوپاللىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئىشقا بىرىلمەيدىغان ساۋاپ بېرىلىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*مۇلايىملىقنى ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. يەنە ئۇنى ھەر بىر شەيئىنىڭ كۆركى-زىننىتى قىلىدۇ. قانداقلا بىر شەيئىدە ئىللىقلىق بولسا شۇ نەرسە كۆڭۈلگە يېقىن، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. قانداق بىرنەرسىدىن مۇلايىملىق ئىللىقلىق يوقالسا ئۇنداق نەرسىدىن كۆڭۈل قالىدۇ:*

«بىرەر شەيئىدە ئىللىقلىق بولسا شۇ شەيئى گۈزەللىشىپ كېتىدۇ، بىرەر شەيئىدىن ئىللىقلىق يوقالسا شۇ شەيئى خۇنۈكلىشىدۇ».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*رەسۇل كەرىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارغا كىشىلىك مۇئامىلىدە مۇلايىم، سىلىق-سىپايە بولۇشنى ئۆگەتتى ۋە بەندىلىرىگە مېھرىبان، كۆيۈمچان بولغان الله نىڭ دىنىغا چاقىرغۇچى مۇسۇلمانغا مۇناسىپ كېلىدىغان لاتاپەت-سالاپەتكە يېتەكلەيتتى. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىرئەرابى (كۆچمەن ئەرەپ) مەسجىدكە سىيىپ قويدى، باشقىلەر ئۇنى تۇتىۋالدى، شۇئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:*

«ئۇنى قويىۋېتىپ ئۇ سىيگەن يەرگە بىر چېلەك سۇ قۇيىۋېتىڭلار، چوقۇمكى مەن ئىشلارنى قىيىنلا شتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن».

*(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)*

دىمەك قەلبىنىڭ تۇساقلىرى قوپاللىق، قاتتىقلىق، قىيىنلاشتۇرۇش، گىرىلىك، پەسلىك بىلەن ئەمەس، مۇلايىملىق، ئىللىقلىق كەڭ قورساقلىق، ئاددىيلاشتۇرۇش بىلەن ئېچىلىدۇ. مۇشۇ توغۇرلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دېگەن:

*«خوش-خەۋەر بېرىڭلار قاچۇرۇۋەتمەڭلار، ئاددىيلاشتۇرۇڭلاركى قىيىنلاشتۇرماڭلار».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى قوپاللىق، يىرىكلىك، قاتتىق قوللۇقتىن قاچىدۇ، ئىللىقلىق، مۇلايىملىق، خۇشخۇيلۇقتا قۇچاق ئاچىدۇ، الله تەئەلانىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى ئۈچۈن قىلغان مۇنۇ سۆزى شۇ مەنىدىن ئىدى:

(ئەگەر قوپال باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ ئۇلار ئەتراپىڭدىن قېچىپ كېتەتتى).

(سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەت)

مانا بۇ مەڭگۈ ھاياتى كۈچىنى يوقاتمايدىغان سۆز، ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت. ئادەملەرنى ھىدايەتكە چاقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھەر بىر تەشۋىقاتچى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياخشى تەسىر قالدۇرالىشى لازىم. ئۇ مۇلايىملىق، ئىللىقلىق خۇشخۇيلۇق يولىنى تۇتۇشى كېرەك. ئەگەر تەشۋىقات ئوبيېكتى مۇستەبىت، ھاكاۋۇر، زالىملاردىن بولغان تەقدىردىمۇ چوقۇم مۇلايىملىق، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىشى لازىم. مانا بۇ الله تەئەلا پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى پىرئەۋننىڭ قېشىغا ئەۋەتكەندە ئۇلارنى قورالландۇرغان ئەخلاق:

( (ئى مۇسا!) سەن ۋە سېنىڭ قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنىڭ زىكرىمگە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار. پىر ئەۋننىڭ يېنىغا

بىرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى، ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن). (سۈرە تەھا 43 - ئايەت)

بارچە ئىشى خەيرلىك بولغان بۇ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدە مۇلايىملىقنىڭ بۇلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. كىمكى ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش قىلسا ھەممە ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالسا ئۇنىڭ بارچە ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. مانا بۇ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ:

*«كىمكى مۇلايىملىقتىن ئايرىلىپ قالسا ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ»*

دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دېگەن. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردە مۇلايىملىق، ئىللىقلىق بولسا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا ياخشىلىق ياغدۇرغانلىقىنى بايان قىلغان. بىز ئۇنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نىڭ ھەدىسىدە ئۇچرىتىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھەقتە ئائىشىگە مۇنداق دېگەن:*

«ئى ئائىشە! مۇلايىم بولغىن، **الله** تەئالا ئەھلى بەيتكە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇلارنى مۇلايىملىققا باشلايدۇ».

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«**الله** تەئالا بىرەر قەۋمگە ياخشىلىق ئاتا قىلسا ئۇلارغا مۇلايىملىقنى كىرگۈزىدۇ».* (بەززار رىۋايەت قىلغان)

*خۇددى رەسۇلۇللاھ يەنە بىر ھەدىسىدە دېگەندەك، ئادەملەر ئۆزلەشتۈرسە ئۇلارنى*

*دوزاختىن ساقلاپ قالىدىغان بۇ ئەخلاقىنىمۇ ياخشىراق، ئۇلۇغراق ئەخلاق بارمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«مەن سىلەرگە ئۇنىڭغا دوزاخ ھارام بولىدىغان بىر ئادەمنىڭ خەۋىرىنى بېرەيمۇ؟ دوزاخ ھەر بىر مۇلايىم ۋە يۇمشاق سۆزلۈك كىشىلەرگە ھارام».

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىدايىتى ئىنسانلارنى يۈكسەكلىككە كۆتىرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىلىغا مۇلايىملىق، يۇمشاق قوللۇق ئەخلاقىنى تىكىدۇ، ھەتتاكى ئۇلاردىن سويماقچى بولغان ھايۋانغىمۇ قوپاللىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى ياخشىلىق قاتارىدا سانايدۇ:

«**الله** تەئەلا ھەر قانداق بىر شەيئىگە ياخشىلىق قىلىشنى پەرز قىلدى، ئەگەر ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار ياخشى ئۇسۇلدا ئولتۇرۇڭلار، ئەگەر بوغۇزلىماقچى بولساڭلارمۇ ياخشى ئۇسۇلدا بوغۇزلاڭلار، سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلار سويىدىغان مېلىغا راھەت بولسۇن ئۈچۈن پىچىقىنى بىلىسۇن».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

تىلسىز ھايۋانلارنى بوغۇزلاشتا قوپاللىق قىلماسلىق، جېنىنى قىينىماسلىق، بوغۇزلايدىغان ئادەمنىڭ باغرى يۇمشاقلىقىغا ھەربىر جان ئىگىسىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

## رەھىم-شەپقەتلىكتۇر:

*ئۆزىنىڭ قائىدە قانۇنىيەتلىرىنى تونۇپ يەتكەن، دىنىنىڭ كەڭ ـ كۇشادە تەلىماتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغان مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىن رەھىم ـ شەپقەت*

*بۇلاقلىرى قۇرمايدۇ. چۈنكى يەر يۈزىدە بەندىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىشنىڭ ئۆزىگە يېقىملىق سادالىرى بىلەن اللە نىڭ رەھىم-شەپقىتىگە سەۋەپ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ:*

*«يەر يۈزىدىكى ئادەملەرگە رەھىم-شەپقەت قىل، ساڭا ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ».* (تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

«كىمكى ئادملەرگە رەھىم- شەپقەت قىلمىسا اللە مۇ ئۇ كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلمايدۇ». *(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)*

بەلكى ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مېھرى-شەپقەت دائىرسىنى كىڭەيتىدۇ. ئۇ ئۆز ئائىلىسىدىكى بالا-چاقا، ئۇرۇغ-تۇققان، دۇست-بۇرادەرلىرىگىلا رەھىم-شەپقەت قىلىپلا قالماي بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق رەھىم-شەپقەت يەتكۈزىدۇ. چۈنكى ئۇ رەھىم-شەپقەتنى ھەممە ئادەمگە تەڭ ئومۇملاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئىمان شەرتلىرىدىن بىر شەرت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قۇلاق سالىدۇ. مۇشۇ مەزمۇندا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسى بار:

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز-ئارا رەھىم-شەپقەت قىلىشمىغۇچە ھەرگىزمۇ مۆئمىن بولالمايسىلەر» دىدى، ساھابىلەر:ئى رەسۇلۇللاھ ھەممىمىز رەھىم-شەپقەتلىك دىيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ بىرەسىڭلارنىڭ ئۆز ھەمراسىغا قىلىدىغان رەھىم-شەپقىتى ئەمەس، بىراق ئۇ ئىنسانلارنىڭ مېھرى-شەپقىتى ۋە ئومۇمىنىڭ مېھرى-شەپقىتى» دىگەن.*

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

ھەقىقەتەن ئۇ مېھرى-شەپقەت، ئومۇملۇققا ئىگە ئالەم شۇمۇل، ئومۇمى خەلقنىڭ مېھرى-شەپقىتىدۇر. ئۇنى ئىسلامىيەت مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ مېھرى-

مۇھەببەت، سەممىي ـ ساداقەت ۋە چوڭقۇر ھىسداشلىق دۇلقۇنلاپ تۇرۇدىغان مېھرى ـ شەپقەتلىك جەمئىيەتكە ئايلىنىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن مېھرى ـ شەپقەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھرى ـ شەپقەتنىڭ يېگانە ئۈلگۈسى ئىدى، مېھرى ـ شەپقەت ئۇنىڭدا ھەقىقى مۇجەسسەملەشكەن ۋە كۆڭلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن توشۇپ كەتكەن، ھەتتا ناماز ئوقۇۋېتىپ كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازى نى ئاڭلاپ قالسا، بالىنىڭ ئانىسىنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن نامىزىنى قىسقىراتقان، مۇشۇ توغۇرلۇق شەيخانى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«مەن نامازغا كىرىمەن ۋە نامازنى ئۇزۇن ئوقۇماقچى بولىمەن بىراق كىچىك بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپلا قالسام ئانىسىنىڭ بالىنىڭ يىغىسىدىن قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە نامازنى قىسقا ئوقۇيمەن»* دىگەن.

بىر ئەرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىلىپ: سىلەر باللىرىڭلارنى سۆيۈپمۇ قويامسىلەر؟ بىز سۆيمەيمىز دىگەن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئەگەر الله نەئەلا قەلبىڭدىن مېھرى ـ شەپقەتنى تارتىۋالسا مەن ساڭا ئىگە بولالايمەنمۇ؟»* دىگەن. (شەيخانى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەسەن ئىبنى ئەلىنى سۆيۈپ قويغان ئۇنىڭ قېشىدا ئەقرە ئىبنى ھابىس بار ئىكەن. ئەقرە ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ھا! مېنىڭ 10 پەرزەنتىم بار، مەن ئۇلاردىن بىر سىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقرەگە قاراپ:

*«كىمكى باشقىلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلمىسا ئۇمۇ رەھىم ـ شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»* دەپتۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنى مۇسۇلمانلارغا ۋالى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بوپتۇ، لىكىن ئۇنىڭمۇ ئەقرە گە ئوخشاش بالىسىنى سۆيمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەگەر كۆڭلۈڭدە پەرزەنتلىرىڭگە مېھرى-شەپقىتىڭ بولمىسا باشقىلارغا قانداقمۇ رەھىم-شەپقىتىڭ بولسۇن؟ دەپ ئۇنى ۋالى قىلىپ تەيىنلەشتىن يېنىۋاپتۇ ۋە الله بىلەن قەسەمكى سىنى ھەرگىز ۋالىلىققا تەيىنلىمەيمەن دەپ چۈشۈرۈپ بولغان يارلىقنى يىرتىۋېتىپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى رەھىم-شەپقەتنىڭ دائىرىسىنى قالتىس كەڭەيتكەن، ئۇ ئىنسانلاردىن ئۆتۈپ ھايۋانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇھەقتە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىدىغان ھېكمەتلىك كۆرسەتمە بار. شەيخانى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ، ئاندىن بىر قۇدۇقنى تېپىپتۇ، قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ ئىچىپ يېنىپ چىقىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر ئىت ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن ھاسىراپ ھۆل تۇپا يەۋاتقۇدەك، ھېلىقى ئادەم بۇنى كۆرۈپ: بۇ ئىتمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇسساپ كېتىپتۇ-دە دەپتۇ، ئاندىن قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتۈكىدە سۇ تارتىپ ئىتنى سۇغۇرۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن الله تەئەلا ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى».*

ساھابىلەر ھايۋانلارغا رەھىم-شەپقەت قىلسىمۇ ساۋاپ بولامدۇ؟ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«ھەرقانداق جېنى بارلىكى نەرسىگە رەھىم-شەپقەت قىلسا ساۋاپ بولىدۇ»* دېدى. (شەيخانى رىۋايەت قىلغان)

شەيخاننىڭ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر ئايال بىردانە مۈشۈكنى ئازاپلاپ تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە سولاپ قويغان، ئاندىن ئۇ ئايال شۇ تۇغۇرلۇق دوزاخقا كىرىپ قالدى، پەرىشتىلەر اللّٰه ئوبدان بىلىدۇ، سەن مۈشۈكنى سولاپ قويۇپ يا تاماق بەرمىدىڭ، يا سۇ بەرمىدىڭ ۋە ياكى زىمىننىڭ ئوت ـ ياشلىرىدىن يېيىشكە قويۇۋەتمىدىڭ دېدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھىم ـ شەپقەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى ئۇ ئەينى چاغدا بىر مەنزىلگە چۈشكەن، ئاندىن بىر قۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ تۇخۇمىنى ئېلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قايسىڭلار بۇ قۇشنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىۋالدىڭلار؟» دېگەن، ئاندىن بىر كىشى ئى اللّٰه نىڭ ئەلچىسى!! قۇشنىڭ تۇخۇمىنى مەن ئېلىۋالغان دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا :«ئۇنى قۇشقا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن قايتۇرۇپ بەر دېگەن».

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئورۇندىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە ھەممىنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغان كەڭ كۆلەملىك ۋە ئومۇملۇققا ئىگە رەھىم ـ شەپقەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى سىڭدۈرۈشكە ئىرادە قىلغان. چۈنكى كىمنىڭ ھايۋانلارغا كۆيۈنىدىغان قەلبى بولسا، ئۆزىنىڭ ئادەملەردىن ئىبارەت قېرىنداشلىرىغا باغرى قاتتىقلىق قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرگە ۋە ھايۋانلارغا تولىمۇ كۆيۈنەتتى، مۇسۇلمانلارنىمۇ مۇشۇنداق بولۇشقا، رەھىم ـ شەپقەتنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى قاپلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن مېھرى ـ شەپقەتنى ئۇلغۇيتۇشنى قولدىن بەرمەيتتى. قاچانكى يەر يۈزىدە رەھىم ـ شەپقەت قانات

*يايسا شۇ چاغدا الله نىڭ رەھمىتى يەريۈزىگە ۋە يەريۈزىدە ئولتۇراقلاشقانلارغا ياغىدۇ بۇنىڭ تەسدىقى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«يەر يۈزىدىكىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىل ساڭىمۇ ئاسماندىكى زات الله رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ». *( تىبرانى رىۋايەت قىلغان)*

## ئىنتايىن ئەپۇچان:

ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرنى جاندىلى بىلەن ئورۇندايدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان كەڭ قورساق، ئەپۇچاندۇر، ئەپۇچانلىق بولسا يۈكسەك ئىنسانى پەزىلەتتۇر. ئۇنى قۇرئان كەرىم كۆپلىگەن مەزمۇنلىرىدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ مەدھىيلىدى ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈر گۈچىلەرنى ئىسلامدىكى تەقۋادار نەمۇنىچىلاردىن قىلدى، ئەينى چاغدا ئۇلارنى الله مۇھەببىتى ۋە رازىلىغى بىلەن مۇۋاپىقىيەت قازانغۇچىلار سىپىگە كىرگۈزگەن:

( (ئۇچ ئىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بۇزەك قىلغان) كىشلەرنى كەچۈردىغانلاردۇر، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ). (سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەت)

چۈنكى ئۇلار ئاداۋەت ساقلىماي، ئۆچمەنلىك قىلماي ئاچچىقىنى يۇتۇۋېتىدۇ. بەلكى ئۇلار ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىق، ئىسىل، ئالىجاناپلىق ئۇپۇغىدا ئۇچىدۇ. يەنە قەلبىنىڭ پاكلىغى، سۈزۈكلىگى ۋە كۆڭۈل خۇرسەنلىگى بىلەن ئەڭ مۇھىمى الله نىڭ مىھرى ـ مۇھەببىتى، رازىلىغى بىلەن مۇرات مەخسەتلىرىگە يىتىدۇ.

ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىق، ئىسلامنىڭ يول ـ يورۇقلىرىغا قەلبىنىڭ

توساقلىرىنى ئېچىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىق ئەخلاقى دىلىنى يورۇتقان يەنە باش ئەگدۈرۈش، ئىنتىقام ئېلىش، مەغلۇپ قىلىشتىن الله نىڭ دەرگاھىدىكى مەغپىرەت، ساۋاپ ۋە ئىززەت ئىكرامنى ئەلا كۆرىدىغان كىشىلەرلا يېتەلەيدىغان يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچى.

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ئاشۇ يېتىش قىيىن بولغان تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتكۈزۈشتە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل قوللاندى، ئەينى چاغدا مۇسۇلمان زۇلۇمغا ئۇچرىسا قارشى تۇرالايدۇ ۋە ئۆزىنى زالىملاردىن، تاجاۋۇزچىلاردىن مۇداپىئە قىلالايدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى يامانلىقنىڭ جازاسى ئوخشاشلا يامانلىقتۇر، لېكىن قۇرئان كەرىم ئۆز قېرىندىشىنىڭ زۇلۇم قىلىشى، بوزەك ئىتىشىگە ئۇچرىغا ئادەمنى ئىنتىقام ئېلىش، ئۆچ ئېلىشقا، ئالساڭ ئالە دەپ تاشلاپ قويمىدى. بەلكى ئۇنى سەۋرى قىلىشقا، كەڭ قورساق بولۇشقا، ئەپۇ قىلىشقا ئۈندىدى ۋە ئىرادىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئاشۇ باسقۇچقا يېتىش ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

(بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىركىشى قانچىلىك چېقىلسا شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقام ئالسا ئۇنى ئەيىپلەشكە بولمايدۇ، ئەيىپلىنىدىغانلار پەقەت زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھاق رەۋىشتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ، كىمكى (ئەزىيەتكە سەۋرى قىلسا (الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلار دېيىلىدۇ).

(سۈرە شۇرا 40 ـ 44گىچە)

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرقىسىم يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت چاپلىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى غەم تۇمانلىرى قاپلىۋالغان، ئاندىن شۇ گۇناھلىق سۆز چۆچەكنىڭ كەينىگە كىرىپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا باشقىچە قارىغانلاردىن ياردەمنى توختۇتۇشقا ۋەدە قىلغان، نەتىجىدە الله تەئەلا شۇ ھەقتە ئايەت نازىل قىلغان:

(ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىرنەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، الله نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشنى ياختۇرمامسىلەر؟ الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر). (سۈرە نۇر 23 ـ ئايەت)

ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر جەمئىيىتى ئۆز ـ ئەزالىرى ئارىسىدا كۆرۈلگەن چوڭ ـ كىچىك مەسىلىلەرنى بىر ـ بىلەپ ھساپ ئېلىش، سۈرۈشتۈرۈش بىلەن ئەمەس، ئەپۇ قىلىش، كۆرمەسكە سېلىش، كەڭچىلىك قىلىش ۋە كەچۈرۈۋېتىش بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام تۈزۈملىرى دەۋەت قىلغان ۋە ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم رىغبەتلەندۈرگەن ئىشلاردۇر:

(ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گوياكى سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇخىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىلىرىلا ئېرىشەلەيدۇ).

(سۈرە فۇسسىلەت 34 ـ 35 ـ ئايەت)

ئەگەر داۋاملىق يامانلىققا يامانلىق بىلەن تاقابىل تۇرسا ياكى يامانلىق

كۆڭۈللەردە ساقلىنىپ قالسا ئۆچ ئاداۋەت تۇغىلىدۇ، ئەمما يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇلسا غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئۆچىدۇ، كىشىنىڭ ئاچچىقىمۇ بېسىلىپ قالىدۇ، ئۆچمەنلىك داغلىرى يۇيۇلۇپ ئارازلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپ ساداقەتمەن دوستلارغا ئايلىنىدۇ. ھەقىقەتەن يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرغان ئادەم ئۇچۇن ئەڭ زور مۇۋاپىقىيەت خۇدددى ئۇلۇغ ئايەت كەرىمە دارىتملاپ ئۆتكەندەك، باشقىلارنىڭ يامانلىقىغا سەۋرى قىلالايدىغان، يامانلىغىنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇردىغان بۇيۈك نىسۋە ئېگىلىرىلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ.

مانا بۇ مۆئمىنلەر جەمئىيتىدىكى قۇرئان كەرىم قەلبىگە يىلتىز تارتقان مۆئمىننىڭ ئەخلاقى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۋېلىشقا بولىدۇكى، مۆئمىنلەردىن يۇقارقىدەك ئەھۋالدا ئاچچىقىنى يۇتىۋېتىش، ئەپۇ قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەپۇ قىلىش، يول قويۇش شۇنچىلىك گۈزەل ئەخلاقكى ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدە ئاداۋەتتىن قىلچىلىك ئەسەر قالدۇرمايدۇ.

( (ئى مۇھەممەد! نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن).

(سۈرە ھىجر 85 ـ ئايەت)

بۇخىل ئىنسانى ئېسىل ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىقتەك ئەخلاقىنى ئالقىشلايدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇشقا رىغبەتلەندۇردىغان ئايەت ھەدىسلەر ئاز ئەمەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن:

«رەسۇلۇللا ﷲ يولىدا كۆرەش قىلغاندىن باشقا ئۆز قولى بىلەن بىركىمنى نە ئايالى، نە خىزمەتچىلىرىنى ئۇرۇپ باقمىدى، ﷲ نىڭ چەكلىمىسى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىسا ﷲ ئۇچۇن ئىنتىقام ئالغاندىن باشقا، بىرەر كىمدىن ئىنتىقا ئېلىپ

باقمىدى».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ:

(ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرىغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن) ). (سۈرە ئەئراپ 199 ـ ئايەت)

دىگەن يول يورۇقىنى جان دىلى بىلەن ئىجرا قىلاتتى ۋە الله تەئەلا نىڭ:

(يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرغىن).

(سۈرە فۇسسىلەت 34 ـ ئايەت)

دىگەن سۆزىگە ئەمەل قىلاتتى.

مانا بۇ بارلىق ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەخلاقىغا سىغدۇرالايدىغان، ئۇلارنىڭ يامانلىقىغا يامانلىق بىلەن تاقابىل تۇرماي، ئەپۇچانلىق، نادانلار بىلەن تەڭ بولماسلىق، يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرۇش ئەخلاقى بىردىن بىر ئىلاھى ئەخلاق ئايىتى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:

*«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كىتىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىدە نەجراننىڭ قوپال رەختىدە تىكىلگەن بىر تون بارئىدى، رەسۇلۇللانى بىر ئەرابى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىلكىشلىدى، مەن رەسۇلۇللانىڭ گەدىنىگە قارسام، ئۇنىڭ گەدىنىدا قاتتىق سىلكىگەنلىكتىن تونىنىڭ ياقىسى ئىز چىقىرىۋىتىپتۇ. ئاندىن كىيىن ھېلىقى ئادەم: ئى مۇھەممەد! قېشىڭدىكى الله نىڭ مال ـ مۈلكىدىن ماڭا بۇيرۇپ بەر دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، ئاندىن كىيىن ئۇنىڭغا نەرسە ـ كېرەك بىرىشكە بۇيرىدى».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك كۆڭلىدە ئەپۇچانلىق ئەخلاقى شۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدىكى، ئۇ ئۆزىگە زەھەرلەنگەن گۆش ئېلىپ كىرگەن يەھۇدى ئايالنىمۇ ئەپۇ قىلىۋەتكەن، مۇشۇ توغۇرلۇق شەيخانى ۋە باشقا ھەدىس شۇناسلار شۇ ۋەقەنى رىۋايەت قىلغان، رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىر يەھۇدى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زەھەرلەنگەن گۆش سوغا قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغان ساھابىلەر گۆشتىن يېگەن، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:

*«توختاڭلار چوقۇم بۇ گۆش زەھەرلەنگەن ئىكەن» دېگەن ئاندىن ساھابىلەر ئۇ ئايالنى رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەن رەسۇلۇللا ئۇ ئايالغا: «سېنى مۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇرلىدى؟» دېگەن، ئايال: مەن شۇنى بىلىپ باقماقچى ئىدىمكى، ئەگەر سەن پەيغەمبەر بولساڭ ساڭا الله بۇ گۆشنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەگەر سەن راست پەيغەمبەر بولمىساڭ بىز سەندىن قۇتۇلىمىز دېگەن. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ ئەلچىسى بۇ خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋەتمەيلىمۇ؟ دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن*

*ۋە ئۇنى ئەپۇ قىلغان دەۋىس قەبىلىسىدىكىلەر ئاسىيلىق قىلغاندا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئۇنىمىغاندا، تۇپەيل ئىبنى ئەمرۇل دەۋسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دەۋس قەبىلىسى ئاسىيلىق قىلدى، ئىتائەتتىن باش تارتتى، ئۇلارغا دۇئايى بەت قىلساڭ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ قولىنى كۆتۈرگەندە ئادەملەر دەۋس قەبىلىسى ئەمدى تۈگەشتى دېيىشكەن، بەندىلەرگە الله نىڭ ئازابى كېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان تولىمۇ كۆيۈمچان، مېھرىبان پەيغەمبىرىمىز دەۋس خەلقىگە مۇنداق*

*دەپ دۇئا قىلغان:*

«ئى **الله**! دەۋس خەلقىنى ھىدايەت قىلغان، ئۇلارنى سېپىمىزگە قايتۇرۇپ كەلگىن، ئى **الله** دەۋس خەلقىنى ھىدايەت قىلغىن ئۇلارنى بىزنىڭ سېپىمىزگە قايتۇرۇپ كەلگىن.......».

(شەيخانى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام گەرچە ئۇلار توغلۇق قىلسىمۇ ئالاقىنى ئۈزسىمۇ، يۈز ئۆرىگەن تەقدىردىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىق ئەخلاقىنى سىڭدۈرەتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام **الله** تەئەلا قۇراللاندۇرغان تەربىيۋى قارشى بىلەن ئادەملەرنىڭ كۆيۈنچە قوپاللىق، توغلۇق ۋە يىرىك مۇئامىلىگە قارىغاندا يۈكسەك كەڭچىلىك ئەخلاقىغا بەكرەك ئىجابى ئىنكاس قايتۇردىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئوقبە ئىبنى ئامىر ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى ئېيتىپ بەرسەڭ دىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

*«ئى ئۇقبە سەندىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن كىشىگە مۇناسىۋەتنى ئۇلا، ساڭا لازىمەتلىك بەرمىگەن ئادەمگە ياردەم بەرگىن، سىنى بوزەك قىلغان كىشى بىلەن تەڭ بولما»* دىگەن. (ئەھمەد، تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

## قولى ئۇچۇق سېخى:

ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئادەملەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە ئالقىنى ئۇچۇقدۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇچۇن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئەخلاقلار ئىچىدە مەرت، سېخىلىقتەك ئەخلاقنىڭ يوقلىقىنى بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇچۇق-يورۇقلىغى، مەردلىگى بىلەن

كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالالايدۇ، الله نىڭ رازىلىقى، ئەپۇ ـ مەغپىرىتى، مېھرى ـ شەپقىتىگە لايىقلىشالايدۇ. بۇنى ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھەدىسلىرىدە ئوتتۇرغا قويغان.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«ساتقاندا، سېتىۋالغاندا ۋە بىرنەرسە سورىغاندا قولى ئوچۇق بولغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن».* (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئەبى مەسئۇدىل ئەنسارىدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىر كىشىدىن ھېساب ئېلىندى، ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئارلىشىپ ئۆتكەن، قول ـ ئىلكىدە بار ئادەملىگىدىن ۋە مۇلازىمنى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەمگە تىگىشلىك ھەققىنى ئالماسلىققا بۇيرىغاندىن ئۆزگە بىرەر ياخشىلىقى تېپىلمىدى، الله تەئالا: بىز كەڭچىلىك قىلىشقا بۇ ئادەمدىن ھەقلىقمىز دىدى، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بىلىپ قېلىڭلاركى بۇ خىل ئەخلاق ئىنساننىڭ تارازىسىدا نىمە دىگەن ئېغىر ئەخلاق ھە! بۇ ئىنسانىيەت ۋاقىت ـ سائەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش تولىمۇ تەسكە توختايدىغان قىيامەت كۈنى مۇشۇ ئەخلاققا نىمە دىگەن ئېھتىياجلىق ھە!

**خۇشچىراي:**

*كىشلەر بىلەن چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان، ئۆزىدىن شاتلىق تۆكۈلۈپ*

*تۇرغان، ئۇچۇق چىراي، روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە مۇئامىلە قىلىشمۇ كەڭ قورساقلىق، باغرى يۇمشاقلىق ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەل ئەخلاقنىڭ ۋە ئىسلامىيەت قىزىقتۇرغان ياخشى ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.*

*سەھىھ مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«قېرىندىشىڭغا ئۇچۇق چىراي ئۇچرىشىدىغان ئىش بولسىمۇ ياخشى ئىشتىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىما».

*شەيخاننىڭ جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە جەرىر ئىبنى ئابدۇللا مۇنداق دېگەن:*

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ مەندىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچمىدى ۋە مىنى كۆرسىلا خۇش ـ تەبەسسۇم قىلدى».

چوقۇمكى كەڭ قورساقلىق، دوستلۇق، ئىللىقلىق قانات يايغان جەمئىيەت بىرنىيەت ـ بىرمەقسەتتە ئىتتىپاقلاشقان، يۈكسەك تەرەققى قىلغان كىشىلىك جەمئىيەتتۇر ئەلۋەتتە، بۇنداق جەمئىيەتتە ئادەملەر قالتىس ھۆرمەتلىنىدۇ، ئەخلاق قەدىرلىنىدۇ، ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى يۈكسەكلىككە كۆتۈرلىدۇ. مانا بۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئىسلامى تەلىم ـ تەربىيە قانۇن ـ تۈزۈملەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئىسلامى جەمئىيەتتۇر. بۇ ئىلاھى جەمئىيەت بىلەن ئادەملىرى مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ، سەممى ھىسداشلىقنىڭ قاتىلى بۇلمىش ماددى جەمئىيەتلەر ئارىسىدا زور پەرىقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يىتەلەيمىز، ماددى جەمئىيەتلەردە قۇلۇم ـ قوشنا ياكى يېقىن يۇرۇقلارغا خۇرسەن بۇلۇش يوق. دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇچۇن كۈلۈمسىرەش يۈزىسىدىن چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرستىپلا بولدى قىلىدۇ. پەقەتلا ئۇ ئىنسانى مېھرى ـ شەپقەتنىڭ نۇرى ئۆچكەن، ماددى ھاياتنىڭ تەلۋىنى قاندۇرۇش يولىدا ھەمىشە پايپىتەك بۇلۇپ ئۆتىدىغان، نە تىنىچ ئاراملىق، نە خاتىرجەملىك مەۋجۇد بولمىغان

جەمئىيەتتۇر.

## يۇمۇرستىك:

مۇسۇلمان باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ، ئۇلارغا ھەم-سۆھبەت بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ پەيتى كەلگەندە گۈزەل يېقىملىق ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ چاخچاق قىلىشىپ ئۆتىدۇ. ھالبۇكى مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ لەتىپە-چاخچاقلىرىدا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، بىمەنە، تېتىقسىز سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەستايىدىل كۆرسىتىش مەقسىتىدە قېتىۋالمىغىنى، سۇرلۇكلىشىۋالمىغىنى ۋە غادىيىۋالمىغىنىغا ئوخشاش قىلغان چاقچاقلىرى ھەقىقەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن يوللۇق ئىسلامى چاقچاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر سەبداشلىرىنىڭ لەتىپە-چاقچاقلىرىدا ھەقىقەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش، مۇسۇلمان چاقچاقلىرىدا يالغان، تۇترۇقسىز سۆزلەرنى قوللانمايدۇ. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بىز بىلەن چاقچاقلاشتىڭ دېيىشكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن پەقەت راست گەپ قىلىمەن» دېگەن.

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىمۇ لەتىپە-چاقچاق سۆزلەيتتى. بىراق لەتىپە-چاقچاقلىرىدا پەقەت ئەمەلى بولغان ئىشلارنى ۋە راست گەپ-سۆزلەرنىلا قىلاتتى، ئۇلارنىڭ لەتىپە-چاقچاقلىرىدا ئۇلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا يۈزبەرگەن قىزقارلىق خەۋەرلەر بار.

ھەدىس ۋە تارىخى كىتابلاردا خەۋەر قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبا ئۇمەر دەپ ئاتىلىدىغان ساھابىنىڭ كىچىك باللىرى بىلەن چاقچاقلىشاتتىكەن. كىچىك بالىنىڭ ئەرمەك بولۇپ ئوينايدىغان بىر قۇشى بار ئىكەن، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ غەمكىن ھالىنى كۆرۈپ:

*«بۈگۈن ئەجەپ ئەبا ئۇمەرنىڭ غەمكىن ھالىتىنى كۆرۈپ قالدىمغۇ؟ دەپتۇ. ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭ ئوينايدىغان قۇشى ئۆلۈپ كەتتى دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىغا چاقچاق قىلىپ: «ئى ئەبا ئۇمەر قۇش نىمە قىلدى؟»* دەيدىكەن. (ساھابىلەرنىڭ تەرجىماللىرىدىن)

*بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مىنىدىغان ئۇلاغ سوراپ كەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقچاق قىلىپ:*

«بىز سىنى چىشى تۆگىنىڭ بالىسىغا مىندۈرۈپ قويايلى» دەپتۇ، ھېلىقى ئادەم: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! چىشى تۆگىنىڭ بالىسىنى نىمە قىلىمەن؟ دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەركەك تۆگىمۇ تۇغامدىكەن؟» دەپتۇ. *(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)*

ئىمامى ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، سەھرا كىشىلىرىدىن زەھرا ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەھرانىڭ سوغا - سالاملىرىدىن ئېلىپ كېلىدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سەھراغا چىقماقچى بولسا ئۇنىڭغا نەرسە - كېرەك ئېلىۋالاتتىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«زەھرا بىزنىڭ سەھرايىمىز بىز ئۇنىڭغا يىتىپ كەلدۇق» دەيدىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ بولسا سەل قوپاللىراق ئادەم ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى سېتىۋاتقاندا قېشىغا كېلىپ كەينى*

تەرەپتىن ئۇنى قوچاقلىۋاپتۇ، ئۇ كىشى رەسۇلۇللانى كۆرەلمەي: بۇ كىم؟ قويۋەت مىنى دەپتۇ-يۇ، قاراپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇۋاپتۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاپاش قىلىۋاپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم قۇل سېتىۋالىدۇ؟» دېيىشكە باشلاپتۇ. ئاندىن ھېلىقى ئادەم: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنداقتا الله بىلەن قەسەمكى مېنىڭ ئۆتمەس مانا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لېكىن سەن الله نىڭ نەزىرىدە كاسات ئەمەس» دەپتۇ ياكى: «لېكىن سەن الله نىڭ نەزىرىدە ئەرزان ئەمەس» دەپتۇ.

بىر موماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله غا دۇئا قىلساڭ مېنى جەننەتكە كىرگۈزسە دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقچاق قىلىپ: «ئى پالانىنىڭ ئانىسى! قېرى ئاياللار جەننەتكە كىرمەيدۇ» دەپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان موماي يىغلاپ كېتىپتۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار ئۇ قېرى ھالىتىدە جەننەتكە كىرمەيدۇ، الله تەئالا: (بىز ئۇلارنى ئورۇندىن تۇرغۇزىمىز، ئاندىن ئۇلارنى ياشلىق ھالىتىگە قايتۇرۇىمىز) دېگەن» دەپتۇ. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ئىمامى ئەھمەدنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ لەتىپە-چاقچاقلا ھېرىسلىغى ۋە ئۇنى ياقتۇردىغانلىغىنىڭ پاكىتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللا نىڭ بەزى سەپىرىگە بىرگە چىقاتتىم، مېنىڭ شۇ چاغلاردا سەمرىپ كەتمىگەن چاغلىرىم ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرگە: «ئالدىغا ئۆتۈڭلار» دېدى. ئۇلار ئالدىغا ئۆتتى، ئاندىن كىيىن ماڭا: «كەلە سەن بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلىشەيمەن» دېدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ئەت ئېلىپ سەمرىگۈچە ۋە مەن ئۇنتۇپ كەتكۈچە جىم يۈردى، مەن يەنە بىر قېتىم

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەپەرگە چىقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرگە: «ئالدىغا ئۆتۈڭلار» دېدى. ئادەملەر ئالدىغا ئۆتتى، ئاندىن كېيىن ماڭا: «كەلە سەن بىلەن بەسلىشىمەن» دېدى، مەن بەسلەشتىم، بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن ئېشىپ كەتتى، ئاندىن كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ سىنىڭ ئۆتكەن قېتىمىڭغا تەڭ» دېدى.*

شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابە كەرىملەر لەتىپە ـ چاقچاقتا گۇناھ بار دەپ قارىمايتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمامى، قوماندانى، مۇئەللىمى بولغان رەسۇلۇللانىڭمۇ بەزى چاغلاردا لەتىپە ـ چاقچاق قىلىدىغانلىقىنى، بەزى چاغلاردا چاقچاقتىن شاتلانغانلىقىنى كۆرگەن، نەتىجىدە ئۇلارغا باشتىن ئاخىرى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى ئۇقتۇردىغان، كۈلكە چاقچاقتىن، قىززىق پارڭلاردىن ئىستىتىك زوق ئالىدىغان ئورۇن ھازىرلانغان. ئىمامى بۇخارى ئۆزىنىڭ ئادابۇل مۇفرەد دېگەن ئەسرىدە ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە ئابدۇللا مۇنداق دېگەن:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە تاۋۇز ئېتىشاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار چوپ ـ چوڭلا كىشىلەر ئىدى».*

ئىسلامى چاقچاقنىڭ ئۆز ئىگىسىنى ئەمەلىيەت، ھەقىقەت دائىرىسىدىن چىقىرۋەتمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئەرلىك ياللۇنىنى ئۆچۈرۈۋەتمەيدىغان، پەقەتلا جۇشقۇن ـ تىتىك، قەلبلەردە ۋە ئۆتكۈر ئەقىللەردە ئۆز مەخسەت ـ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نۇرمالنى بولىشى مەخسەت قىلىنىدۇ. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتكەن چاقچاقلىرى بولغان، ئىمامى ئەھمەد نىڭ ئۇممە سەلەمدىن رىۋايەت قىلىشىچە:

*ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇسرا شەھرىگە تىجارەتكە چىقىپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن*

بەدرىگە قاتناشقان نۇئمان ۋە سۇۋەيبىت ئىبنى ھەرمەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بار ئىكەن، ئۇزۇق-تۈلۈك سۇۋەيبىتنىڭ قولىدا ئىكەن، ئۇنىڭغا نۇئمان: ماڭا تاماق بەر! دەپتۇ، ئۇ: ھەتتا ئەبۇبەكرى كەلگۈچە شۇنداق دەپتۇ، نۇئمان كۆلگۈنچەك، چاقچاقچى بولۇپ باشقىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ: مەندىن پۇت-قولى چاققان بىر ئەرەپ يىگىتنى ئالامسىلەر؟ دەپتۇ. ئۇلار: ھەئە ئالىمىز دەپتۇ، نۇئمان يەنە: ئۇ جىق گەپ قىلىدىغان بالا، ئۇ: مەن دىگەن ھۆر، ئەركىن ئادەممەن دەپ تاشلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ شۇ گېپىگە ئىشىنىپ ئالمىساڭلار ئۇنى ماڭا قالدۇرغان بولىسىلەر، ئۇنىڭ قىلچە زىيىنى تەگمەيدۇ دەپتۇ، ئۇلار: بوپتىلا ئۇنى بىز سېتىۋالىمىز دىيىشىپ، ئۇنى نۇئماندىن ئون تۆگىگە سېتىۋاپتۇ، ئاندىن نۇئمان ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ: سىلەرگە بېرىدىغان يىگىت مانا مۇشۇ دەپ سۇۋەيبىتنى كۆرسىتىپتۇ، سۇۋەيبىت: بۇ يالغانچى، مەن بولسام ھۆر، ئەركىن ئادەممەن دەپتۇ، ئۇلار: بىز سىنىڭ ئىشىڭنى بىلىمىز دىيىشىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئاغامچىنى سېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ، ئاندىن ئەبۇبەكرى كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ-دە، ھەمرالىرى بىلەن سۇۋەيبىتنى سېتىۋالغان كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىپ سۇۋەيبىتنى قايتۇرۇپ كېلىپتۇ، كېيىن بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلغان ئىكەن، رەسۇلۇللامۇ ۋە ساھابىلەرمۇ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىر ئەرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىدىگە كېلىپ تۆگىسىنى مەسجىدنىڭ سەيناسىغا باغلاپ قويۇپ مەسجىدكە كىرىپ كېتىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى نۇئمان ئىبنى ئەمرۇل ئەنسارى رەزىياللاھۇ ئەنھۇغا (قىسقارتىپ نۇئمان دىيىلىدۇ) بۇ تۆگىنى سويغان بولساڭمۇ يەر ئىكەنمىز، بىز تولىمۇ گۆش سېغىنىپ كەتتۇق، تۆگىنىڭ پۇلىنى رەسۇلۇللا تۆلىۋېتەتتى، دەپتۇ. نۇئمان شۇ ھامان تۆگىنى سويىۋېتىپتۇ، ئاندىن كېيىن ھېلىقى ئەرابى مەسجىدتىن چىقىپ

*تۇگىسىنى كۆرۈپلا: ئى مۇھەممەد! نىمە تارتقۇلۇق بۇ! دەپ ۋاقىراپلا كىتىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتىن چىقىپ: «كىم قىلدى بۇ ئىشنى؟» دەپتۇ، ساھابىلەر: نۇئىمان دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ زۇبەيرە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدىن تېپىپتۇ، نۇئىمان بىر ئورەككە چۈشۈپ ئۈستىگە خورما يوپۇرماقلىرى دىگەندەك نەرسىلەرنى تاشلاپ مۆكۈۋالغان ئىكەن، بىر كىشى ئۇ يەرنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ۋاقىراپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۇنى كۆرمىدىم دىگەچ قولى بىلەن نۇئىمان مۆكۈلۈۋالغان جاينى كۆرسىتىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تارتىپ چىقىرۋاپتۇ، ئۇنىڭ چىرايى ئۈستىگە يېپىۋالغان خورما يوپۇرماقلىرىنىڭ توپىسىدىن ئۆزگىرىپلا كەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىم سىنى بۇنداق قىلغىن سالدى؟ دەپ سوراپتۇ، نۇئىمان جاۋابەن: ساڭا مىنى كۆرسىتىپ قويغانلار مىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كىتىپتۇ ۋە تۈگىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بىرىپتۇ.*

(ساھابىلەر تەرجىمە ھالىدىن)

دىمەكچى بولغىنىمىز، ئىسلامىيەت ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ چىقىشقاق، خوشال-خۇرام، خۇش-چاقچاق، يۇمۇرىستىك كىشىلەردىن بولۇشىنى خالايدىغانلىقىغا بۇنىڭدىمۇ ئۇچۇقراق دەلىل بولمىسا كىرەك. چوقۇمكى ئۇ ئۆز ئىگىسىنى سۆيۈملۈك ئوبرازغا ئىگە قىلدىغان ۋە ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىۋالالايدىغان قات-قېتىغا سىڭىپ كىرەلىشىگە ئالاھىدە ياردىمى بولىدىغان ۋە مۇسۇلمان تەشۋىقاتچىلىرى تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان سۈپەتتۇر.

**مۇلايىم:**

دىلىنى ئىسلامىيەت ھىدايىتىدىن سۇغارغان تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ قەلبى مۇلايىم بولۇشقا ۋە **الله** تەئەلانىڭ سۆزىگە كىرىپ ئاچچىقىنى يۇتىۋېتىشكە رازى بولىدۇ:

( (ئۇچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر، **الله** ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ).

(سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەت)

*چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىدا قاۋۇل، باشقىلارنى يىقىتىشقا ۋە يېڭىۋېلىشقا قادىر بولالايدىغان ئادەم باتۇر ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالالايدىغان مۇلايىم ئادەم باتۇر ھېساپلىنىدۇ:*

«باتۇرلۇق كىشىلەرنى يىقىتىش ۋە مەغلۇپ قىلىشتا ئەمەس، پەقەتلا ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋېلىشتا»

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەرلەرنىڭ ئوغۇل بالىدارچىلىقى ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ قايتارما زەربە بېرىش بىلەن ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىش بىلەن باشقىلارنى ئەسەبىلەشكەن، تەنتەكلەرچە ھېسياتنىڭ قۇربانى قىلىش بىلەن ئەمەس، ئۆزىنى تۇتىۋېلىش ئاچچىقىنى يۇتىۋېتىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئورۇنسىز جېدەل ـ ماجرانىڭ ئالدىنى ئالغىلى، كۆزلىگەن نىشانغا چىرايلىقچە يېتىكىلى ۋە **الله** نىڭمۇ ئىنسانلارنىڭمۇ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئادەمگە: *«ئاچچىقلانما»* دېگەن. بىر ئېغىز سۆزنىلا قىلغان ۋە ئۇ ئادەم: ماڭا نەسىھەت قىل دېگەن سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىغاندىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى

گۈزەل ئەخلاقلىقنىڭ يىغىندىسى بولغان:

«*ئاچچىقلانما*» دېگەندىن ئىبارەت بولغان.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:*

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشجە ئىبنى ئابدۇل قەيسكە:*

«سەندە الله ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت بار ئىكەن، بىرى مۇلايىملىق، يەنە بىرى سەۋىر تاقەت» دېگەن.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

توغرا، ھەقىقى مۇسۇلمانمۇ بەزىدە ئاچچىقلىنىدۇ. بىراق ئۇ ئاچچىقلانسا ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس پەقەت الله ئۈچۈن ئاچچىقلىنىدۇ. الله نىڭ بىرەر چەكلىمىسى ھۆرمەتسىزلىك قىلىنىپ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىسا ياكى ئۇنىڭ ھۆكمى دەخلى تەرۇزغا ئۇچرىسا غەزەپلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان الله تەئەلانىڭ چەكلىمىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، گۇناھكار تاجاۋۇزچىلارغا ۋە الله نىڭ قانۇن ـ تۈزۈم، ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا تەخلى تەرۇز يەتكۈزگۈچىلەرگە يول قويمايدۇ. مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بار ئەخلاقلار ئىدى. ئىمامى بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە:

«*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى، پەقەتلا الله نىڭ ھۆرمىتى دەخلى تەرۇزغا ئۇچرىسا شۇنىڭغا قارىتا ئىنتىقام ئالاتتى*» دېيىلگەن.

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ ئابروييغا داغ چۈشۈرۈلسە ياكى دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاشتا خاتالىق كۆرۈلسە ۋە ياكى ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىنسا ئاندىن غەزەپلىنەتتى ۋە مۇبارەك چىراي ئۆزگۈرۈپ كېتەتتى. بىر كۈنى بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: بىزگە

ناماز بەك ئۇزۇن ئوقۇپ بىرىلگەچكە مەن نامازغا كىچىكىپ چىقىمەن دىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاچچىقلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ قېتىمقى ۋەز ـ نەسىھىتىدە ئاچچىقلانغانىدەك ئاچچىقلانغانلىغى كۆرۈلمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«ئى خالايىقلار! ئاراڭلاردا راستىنلا قاچۇرۋەتكۈچى، ئۈركىتىۋەتكۈچىلەر بار ئىكەن، قايسى بىرىڭلار باشقىلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇسا نامازنى قىسقىراق ئوقۇسۇن، ئۇنىڭ كەينىدە ياشقا چوڭلار، كىچىكلەر ۋە تۈرلۈك ھاجەتمەنلەر بار».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتىپ كىلىپ ئائىشەنىڭ قېشىغا كىرگەن ۋە ئائىشەنىڭ ئۆيىدە جانلىق ھايۋاننىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن بىر پەردىنى كۆرۈپ غەزەپتىن چىرايى تاترىپ كەتكەن ۋە مۇنداق دىگەن:*

«ئى ئائىشە! الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ قاتتىق ئازاپلىنىدىغان ئادەم الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىنى تەقلىد قىلىپ سىزغان ئادەمدۇر».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇسامە ئىبنى زەيد مەخسۇم قەبىلىسىدىكى بىر ئايالنىڭ ئوغۇرلۇق قىلغانلىغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنكاس قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا جازا يۈرگۈزمەكچى بولغاندا، ساھابىلەر ئوغۇرلۇق قىلغان ئايال توغۇرلۇق رەسۇلۇللاغا كىم بىر نەرسە دىيەلەيدۇ؟ دىيىشكەن. ئۇلارنىڭ يەنە بىر بۆلۈكلىرى رەسۇلۇللانىڭ دوستى ئۇسامە ئىبنى زەيددىن باشقا كىممۇ رەسۇلۇللاغا بىر نەرسە دىيىشكە پېتىنالىسۇن؟ دىيىشكەن، ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوغۇرلۇق قىلغان ئايالغا كەڭچىلىك قىلىش توغۇرىسىدا گەپ سۆز قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلىنىپ:

*«الله نىڭ بەلگۈلىمىسىگە پەرۋا قىلماي، ئوغۇرنى قانات ئاستىڭغا ئالماقچىمۇ سەن؟» دېگەن، ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەپ: «ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىركى ئۇممەتلەر ھالاك بولغان سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆز ئىچىدە بىرەر يۇز ئابرويلۇق ئادەم ئوغۇرلۇق قىلسا يۇزخاتىرە قىلىپ قويۇۋېتەتتى. ئەگەر بىرەر تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەم ئوغۇرلۇق قىلسا ئۇنىڭغا جازا يۈرگۈزەتتى. الله بىلەن قەسەمكى ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ قولىنى كېسىۋېتىمەن» دېگەن.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزەپ نەپرىتى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، الله نىڭ شەرئىتى ئاساسىدا بولىدىغان غەزەپ ـ نەپرەت ئىدى.

## ئادەم تىللاشتىن ۋە سەت تېتىقسىز گەپ قىلىشتىن ساقلىنىدۇ:

مۇسۇلماننىڭ ئاچچىقى كەلگەندە مۇشۇ ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى تۇتىۋالسا، تىلىنى ئادەم تىللاش ۋە سەت سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەشكە ئىشلەتمەسلىكى تەبىئى، بۇ ئەخلاق مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىدە قەدىرلىنىدۇ ۋە بۇ ئەخلاق مۇسۇلماننىڭ تىلىنى ئادەم تىللاش، سەت بىمەنە سۆزلەردىن پاكلايدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ باشقىلارنى تىللاش، بولمىغۇر گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىش، باشقىلارغا نەشتەرنى سانجىش ۋە قارغاش تەك ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان ۋە مۇسۇلماننى ئۇنداق بولمىغۇر سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاڭلاشتىن ھەزەر قىلدۇرىدىغان ئەخلاقى يول ـ يورۇقلىرنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىدۇ. ئەبى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۇرۇش كۇپۇرلىق» دېگەن.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*يەنە مۇنداق دېگەن:*

«**الله** تەئەلا ھەرقانداق تېتىقسىزلىق، لاۋزىلىقنى ياقتۇرمايدۇ ».

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

يەنە مۇنداق دېگەن:

*«مۆمىن دېگەن نەشتەر سانجىغۇچى، قاغىغۇچى، ۋە سەت بىمەنە تىللار بىلەن ھاقارەتلىگۈچى ئەمەس».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

بۇنداق يامان سۈپەتلەر ئىماننىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالىدىغان مۇسۇلمانغا راستىنلا لايىق كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان يۇقارقىدەك بەت قىلىقلاردىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ ۋە ھاياتىدا بىرەر ئادەمنىڭ دىلىنى رەنجىتىدىغان بىرەر كەلىمە سۆز قىلىپ باقمىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا مۇجەسسەملەنگەن ياخشى ئۈلگىلىك سۈپەتلەرنى بىلسە ئۇنداق ئىللەتلەردىن تېخىمۇ ئۆزىنى تارتىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېتىقسىز سۆز ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەيتتى، تىللاپ ـ ھاقارەتلىمەيتتى، بىرەرسىگە كايىغاندا: ئۇنىڭغا نىمە بوپتۇ؟ پىشانىسى توپا بولۇپ كەتسۇن ئۇنىڭ» دەيتتى.*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبىنى دەئۇتىدىن ئىتتىۋالغان كاپىرلارنى قاغاشتىن تىلىنى پاك تۇتقان، ئۇلارغا سەت، غورۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلمىغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مۇشرىكلارغا دۇئايى بەت قىلغىن دېيىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«مەن باشقىلارنى قاغاشقا ئەمەس، مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىلدىم»*

دېدى. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېدى: بىر ئادەم ھاراق ئىچكەن ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە:

*«ئۇرۇڭلار بۇنى، ئۇنى قولى بىلەن ئۇرغۇچى، كەشى بىلەن ئۇرغۇچى ۋە كىيىمى بىلەن ئۇرغۇچىمۇ بىزنىڭ سىپىمىزدىن دېدى، قايتاشىدا بىرسى: الله سىنى خار-زەبۇن قىلىۋەتسۇن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭغا شەيتاننى ياردەملەشتۈرمەڭلار» دېدى.*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

گەرچە گۇناھ-مەسىيەت، ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن بولسۇن. ئىنسانىيەتنىڭ بىر-بىرىگە قىلىدىغان دوستانە ھېسداشلىقى نىمە دېگەن ياخشى ھېسداشلىق-ھە!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كۆڭۈللەردىن ئۆچ-ئاداۋەت، رەزىللىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلاشتا ئاجايىپ يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن. ھەمىدە تىلنى باشقىلارنىڭ يۈز-ئابرويىنى تۆكۈشكە ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. باشقىلارنى تىللاپ، ھاقارەتلەپ، ياخشىلارغا تۆھمەت چاپلاپ كۈن ئۆتكۈزگەن ئادەم قىيامەت كۈنى دۇنيادا قىلىپ بارغان ھەممە ياخشى ئىشلىرىنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قىلىنىپ دوزاخقا مەھكۇم بولىدىغان ئادەمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«مۇفلىسنىڭ نىملىگىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. ساھابىلەر: مۇفلىس دېگەن*

*ئارمىزدىكى پۇل ـ مېلى يوق ئادەمدۇر، دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇفلىس دېگەن مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن قىيامەت كۈنى ناماز، روزا، زاكات بىلەن ۋە بۇنى تىللاپ، ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەپ، بۇنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۇنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ كەلگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا بۇنىڭغا قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ياخشىلىقى تۈگەپ كەتسە ئۇلارنىڭ (زۇلۇم قىلىشقا ئۇچرىغانلارنىڭ) ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۇنىڭغا يۈكلىنىپ ئاندىن دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئادەمدۇر دېگەن».* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇنداق قۇرۇق، تېتىقسىزلىقنىڭ ساداقەتمەن مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدا بولماسلىقى ئېنىقكى ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك ئەخلاق تۈزۈملىرى ئۇمۇملاشقان ھەقىقى ئىسلامى جەمئىيەتلەردە ئۆچمەنلىك، جېدەل ـ ماجرالاردىن، تىللاش، ھاقارەتلەشلەرگىچە بولغان بىر قاتار ناچار ئىللەتلەر ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ.

*ھەقىقى مۇسۇلمان جەمئىيەتتە ياشايدىغان ھەربىر شەخس ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر سۆزىدىن ھېساپ بېرىدىغا نلىغىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى ھاياتىنىڭ پىشكەللىكلىرى ئاشۇ جېدەل ماجرالارغا سۆرەپ كىرسە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ ئۆز تەپەككۇر تەبىرىدە، ھۆكۈم قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«ئىككى تىللىشىپ قالغۇچىنىڭ ۋابالى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئاشۇرۇۋەتمىسىلا ئىككىسىدىن دەسلەپ تىل سالغۇچىغا بولىدۇ».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئادەم تىللاشتىن تىلىنى تارتىدۇ. گۇناھقا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆرلەۋاتقان غەزىپىنى بېسىۋالىدۇ.

تاجاۋۇزچىلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ.

ھەقىقەتتە بۇ مۇسۇلماننىڭ ھىس تۇيغۇسىدىكى ۋە ھايات ئەمەلىيىتىدىكى ئۆلۈكلەر ئۈستىدىمۇ بولمىغۇر گەپ سۆزلەرنى قىلىشتىن توسىدىغان ئەخلاقتۇر. مۇسۇلمان ئادەم بىر قىسىم ھايات بارلاردىن ئۆتۈپ، ئۆلۈكلەرنىمۇ تىللاپ چىقىدىغان ئادەملەردەك ئۆلگەنلەرنى تىللاپ يۈرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

«ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى تىللىماڭلار شۈبھىسىزكى ئۇلار بۇرۇن قىلغانلىرىنى تېپىپ بولدى».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

## دەلىل پاكىتسىز ھېچ كىمنى پاسىق ياكى كاپىر دىمەيدۇ:

تىلنى ئادەم تىللاشتىن، ھاقارەتلەشتىن ۋە سەت ـ بىمەنە گەپ ـ سۆزلەردىن ساقلايدىغان مۇسۇلمان ئۆزىنى يۇقارقىلاردىنمۇ قەبىھرەك ئىشقا چۈشۈپ قېلىشتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ باشقىلارنى دەلىل ـ پاكىتسىز پاسىق ياكى كاپىر دىمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلارنى ئەشۇ ئەپسانە تىللار بىلەن ئاتاش گۇناھدۇر، ئۇنىڭ ۋابالى شۇنداق ئاتىغان كىشىگە يانىدۇ دەپ تەھدىد سالغان:

«بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى پاسىق ياكى كاپىر دىمىسۇن، ئەگەر ئۇ شۇنداق بولماي قالسا تىللىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە يانىدۇ».

(بۇخارى رىۋايەتە قىلغان ھەدىس)

## شەرمى-ھايالىق، نۇمۇسچان:

شەرمى ـ ھايالىق، نومۇسچان بولۇش ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر. ئۇ ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە پاك سۈننەتنىڭ يول ـ يورۇقلىرىغا ئەمەل قىلغانلىقىدىن ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ناشايان ئىشلارنىڭ يامراپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە باشقىلارنىڭ يۈز ـ ئابرويىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزگەن، ئېچىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئەيىپ ـ نۇقسانلارنى ئوچۇق ئاشكارە سۆزلەپ يۈرىدىغان، ئەشۇ بۇزغۇنچى ـ بۇزۇقلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاپقا قالىدىغانلىقىنى ئۇختۇرىدىغان بايانلار بار:

(مۆئمىنلەرنىڭ ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياختۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاپقا قالىدۇ). (سۈرە نۇر 19 ـ ئايەت)

*بۇنىڭدىن تىلنى جەمئىيەتتە بولمىغۇر، ناچار خەۋەرلەرنى تارقىتىشقا ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ گۇناھى شۇ ناچار، ئەخلاقسىز، بۇزۇق ئىشلارنى سادىر قىلغاننىڭ گۇناھىغا ئوخشاشتۇر، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ئۇ مۇنداق دىگەن:*

«سەت ـ بىمەنە سۆزلەرنى قىلغۇچى ۋە ئۇنى تارقاتقۇچى ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ». *(بۇخارى ئادابىل مۇفرەددە خاتىرلىگەن ھەدىس)*

ئىسلام جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمان شەرمى ـ ھايالىق، ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلاردىن يىراق تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىلدۈرگەن، باشقىلارنىڭ يۈز ـ ئابرويىغا دەخلى يەتكۈزۈشتىن توسۇپ قالىدىغان ئىسىل ئەخلاقى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن تىلنى، مەيلى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرى بولسۇن، مەيلى كۆرگەنلىرى بولسۇن، گۇناھ ـ مەسىيەتلىك ئىشلارنى ئاشكارىلاشتىن ساقلاپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن (قىلغان يامان ئىشلىرىنى) ئاشكارىلىغۇچىلاردىن باشقا ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ، كېچىسى ناشايان ئىشلارنى قىلىپ تاڭنى ئاتقۇزۇپىلا گەرچە الله تەئەلا ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى يېپىپ قالغان بولسىمۇ، ئى پالانى! مەن ئاخشام مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋەتتىم دەپ يۈرىدىغان ئادەم، ئاشكارىلىغۇچىلار جۈملىسىدىن. ئۇ، پەرۋەردىگارى قىلغان يامان ئىشلىرىنى يوگەپ تۇرسىمۇ تاڭنى ئاتقۇزۇپىلا الله نىڭ يوپۇغىنى ئېچىۋتىدىغان ئادەمدۇر». (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە مۇنداق دىگەن:

«دۇنيادا بىرەر بەندە، بەندىنىڭ (ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى) ياپسا، قىيامەت كۈنى الله تەئەلامۇ ئۇنىڭ (ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى) ياپىدۇ».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بىر توپ كىشى ئۇقبە ئىبنى ئامىرنىڭ قېشىغا كىلىپ: بىزنىڭ ھاراق ـ شاراپ ئىچىدىغان ۋە ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان خولۇم ـ خوشنىلىرىمىز بار، ئۇلارنى خەلىپىگە مەلۇم قىلساق بولامدۇ؟ دەپتۇ، ئۇقبە: ياق، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

«كىمكى مۇسۇلماننىڭ نالايىق بىرەر ئىشىنى كۆرۈپ ئۇنى ياپقان بولسا ئۇ خۇددى تىرىك كۆمۈلگەن قىزنى قۇتقۇزىۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ» دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەپتۇ.

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەتتە خاتىرلىگەن ھەدىس)

ئىنسانى زەئىپلىكنى، ئادەملەرنىڭ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە پاش قىلىش، خەلقى ئالەمگە يېيىش بىلەن داۋالىغىلى بولمايدۇ. پەقەتلا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ھەقىقەتنى چىرايلىقچە ئاڭلىتىش، ئۇلارنى الله غا ئىتائەت قىلىشنى ياخشى

كۆرىدىغان، الله غا ئاسىيلىق قىلىشنى يامان كۆرىدىغان قەلبنى يېتىشتۈرۈش ياكى يۈز ـ تۇرانە كۆرۈشۈپ يۇمشاقلىق، مېھرىبانلىق بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ قەلب ئىشىكىنى چىرايلىقچە ئاچىدىغان، دىلىنى ئېرىتىدىغان دەرىجىدە ياخشى مۇئامىلە قىلىش بىلەن ئۇلارنى تۈزۈشكە، ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ بىرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى ئىزلەش ۋە سۈرۈشتۈرۈشتىن توسىشىمۇ شۇ جۈملىدىندۇر. الله تەئەلا مۇنداق دېگەن:

(مۆئمىنلەرنىڭ ئەيىپىنى ئىزدىمەڭلار).

(سۈرە ھۇجرات 12 ـ ئايەت)

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا:

*«بۇ ياكى ئۇنىڭ ساقىلىدىن ھاراق تامچىلاۋاتىدۇ دېگەن، ئىبنى مەسئۇد: بىز باشقىلارنىڭ ئەيىپىنى ئىزدەشتىن توسۇلغان ئىدۇق، لېكىن بىزگە سۈرۈشتۈرۈلىدىغان ئىش ئاشكارىلىنىپ قالدى دېگەن».*

(ئەبى داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ نومۇسلۇق ئىشلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، ئىزدىنىش، چاۋىسىنى چىقىرىش مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىدۇ، ئۇلار ياشاۋاتقان چوڭ جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش ئۇمۇملىشىپ كەتسە، ئۆچمەنلىك، ھىلە ـ مىكىر، بۇزۇقچىلىق قانات يېيىپ كەتسە، جەمئىيەتتە ناشايان ئىشلار باش كۆتۈرىدۇ ۋە شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئىشارەت قىلغان:

*«ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى ئىزقوغلاپ تەكشۈرسەڭ، ئۇلارنى*

*بۇزۇپ قويىسەن، ياكى ئۇلارنى بۇزۇپ قويۇشقا تاس ـ ماس قالىسەن».*

(ئەبۇداۋۇت رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشقىلارنىڭ يۈز ـ ئابرويىنى، دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىتىشتىن، ئۇلارنىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، ئۇ مۇنداق دېگەن:

*«**اللّٰه** نىڭ بەندىلىرىگە ئازار بەرمەڭلار، ئۇلارنى ئەيىپلىمەڭلار، ئۇياتلىق ئىشلىرىنى سورىماڭلار، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى سوراپ تۇرۇۋالسا، **اللّٰه** مۇ ئۇنىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى سورايدۇ، ھەتتا ئۇنى شۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىلا پاش قىلىۋېتىدۇ».* (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

ئىبنى ئابباسنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق چىرچىلغانلىقى ۋە باشقىلارنىڭ يۈز ـ ئابرويىغا چېقىلغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن، ئىبنى ئابباس شۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سۆزلىدى، ھەتتا نۇتۇقنى چىملداق ئىچىدىكى قىزلارغىمۇ ئاڭلىتىۋەتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: ئەي! تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتقان، ئىمان دىلىغا كىرمىگەنلەر، مۆئمىنلەرنى رەنجىتمەڭلار، ئۇلارنىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرمەڭلار، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ يۈرىدىكەن **اللّٰه** تەئەلا ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىقىپ بېرىۋېتىدۇ، كىمكى ئۇنىڭ نومۇسلۇق ئىشلىرىنى تەكشۈرسە **اللّٰه** تەئەلامۇ ئۇنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىنى ئۆيىدە بولسىمۇ ئېچىپ تاشلايدۇ».* (تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

باشقىلارنىڭ يۈز ئابرۇيىغا دەخلى يەتكۈزگەنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇتقان پوزىتسىيەسى خېلىلا قاتتىق بولغان ئۇلارغا: *« ئەي! تىلى بىلەن ئىمان ئېيتقان، ئىمان دىلىغا كىرمىگەنلەر دەپ خىتاب قىلدى»* قەلبى ئىمان نىمىتىدىن

قالغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى نېمە دېگەن چوڭ ـ ھە! ئۇلارنىڭ گۇناھى الله نىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھ بولۇپ قارالغان.

## مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارلاشمايدۇ:

*ئۆزىنىڭ ئىسلامى ئىشلىرىنى ياخشىلاشقا ئىنتىلىدىغان، پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان مۇسۇلمان مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارلاشمايدۇ، داۋاملىق كىشىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى رازۋېت قىلىپ يۈرمەيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن دېيىلگەن ۋە تارقىلىپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلەرنى تىڭتىڭلاپ يۈرمەيدۇ. ئۇ ئادەمنى ئۇنداق قۇرۇق بىھۇدە ئىشلاردىن خالاس قىلىدىغان سالماق ئىسلامى ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن يۇقارقىدەك ئىشلاردىن يىراق يۈرىدۇ:*

«كىشىنىڭ كۆڭلى تارتمىغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئىسلامىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىندۇر». *(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)*

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«الله سىلەر ئۈچۈن ئۈچ ئىشقا رازى بولىدۇ، ۋە ئۈچ ئىشتىن رازى بولمايدۇ، سىلەرنىڭ: ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭلارنى ۋە ھەممىڭلارنىڭ الله نىڭ ئاغامچىسىغا ئېسىلىشىڭلارنى، بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكىڭلارنى قوللايدۇ، سىلەرنىڭ قۇرۇق گەپ ـ سۆز بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشۈڭلارنى ۋە ئورۇنسىز سوئاللارنى كۆپ سورىشىڭلارنى، مال ـ مۈلۈكنى زايا قىلىشىڭلارنى ياقتۇرمايدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامىيەت قانات يايغان ئىلاھى جەمئىيەتلەردە قۇرۇق گەپ ـ سۆزلەرگە، ئورۇنسىز كۆپ سوئاللارغا ۋە دائىم ئادەملەرنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە قول تىقىشقا ئورۇن يوق. چۈنكى ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرى چوڭ ـ ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن ئالدىراش، راست! ئۇلار يەر ـ يۈزىدە الله نىڭ كەلىمىسىنى ئەمەللەشتۈرۈش بىلەن ئالدىراش، ئۇلار گۇناھلىق ئىشلارغا قارىغۇدەك ۋاقىت ئاجرىتالمايدۇ.

## غەيۋەت قىلىش ۋە چېقىمچىلىق قىلىشتىن يىراق:

مۇسۇلمان غەيۋەت قىلىش، چېقىمچىلىق قىلىشتىن يىراق. چۈنكى ئۇ ئۆز خاھىشىنى ۋە بارلىقىنى ئىسلامنىڭ قىممەت قارشى ۋە ئەخلاقى ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان بولۇپ ئۇنىداق قۇرۇق ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈپ، دۇنيانىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئاتلىنىدۇ. داۋاملىق الله نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ ۋە توسقانلىرىدىن يانىدۇ. شۇنىڭدەك الله تەئەلانىڭ:

(بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، الله دىن قورقۇڭلار، الله (تۆبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تۆبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر). (سۈرە ھۇجرات 12 ـ ئايەت)

دېگەن سۆزىنى ئەلۋەتتە ئوقۇپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ كۆڭلى غەيۋەتتىن يىرگىنىدۇ، سەسكىنىدۇ. ئەگەر گۇناھى ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگەنگە تەڭ بولغان غەيۋەت قىلىش كۆرۈلسە دەرھال الله غا تەۋبە ئىستىغپار ئېيتىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مۇسۇلمانلارنىڭ قايسىسى

ئەۋزەل؟ دېگەن سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ ئېيتقان:

*«مۇسۇلمانلار تىلىدىن ۋە قولىدىن ئامان قالغان كىشى»* دېگەن سۆزىگە ھەر ۋاقىت ئەمەل قىلىدۇ. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*بۇ بۆلۈك كۆرسەتمە ۋە يول يورۇقلار ئالدىدا تەقۋادار مۇسۇلمان غەيۋەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەيدۇ ۋە ئۆز جەمئىيىتىدىكى بىرەر ئادەمگە قارا قولىنى سوزمايدۇ. بەلكى ئۇنداق قىلمىشلاردىن يىراق قاچىدۇ، غەيۋەتنى نەدە كۆرسە زەربە بېرىدۇ. ئەگەر بىرەر مۇتىھەم ئۇنىڭغا (يەنى غەيۋەتكە) تىل ئۇزارتسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى غەيۋەتتىن توسۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«كىمكى قېرىندىشىنىڭ يۈز-ئابرويىنى غەيۋەتتىن ساقلاپ قالسا، ئۇنى **الله** تەئەلانىڭ دوزاختىن ساقلىمىقى ھەق».

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

تەقۋادار مۇسۇلمان ئۆز جەمئىيىتىدە چېقىمچىلىق بىلەن گەپ توشۇپ يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئىگىلىگەنلىرىگە ئاساسەن چېقىمچىلىقنىڭ ئۆز ئىگىسىنى، ئادەملەر ئارىسىنى بۇزۇشتىن باشقا ھېچقانداق غېمى يوق رەزىل ئادەملەر سېپىگە قېتىۋېلىدىغانلىقىنى ۋە دوستلار ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئەسما بىنتى يەزىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

*«مەن سىلەرگە سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دېگەنلىكىنى، ساھابىلەرنىڭ: بولىدۇ، ئى رەسۇلۇللا! ئېيتىپ بەرسىلە دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار* **الله** *نىڭ زىكرىگە ئۆزىنى بېغىشلىغانلاردۇر. ئەمدى سىلەرگە يامانلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ چېقىمچى، دوستلارنىڭ ئارىسىنى بۇزغۇچى ۋە*

*ياخشىلارغا تۆھمەت قىلغۇچىلاردۇر»* دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلغان.

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

چېقىمچى بۇزغۇنچىلارنىڭ دۇنيادا تارتىدىغان زىيىنىلا يېتەرلىك، ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى تولىمۇ يامان بولىدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىس بارلىق ئارزۇ-ئۈمىدلەرنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ:

*«چېقىمچىلار جەننەتكە كىرمەيدۇ»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ ئىككىسى ئازاپ چېكىۋېتىپتۇ، ئۇلار چوڭ گۇناھ سەۋەبلىك ئازاپ چەككەن ئەمەس، بىرى چېقىمچىلىق قىلىپ يۈرەتتى، يەنە بىرى سۈيدۈكتىن پاكلىناي دىمەيتتى دېدى. ئاندىن ھۆل شاختىن بىرنى ئەكەلدۇرۇپ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئىككى قەبرىگە بىردىن سانجىپ قويدى، ئاندىن كېيىن بۇ قۇرۇپ كەتمىسىلا الله ئۇ ئىككىسىنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىشى مۇمكىن دېدى»*.

(شەيخانى رىۋايەت قىلغان)

### يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ:

يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك ھەقىقى ئاگلىق مۇسۇلماننىڭ ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرسى. چۈنكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ھارامدۇر:

(يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار).

(سۈرە ھەج 30 ـ ئايەت)

يالغان گۇۋاھلىق بىرىش، ئۆزىنىڭ ھارامنىقىغان قارىغاندا ئەرلەرگە زىيانلىق ۋە ئامانەتكە دەخلى تەرۈز يەتكۈزىدۇ، شان ـ شەرەپكە داغ كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتى بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن الله تەئەلا مۇنداق سۈپەتنى ئۆزىنىڭ ياخشىلىققا تاللىغان بەندىلىرىدىن ئىلىپ تاشلىدى. چۈنكى يالغان گۇۋاھلىق بىرىش چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىن، الله تەئەلا مۇنداق دىگەن:

(ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغانلار بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يالغان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىجاناپلىق بىلەن ئۆتۈپ كىتىدۇ).

(سۈرە فۇرقان72 ـ ئايەت)

بۇ گۇناھنىڭ ئېغىرلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە تۇنۇشتۇرۇپ، يالغان گۇۋاھلىق بىرىشنىڭ گۇناھىنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇناھتىن كىيىنلا ئوتتۇرغا قويغان، ئاندىن كىيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، قورقۇتۇش يۈزىسىدىن قايتا ـ قايتا تاپىلىغان. ھالبۇكى ئۇ ھاياجانغا سېلىشنىڭ ئەڭ قاتتىق ھالىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«مەن سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى دەپ بىرەيمۇ؟ بىز بولىدۇ دەپ بەرسىلە ئى رەسۇلۇللا! دىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: الله غا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسىگە يۆلىنىپ تۇراتتى ئاندىن ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ: دىققەت قىلىڭلاركى يالغان گۇۋاھلىق بىرىش، دەپ يالغان گۇۋاھلىق بىرىش دەپ تەكرار ئېيتتۇەردى، بىز ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ*

*قالسا ئىكەن دەپ كەتتۇق».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

**باشقىلارنى يامان گۇمان قىلمايدۇ:**

باشقىلارنى يامان گۇمان قىلماسلىق، كىشىلەرنى ئەيىپلەيدىغان خىياللارنى كۆڭلىگە ئەكەلمەسلىكى، باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاشقا، ئۇلار پاك بولسىمۇ قارلاشقا ئۇرۇنماسلىق ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى. چۈنكى ئۇ **الله** تەئەلانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىدۇ. **الله** تەئەلا مۇنداق دېگەن:

(ئى مۆئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلە دىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر).

(سۈرە ھۇجرات 12 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام گۇمانخورلۇقتىن ۋە باشقىلارنىڭ يوق يەردە ھەقىقەتتىن، چىنلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئۆسەك سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىشقا قاتتىق كۆرسەتمە بېرىپ:

*«گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، شۈبھىسىزكى گۇمان دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنى»* دېگەن ئىدى. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام گۇمان، گەپ ـ سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنى دەپ كېسىپ ئېيتتى. ھەقىقى مۇسۇلمان تىلىغا يالغان پۇرىقى بار گەپ ـ سۆزلەرنى يېقىن يولاتمايدۇ، ئۇ قانداقمۇ يالغان گەپ قىلسۇن؟.

بۇيۈك پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى، گۇمانخورلۇقتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۇنى سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنى دەپ قارىغان. مۇسۇلمانلارنى كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ئەمىلىنىڭ سىرتىغىلا قاراپ باھا بېرىشتىن ۋە ئۇلارغا گۇمان،

شەك ـ شۈبھى، ئۆسەك سۆز شۇنىڭدەك خىيالى تۈيغۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرغان، باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئىچىپ تاشلاش ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسى ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىش، يۈز ـ ئابرۇيىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزۈش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ئەمەس، سىر ـ مەخپىيەتلەر ساقلىغۇچىلار يۇشۇرۇشنى ۋە ئۇنى ئىچىپ تاشلاشنى بىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارىتا سىر، مەخپىيەتلىكلەرنى بىلگۈچى خۇدا ھېساپ ئالىدۇ. ئىنسانلارغا كەلسەك ئۇ قېرىندىشىنىڭ ئىش ھەركىتىنىڭ سىرتقى كۆرنىشىنىلا بىلەلەيدۇ. مانا بۇ ھەرقانداق مۇجمەللىك، گۇڭگالىقتىن خالى سۈپ سۈزۈك ھىدايەتنىڭ مەيىن شامالىرىدا سەگىدەپ ئۆتكەن ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن ئىبارەت سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ تونۇشى ۋە مەسلىكى. ئابدىراززاق ئابدۇللا ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دىگەن:

*«مەن ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھو ئەنھۇنىڭ: رەسۇلۇللانىڭ دەۋرىدە ئادەملەر ۋەھيىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئىش قىلاتتى، ئەمدىلىكتە ۋەھى ئۈزىلىپ قالدى، بىز بولساق ھازىر سىلەرنىڭ قىلغان ئەتكىنىڭلارغا قاراپ ئىش تۇتىمىز، كىمكى بىزگە ياخشىلىقنى كۆرسەتسە بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىز ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىمىز، ئۇنىڭ سىر ـ مەخپىيەتلىكى بىلەن ئىشىمىز يوق، ئۇنىڭ سىر ـ مەخپىيەتلىكىگە قارىتا الله ئۆزى ھېساپ ئالىدۇ. كىم بىزگە يامانلىق كۆرسەتسە، گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى بولسىمۇ بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز، ئىتراپ قىلمايمىز دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم».*

(ساھابىلەرنىڭ تەرجىمھالىدىن)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەقۋادار، ئاڭلىق مۇسۇلمان ھەر بىر ئېغىز سۆزنىگە ھېزى بولىدۇ. چىقارغان ھەربىر ھۆكمىگە ئىسپات كۆرسىتەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىدىن الله تەئەلانىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ھەرگىز چىقىپ كەتمەيدۇ:

(بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەققەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ).

(سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت)

مۇسۇلمان مانا بۇ بىر قاتار چەكلىمىلەردە توختايدۇ، بىلمىسە سۆزلىمەيدۇ، چىن ئىشەنچ بولمىسا ھۆكۈم قىلمايدۇ.

ئۇ باشقىلارنىڭ ئابرويىغا چېقىلىش، تۆھمەت قىلىش ۋە گۇمانخورلۇقلاردا بولىدىغان گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن تولىمۇ قورقىدۇ. چۈنكى ئۇ قىلغان ھەربىر سۆزنى بىلىپ تۇرىدىغان، خاتىرلەشكە تەيىنلەنگەن پەرىشتىنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ:

(ئۇ قانداقلا بىر سۆز قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان بىر پەرىشتە ھازىر بولۇپ كۈزىتىپ تۇرىدۇ).

(سۈرە قاپ 18 ـ ئايەت)

بۇ تىكىستلەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەن مۇسۇلمان ئېغىزىدىن چىقارغان سۆزنىڭ مەسئۇلىيەت پەرقىنى ئەلۋەتتە تونۇپ يېتەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ داۋاملىق گەپ ـ سۆزگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە دىمەكچى بولغان سۆزنىڭ ۋەزنىنى ئوبدان دەڭسەپ ئاندىن قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز. چۈنكى ئۇ ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن تاپشۇرۇپ ئالغانلىرى بىلەن قىلغان ھەربىر سۆزىنىڭ ئۆزىنى پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ غەزەپ نەپرىتىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مۇشۇ توغۇرلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

*«بىر ئادەم ئۆزى ئىرىشكەن نەرسىگە يېتىشنى ئويلىمايلا الله رازى*

*بولىدىغان بىرەر كەلىمە سۆزنى دەيدۇ، ئاندىن **الله** تەئەلا ئۇنىڭ شۇ سۆزى بىلەن قىيامەتكىچە رازى ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. يەنە بىر ئادەم ئۆزىگە يەتكەن نەرسىگە يېتىشنى ئويلاپمۇ باقماستىن **الله** نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بىرەر كەلىمە سۆزنى قىلىدۇ، **الله** شۇ كىشىگە شۇ قىلغان سۆزى بىلەن قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدىغانلىقىنى يازىدۇ».*

(ئىمام مالىك مۇئەتتا دىگەن ئەسىرىدە خاتىرلىگەن ھەدىس)

*بىرەر كەلىمە گەپ-سۆزنىڭ مەسئۇلىيتى نىمە دىگەن چوڭ ھە! تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ بىمەنە سۆز-چۆچەكلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيىتىمىزدە يامراپ كەتكەن گۇمانى قاراش، يالغان-ياۋداقلارغا زەن سېلىپمۇ يۈرمەيدۇ ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىكى گەپ-سۆز، گۇمانى قاراشلارنى دەلىللىمەستىنلا سۆزلەپ يۈرمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

*«يالغانچىلىق جەھەتتە بىر ئادەمنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشىلا كۇپايە».* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

## سىر ساقلىغۇچى:

سىر ساقلاش ۋە باشقىلارنىڭ ئامانەت قويغان نەرسىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر ۋە سىر ساقلاش كىشىنىڭ ئوغۇل بالىدارچىلىغىنىڭ، خاراكتىرىنىڭ كۈچلۈكلىگىنىڭ، ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىگىنىڭ بەلگىسى. مانا بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ شىرىن-شەربەتلىرىدىن تەشنالىغىنى قاندۇرغان ئىسلامىيەت ئەر-ئاياللىرىنىڭ ياخشىلىغىنىڭ ئاساسى، يەنە ئۇلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ھەپسە ئېرىدىن تۇل قالغاندا، ئۆمەر ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاندىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىزىم ھەپسەنى نىكاھىڭلارغا ئېلىڭلار دەپ ئىلتىماس قىلغان ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆمەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيەتلىكنى يوشۇرغانلىقى توغرۇلۇق رىۋايەتلەر بار. ئۇ رىۋايەتلەر ساھابە كىرەملەرنىڭ سىر ساقلاش پەزىلىتىنى ئۆزلەشتۈر گەنلىكىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شۇ پەزىلەتنى ئۆزلۈكسىز چىڭ تۇتقانلىقىنىڭ ئەڭ روشەن پاكىتى. ئىمامى بۇخارى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ھەپسەنىڭ ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

*«مەن، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇچراتتىم ئاندىن ئۇنىڭغا ھەپسەنىڭ گېپىنى قىلىپ: خالىسىڭىز ئۆمەرنىڭ قىزى ھەپسەنى سىزگە ياتلىق قىلاي دېدىم، ئۇ: ئويلىنىپ باقاي دېدى، بىركۈچىنى ئۆتكۈزۈپ ئۇنى يەنە ئۇچراتتىم. ئۇ: بۇ كۈنلەردە ئۆيلىنەلمەيدىكەنمەن دېدى، ئاندىن مەن ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئەگەر خالىسىڭىز ئۆمەرنىڭ قىزى ھەپسىنى سىزگە نىكاھلاپ قوياي دېدىم، ئەبۇبەكرى ماڭا بىرنەرسە دېمەي جىم تۇرۋالدى، مېنىڭ ئەبۇبەكرگە ئاچچىقىم كەلدى-يۇ، بىركۈچىنى ئۆتكۈزدۈم، ئاندىن كېيىن ھەپسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورىدى، ئۇنى رەسۇلۇللاغا ياتلىق قىلدىم، كېيىن مىنى ئەبۇبەكرى ئۇچرىتىپ: مېنىڭ ھەپسىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بىر نەرسە دېمىگەنلىكىمدىن رەنجىگەنسەن-ھە؟ دېدى، مەنمۇ: ھەئە سەندىن رەنجىدىم دېدىم، ئۇ: سىنىڭ تەلۋىگە بىرنەرسە دېيىشىمدىن بىركىم توسقىنى يوق، مەن رەسۇلۇللانىڭ ھەپسىنىڭ گېپىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سىرنى ئاشكارىلىمىدىم، ئەگەر ئۇنى رەسۇلۇللا ئالمىغان بولسا، مەن ئەلۋەتتە قوبۇل*

*قىلاتتىم دېدى».*

سىر ساقلاش پەزىلىتى سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ئەرلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ ھىدايىتىدىن بەھرى ئالغان، دىلىنى ۋە ئەقلىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتقان ئاياللار ۋە باللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. يۇقارقىلارنى ئىمامى مۇسلىمنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە كۆرۈۋالالايمىز، ئەنەس مۇنداق دېگەن:

*«مەن بىر قانچە بالا بىلەن ئويناۋاتاتتىم رەسۇلۇللا قېشىمغا كېلىپ سالام قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللا مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتتى، مەن ئانامنىڭ قېشىغا كېچىكىپرەك كەلسەم، ئانام: نېمە بىرەرسى تۇتىۋالدىمۇ سېنى؟ دېدى، مەن رەسۇلۇللا مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتكەن دېدىم. ئانام: نېمە ئىش ئىكەن ئۇ؟ دېدى، ئۇ دېگەن مەخپىيەتلىك دېدىم مەن، ئانام: رەسۇلۇللانىڭ مەخپىيەتلىكىنى ھېچ كىمگە تىنما ھە دېدى، ئەنەس مۇنداق دېدى: ئى سابىت اللّٰه بىلەن قەسەمكى ئەگەر شۇ مەخپىيەتلىكنى بىرەرسىگە دېمەكچى بولسام ئۇنى ئەلۋەتتە ساڭا دەيتتىم».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئەنەسنىڭ ئانىسى ئۆز ئوغلىنىڭ رەسۇلۇللانىڭ سىرنى ساقلاشقا تولىمۇ ھېرىسلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى بۇ قىزغىنلىقنى قەدىرلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللانىڭ مەخپىيەتلىكىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە ئەنەس ئۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچكىمگە ئېيتمىغان. ھەتتا ئۆزىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان تابىئىن سابىتۇل بۇنانىغىمۇ دەپ بەرمىگەن ۋە ئەنەسنىڭ ئانىسىمۇ ئۆزىدىن يوشۇرغان ئەشۇ مەخپىيەتلىكنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىمىغان، مانا بۇ ئىسلام تەربىيىسى، ئۇ مەيلى ئەر بولسۇن، ئايالى بولسۇن ۋە ياكى كىچىك بالىسى بولسۇن، ئىنسانىيەت كۆتۈرۈلگەن يۈكسەك بىر سەۋىيە.

مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش ئادەم ئۆزىنىڭ بىلەن سېزىلىدىغان ھەقىقەتەن يامان ئادەت. چۈنكى بۇ ھاياتتا بىلىنگەن ھەممە نەرسىنى دەپ يۈرۈش ھاجەت ئەمەس، ئۇ يەردە بىر قانچە ئىش بار ئۇنى يوشۇرۇش ئەرلىك خۇسۇسىيەت، گۈزەل ئادەمگەرچىلىك، ئۇلۇغلۇق ۋە غورۇر تەلەپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشقا ئالاقىدار ئىش بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئەقلى ھوشى جايىدا ئادەم باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ يۈرمەيدۇ، سىر-مەخپىيەتلىكنى پاش قىلىش ياخشى ئادەت ئەمەس، ئۇنداق ئىكەن بىرسىنىڭ سىرىنى يەنە بىرسىگە دەپ يۈرگەن ئادەم ئەقلى جايىدا، ئوبرازى دۇرۇس ئادەم ئەمەس، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنداقلار يامان نىيەتلىكى ئادەملەر سېپىدىكى بىر بولۇپ ۋات-ۋات ئادەملەر جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان الله نىڭ نەزىرىدىكى يامان ئادەملەر تۆرىگە كىرگۈچىلەردۇر:

*«قىيامەت كۈنى الله نىڭ نەزىرىدە ئادەملەرنىڭ ئەڭ يامنى ئايالىغا ئىچ سىرىنى تۆكۈپ بەرگەن ۋە ئايىلمۇ ئۇنىڭغا ئىچ-سىرىنى تۆكۈپ بەرگەن ئاندىن كېيىن ئايالىنىڭ ئىچ سىرىنى خەلق ئالەمگە يېيىۋەتكەن كىشىدۇر».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

## ئۈچۈنچى بىر كىشنى يالغۇز قويۇپ ئىككىسى ئايرىم مۇڭداشمايدۇ:

ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئوبدان چۈشەنگەن، ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلالايدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان باشقىلارنىڭ ھېسىياتىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان نالايىق ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا

بولىدۇكى، ئۇ گەپ ـ سۆزدە ئىلمى، سىلىق ـ سىپايە بولۇشقا سەل قارىمايدۇ، گەپ ـ سۆزدە ئىلمىي بولۇشنىڭ تۈنجى قەدىمى ئۈچ ئادەم بىرگە تۇرۇۋاتقان بولسا ئىككىنجىسىنى بىرچەتكە تارتىپ مەخپى مۇڭداشماسلىق. مانا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى قۇراللاندۇرغان بۈيۈك ئەدەپ ـ ئەخلاقى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«ئەگەر سىلەر ئۈچ ئادەم بولساڭلار، باشقىلارنىمۇ ئارىلاشتۇرمىغىچە، بىرنى ئايرىپ قويۇپ ئىككىسى مۇڭداشمىسۇن، چۈنكى ئۇنداق قىلىش، ئۈچۈنچى بىرسىگە ئەلەم بولىدۇ».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىسلامى ساپاسى يۇقىرى ۋە شۇ ئىسلامىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىستېتىك زوقىنى ئۆستۈرگەن ۋە ئەقىل ـ پاراسەت، زېرەك ـ چېچەنلىك ۋە ئىسىل ئالىجاناپلىق بىلەن ئۇزۇۋقلانغان مۇسۇلمان سانى ئۈچتىن ئېشىپ كەتمىگەن يىغىلىش سورۇنلىرىدا خۇپىيانە پاراڭلىشىشتىن، مۇڭدىشىشتىن، يىراق تۇرىدۇ. بۇ ئۈچۈنچى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايىغانلىق، ئەگەر ئىككىسىنىڭ ئارىسدا دېيىشمىسە بولمايدىغان زۆرۈرىيەت بولسا ئۈچۈنچى شەخستىن رۇخسەت سورىشى، ئىجازەت بەرگەندە ئۇنىڭغا ئۆزرىسىنى ئېيتىشى لازىم.

قەلبىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئىسلامىيەت چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئىسلامىيەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى، تەلىم ـ تەربىيىسى قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئۇلۇغ ساھابە كەرىملەر كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە بۇ مەنىۋى ئىشلارغا ئەسلا سەل قارىمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئىجتىمائى ئەخلاقىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى قالتىس قەدىرلەيدىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر بار. شۇلارنىڭ بىرى ئىمامى مالىكنىڭ مۇئەتتا دېگەن ئەسىرىدە ئابدۇللا ئىبنى دىناردىن رىۋايەت قىلىنغىنىدۇر. ئابدۇللا مۇنداق دېگەن:

*«مەن ۋە ئىبنى ئۆمەر بازاردىكى خالىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ ھويلىسىدا ئىدۇق، ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە پاراڭلاشماقچى بولۇپ بىر ئادەم كىرىپ كەلدى، ھويلىدا ئىبنى ئۆمەر بىلەن مەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى، بىزنى توت بولۇشىمىز ئۈچۈن ئىبنى ئۆمەر يەنە بىر ئادەمنى چاقىرىپ كىردى، ئاندىن ماڭا ۋە ئۈچىنچى ئادەمگە بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: بىر ئادەمنى ئايرىۋېتىپ ئىككى ئادەم خۇپىيانە مۇڭدىشىشقا بولمايدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.*

ئىبنى ئۆمەر تۆتۈنچىسىز كىرىپ كەلگەن ئادەمنىڭ خۇپىيانە پاراڭلىشىشىغا قوشۇلمىغان، چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئۈچىنچى ئادەمنىڭ دىلى ئازار يەيدىغانلىقىنى بىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆتىنچى كىشىنى چاقىرىپ كەلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمىگەن ۋە ئۇلارغا بۇنداق قىلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ۋە باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن، شۇنداق چاغلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەكىتلەش ئۈچۈن ھەدىس شەرىپنى تەكرار ئاڭلاتقان.

## ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ؛

ھەقىقىي مۇسۇلمان تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ، كىشىلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالمايدۇ. ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش يۈزىسىدىن ئۇلارغا دىمىغىنى قاقمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتى ئۇنىڭ قۇلىغى، قەلب دىۋارىغا تۇشۇپ كەتكەندۇر. ئۇ ھاكاۋۇرلارغا مۇشۇ پانى دۇنيادا خورازغا ئوخشاش گىدىيىپ يۈرۈش نېسىپ بولسىمۇ، ئۇلار باقى ئالەمدە ھەقىقەتەن زىيان

تارتىدىغانلىقىنى سەمىگە سېلىپ تۇرىدۇ، ئۇ الله تەئەلا ھاكاۋۇرلارغا ھارام قىلغان ئىشتۇر:

(ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلار ئۈچۈن خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر).

(سۈرە قەسەس 83 ـ ئايەت)

ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا الله تەئەلانىڭ ھەرقانداق بىر ھاكاۋۇرنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنى مەنسىتمەي تەتۈر قارىۋالغۇچىلارنى ياختۇرمايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ:

(كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرىمەيگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، الله ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ).

(سۈرە لوقمان 18 ـ ئايەت)

ئىزدەنگۈچى پاك سۈننەت تېكىستلىرىگە نەزەر سالغان ھامان، ئۇنىڭ كۆڭۈللىرىدىن ھاكاۋۇرلۇقنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن ھەيران قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىرى بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ. بىر كىشى: بىر ئادەم بار، ئۇ كىيىم ـ كېچىكىنىڭ ۋە ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ، (يەنى چىرايلىق كىيىنىش ھاكاۋۇرلۇقنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس) ھاكاۋۇرلۇق دېگەن ھەقنى ئۆزگە يولاتماسلىق ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، دېدى».* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ھارىسە ئىبنى ۋەھبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق

دىگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

*«مەن سىلەرگە ئەھلى دوزىخلارنى ئېيتىپ بىرەي: ھەر قانداق بىر قاتتىق قول، گىدىيىپ يۈرىدىغان ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى ئادەم ئەھلى دوزىخدۇر» دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*ھاكاۋۇر ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارغا ئاخىرەتتىكى تارتقۇلۇق، زىيان جەھەتتە الله نىڭ ئۇلارغا قىيامەت كۈنى قاراپمۇ قويماسلىغى، گەپ - سۆز قىلماسلىغى ۋە ئۇلارنى ئاقلاپمۇ قويماسلىغى يىتەرلىك، ئۇلارنىڭ يەر - يۈزىدە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلىرى، باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتقانلىرى ئۈچۈن الله تەئەلانىڭ يۇقارقى مۇئامىلىسى تولىمۇ مۇۋاپىق جازا، ئۇلار بولسا مەنشۇ ئازاپتۇر. ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىغا ئېلىپ كىلىدىغان ئازابى، دوزاخنىڭ بەدەنگە بولىدىغان ئازابىدىن قېلىشمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«قىيامەت كۈنى الله تەئەلا ھاكاۋۇرلۇق قىلىش سەۋەپلىك ئىشتىنىنى سۆرەپ يۈرگەن كىشىگە قاراپمۇ قويمايدۇ».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن:

*«ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار، قىيامەت كۈن الله تەئەلا ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ، گەپ سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى(گۇناھىدىن) پاكلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇلارغا ئېچىنىشلىق ئازاپ بولىدۇ: 1 - زىناخور 2 - يالغانچى پادىشا 3 - نامرات ھاكاۋۇر».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

چۈنكى چوڭلۇق ئۈستۈنلۈك ئىلاھى سۈپەتلەردىندۇر. ئۇ زەئىپ ئادىمى مەخلۇقلارنىڭ ئىش - كۈشلىرىدىن ئەمەس ۋە تەكەببۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ

يۈرىدىغانلار چوقۇم ئىلاھى ماقامغا تاجاۋۇز قىلغۇچىلاردۇر. بۇيۇك ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغۋار سۈپەتلىرىنى تالاشقۇچىدۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن چىدىغۇسىز ئازاپقا لايىق كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«الله تەئەلا: ئەزىزلىك مىنىڭ ئىشتىنىمدۇر، چوڭلۇق، مىنىڭ تونۇمدۇر، كىمكى ئۇنىڭ بىرەرسىنى مەندىن تالاشسا ئۇنداق كىشىنى چوقۇم جازالايمەن دىدى»*.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

شۇ سەۋەپلىك مۆئمىنلەرنى ئىنسانى ئاجىزلىق دەقىقىلىرىدە كىبىرىدىن ئۆتۈپ ئۇنى ئادەت قىلىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ كىبىرنىڭ باشلىنىش سىنىقىدىن ساقلىنىپ قېلىشلىرى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش، تەنبىھ بىرىش ئۇسۇلىنى خىلمۇ-خىللاشتۇرغان ھەدىس شەرىپلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۇتتۇرىغا قويۇلغان. ئەنە ئەشۇ ئاگاھلاندۇرغۇچى تەنقىد-تەربىيە بەرگۈچى تىكىستلەرنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر:

*«كىمكى ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنى چوڭ كۆرۈپ كەتسە ياكى مېڭىش تۇرۇشلىرىدا گىدىيىۋالسا الله تەئەلانى ئۆزىگە غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇچىرتىدۇ»*.

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

**كەمتەر:**

*ھاكاۋۇرلارنى دەرت-ئەلەم تۇرىنىڭ ئەڭ قاتتىق بىلەن ئاگاھلاندۇرغۇچى، تەنقىد تەربىيە بەرگۈچى بۇ تىكىستلەر كەمتەرلىككە ئۈندەيدىغان، كەمتەر كىشىلەر ھەر قاچان الله نىڭ بۇيرىغىنىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن كەمتەرلىك، كىچىك*

*پىئىللىق قىلسا ئۇلار ئۇچۇن **الله** نىڭ دەرگاھىدا شان ـ شەرەپنىڭ تېخىمۇ ئۈستىدىغانلىقىنى تەكتلەيدىغان تىكىستلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:*

«بىرەر ئادەم **الله** نىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈنلا كەمتەر بولسا **الله** ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ».

دىگەن سۆزى ۋە:

*«**الله** تەئالا ماڭا: بىر ـ بىرىڭلارغا ھاكاۋۇرلۇق، يولسىزلىق قىلىشمىغۇدەك دەرىجىدە كەمتەر بولۇشۇڭلارنى ئۇختۇردى».* دىگەن سۆزى شۇ جۈملىدىندۇر.

(بۇ ئىككى ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، كەمتەرلىك، سىپايىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، كەڭ قورساقلىق قاتارلىقلاردا جانلىق ئۆرنەك ئىدى. ھەتتا ئۇ ئۇيناۋاتقان باللار قېشىدىن ئۆتۈپ قالغاندىمۇ، **الله** تەئالا بارلىق ئىنسانىيەت ئارسىدا پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس قىلغان پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسى، ئالاھىدە يۇقۇرى ئورنى شۇ باللارغا سالام قىلىشتىن، ئۇلارغا شاد ـ خۇراملىق ئىلكىدە قاراشتىن ۋە ئۇلار بىلەن ئېچىلىپ يېيىلىپ ئولتۇرۇشتىن توسۇپ قالغان ئەمەس. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك باللارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام قىلغانلىقىنى ئەسلەپ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى».* دىگەن

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىگىنى رىۋايەت قىلىپ:

*«مەدىنەنىڭ چۆرىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتىۋېلىپ خالىغان*

*يەرگە ئىلىپ كىتەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىش-كۈشلىرىنى قىلىپ بىرەتتى دىگەن»».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

تەمىم ئىبنى ئۇسەيد ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگۈنۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلگەن، بۇ ناتونۇش ئادەم ئۆزى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسدا بىرەر توسالغۇنى ئۇچراتمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سۆزلەۋاتسا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىرىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، ۋ قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋاپتۇ. سورىغان سۇئالىغا تەپسىلى جاۋاپ بىرىپتۇ. بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسلاتىنى تەمىمنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بىرەيلى. ئۇ شۇ توغۇرلۇق بىزگە سۆزلەپ بىرىدۇ. ئىمامى مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دىگەن:

*«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىشىغا كەلدىم، ئۇ نۇتۇق سۆزلەۋاتقانكەن، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىر ناتونۇش ئادەم ئۆز دىنى توغۇرلۇق مەسىلە سوراپ كەلدى، ئۇ ئۆز دىنىنىڭ نىملىگىنى بىلمەيدۇ دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قارىدى ۋە سۆزلەۋاتقان نۇتۇقنى تاشلاپ قويۇپ مىنىڭ قىشىمغا كەلدى يەنە بىر ئۆرۈندۇق ئەكەلدۈرۈپ ئولتۇردى ئاندىن الله نىڭ بىلدۈرگەنلىرىنى ماڭا ئۆگۈتۈشكە باشلىدى، ئاندىن كىيىن ئۆز نۇتۇقىنى سۆزلەپ ئاخىرلاشتۇردى»».*

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ دىللىرىغا كەڭ قورساقلىق، يۇمشاقلىق ۋە ئالىجاناپلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان كەمتەرلىك ئەخلاقىنى سىڭدۈرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«مەن قوينىڭ پاقالچىكىگە چاقىرىلسامۇ ئەلۋەتتە باراتتىم، ئەگەر ماڭا پاقالچەك سوغا قىلىنسىمۇ ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇنىمە دېگەن ئۇلۇغ كەمتەرلىك! نىمە دېگەن ئىنسانى پەزىلەت ھە!

## ھېچكىمنى مەسخىرە قىلمايدۇ:

ئىسلامى ئوبراز باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشتىن تولىمۇ يىراق بولغان كەمتەرلىك مۇھەببىتى سىڭدۈرۈلگەن ئوبرازدۇر. چۈنكى ئۇ ئوبرازغا كەمتەرلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇقدىن، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن يىراق تۇرۇشنىڭ مۇھەببىتى سىڭدۈرگەن قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى، بىزنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشتىن ئۇلارنى تۆۋەن كۆرۈشتىن توستى:

(ئى مۆئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىرجامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (الله نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولىشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆز ـ ئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئايال (الله نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى ئايالدىن ياخشىراق بولىشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار. ئىماندىن كىيىن پىسقى بىلەن ئاتاش(يەنى مۆمىننى پاسىق دەپ ئاتاش) نىمە دېگەن يامان ـ ھە! (بۇنداق نەھى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر). (سۈرە ھۇجرات 11 ـ ئايەت)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كۆزگە ئىلماسلىق ئەڭ رەزىللىكتۇر دەپ بايان قىلغان:*

*«بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كۆزگە ئىلماسلىغى ئەسكىلىككە يېتەرلىك». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)*

## ياشتا چوڭلارنى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ:

*ئىسلامىيەت كۆرسەتمىسى مۇسۇلمانلارنى باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتا، ئۇلارنى مەنسىتمەسلىككە ئەمەس، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار ھۆرمەتلەشكە، قەدىرلەشكە لايىق بولسا تېخىمۇ شۇنداق، بەلكى ئۇ ياشتا چوڭلارنى، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەشنى چوڭ نىگىزلىك ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارايدۇ. ئۇ شۇنداق ئەخلاقىي مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىرىدۇ. كىمكى شۇ كىملىكىنى يوقاتسا شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىغىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئىسلام ئۇممىتىگە مەنسۇپ بولۇش شەرىپىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ قارار قىلغان:*

«ياشتا چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت قىلمىغان، ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئادەم مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس».

*(ئەھمەد، تىبرانى رىۋايەت قىلغان)*

جەمئىيەتتىكى چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، چوڭلارنى كىچىكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىنسانى ئەخلاق تۈزۈملىرىنى چۈشەنگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاڭ ساپاسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدىكى شۇ مەزمۇننى تەكىتلەشكە قىززىقاتتى. ئۇ ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ قائىدە پىرىنسىپلىرىنى يۈكسەلدۈرەتتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەخلاق ئاساسىنى پۇختىلايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ نۇقتىغا قىززىقىدىغانلىغىنىڭ مۇھىم

دەلىلىلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭ ئابدۇراھمان ئىبنى سەھلىگە:

*«چوڭلار سۆزلىسۇن! چوڭلار سۆزلىسۇن!»* دىگەن سۆزىدۇر. چۈنكى ئابدۇراھمان رەسۇلۇللانىڭ ئالدىدىكى ۋەكىللەرنىڭ كىچىكى بولسىمۇ ھەدەپ سۆزلەۋاتقان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: *«چوڭلار سۆزلىسۇن!»* دىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئابدۇراھمان سۆزلەشتىن توختىغان ئاندىن كىيىن ئۇنىڭدىن چوڭراق بىر كىشى سۆزلىگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشتا چوڭلارنى ۋە تالانت ئىگىلىرنى قەدىرلەشتە يەنە بىر بالداق يۇقۇرى ئۆرلەيدۇ. يەنە كىلىپ ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىك **الله** نى ھۆرمەتلىگەنلىك دەيدۇ:

*«مۇسۇلمانلارنىڭ ياشانغانلىرىنى ۋە قۇرئان كەرىمنى تەرىك ئەتمەي، ئەمەل قىلىشتىن قاچماي يادلىغۇچىلارنى ۋە ئادالەتنى ياقلىغۇچى سۇلتاننى ھۆرمەتلەش **الله** نى ئۇلۇغلىغانلىقىدىندۇر»*.

(ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان)

بۇ تەربىيە تۈنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مىۋە بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەشۇ يىتۈك ئەخلاق مۇجەسسەملەشكەن بىر تۈركۈم كىشلەر بارلىققا كەلگەن، نەتىجىدە ئۇلار چوڭلارنى ۋە تۆھپىكارلارنى ھۆرمەتلەشتە كۆزگە كۆرۈنگەن نەمۇنچىلاردىن بولۇپ يىتىشكەن. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق بىر رىۋايىتى بار، سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ:

*«مەن رەسۇلۇللانىڭ دەۋرىدە كىچىك بالا ئىدىم، لىكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى يادلىۋالغان ئىدىم، مىنى گەپ-سۆز قىلىشتىن بۇ يەردىكى مەندىن ياشتا چوڭلاردىن باشقا ھىچ نەرسە توسمايتتى»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ياشتا چوڭلارنى، تۆھپىكۆرلارنى ھۆرمەتلەشتىكى نەمۇنىچىلارنىڭ بىرىس ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇ رەسۇلۇللانىڭ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بار بىر سورۇنغا قاتناشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابىنى ئىبنى ئۆمەر بىلىدىغان سوئالدىن بىرنى سورىغان لىكىن ئۇ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن جاۋاپ بەرمىگەن. مۇشۇ توغۇرلۇق ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«مىسالى مۇسۇلماننىڭ مىسالىغا ئوخشايدىغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەرقاچان مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان، يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ كەتمەيدىغان بىر دەرەخنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار»* دېدى. مېنىڭ كۆڭلۈمگە خورما دەرىخى كەچتى-يۇ دېيىشنى خالىمىدىم، ئۇ يەردە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر بارئىدى، ئۇ ئىككىسى تېخى گەپ قىلمىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«ئۇ خورما دەرىخى»* دېدى، مەن رەسۇلۇللانىڭ ھوزۇرىدىن ئاتام بىلەن چىقىپ كېلىۋېتىپ: ئى ئاتا! كۆڭلۈمگە خورما دەرىخى كەلگەن دېدىم، ئاتام: ئۇنداق بولسا ئۇنى دېيىشتىن سېنى نېمە توستى؟ ئەگەر شۇنى دېگەن بولساڭ شۇنىڭ ئۆزى ماڭا ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن سۆيۈملۈكراق ئىدى دېدى، مەن: مېنى پەقەت سەن كۆرمىگەن بىر ئىش توسۇپ قالدى، ئەبۇبەكرى ئىككىڭلار ئېيتمىدىڭلار، ئاندىن مەن ئېيتىشنى خالىمىدىم دېدىم».

(شەيخانى رىۋايەت قىلغان)

*ئىسلام دىنى ئادەملەرنى ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ئۆز ئورنىغا قويىدى، ئەنە ئەشۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىدىن بولغان، بۇھەقتە ئىمامى مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھى كىتابىدا مۇنداق دېگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن زىكرى قىلىنىدى ئۇ مۇنداق دېگەن:*

«بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى ئۆز ئورنىغا قويۇشنى بۇيرىدى».

ئادەملەرنى ئۆز ئورنىغا قويغانلىقتىن ئۇلارنىڭ قەدىر-قىممىتى بىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئالىملار، قۇرئان كەرىم يادلىغان قارىلار، ئەقىل ئىگىلىرى ۋە تۆھپىكارلار ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

چۈنكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە، ئىسلام شەرىئىتىدە بەر قارار تۇرالىسلا، ھەق بىلەن ئىش ئېلىپ بارالىسلا ۋە ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرەلىسىلا ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ كۆرنەرلىك ئورنى بار. ئۇلارغا ئەشۇ ئىسىل ئورۇننى الله تەئەلا ئاتا قىلغان. چۈنكى الله تەئەلا مۇنداق دېگەن:

(ئېيتقىنكى بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ).

(سۈرە زۇمەر 9 - ئايەت)

قۇرئان كەرىمنى يادلىغۇچىلارنىڭ ئورنىمۇ ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنى سەھىھ ھەدىسلەردە ماختالغان، ئۇلار نامازدا ئىمام بولۇشقا تەيىنلەنگەن، يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئۇلارغا تۆرىدىغان ئورۇن بېرىلگەن.

*«جامائەتكە الله نىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيالايدىغانلىرى (يەنى قارىلىرى) ئىمام بولىدۇ، ئەگەر قىرائەتتە ئوخشاش بولسا سۈننەتنى(ھەدىسنى) كۆپراق بىلىدىغانلىرى ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۈننەتنىمۇ ئوخشاش بولسا، ئۇلارنىڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلىرى ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ھىجرەت قىلىشتىمۇ ئوخشاش بولسا، ئۇلارنىڭ ياشانلا چوڭ-پېشقەدەملىرى ئىمام بولىدۇ، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىمام بولسا بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە رۇخسىتىنى ئالمايتۇرۇپ ئالاھىدە ئورۇنىدا ئولتۇرۇۋالسا بولمايدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھېلىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

*«مۇسۇلمانلارنىڭ ياشتا چوڭلىرى ۋە قۇرئان كەرىمنى، ئەمەل قىلىشنى تەرىك ئەتمەي ياتلىغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش اللە نى ئۇلۇغلىغانلىقتىندۇر».* دېگەن سۆزىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شەھىد بولغان ساھابىلەرنى ھەر بىر قەبرىگە ئىككىدىن ئەكىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ:

*«ئۇلارنىڭ قايسىسى قۇرئاننى ئەڭ كۆپ يادلىغان؟»* دەپ سورىغان، ئەگەر بىرەر سىگە ئىشارەت قىلىنسا شۇنى لەھەتكە بالدۇر ئەكىرگەن.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملەرنى ئۆز ئورنىغا قويۇشتا، ئۇنىڭ نامازدىكى جامائەتچىلىكنىڭ سەپلىرىنى تۈزلەۋېتىپ: *«ئاراڭلاردىن ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە دانىشمەنلەر مېنىڭ يېنىمدا تۇرسۇن».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

دېگەن سۆزى تولىمۇ ئاقىلانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇر.

## ياخشى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىدۇ:

ياخشىلار بىلەن ئالاقە قىلىش، ئۇلارغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇلاردىن دۇئا تەلەپ قىلىش تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى. مۇسۇلمان يۇقارقى ئىشلاردا قانچىلىك ئۈستۈن ئورۇنغا، ئالى شەرەپكە يېتىشتىن قەتئىي نەزەر بىئاراملىق ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ قىلغان ھەر بىر ئىشنى **اللە** نىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن قىلىدۇ:

(سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا

ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن (يەنى ئاجىز كەمبەغەل مۇسۇلمانلار بىلەن) سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننىتى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقا ئادەمنىڭ (سۆزىگە) ئەگەشمىگىن).

(سۈرە كەھف 28 ـ ئايەت)

چۈنكى ياخشىلار بىلەن ئالاقە قىلىش، كىشىگە ياخشىلىق، تەقۋادارلىق، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەركەتتە نۇرماللىق يەتكۈزىدۇ. دىنى چۈشەنجىسىنى ئاشۇرىدۇر، ھەقىقەتكە يېتەكلەيدۇ، ھەتتا ئۇلارمۇ ياخشىلارنىڭ قاتارىدا سانىلىدۇ:

ياخشىلارغا دوست بولساڭ سانىلارسەن شۇلاردىن،
دوست تۇتۇشنى ئويلىما ياخشىلارنىڭ غەيرىدىن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن بىر ياخشى كىشىنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن ۋە ئۇ كىشىگە تامامى كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ بىلەن مۇنداق دىگەن:

(**الله** ساڭا بىلدۈرگە توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟).

(سۈرە كەھف 67 ـ ئايەت)

ھېلىقى ياخش كىشى:

(سەن مەن بىلەن تۇرۇشقا سەۋرى تاقەت قىلالمايسەن). دىگەندە.

(سۈرە كەھف 68 ـ ئايەت)

مۇسائەلەيھىسسالام تولىمۇ دوستانىلىق ۋە ئەدەپ بىلەن:

(الله خالىسا مىنى سەۋرى قىلغۇچى كۆرىسەن، مەن سىنىڭ بۇيرۇقىڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن) دېگەن.

(سۈرە كەھف 70 ـ ئايەت)

ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان پەقەت ياخشى كىشىلەر بىلەنلا باردى ـ كەلدى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن ئادەملەرنىڭ مەدەنگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سەرخىللىرىمۇ، ناچار يارىماسلىرىمۇ بولىدىغانلىقىنى ۋە ياخشىلارنىڭ پەقەتلا ياخشى بىلەن دوست بولىدىغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن:

*«ئادەملەر ئالتۇن كۈمۈش كانلىرىغا ئوخشاش بىر كاندۇر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىلىرى دىندا ئالىم بولسا ئىسلامدىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىدۇر. روھلار توپلاشقان قوشۇنلاردۇركى، ئۇنىڭدىن تونۇشقان بىلىشكەنلىرى ئەپ ئۆتىدۇ، ئۇلاردىن تونۇشالمىغانلىرى ئەپ ئۆتەلمەيدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۇ يەنە ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن ھەمراھ نىڭمۇ ياخشى ھەمرا ۋە ناچار ھەمرا دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى، يەنى ياخشى ھەمرانىڭ ئۆز ھەمرالىرىغا خۇشپۇراق، شاد ـ خۇراملىق يەتكۈزىدىغان ئىپار كۆتۈرگۈچىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ناچار ھەمراھنىڭ، ئۆز ھەمراھلىرىغا سېسىق پۇراق، تۈتۈن ۋە قارا ـ قۇيا دېگەندەك نەرسە يەتكۈزۈشتە كۆيەكچىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئوخشۇتۇشلىرى بىلەن تەمسىل قىلىپ بەرگەن:

*«شۈبھىسىزكى ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى:ئىپار كۆتۈرگەن ئادەم بىلەن كۆيەكچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئىپار كۆتۈرگۈچى: ياكى ساڭا بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن ۋە ياكى ئۇنىڭ خۇش ھىدىدىن بەھرى*

*ئالسەن، كۆيەكچى:يا كىيمگىنى كۆيدۇرۇپ قويدۇ، ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن كۆڭۈل غەشلىكى تاپىسەن»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ساھابە كەرىملەر **الله** نى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ياخشى كىشىلەرنى يوقلاپ تۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، مۇشۇ توغۇرلۇق ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق بىر رىۋايىتى بار:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇبەكرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا : بىز بىلەن ئۇممە ئەيماننىڭ قېشىغا بارغىن، بىز ئۇنى رەسۇلۇللا يوقلىغاندەك يوقلاپ كېلەيلى دېدى. بىز ئۇممۇ ئەيماننىڭ قېشىغا كەلسەك ئۇ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۇنىڭغا: نىمگە يىغلايسىز؟* ***الله*** *نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ياخشى دېدى. ئۇممۇ ئەيمەن: مەن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن* ***الله*** *نىڭ ھوزۇرىدىكى نەرسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن ئەمەس، ئاسمان تەرەپتىن كېلىدىغان ۋەھىينىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىن يىغلاۋاتىمەن دېدى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىمۇ ھاياجانلىنىپ ئۇممۇ ئەيمان بىلەن بىرگە يىغلاشقا باشلىدى»*.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بۇنداق سورۇنلارغا پەرىشتىلەرمۇ قاتنىشىدۇ، **الله** تەئەلانىڭ رەھمىتى چۈشىدۇ، ھەممە كىشىنىڭ ئىمانى كۆچىيىدۇ، روھى پاكلىنىدۇ، ۋە دىلى يورىيدۇ. مانا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئادەملەرگە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشتىكى نىشانى ۋە يەككە، جامائەتچىلىككە بەرگەن يوليورۇقى.

**ئادەملەرگە پايدا-مەنپەت يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇلاردىن زىيان-زەخمەتنى**

**توسۇشقا ئىنتىلىدۇ؛**

ئىسلامنىڭ ھىدايىتىدە تەربىيە ئالغان، قەلب تەشنالىقىنى ئۇنىڭ پاك بۇلاقلىرىدىن قاندۇرغان مۇسۇلمان ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئادەملەرگە پايدا يەتكۈزۈشكە ئۇلاردىن زىيان-زەخمەتنى توسۇپ قېلىشقا تولىمۇ قىززىقىدۇ. ياخشىلىق قىلىش پۇرسىتىنى ھەرگىز قولدىن بېرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مەنپەئەتلىك پائالىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇلى بولالايدىغان ھەقىقەتنىڭ، ياخشىلىقنىڭ ۋە پەزىلەتنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە بارلىققا كەلگەن. ئۇ ياخشىلىقنىڭ نىجاتچىلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ:

(بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار).

(سۈرە ھەج 77 - ئايەت)

الله تەئەلانىڭ ياخشى ئىش قىلىش يولىدا ئالغان ھەربىر قەدىمىگە تەييارلىغان ساۋابىغا چوڭقۇر ئىشەنگەنلىكتىن ياخشى ئىش قىلىشقا ئالدىرايدۇ:

*«ئىنساننىڭ بوغۇملىرى سانىچە ھەربىر كۈندە سەدىقە قىلىش لازىم. ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇش سەدىقە دۇر. بىرەر كىشىنى ئۇلىغىغا مىندۈرۈشنى ياكى يۈكلىرىنى ئۇلىغىغا ئارتىشىشنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىش، ياكى ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئۇلىغىغا ئارتىشىپ بېرىش سەدىقەدۇر. نامازغا ماڭغان ھەربىر قەدەم سەدىقە ۋە يولدىن (بىخەتەر يۈرۈشكە دەخلى يەتكۈزىدىغان) توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاشمۇ سەدىقە دۇر».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇسۇلماننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا شۇغۇللىنىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن نامازغا مېڭىشى ئارىسى نىمە دېگەن ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەن-ھە! بۇ دىننىڭ پەقەتلا ھەر بىر ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلىرىنى تولۇق

ئۇچۇن كەلگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تەكىتلەنگەنلىكتىن، دىن بىلەن دۇنيانىڭ، ئىجتىمائى ھايات بىلەن مەنىۋى ھاياتنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ قىلغان بارچە ئىشلىرىدا **الله** رازىلىقى تەلەپ قىلىنسا، نىيىتى **الله** تەئەلاغىلا توغۇرلانسا ئۇلارنىڭ قىلغان ھەربىر ئىش ـ ھەركىتى ئىبادەتتۇر.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ ئالدىدا ياخشىلىق ئىشلىرى ھەرۋاقىت ئۇچۇق، ئۇ خالىغان چاغدا **الله** نىڭ مول رەھمىتىنىڭ چۈشىشىنى تىلەپ ۋە ئۇنىڭ ئالەم شۇمۇل، ئومۇملىققا ئىگە ساۋابىنىڭ كۆپىلەپ بولۇشىنى تىلەپ شۇ ئىشلاردىن كىرەلەيدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى سەدىقە»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەى:

*«ياخشى سۆز سەدىقەدۇر»*. دىگەن

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

**الله** نىڭ رەھمىتى ئۆزىنى **الله** غا تاپشۇرغان، نىيىتىنى **الله** ئۈچۈن ساپ تۇتقان ئادەمنى ئەلۋەتتە تاپىدۇ. نەتىجىدە ئۇ يامان ئىشتىن توختىيالىسىلا، ياخشى نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسۇن مەيلى ئاشۇرالمىسۇن **الله** ئۇنى تەقدىرلەيدۇ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ھەر بىر مۇسۇلمان سەدىقە قىلىشى كېرەك» دىگەن. ساھابىلەر ئەگەر سەدىقە قىلغۇچىلىك بىرنەرسە تاپالمىسچۇ؟ دىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز قولى بىلەن ئىشلەيدۇ، ئاندىن ئۆزىنى بەھرىمان قىلىدۇ ۋە سەدىقە بىرىدۇ». دىگەن*

ئۇلار: ئېيتىپ باققىنچۇ قۇدرىتى يەتمىسە ياكى قىلالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ھاجەتمەنگە ياردەم قىلىدۇ» دېگەن، ساھابىلەر: ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟ دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوللۇق ئىشلارغا ياكى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ» دېگەن. ئۇلار يەنە: شۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟ دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يامان ئىشتىن قول ئۈزىدۇ، ئەنە شۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقىدۇر» دېگەن. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھەدىسىنى: «ھەر بىر مۇسۇلمان سەدىقە بېرىش كېرەك» دېگەن سۆزى بىلەن باشلايدۇ. ئاندىن كېيىن مۇسۇلمان قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان، شۇ ئارقىلىق سەدىقە قىلغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلەيدىغان ياخشىلىق، خەيرى-ساخاۋەت، ۋە يوللۇق ئىشلارنىڭ تۈرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇسۇلمان ئۆز جەمئىيىتىدە يۇقارقى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق سەدىقە بەرگەننىڭ ئەجرىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر نامەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن قىلالمىسا ياكى قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، ئەڭ ئەقەللىسى تىلىنى ۋە باشقا ئەزالىرىنى يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يىغىشمۇ ئوخشاشلا سەدىقە ۋە مۇسۇلماننىڭ ھەققەتەنلىك خىزمىتىگە قارىتىلغان بارلىق ئىجابى ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى كۈچەيتىدىغان ئىشلاردۇر. مۇسۇلمان دېگەن:

«تىلىدىن قولىدىن مۇسۇلمانلار سالامەت قالغان كىشى».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىقتىن ئۈمۈد كۈتۈلۈشكە بولىدىغان، يامانلىقتىن خاتىرجەم بولىنىدىغان ئادەمنى ئىسلام جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىسى دەپ ئۇختۇرغان. مۇشۇ مەزمۇندا ئىمامى ئەھمەد پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر جامائەت سورۇنىدا ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

*«مەن سىلەرگە يامانلىرىڭلاردىن ياخشى لىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» كۆپچىلىك جىم تۇرۇپ قالغان، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندا، كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى: بولىدۇ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! ئېيتىپ بەرسىلە دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ياخشىلىقىدىن ئۈمۈت كۈتۈلىدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇشقا بولىدىغان كىشىدۇر. سىلەرنىڭ يامىنىڭلار ياخشىلىقىدىن ئۈمىد كۈتىلمەيدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان كىشىدۇر» دېگەن.*

*مۇسۇلمان ئۆز جەمئىيىتى ئۈچۈن پەقەت ياخشىلىقلا تەقدىم ئېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىغاندا يامانلىق قىلىشتىن توختايدۇ، باشقىلارغا ئازار بەرمەيدۇ، داۋاملىق ياخشىلىق قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن ئەسلا يامانلىق سادىر بولمايدىغان كىشى ھەقىقى مۇسۇلمان شۇ. چۈنكى ئۇ داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بويلاپ ماڭىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە مۆمىن بولالمايدۇ».

*مۇسۇلماننىڭ ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ياخشى كۆرۈش دېگەنلىك، ئۇلارنىڭ پايدا ـ مەنپەتىگە كۆيىنىش، ئۇلارغا كېلىدىغان زىيان زەخمەتنى توسۇپ قېلىش دېمەكتۇر، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئىسلام جەمئىيىتىدىكى شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇ مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىكى پائالىيىتى ۋە ئاكتىپ چانلىغى. مۇشۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«بەندە ئۆز قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولسىلا الله ھەمىشە شۇ بەندىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ». *(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن:

*«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا الله مۇ ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ، كىمكى مۇسۇلماننىڭ بىرەر قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرۈۋەتسە الله مۇ ئۇكىشىدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرىۋىتىدۇ، كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىپىنى ياپسا الله مۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە مۇنداق دىگەن:

*«كىمكى بىرەر مۆمىننىڭ دۇنيادىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ قويسا الله مۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بىرىدۇ، كىمكى قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بەرسە الله مۇ ئۇكىشىگە ئاخىرەتتە ئاسانلىق يارىتىپ بىرىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئىسلامى جەمئىيەتلەردە ئۆز-ئارا ياردەم بىرىش روھىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتمىسى يەنىمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرلەپ مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش يولىدا ماڭغانلىقى ئۇزاق زامان ئېتىكاپ قىلغاندىن ياخشى دەپ بىكىتكەن. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

«كىمكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى قامداشقا ماڭسا ئۇ كىشى ئۈچۈن 20 كۈن ئېتىكاپ قىلغاندىن ياخشى ئىدى، كىمكى الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر كۈن

ئىتكاپ قىلسا الله ئۇ كىشى بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدا ئۈچ خەندەك پەيدا قىلىدۇ، ھەر بىر خەندەك شەرىق بىلەن غەرپنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپىدىنمۇ يىراقراق».

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

ئىقتىدارى بار تۇرۇپمۇ باشقىلارنىڭ خىزمىتىدىن باش تارتىش، مال-مۈلكىنى زاۋاللىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله تەئەلا بىر بەندىگە مال-مۈلۈك بەرسە، يەنە كېلىپ شۇ بەندە ئۈچۈن مال-مۈلكىنى تازا كۆپەيتىپ بەرسە ئاندىن كېيىن ئۇ بەندىگە باشقا ئادەمنىڭ ھاجىتى چۈشۈرۈلسە ئۇ ئادەم باش تارتسا چوقۇمكى شۇ قىلمىشى مال-مۈلكىنى زاۋالىققا يۈزلەندۈرىدۇ».

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

سەھى ھەدىستە جەننەتنىڭ نازۇ-نېمەتلىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر ئادەمنىڭ تەسۋىرى تولىمۇ ئېنىق يورىتىپ بېرىلگەن. چۈنكى ئۇ كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ئەتە ئاخشام ئۆلارنىڭ بىخەتەر يول يۈرىشىگە توسالغۇ بولىدىغان بىر تۈپ دەرەخنى قومۇرۇۋەتكەن ئىكەن. مۇشۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«مەن جەننەتتە بىر ئادەمنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت كەلتۈرىدىغان بىر تۈپ دەرەخنى قومۇرۇۋەتكەن سەۋەبلىك راھەت-پاراغەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم».* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

مۇسۇلمانلاردىن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ تاشلاش ياخشىلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپى، مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىشتىن، زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ساقلانغان ئادەم ئۆلارغا ياخشىلىق قىلغان، پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزگەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە الله نىڭ ساۋابى رازىلىقى بىلەن مۇرات-

مەخسەدگە يەتكۈچىدۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا بەرگەن يول-يورۇقى پايدا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، زىيان-زەخمەتتىن مۇداپىئە قىلىشتەك ھەر ئىككىلى تەرەپكە چېتىلىدۇ. شۇندىلا جامائەتچىلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ جەمئىيەت روناق تاپىدۇ. دىللاردا دوستلۇق مۇھەببەت رىشتىسى چىگىلىدۇ.

ئەبى بەرزەتىل ئەسلەمى رىۋايەت قىلغان مۇسۇلمانلاردىن ئەزىيەتلەرنى دەپئى قىلىش توغۇرىسىدىكى ئۇلۇغ يول-يورۇق شۇ جۈملىدىندۇر. ئەبى بەرزە مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاغا، ئى الله نىڭ ئەلچىسى!! ماڭا مەنپەتى تەگىدىغان بىر ئىش ئۆگىتىپ قويساڭ دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«مۇسۇلمانىنىڭ يولىدىن توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلا»* دىدى.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا مىنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان بىر ئەمەل كۆرسىتىپ قويساڭ دىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«يولدىن يۈتلىشىدىغان نەرسە-كىرەكلەرنى ئېلىپ تاشلا شۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە»* دىدى. (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامىيەت قۇرۇپ چىققان بۇ جەمئىيەتتىنمۇ كۆڭۈللۈكرەك بىرەر جەمئىيەت بارمۇ؟. چۈنكى ئىسلامىيەت شۇ جەمئىيەتتىكى ھەر بىر كىشىنىڭ كۆڭلىگە شۇ كىشىنى الله غا يېقىنلاشتۇرىدىغان، جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان ياخشى ئەمەلنى ئادەملەرنىڭ ئۆتەر يولىدىن راۋان-بىخەتەر يۈرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلاشقا ئوخشاش ئىشلارنى دىلىغا سالىدۇ. دىللاردا بۇنىڭدەك تەربىيۋى يول-يورۇقلىرى ئورغۇپ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلار جەمئىيتى يەرشارىدا ئەڭ تەرەققى قىلغان جەمئىيەتتۇر. چۈنكى ئۇ جەمئىيەتتە بۈگۈنكى كۈندىكى ئادەملەر يولغا

تاشلاپ - دۇۋلەپ قويغان ئەسكى - تۈسكى، ئەخلەت، قۇرلۇش ئىمارەتلەرنىڭ تاشلاندۇقلىرى قاتارلىق، نەرسىلەرنى تاشلايدۇ دەپ بىر كىشى ئويلاپمۇ باقمايدۇ.

بۇدىننىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان، يەنە شۇ جەمئىيەتتە ياشىغان كىشىلەرنىڭ الله نىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان، ساۋاپىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا يولدىن پۇتلىشىدىغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ تاشلاشقا ئالدىرىشىپ يۈرگەن جەمئىيەت بىلەن الله نىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالغان، ئۇنىڭ ئادەملىرى بولسا ئېگىز بىنالىرنىڭ ئۈستىدىن، دەرىزىلىرىدىن، ئۆيىنىڭ ئۆگزىلىردىن ئەخلەت - سۈپۈندە تاشلاۋاتقان كىشىلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان جەمئىيەتلەر ئارىسىدىكى پەرىق نىمە دىگەن زور - ھە!

شەھەرلەشكەن غەربىي دۇنياسى مۇشۇنۇڭغا ئوخشاش ئىشلاردا ئۆز خەلقىنىڭ قائىدە تۈزۈملىرىگە ھۆرمەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن قاتتىق قوللۇق بىلەن تەدبىقلاش ئادىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت يۈكسەك بىر سەۋىيەگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى. بىراق غەربىي ئەللىرىنىڭ قارشىدىكى بۇ يۈكسەك ئىجتىمائىي سەۋىيە، توغرا ئىسلامىيەت ئىجتىمائىي سەۋىيەسىگە يەتمەيدۇ. سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق، مۇسۇلمان شەخس ئۆزىنىڭ ئىسلامى تەربىيىسىنى تولىمۇ ئىنچىكە نىزاملىرىنى تەتبىقلاشتا قاتتىق مۇستەھكەملىگەن. چۈنكى ئۇ بۇ نىزاملارغا بوي سۇنماسلىقنى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىق، شۇ قىلمىشىغا قارىتا قىيامەت كۈنى جازالىنىدۇ دەپ قارايدۇ، غەربىيلىكلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلىقنى گۇناھ دەپ قارىمايدۇ، بەزى ئۇلارنىڭ ۋىجدانى شۇ قىلمىشلىرىغا قارىتا ئۇلارنى ئەيىپلىسىمۇ بەزىدە ئەيىپلىمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىشنى قىلىۋېرىدۇ. بۇلۇپمۇ مەسئۇل خادىم كۆرمەي قالسا تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى ئۇنىڭ ئېڭىدا مىنى ھەرۋاقىت كۈزىتىپ تۇرىدىغان، قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرىمنى بىلىپ

تۇرىدىغان، قىيامەت كۈنى شۇ ئىشلىرىدىن ھېساپ ئالىدىغان كۈچ قۇدرەت ئىگىسى بار دېگەن ئۇقۇم يوق.

## ئارازلىشىپ قالغان ئىككى مۇسۇلماننى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ:

ئەگەر مۇسۇلمانلار ئارازلىشىپ قالسا ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا تىرىشىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك، ئۇلارنىڭ مەنپەتىگە كۆيۈنگەنلىك ۋە ئۇلاردىن زىيانىنى توسۇپ قالغانلىق جۈملىسىدىندۇر. ئارازلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا كەلگەن تېكىستلەر ھەقىقەتەن كۆپ، ئۇنىڭدىن بىرسى الله تەئالانىڭ:

(ئەگەر مۆئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنجىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى الله نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزچىلىقنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر الله نىڭ ئەمرىگە، قايتىپ كەلسە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ھېچ تەرەپكە يان باسماي، ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار ھەممە ئىشتا ئادىل بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ئادىل كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ) دېگەن سۆزىدۇر.

(سۈرە ھۇجرات 10 ـ ئايەت)

بۇ ئۇرشۇپ قالغان ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇشقا چۈشۈرۈلگەن كەسكىن ئىلاھى بۇيرۇق، گەرچە مۆئمىنلەر جەمئىيىتىدە ئادالەتنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن تاجاۋۇزچى ـ زوراۋان تەرەپكە ئۇرۇش ئېچىشقا، بېسىقتۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاقىرىقلىرىدا قېرىنداشلىق ھېدى كېلىپ تۇرىدۇ:

(مۆئمىنلــــەر ھەقىقەتـــەن (دىنـــدا) قېرىنداشـــلاردۇر، (ئۇرۇشـــۇپ قالـــسا) قېرىندىشىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن اللە دىن قورقۇڭلار).

(سۈرە ھۇجرات 11 ـ ئايەت)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارازلىشىپ قالغۇچىلارنى ئۆزى قول تىقىپ ياراشتۇرۇپ قويۇشقا تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچە ئالدىراش ۋەزىپىسى كاشىلا قىلالمىغـان. پـەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالامنىڭ بـۇ تىرىـشچانلىقى مۇسـۇلمانلار ئۈچۈن ئۇرۇشـۇپ قالغـان ئىككـى تەرەپنىڭ ئارىـسىنى ياراشـتۇرۇپ قويۇشـنىڭ ۋاجىـپلىقىنى كۆرسـتىپ بېرىـدۇ. ئـەبۇل ئاببـاس سـەھل ئىبنـى سـەئىد رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:*

«رەسۇلۇللاغا بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋفلەر ئارىسىدا زىددىيەتنىڭ بارلىقى يەتكەن، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالام چىقىـپ ئـۆزى بىلـەن بىرگـە چىققان ئادەملەرنىڭ ئىچىـدە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويغان».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پـــەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالام مۆئمىنلـــەر جەمئىيىتـــىدە قېرىنداشـــلىق مېھرىنـــىڭ كۈچىيىشـــىگە ۋە ئـــۇلارنىڭ ھاياتـــىدا ئىللىقلىقنـــىڭ ســـەمىمىلىكنىڭ ۋە ئـــۆز ـ ئـــارا چۈشىنىشنىڭ قانات يېيىـشىغا تولىمـۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئـۇلارنى يوللـۇق ئـىشلارنى قىلىشقا، كەڭ قورساق بولۇشقا، گـەپ ـ سـۆز ئـىش ھەركەتتە مۇلايىم، سـىلىق ـ سـىپايە بولۇشقا ئۈندەشـنى قولـدىن بەرمـەيتتى. ئۆزىنـىڭ تەربىيە نۇقتىـسىنى كۆپـىنچە مۇشـۇ تەرەپلەرگە كۆپرەك قارىتاتتى ۋە غـەزەپ نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى ئـۆز ـ ئـارا كۈيۈنۈشكە، يـول قويۇشـقا، ئەپـۇ قىلـىشقا ئايلانـدۇرۇش ئۈچـۈن كـۆپ كـۈچ چىقىراتتـى. ئۇممۇل مۆئمىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇشۇ توغۇرلۇق بىر ئىشنى سۆزلەپ مۇنداق دىگەن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشك ئالدىدا جېدەل ـ ماجرا ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئاۋازى خېلىلا يۇقىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى قەرزىنىڭ بىرقىسمىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ۋە ئىشلاردا ئۆزگىچە شەپقەت قىلىشنى سورايتتى، يەنە بىرى: الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن دەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ: *«ياخشى ئىش قىلماسلىققا الله بىلەن قەسەم قىلغان قەسەمخور قېنى؟»* دېدى، *پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياقتۇرمىغانلىق، ئەيىپلەنگەنلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ جېدەللەشكەن ئادەمنىڭ خىجىللىقتىن بېشى چۈشۈپ كەتتى، ئاندىن ئۆز ھەققىدىن ۋاز كېچىپ: مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭغا قايسى بەكراق ياقىدىكىن دېدى».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈش يولىدا باشقىلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، قېتىپ كەتكەن دىللارنى يىمشتىش ئۈچۈن كۆپ سۆزلەشكە رۇخسەت قىلغان. مۇبالىغەلەشتۈرۈشكە يول قويغان ۋە ئۇ سۆزلەرنى يالغان، ھارام سۆز قاتارىدا سانىمىغان شۇنىڭدەك شۇ سۆزلەرنى قىلغۇچىلارنىمۇ يالغانچى، گۇناھكارلار سىپىگە تىقمىغان مانا بۇنى ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئىد قىزى ئۇممۇكۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستىن كۆرۈۋالايمىز. ئۇ مۇنداق دىگەن: مەن رەسۇلۇللانىڭ: *«ياخشى سۆزلەرنى يەتكۈزۈش ياكى دېيىش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەيدىغان، ياراشتۇرىدىغان ئادەم يالغانچى ئەمەس»*. دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق بايانلار قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: *«مەن ئادەملەرنىڭ ئۈچتۈرلۈك ئىشتىلا يالغان سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم: ئۇرۇشتا ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتا، ۋە*

*ئاپالىنىڭ ئېرىگە، ئېرىنىڭ ئاپالىغا ياڭغان ئېتىشىگە رۇخسەت»*.

### ھەقكە دەۋەت قىلغۇچىدۇر؛

دائىم ھەركەتچان ۋە روھى تېتىك ھەقىقى مۇسۇلمان، ھەمىشە ئۆز دەۋتىنى بىلەن كۆپ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ياخشىلىققا ئاتلىنىش ئۈچۈن بىرەر ھادىسىنىڭ ياكى بىرەر ھەيدەكچىنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە كۆرسىتىلگەندەك **الله** تەئەلانىڭ ئىخلاسمەن دەۋەتچىلەرگە تەييارلىغان ئۇلۇغ ساۋابىنى كۆزلەپ ئۆزلىگىدىن باشقىلارنى ھەققەتكە چاقىرىشقا ئالدىرايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇگە مۇنداق دىگەن:

*«**الله** بىلەن قەسەمكى سىنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن **الله** تەئەلانىڭ بىرەر ئادەمنى ھىدايەت قىلغانلىغى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىن ياخشى»*.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

*ساداقەتمەن تەشۋىقاتچىنىڭ ھەق يولىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ قولىقىغا دىگەن بىر كەلىمە سۆزى بىلەن شۇ كىشىنىڭ دىلىغا ھىدايەتنىڭ بىر ئۇرۇقچىسى تېكىلىدۇ. ھەقنى تەشۋىق قىلغۇچىغا قىزىل تۆگىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەجرى ساۋاپ بېرىلىدۇ، قىزىل تۆگە بولسا ئەرەپلەر كۆزىتىكىدىغان ماللارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەندەك، ئۇنىڭ ساۋابىغا شۇ كىشىنىڭ قولىدا ھىدايەت تاپقۇچىنىڭ ئەجىر-مۇكاپاتىغا ئوخشاش ئەجىر قوشىلىدۇ:*

«كىمكى ھىدايەتكە چاقىرسا ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئەگەشكەن كىشىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتمەيدۇ». *(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)*

تەشۋىقاتچىلارنىڭ **الله** يولىدا كۆرسەتكەن پىداكۆرلىقىغا ھەسەت قىلىنىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ھەق يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلەرگە دەئۋەت ئېلىپ بېرىشتا ئۆزىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىنى، ۋاقتىنى سەرپ ئېتىدۇ، ۋە كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان بۇ ھەسەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئۆستۈرۈپ قويىدۇ:

*«پەقەت ئىككىلا ئىشتا ھەسەت قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، **الله** تەئالا ئىقتىساد بەرگەن، ئاندىن شۇ ئىقتىساتنى ھەق يولىدا ئىشلەتكەن ئادەم، ئىككىنچى؛ **الله** ئىلىم ھىكمەت بەرگەن ئاندىن شۇ ئىلىم ھىكمىتى بىلەن ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇنى ئۆزگىلەرگە ئۆگەتكەن ئادەم».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*مۇسۇلمان ئىلىمدىن ئىبارەت بولغان مال ـ مۈلۈكنى كىچىك سانىمايدۇ، ئۇ **الله** تەرىپكە چاقىرىدۇ، گەرچە **الله** نىڭ بىرەر ئايىتى بولسىمۇ ھەقىقەتتىن ئاڭلىغىنىنى يەتكۈزسىلا كۇپايە، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى بۇيرىغان ئىش ئىدى:*

«مەندىن گەرچە بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنىڭ بىر قىسمى)

چۈنكى بەزى چاغلاردا ئادەمنىڭ ھىدايەت تېپىشى قەلبكە يەتكەن شۇ ئايەتلەردىكى بىرەر كەلىمىگە قاراشلىق بولۇپمۇ قالىدۇ ـ دە، ئىمانىنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان جايلىرىغا يېتىدۇ. ئەگەر ھىدايەتنىڭ بىرەر يالقۇنى بولسا ئۇنىڭدىن ئۇچقۇن پەيدا بولۇپ ئىنسانىنىڭ ھاياتى ۋە دىلى بىردەك يورۇپ كىتىدۇ ۋە ئۇ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆز تەبىئىتى بىلەن، ئۆزگە ياخشى كۆرگەننى ئۆز

قېرىنداشلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىدىغان ۋە داۋاملىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان باشقىچە بىر ئىنساندۇر. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە **الله** ئۈچۈن، **الله** نىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يۇقارقى ھەدىستە ئۆتكەندەك سەممىي مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىغىلا قاراپ تۇرمايدۇ، بەلكى ئۇ ھىدايەتنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىشىغا خىزمەت قىلىدۇ. دىمەك ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭلا جەننەتكە كىرىشىنى ئەمەس بارلىق ئادەملەرنىڭ ئەھلى جەننەتلەردىن بولۇشىنى خالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمىشە ئادەملەرنى دوزاختىن يىراق قىلىپ جەننەتكە يەتكۈزىدىغان ئىشلارغا چاقىرىدۇ. مانا بۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەشۋىقاتچىلارنىڭ ئەخلاقى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان بۈيۈك ئەخلاقتۇر:

*«بىرىدىن بىرەر نەرسىنى ئاڭلاپ ئاندىن ئۆزى ئاڭلىغاندەك يەتكۈزگەن ئادەمنى **الله** تېخىمۇ شادلاندۇرۇۋەتسۇن، ئېھتىمال يەتكۈزۈلگۈچى يەتكۈزگۈچىدىن ئوبدانراق يادىدا ساقلىشى مۇمكىن».*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

*ئىسلام جەمئىيىتى راستىنلا كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان جەمئىيەتتۇر. بۇ جەمئىيەت پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار. ئەگەر مۇسۇلمانلار **الله** نىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇسا ۋە مۇسۇلمانلار زاۋاللىققا يۈزلەنگەندە ۋە ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چەتنەپ كەتكەندە ئۇلارنى ئۆزى مېڭىۋاتقان ھەق يولغا قايتۇرۇپ كېلىشى ئۈچۈن ئۆز جەمئىيىتىدە ھەربىر ئاڭلىق تەشۋىقاتچى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسا جەمئىيەت ساغلام تەرەققى قىلىدۇ. شۇ جۈملىدىن دەۋەت قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ۋە **الله** بەرگەن ئىلىمنى يوشۇرغان،*

*مەلۇم بىر ئىشتا تەرەققىي قىلىشنىڭ، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مال - مۈلۈكلىرىگە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانلارغا قاتتىق تەھدىدلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:*

« كىمكى **الله** نىڭ رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى پەقەتلا دۇنيانىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، ئۇ قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ تاپالمايدۇ».

(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

*«بىرەرسىدىن ئىلىم توغۇرلۇق سورالسا، ئاندىن ئۇ شۇ ئىلىمنى (بىلىپ تۇرۇپ) يۇشۇرسا ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سىلىنىدۇ».*

(ئەبۇ داۋۇت ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

## ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدۇ؛

ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش **الله** نى تونۇشقا، **الله** غا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشنىڭ تەشەببۇسلىرىدىندۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەشۋىقاتچى مۇسۇلمان ياخشىلىققا بۇيرۇغۇچى يامانلىقتىن توسقۇچى ئىدى. ئۇ يامان ئىشلارغا قارشى تۇرىدۇ، ئەگەر كۈچى يەتسە ئۇنى قولى بىلەن يوقىتىدۇ. ئەگەر قولى بىلەن يوقۇتۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا تىلى ئارقىلىق توغرا تەرەپنى، ھەق يولنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ، شۇنىمۇ قىلالمىسا، ناتوغرا - يامان ئىشلارنى كۆرگەندە كۆڭلىدە بولسىمۇ نارازى بولىدۇ ۋە ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ تەسدىقى:

*«سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر كۈچى يەتمىسە تىلى ئارقىلىق ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىمۇ قىلالمىسا كۆڭلىدە نارازى*

*بولسۇن، ئەنەشۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزلىقى (نىڭ ئىپادىسى)».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مۇسۇلمان ياخشىلىققا بۇيرۇپ ـ يامانلىقتىن توسقان يەردە چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرىيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سەممىي مۇئامىلە قىلىدۇ. دىن دېگەن سەمىمىيلىكتۇر، ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە تونۇشتۇرغان سەمىمىيلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش لازىم: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«دىن دېگەن سەمىمىي بولۇش دېگەنلىكتۇر» دېدى، بىز: كىم ئۈچۈن؟ دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله، الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى شۇنىڭدەك بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن» دېدى.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*چوقۇمكى بۇ سەمىمىلىك، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش مۇسۇلماننى زالىمنىڭ ئالدىدىمۇ ھەقنى ئۈچۈق ئاشكارە سۆزلەشكە ئۈندەيدۇ، بۇ مىللەتنىڭ ئۆز قەدرى ـ قىممىتىنى، ئۆز ئەركىنى ساقلاپ قالالىشى، زالىمنى قورۇقماي: سەن زالىم دېيەلەيدىغان باتۇر ئادەملەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا باغلىق، ئىسلام مىللىتى قاچان شۇنداق ئۆلگۈلۈك كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالسا زالىملار قولىدا ئىزىلىدۇ، خورلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ زالىمنى سەن زالىم، دېيىشتىن قورۇققانلىقىنى كۆرسەڭ چوقۇمكى ئاشۇلار تەرپىدىن ئىزىلىدۇ».

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

*مۇسۇلمانلاردا ناتوغرا ئىشلارنى كۆرگەندە كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان باتۇرلۇق روھىنى ئۇرغۇتىدىغان باتۇرلۇق، كىشىلەرنىڭ زالىمغا قارشى جاسارىتى ئۇنىڭ*

*رىزىقىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدىغانلىغى، ئەجىلىنىمۇ يېقىنلاشتۇرالمايدىغانلىغىدىن خاتىرجەم قىلىدىغان تىكىستلەرمۇ بار:*

«بىرەر سىڭلارنى ئادەملەرنىڭ ھەيۋىسى، ھەقنى كۆرگەندە سۆزلەشتىن ۋە ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشتىن توسمىسۇن، ئۇ ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ (يەيدىغان) رىزىقنىمۇ يىراق قىلالمايدۇ».

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە ئىدى، بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئادەملەرنىڭ ياخشىسى قايسى؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«ئادەملەرنىڭ ياخشىسى (قۇرئان كەرىمنى) ئەڭ ياخشى ئوقۇيالايدىغىنى، **الله** دىن ئەڭ قورقىدىغىنى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغىنى ۋە ئۇرۇق-تۇققانچىلىقنى يەتكۈزىدىغىنى»* دەپ جاۋاپ بەردى.

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىكى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ تولۇپ ئاساسى ساداقەتمەن مۇسۇلمانلاردا جەسۇرلۇق ۋە ئالغا ئىلگىرلەش روھى ۋە يامان ئىشلارنى ياكى باشقىلارنىڭ ئۇۋالچىلىق تارتىۋاتقانلىغىنى كۆرگەندە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈشتەك ئىسىل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق ئىسىل ھەققانى باتۇرلۇق روھىنى قەدىرلەيدىغان ۋە **الله** نىڭ ياردىمىنىڭ ھەقىقەتكە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان باتۇر كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدىغانلىغىنى، **الله** نىڭ ھەققەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان توخۇ يۈرەكلەرگە ياردەم بەرمەيدىغانلىغىنى تەكىتلەيدىغان ھەدىسلىرى بار:

*«كىمكى بىرەر مۇسۇلماننى يۈز-ئابرويى كەمسىتىلىدىغان، قەدرى-قىممىتى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتى دەپسەندە بولىدىغان يەردە ياردەمسىز تاشلاپ قويسا **الله** مۇ ئۇنداق*

*كىشىنى ياردىمى تازا ياقىدىغان يەردە ياردەمسىز قويىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلمانغا يۈز-ئابرويى دەخلىگە ئۇچىرغان، ھۆرمىتى يەرگە ئۇرۇلغان يەردە ياردەم قولىنى سۇنسا الله مۇ ئۇ كىشىگە ياردىمى ياخشى كۆرىلىدىغان تازا كېرەك بولىدىغان يەردە ياردەم قىلىدۇ» دېدى.*

(ئەھمەد ۋە تىبرانى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقى مۇسۇلمان ناتوغرا ئىشلارغا قاراپ تۇرمايدۇ. ھەقىقەتكە ياردەم بېرىشتىن باش تارتمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۆز جەمئىيىتىدە زوراۋانلىقنىڭ يامراپ كېتىشىگە، يامان ئىشلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدۇ. چوقۇمكى ئۇ يامان ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كۆرسىتىلىشىچە، ئەبۇبەكرى مۇنبەرگە چىققاندا الله غا ھەمدە ئېيتقان ئاندىن كېيىن: ئى ئادەملەر! سىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ:

(ئى مۆئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى گۇناھدىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ). دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتىسىلەر بىراق ئۇنى ئۆز جايىغا قويماي ۋاتىسىلەر. مەن رەسۇلۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

*«كىشىلەر يامان ئىشنى كۆرسىمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئاندىن ئۇزاققا بارماي الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (يەنى ياخشىسىنىمۇ، يامىنىنىمۇ) جازالايدۇ» دېگەن.*

(ئەبۇداۋۇت رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامدا راستىچىل، ئىمانى جانلىق مۇسۇلمان، شاللاقلىقتىن، ئالا كۆڭۈللۈكتىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ ۋە دىنى مەسىلىلەرگە سەل قارىمايدۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇشتىن باش تارتمايدۇ. يامان ئىشنى داۋاملاشتۇرمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆنىشەلمەيدۇ.

يامانلىقنى ئىنكار قىلىش، ئۆزگەرتىشتىن يانمايدۇ. چاممىسىنىڭ يېتىشچە ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. دىنىنىڭ ئىشلىرى چاقچاق ئەمەس، ھەق ـ راست ئىش. ئەقىدە ئىشلىرى سۇلھى ـ سالا قىلىنمايدىغان كەسكىن ئىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنىڭ ئۆزدىنىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن، ئۆز دىنىنىڭ ئىشلىرىغا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقان يەھۇدىلارنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قېلىپ، بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن الله نىڭ غەزىۋى، قاتتىق جازاسى كېلىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن بەنى ئىسرائىللاردىن (يەھۇدى) بىرەر كىشى خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنى ئۆزرە ئېيتىش يۈزىسىدىن توساتتى، ئەتىسى بولسا خۇددى ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى خاتالىقنى كۆرمىگەندەك بىرگە ئولتۇرۇپ يەپ ئىچىشەتتى، الله ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشىنى كۆرۈپ. شۇ قىلغانلىرىغا ئاساسەن داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نىيەت ئىقباللىنى قارمۇ ـ قارشى قىلىۋەتتى، الله بىلەن قەسەمكى سىلەر ياخشىلىققا بۇيرىسىلەر، يامانلىقتىن توسۇيسىلەر، خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارنىڭ قولىنى تۇتىۋالىسىلەر، ئۇنى ھەق يولغا قايتۇرۇپ كېلىسىلەر، ياكى الله سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ بىر ـ بىرىگە قارمۇ ـ قارشى قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارغا لەنەت قىلغاندەك سىلەرگە لەنەت قىلىدۇ».*

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان ھەدىس).

### ئۆز دەئۋىتىدە سىلىق سىپايە:

ئاڭلىق تەشۋىقاتچى مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ۋەز نەسىھىتىدە ئىلمى، سىلىق،

يېقىملىق، باشقىلارنى ھەققەتكە چاقىرىشتا ئاقىلانە، ئۇلارغا دىننىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگۈتۈشتە سالماقدۇر. يۇقارقىلارنىڭ ھەر بىرىگە الله تەئالا ئۆز كالامىدا كۆرسەتمە بېرىدۇ:

(پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن).

(سۈرە نەھلى 125 ـ ئايەت)

چۈنكى كۆڭۈللەردە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش الله تەرەپكە چاقىرغۇچىنىڭ ۋە دىنغا يۈزلىنىشكە تەرغىپ قىلغۇچىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك لىرىدىندۇر، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارغا ئىماننى ياخشى كۆرسىتەلەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا يۈزلىنىشكە قىزىقتۇرالايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىدە بارنىڭ ھەممىنى بىراقلا تۆكۈۋەتمەيدۇ، پەقەت ئۇلارغا ئىلىم ـ مەرىپەتنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ تەقدىم ئېتىدۇ. ئارلاپ ـ ئارلاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئېغىرلاشتۇرۇش، زېرىكتۈرۈشتىن ساقلانغان ھالدا كۈن ئارلاپ ھەقنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە، ئېڭىغا سىڭدۈرىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتا قوللانغا ئۇسۇلى. ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ھەر پەيشەنبە كۈنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ بېرىشكە ئەھدى قىلغان ئىكەن. بىر كىشى ئۇنىڭغا ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! سىنىڭ بىزگە ھەركۈنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ بېرىشىڭنى ياخشى كۆرىمەن دەپتۇ. ئىبنى مەسئۇد:

*«ئەمدى بۇ ئىشقا كەلسەك مېنى سىلەرگە ھەركۈنى ۋەز نەسىھەت قىلىشتىن، سىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشنى ياختۇرماسلىغىم توسۇپ قويىدۇ. مەن سىلەرگە خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە كۈن ئارلاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ بەرگىنىگە ئوخشاش ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ بېرەي»* دەپتۇ.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*ۋەز-نەسىھەت نۇتقىنى ئىخچام سۆزلەش، بولۇپمۇ ئادەملەر كۆپ سورۇنلاردا تېخىمۇ ئىخچام، يەڭگىل سۆزلەش ۋەز-نەسىھەتنى يېقىشلىق، ياخشى ئۇسلۇپ بىلەن ئېلىپ بېرىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئادەملەر كۆپ يىغىلغان سورۇنلاردا ياشانغان كىشىلەر بار، ئاجىز-كېسەلمەنلەر بار، ۋەز-نەسىھەتنى ئاڭلاۋاتقانلار چۈشىنەلىگۈدەك ئېنىق، ئىخچام سۆزلەش. سۆزلىگۈچىنىڭ بىلىم ساپاسىنىڭ مول لىقىنىڭ پاكىتىدۇر. مانا بۇ ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزلەرگە خەۋەر قىلغان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى. ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:*

«بىر كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئۇزۇن-، سۆزلەيدىغان نۇتۇقىنىڭ قىسقا، ئېنىق بولغانلىقىنى شۇ كىشىنىڭ ئالىم بولغانلىقىدىن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇڭلار، ۋەز-نەسىھەتنى قىسقا قىلىڭلار» *دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

دەۋەت ئېلىپ بارماقچى بولغان ئاڭلىغۇچىلارغا مۇلايىم، سىلىق-سىپايە بولۇش، ئۇلارنىڭ نادانلىقى، سەھۋەنلىكى ۋە ئادەمنى مالال قىلىدىغان سوئاللارنى كۆپ سوراشلىرىغا سەۋرى قىلىش، دانىشمەن، ئەقىللىق تەشۋىقاتچىلارنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىندۇر. چۈنكى ئۇ شۇ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەرقانداق بىر سوئال سورىغۇچىغا كۆڭلى كۆكسىنى كەڭ تۇتىدىغان، ئۇلارغا جاۋاپ بېرىشتە، ئۇلارنىڭ بىلمىگەن تەرەپلىرىنى ئۆگىتىشتە سىلىق سىپايە پوزىتسىيە تۇتىدىغان ۋە مەسىلىلەرنى چۈشەنگەن، قانائەت ھاسىل قىلغانغا قەدەر قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىدۇ. مۇئاۋىيە ئىبنى سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى شۇنىڭ مىسالى، مۇئاۋىيە مۇنداق دەيدۇ:

*«بىر چاغدا مەن رەسۇلۇللا بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم. جامائەتچىلىكتىن بىركىشى چۈشكۈردى، مەن ساڭا الله رەھمەت قىلسۇن دېدىم، جامائەتنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلدى، ھوي! ئۆلگۈرلەر سىلەرگە نىمە بولدى؟ ماڭا نىمە ئۈنداق قارىشىسىلەر؟ دېدىم. ئۇلار يوتىلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۇلارنى كۆرۈپ ئاچچىقىم كەلدى-يۇ ئۈزۈمنى تۇتۇۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزنى ئوقۇپ بولغاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانامنى پىدا قىلىمەن. مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ۋە كېيىن ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئۆگەتكۈچىنى كۆرۈپ باقمىدىم، الله بىلەن قەسەمكى ئۇ مىنى يامان كۆرۈپ باقمىدى، ئۇرۇپ تىللاپمۇ باقمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «نامازدا ئادەملەرنىڭ گەپ سۆزىدىن بىرەر شەيئىنى سۆزلەش ھەقىقەتەن توغرا ئەمەس. ناماز دىگەن پەقەتلا تەسبىھ ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش، ۋە قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشتۇر» دېدى.*

ياكى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىگىنىدەك، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ ۋاقتىم جاھىلىيەتكە يېقىن الله تەئەلا ئىسلامەتنى يەتكۈزۈپ بولدى، بىزنىڭ ئىچىمىزدە ھەقىقەتەن چىراقچىنىڭ قېشىغا بارىدىغانلار بار دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام *«ئۇلارنىڭ قېشىغا بارمىسۇن»* دېدى. بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىر بۆلۈك ئادەملەر بار. ئۇلار شۇم پال ئالىدۇ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«ئۇ كىشىلەر كۆڭلىدە ھېس قىلىدىغان بىر ئىش، ئۇلارنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ»* دېدى.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملەرنى ياخشىلىققا چاقىرغاندا ئۇلارغا كۆيۈنىشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى ئۇ خاتالىق سادىر قىلغۇچىنىڭ خاتالىقىنى كۆڭۈل ئاياپ يۈزىگە سالمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلىشتا ۋە قىلغان نالايىق ئىشلىرىنى تۈزەشتۈرۈشتە يېپىق ھالەتتە ئىش ئېلىپ باراتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ

كۆڭلىگە يېقىشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۇتۇشنىڭ، ئۇلارنىڭ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى تۈزۈتۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

*«رەسۇلۇللاھنىڭ قۇلىقىغا بىرەر كىشى توغرۇلۇق خەۋەر يەتسە بىر نىمەلەرنى دەيدۇ. پالانىغا نىمە بوپتۇ دىمەيتتى، لىكىن كۆپچىلىككە نىمە بوپتۇ، ئۇلار ئۇنى ـ بۇنى دەۋاتىدىغۇ» دەيتتى.*

(ساھابىلەرنىڭ تەرجىمىھالىدىن)

مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشكەن دەۋەتچىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى گەپ ـ سۆزنى ئاڭلىغۇچىغا ئېنىق بايان قىلىش، تەكرار ئاڭلىتىش، مانا بۇخۇددى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشى ئەنەس مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر سۆزنى قىلسا ئۇنىڭدىن چۈشەنچە ھاسىل قىلغانغا قەدەر ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى، ئەگەر بىرەر قوۋمنىڭ قېشىدىن ئۆتسە ئۈچ قېتىم سالام قىلاتتى».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

*ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:*

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى تولىمۇ ئېنىق ئىدى. ئۇنى ئاڭلىغان ئادەم چۈشىنەلەيتتى».

(ئەبى داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

## مۇناپىقلىق قىلمايدۇ:

ھەققى مۇسۇلمان نىپاقدىن، خۇشامەتچىلىك، تەخسە كەشلىكتىن ۋە يالغاندىن

ئادەم ماختاشتىن ئەڭ يىراق تۇردۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئادەملىرى چۈشۈپ قالغان خەتەرلىك ئەھۋالغا قېلىشتىن ساقلايدىغان كۆرسەتمىلىرى بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە مۇناپىقلىق ۋە تەخسكەشلىك پاتقىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى مەدھىيلەپ: سەن بىزنىڭ خوجىمىز دەپ كەلگەن ئامىرنىڭ پەرزەنتلىرىگە: «*خوجا دېگەن الله*» دېگەن ۋە ئۇلار سەن بىزنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىمىز، ئەڭ ئۇلۇغىمىز دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

*«سىلەر ئۆز سۆزلىرىڭلارنى ياكى سۆزلىرىڭلارنىڭ بىرقىسمىنى دەڭلار، سىلەر شەيتاننىڭ ۋەكىلى بولماڭلار. مەن سىلەرنىڭ مېنى الله چۈشۈرگەن ئورنۇمدىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىشىڭلارنى ياقتۇرمايمەن. مەن بولسام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا، الله نىڭ بەندىسى، الله نىڭ ئەلچىسى مەن»* دېگەن.

(ساھابىلەر تەرجىمىھالىدىن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى ئورۇنسىز ماختىغۇچىلارنىڭ يولىنى ئەتكەن، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خوجايىنى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى بولسىمۇ، ئۆزىنى خوجايىن، ئەۋزەل، ئۇلۇغ دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن مەدھىيلەشتىن توسقان. چۈنكى ئۇ مەدھىينىڭ ئىشكى ئېچىلىپلا كەتسە ئاقىۋىتىنىڭ نىپاقدىن ئىبارەت خەتەرلىك تېيىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، ئۇنى پاك، سۈپ ـ سۈزۈك ئىسلامىيەت روھى سىڭدۈرمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى دىننى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقەتنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ ماختاشتىن توسقان. ئۇ، ماختىغۇچىنىڭ مۇناپىقلار سېپىگە قېتىلىپ كەتمەسلىكى، ماختالغۇچىنىڭ كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى.

شەيخانى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئۇ

مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز ئالدىدىلا بىر كىشىنى ماختاپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئىسىت ساڭا! سەن قېرىندىشىڭنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەتتىڭ» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ئاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «سىلەردىن كىمكى، قېرىندىشى ماختاشقا لايىق بولۇپ، ماختىماقچى بولسا مېنىڭچە پالانى ياخشى، الله ئۇنىڭ ھېسابىنى ئۆزى قىلىدۇ دېسۇن. ھېچ بىر ئادەم الله غا ئاقلاپ بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداقلىقىنى بىلسە، مەن مۇنداق ـ مۇنداق (ياخشى دەپ) ئويلايمەن (دېسۇن)».*

ئەگەر ماختىماي بولمىسا مەدھىيە ماختالغۇچىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، ماختاشتا كۆپتۈرۈۋەتمەسلىك، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش، نورمال ماختاش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەت مۇناپىقلىقنىڭ، يالغانچىلىقنىڭ، تەخسىكەشلىك، كۆز بويامچىلىقنىڭ ئاسارىتىدىن تازىلىنىدۇ.

بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رەجائىنىڭ مىھجەنىل ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغان، ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىھجەن بىلەن مەسجىددە ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: *«بۇ كىم؟»* دېگەنلىكىنى ئاندىن مىھجەننىڭ ئۇ كىشىنى ماختاپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇ پالانى، بۇ پوكۇنى دېيىشكە باشلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: *«ئۇنىڭغا ئاڭلاتما، بولمىسا ئۇنى ئۇلۇگە شىتۈرۈپ قويىسەن».* دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

*ئەھمەدنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇ مەدىنە خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بولغان پالانى، ياكى مەدىنە خەلقىنىڭ نامازنى ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغان كىشىلىرىدىن پالانى دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ:*

«ئۇنىڭغا ئاڭلاتما، بولمىسا ئۇنى ئۇلۇگە شىتۈرۈپ قويىسەن، سىلەر ھەقىقەتەن

مەن ئاسانلىقنى خالايدىغان ئۇممەت سىلەر دەپ ئىككى ئۈچ قېتىم» دىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماختاش، مەدھىيە سۆزلىرىنى ئاڭلىتىشنى ھالاك قىلىش، تۇگەشتۈرۈش دەپ ئاتىدى. چۈنكى مەدھىيەنىڭ ئاڭلاشقا خۇشتار ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋى تەسىرى خېلىلا چوڭقۇر، ماختالغۇچى بولسا كىشلەرنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەشكە، دىمىغىنى قېقىشقا ۋە ئۇلارغا قىڭغىر قاراشقا باشلايدۇ. ئەگەر تەخسكەش، يالغانچى، مۇناپىق ماختىغۇچىلار تەرپىدىن ئەشۇ ماختاش ـ مەدھىلەش تەكرار ئېيتىلىۋەرسە ئۇلارنىڭ نوخلىسى تېخمۇ ئۆسىدۇ. ئەمەلدار بىلەن مەنسەپدارلارنىڭ ئەتراپىدا خوشامەتچىلەر ھەققەتەن كۆپ. ماختاش، مەدھىلەش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان، شۇ سەۋەپتىن مەدھىيەگە خۇمار بولۇپ كەتكەنلەرگە تەنقىد ـ تەربىيە خوشياقمايدۇ. ئۇلار پەقەت ماختاش، مەدھىلەشلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ھەققەت يوقالسا، ئادالەت ئاياغ ئاستى قىلىنسا ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق دەپنە قىلىۋېتىلسە، جەمئىيەت بۇزۇلسا شۇنىڭدىن كىيىن يۈقارقىدەك ئىشلارغا ھەيران قېلىش كەتمەيدۇ.

شۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە خۇشامەتچى ـ تەخسكەشلەرنىڭ كۆپىيىپ كىتىشىنىڭ، مۇناپىقلىقنىڭ، ھەقتىن تېيىپ كىتىشنىڭ كېڭىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ساھابىلىرىنى ئادەم ماختىغۇچىلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىشنى بۇيرىغان.

شەيخانى، ئەھمەد ۋە تېرمىزىلار، بىر كىشىنىڭ رەھبەرلەردىن بىرىنى ماختاشقا باشلىغانلىغىنى، ئاندىن مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇكىشىنىڭ يۈزىگە توپا چاچقانلىغىنى ۋە ئۇنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ماختايدىغانلارنى كۆرسەڭلار يۈزىگە توپا چېچىڭلار»* دىگەن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساھابە كەرىملەر ئادەم ماختايدىغانلارنىڭ، ماختاش ـ مەدھىيەلىرىدىن ئۇچۇقلا يىرگىنەتتى. ئۇلار مەدھىيىگە لايىق بولسىمۇ، ئالقىش ـ مەدھىيىنىڭ ئۆزىنى چىرىتىشتىن، ھەق يولدىن تېيىلدۇرۇشتىن قورقاتتى. ناپىئ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار دىن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

*ئى ئادەملەرنىڭ ياخشىسى! ياكى ئادەملەرنىڭ ياخشىسىنىڭ ئوغلى دېگەن، ئىبنى ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ: مەن ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئەمەس، ئادەملەرنىڭ ياخشىسىنىڭ ئوغلىمۇ ئەمەس. بىراق مەن الله نىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندە، الله تەئالادىن ئۈمىدۋارمەن، ھەم قورقىمەن. الله بىلەن قەسەمكى سىلەر بىرەرسىنى ماختاۋەرمەڭلار، بولمىسا ئۇنى تۈگەشتۈرۈپ قويىسىلەر دېگەن.*

(ساھابىلەرنىڭ تەرجىمھالىدىن)

مانا بۇ ئىسلامى ئېڭى يۇقىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمەلىرىنى ئۆلچەم قىلىدىغان ئۇلۇغ ساھابە كەرىمنىڭ ئاقىلانە سۆزى. ساھابە كەرىملەر ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتتە ۋە ئۇنىڭدا نىپاقدىن يىراق تۇرۇشقا كۆرسەتمە بېرىپ بەرگەن پەتىۋاسىنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىشنى تونۇپ يەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا الله رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ئىش بىلەن نىپاق ۋە تەخسكەشلىك ئارىسىدىكى چوڭ پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭغا كىشىلەر: بىز ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ قېشىغا كىرىمىز، ئاندىن ئۇلارغا سىرتتا دېمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىمىز دېگەن. ئىبنى ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ:

*«بىز ئۇنى رەسۇلۇللانىڭ دەۋرىدە مۇناپىقلىق دەپ سانايتتۇق»* دېگەن.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

## رىياكارلىقتىن ۋە ماختىنىشتىن يىراق:

ھەقىقى مۇسۇلمان رىيا بولىدىغان ئىشلاردىن ئەڭ يىراق تۇرىدۇ. چۈنكى رىيا قىلغان ياخشى ئىشنىڭ ئەجرىنى خورىتىدۇ. قىلغان ئىشنى بىكارچى قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۆز ئىگىسىنى قىيامەت كۈنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. گەپ ـ سۆزدە، ئىش ـ ھەركەتتە **الله** تەئەلاغا ئىخلاس قىلىش بۇ دىنىنىڭ تۈپ يىلتىزى، **الله** غا ئىبادەت قىلىش بولسا جىنلارنى ۋە ئادەملەرنى يارىتىشتىكى ئاساسلىق مۇددىئا، **الله** تەئەلا مۇنداق دېگەن:

(جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشلىرى ئۈچۈنلا ياراتتىم).

(سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت)

بۇ ئىبادەت ساپ **الله** رازىلىقى ئۈچۈنلا بولغاندا ئاندىن مەقبۇل بولىدىغان ئىبادەت بولىدۇ:

(ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى **الله** غا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) **الله** غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى). (سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت)

بۇ ئىبادەتلەرنى قاچان رىيادىن پاكى داۋراڭ سېلىشتىن، ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت كىر ـ نۇقسانلار قاپلىسا ھامان بىكارچى قىلىنىدۇ، ساۋابى ئۆچۈرلىدۇ. بۇنىڭغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى **الله** تەئەلانىڭ پۇل ـ مېلىنى نامراتلارغا سەرىپ ئېتىپ بېرىپ، كەينىدىن ئۇلارغا مىننەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىدىغانلارغا بەرگەن تەنبىھلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز:

(ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرىپ قىلىدىغان،

**الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى(نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، قىلغان سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت قىلىش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرىپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇر دىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بورۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋاپقا ئىگە بولالمايدۇ. **الله** كاپىر قەۋۇمنى ھىدايەت قىلمايدۇ).

(سۈرە بەقەرە 264 ـ ئايەت)

كەمبەغەللەرگە مىننەت قىلىش خۇددى يامغۇر سۈيى سىلىق تاش ئۈستىدىكى توپا ـ چاڭنى يوقاتقاندەك سەدىقىنىڭ ساۋابىنى يوقىتىدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قىلغان ـ ئەتكەن ياخشىلىقلىرىنى كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىدىغانلارنىڭ **الله** تەئەلانىڭ ھىدايىتىگە لايىق بولالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىرلار قاتارىدا سانىلىدىغانلىقى ئۈچۈق بايان قىلىنغان:

(**الله** كاپىر قوۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ).

چۈنكى ئۇ قىلغان ياخشى ئەمىلىنى كىشىلەر ئارىسدا كۆز ـ كۆز قىلىدىغان، پەش قىلىدىغانلارنىڭ ئىشى ۋە ئۇلارنىڭ نىيەت ئىقبالى **الله** تەئەلانى رازى قىلىش ئەمەس، **الله** ئۇلارنىڭ شۇ ئىشلىرىنى بۇ سۆزى بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

(نامازنى، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) **الله** نى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ).

(سۈرە نىسائ 142 ـ ئايەت)

*بۇنىڭدىن رىياكارلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزگىلەرنى **الله** غا شېرىك قىلىپ قويغان، **الله** تەئەلا*

*ئەمەللەردىن پەقەت ئۆز رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:*

«**الله** تەئالا: مەن شېرىكتىن تامامەن بىھاجەت، كىمكى ماڭا قىلىدىغان ئەمەلىدە ماڭا باشقىنى شېرىك قىلسا ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلىنى ۋە شېرىكىنى تاشلاپ قويىمەن دېدى». *دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەسىلە توغۇرىسىدىكى سۆزىنى تەپسىلى شەرھىلىدى ۋە قىلغان ئەمەلىنى كۆز-كۆز قىلىدىغانلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدى. يەنە مۇشۇ توغۇردا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

*«قىيامەت كۈنى مەسىلىسى تۇنجى بولۇپ بىرتەرەپ قىلىنىدىغان كىشى شەھىد قىلىنىپ كەلتۈرۈلگەن ئادەم، ئاندىن ئۇ كىشىگە **الله** نىڭ بەرگەن نېئمىتى تونۇتۇلىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. **الله** تەئالا: سەن شۇ نېئمەتلەردىن پايدىلىنىپ نېمە ئىش قىلدىڭ؟ دەيدۇ، ئۇ ئادەم: مەن سېنىڭ يولۇڭدا شېھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدىم دەيدۇ، **الله** تەئالا: يالغان ئېيتتىڭ، سەن باتۇر ئاتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭ، ھەم شۇنداق ئاتالدىڭ دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاشقا ئەمر قىلىدۇ. ئىككىنجى قىلىپ ئىلىم مەرىپەت ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن ۋە قۇرئان ئوقۇغان ئادەم. ئۇمۇ **الله** نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ، **الله** نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمىتى تونۇتۇلىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. ئاندىن **الله** تەئالا: سەن شۇ نېئمەتلەردە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ ئادەم جاۋاپ بىرىپ: مەن ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ*

*رازىلىغىڭنى دەپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدىم دەيدۇ. اللە: يالغان ئېيتتىڭ، سەن: ئالىم ئاتىلىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەندىڭ، قارى ئاتىلىش ئۈچۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلدىڭ، ھەقىقەتەن ئاتىلىپ بولدۇڭ، دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىمۇ دوزاخقا تاشلاشقا ئەمر قىلىدۇ، ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۈچۈنچى بىرسى، اللە تەئەلا پۇل ـ مال بېرىپ باي قىلغان ئادەم، ئۇمۇ اللە نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئاندىن اللە نېمىتىنى تونۇتقۇزىدۇ، ئۇ كىشى تونۇيدۇ. اللە تەئەلا: سەن شۇ نېمەتلەر ئارقىلىق نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى جاۋابەن: مەن مېلىمنى ئۇزۇم ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرگەن ئىشقا ئەمەس، سېنىڭ يولۇڭدا سەرپ ئەتتىم دەيدۇ. اللە تەئەل: يالغان ئېيتتىڭ، سەن: سېخى ئاتىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان، سېخى دەپ ئاتىلىپ بولدۇڭ دەيدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاشقا ئەمر قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھەدىس شەرىپ، باتۇرلۇق، ئىلىم مەرىپەت ئىگىلەش ۋە سېخىلىق قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن كۆپلەپ ماختىنىش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە پەخىرلىنىشتەك قىلمىشلار يۈز بېرىدىغان ئورۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە قىيامەت كۈنى ئەدەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھەقىقى ئەپتى بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىپ شۇ ئەمەللەرنىڭ ئۆز ئىگىسىگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى خۇددى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان چوڭ بالايى ئاپەتنى بايان قىلغاندەك بايان قىلغان. چۈنكى ئۇلار اللە تەئەلانىڭ ئۇلۇغ ئەمەللەرگە تەييار قىلغان بارلىق ساۋاپلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ ۋە ئەبەدىلىك جەننەتكە كىرىشنىڭ ئورنىغا دوزاخقا دۇم تاشلىنىدۇ.

ئۆزىدىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئوبدان چۈشەنگەن ھەقىقى مۇسۇلمان ھەرقانداق بىر ئىش ـ ئەمەلدە رىياكارلىقتىن ساقلىنىدۇ. ۋە قۇلىغىنى، كۆزىنى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قارىتىپ قىلغان ھەربىر ئەمىلىنى خالىس اللە رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«كىمكى قىلغان ئىش-ئەمىلىنى باشقىلارغا ئاڭلاتسا اللە مۇ ئۇنى ئاڭلىتىدۇ. (يەنى قىلغان ئىشنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلسا اللە ئۇنىڭ ئەيىپى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ) كىمكى ئۆزىنى كۆرسەتسە اللە ئۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

## توغرا يولدا تەۋرەنمەي تۇرغۇچىدۇر:

ھەقىقى ساداقەتمەن مۇسۇلمان ئىنىق، ئوچۇق، توغرا يول تۇتقۇچىدۇر. ئۇ توغرا يول تۇتۇشتىكى قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەتلەردىن ۋايساشنى، ھەق يولدىن ۋازكېچىشنى، كۆز يۇمۇشنى، ھەقنى يۇشۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ساختىلىق ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ.

چۈنكى مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ۋە ئەخلاقىدىكى دۇرۇسلۇق، شۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرسىمۇ ياكى ئۆزلەشتۈرمىسىمۇ بولىدىغان ئەخلاق ئەمەس. پەقەتلا ئۇ اللە تەئەلا بۇيرىغان ۋە اللە نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان شۇنىڭدەك مۇھىملىق دەرىجىسى كۆپلىگەن ئايەتلەردە اللە غا ئىشىنىشتىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئەخلاق:

(شۇبھىسىزكى (پەرۋەر دىگارىمىز اللە دۇر) دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورۇقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خوشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار.

(ئۇلار) مەغپىرەت قىلغۇچى ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر»دەيدۇ).

(سۈرە فۇسسىلەت 30 ـ ئايەت)

توغرا يول ئۈستىدە بولغانلارنىڭ ساۋابى نىمە دىگەن ئۇلۇغ ساۋاپ ـ ھە! قىيامەت كۈنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئورۇن نىمە دىگەن شەرەپلىك ھە! پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان بىشارىتى نىمە دىگەن گۈزەل ھە! چۈنكى توغرا يول ئۈتىدە مۇستەھكەم تۇرۇش قىيىن بىر باسقۇچ، ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنى الله رازىلىقى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن تەقۋادار مۆئمىنلەرلا يېتەلەيدۇ. الله نىڭ غەيرىگە بەندىچىلىك قىلىشتىن ئۆزىنى تارتالايدىغان كىشلەرلا ئېرىشەلەيدۇ.

ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئورنىنىڭ يۇقۇرلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قىيىن بىر باسقۇچ ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ تولىمۇ سەگەك، سەزگۈرلىگىدىن پەيغەمبىرىمىزگە ئېغىر كەلگەنلىگىدىن ۋە ئۇنىڭ كىشلەرنىڭ ئاخرەتتىكى نەتىجىسىنى بېكىتىشتىكى رولىنىڭ مۇھىملىغىدىن چوڭراق دەلىل بولمىسا كېرەك. شۇ توغۇرلۇق ئىبنى ئابباس الله تەئەلانىڭ:

(ئى مۇھەممەد! الله سىنى بۇيرىغاندەك توغرا يولدا بولغىن). دىگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دىگەن: «*قۇرئان كەرىمنىڭ بارچە ئايەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇ ئايەتتىنمۇ بەكرەك ئېغىر كەلگەن، جاپالىق تۇيۇلغان ئايەت يوق*». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى: چاچلىرىڭغا بالدۇر ئاق كىرىپ قاپتۇ دىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: (الله بۇيرىغاندەك توغرا يولدا بولغىن). دىگەن سۆزگە ئىشارەت قىلىپ: «*ھۇد ۋە ھۇدنىڭ قېرىنداشلىرى (يەنى سۈرە ھۇد ۋە شۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن سۈرىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ)* چېچىمنى

*ئاقارتىۋەتتى»* دېگەن.

(مۇسلىمگە قارالسۇن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارچە سۆزلىرى **الله** تەئەلانىڭ:

(پەرۋەردىگارىمىز **الله** دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلار). دېگەن سۆزىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇپيان ئىبنى ئابدۇللا ھىس سەقەفىگە:

*«**الله** غا ئىشەندىم-دە، ئاندىن كېيىن توغرا يول ئۈستىدە بولغىن»* دېگەن.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*توغرا يول ئۈستىدە تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى مۇسۇلمانلار بىلەن پەقەت بىرلا چىراي بىلەن كۆرۈشۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە قاتتىق تەھدىد سالغان ئالدامچى، ساختىپەز ئادەملەردەك ئۆزگىرىۋالماسلىق، ئىككى يۈزلىمچى بولىۋالماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئۇنىڭ قېشىغا بىر خىل، بۇنىڭ قېشىغا بىر خىل چىراي بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمچى ئادەمدۇر».

(بۇھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

## كىسەل يوقلايدۇ:

*ھەقىقى مۇسۇلمان كېسەل يوقلاشنى دىن قىزىقتۇرغان ئىسلامى بۇرۇچ دەپ قارايدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە پەرمان-بەردار بولۇپ كېسەل يوقلايدۇ:*

«ئاچقا تاماق بېرىڭلار، كېسەل يوقلاڭلار ۋە ئەسىرلەرنى بوشىتىڭلار».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كىسەل يوقلاشقا، جىنازىغا ئەگىشىشكە، چۈشكۈرگۈچىگە جاۋاپ قايتۇرۇشقا ۋە قەسەم قىلغۇچىنى قەسىمىگە تۇرغۇزۇش، بوزەك ئىتىلگەن ئادەمگە ياردەم بىرىش، چاقىرغۇچىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ۋە سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرىدى» دىيىلگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىكىتكەن بۇ ئىجتىمائى ئادەت مۇسۇلمانلار ھاياتىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان ئۈچۈن قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن ۋە ئەگەر ئۇنىڭ قېرىندىشى شۇ ھەقلەرگە سەل قارىسا ياكى يىتەرسىزلىك قىلسا ئۇنىڭ شۇ ھەقلەرنى تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى، ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھەقلىرىگە سەل قارىغۇچىنىڭ، يىتەرسىزلىك قىلغۇچىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە گۇناھكار ۋە ئۆزىگە ـ ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچى دەپ تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان:

«مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا بەش تۈرلۈك ھەققى بار: سالىمنى ئىلىك ئىلىش، ئاغرىپ قالسا يوقلاش، ئۆلۈپ كەتسە جىنازىغا ئەگىشىش، چاقىرسا بىرىش ۋە چۈشكۈرسە جاۋاپ بىرىش».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا بەش ھەققى بار دىگەندە. ساھابىلەر تەرىپىدىن: ئۇلار قايسىلار؟ دىيىلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇچراساڭ سالام قىل، چاقىرسا بارغىن، سەممىيەت تەلەپ قىلسا ئۇنىڭ ئۈچۈن سەممىي بولغىن، چۈشكۈرۈپ الله غا ھەمدە ئېيتسا، الله رەھمەت قىلسۇن دىگىن، ئاغرىپ قالسا يوقلا ۋە ئۆلۈپ كەتسە

*ھەمراھ بول»*. دېگەن

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

مۇسۇلمان ئاغرىپ قالغان قېرىندىشىنى يوقلىغاندا قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە ئۆزىنىڭ پەقەت مەجبۇرىيىتىنىلا ۋە بۇيرۇقنىلا ئورۇندىمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، بەلكى روھى مەمنۇنلۇق، مەنىۋى خوشاللىق سېزىدۇ. بۇئىككىسىنى پەقەت كېسەل يوقلاش ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەسۋىرلىگەن ۋە ئۇ ئۆزئىچىگە ئالغان ياخشىلىق، بەركەتلەرنى تەسۋىرلىگەن. ھەدىس شەرىپىنى مۇلاھىزە قىلغان كىشى تونۇپ يېتەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«اللە تەئالا قىيامەت كۈنىسى: ئى ئادەم بالىسى! مەن ئاغرىپ قالسام مېنى يوقلىمىدىڭ! دەيدۇ، ئادەم: ئى رەببىم! سەن ئادەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ مەن سېنى قانداقمۇ يوقلاي؟! دەيدۇ، اللە تەئالا: مېنىڭ پالانى بەندەمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلەتتىڭ ئۇنى يوقلىمىدىڭ! ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، ئۇنىڭ قېشىدا مېنى تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟ ھەي ئادەم بالىسى! مەن سەندىن تاماق سورىسام ماڭا تاماق بەرمىدىڭ! ئادەم: ئى رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ مەن ساڭا قانداقمۇ تاماق بېرەي؟ دەيدۇ. اللە تەئالا: مېنىڭ پالانى بەدەم سەندىن تاماق سورىۋىدى ئۇنىڭغا تاماق بەرمىدىڭ، ئۇنىڭغا تاماق بەرگەن بولساڭ ئۇنىڭ ئەجرىنى مېنىڭ ئالدىمدا تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟ اللە تەئالا ئى ئادەم بالىسى! سەندىن سۇ سورىسام بەرمىدىڭ دەيدۇ، ئادەم: ئى رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ ساڭا قانداقمۇ سۇ بېرەلەيمەن؟ دەيدۇ، اللە تەئالا: مېنىڭ پالانى بەندەم سەندىن سۇ سورىغان ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدىڭ، ئۇنىڭغا سۇ بەرگەن بولساڭ ئۇنىڭ ئەجرىنى مېنىڭ ئالدىمدا تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟ دەيدۇ»*.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۇ يوقلاش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا نىمە دىگەن بەركەتلىك ھە! زىيارەت قىلىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋە ئەمەل جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا نىمە دىگەن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك! شۇنىڭ بىلەن كىشى ئۆزىنىڭ ئاجىز كىسەلمەن قېرىنداشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تۇرغان بولىدۇ. الله ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەمىلىگە گۇۋاھ بولىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كاتتا ساۋابى بىلەن تارتۇقلايدۇ. ئەمدى بۇدۇنيادا ئاسمانلارنىڭ ۋە زىمىننىڭ پەرۋەردىگارى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن شەرەپلىك، بەركەتلىك قىلغان كىسەل يوقلاشتىنمۇ شەرەپلىكراق، ئۇلۇغراق، خەيرلىكراق بىر ئىش بارمۇ؟.

كىسەل يوقلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ئادەمنىڭ بېشىغا كىلىدىغان بەختىسىزلىك نىمە دىگەن چوڭ! الله نەخلەشتۈرۈشىنىڭ بېشىدىلا ئېلان قىلغان سەتچىلىك نىمە دىگەن چوڭ سەتچىلىك ـ ھە! مانا قاراڭ:

*ئى ئادەم بالىسى! مەن ئاغرىپ قالسام مىنى يوقلىمىدىڭ!....... مىنىڭ پالانى بەندەمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىغىنى بىلەتتىڭ، ئۇنى يوقلىساڭ ئەجرىنى مىنىڭ ئالدىمدا تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟*

ئاغرىپ قالغان قېرىنداشىنى يوقلاشتىن يۈز ئۆرىگەن، يوقلاشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن ياكى سەل قارىغان ئادەمگە بولىدىغان قاتتىق ئەلەم، پۇشايمان، ئوڭۇشسىزلىق ۋە خىجىل چىلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان خىيالنى قويۇپ تۇرايلى. ئىسلام جەمئىيەتدىكى بىمار ئېغىر كۈنلەردە ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئۆزىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ ھەسداشلىغى ۋە ياخشى تىلەكلىرى ئۇنىڭ كىسەللىك ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ. مانا بۇ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى، ئۇممەت تارىختا مۇنداق ھەسداشلىقنى كۆرۈپ باقمىغان. بۇ خۇددى ئىسلام مىللىتى تونۇپ يەتكەنگە ئوخشاش ئىجتىمائى جاۋاپ.

غەرب جەمئىيىتىدە كىسەل ئادەم، ئۆزىگە قوۋچاق ئاچىدىغان دوختۇرخانا ۋە ئۆزىنى قوتقۇزۇۋالىدىغان، داۋالايدىغان دوختۇر سېستىرالارنى تاپالايدۇ. بىراق كېسەلگە مەلھەم بولىدىغان ھېسداشلىق، ياخشى سۆز ۋە سەمىمىي تىلەكلەرنى ئاز ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى غەرب ھاياتنى قاپلاپ كەتكەن ماددى پەلسەپە شۇ ئەللەردىكى ئىنسانى ھېسداشلىق نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن قېرىنداشلىق ھېسسىياتنى ئۆرىۋالغان ۋە كىشىلەرنىڭ ھېچ بىر ماددى مەنپەئەت مەخسىدى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ياخشى ئىش قىلىش روھىنى بوغۇپ قويغان.

غەربلىكلەر، ئۆزى بىلەن بىمارنى قانداقتۇر بىر ماددى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى باغلاپ تۇرمىسا قايسى بىر كۈچنىڭ ئۆزىنى كېسەل يوقلاشقا ئۈندەيدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. بىز مۇسۇلمان ئادەمنىڭ الله نىڭ رازىلىقىنى ۋە الله تەئەلانىڭ كېسەل يوقلاش يولىدا ماڭغان ھەربىر قەدىمىگە تەييارلىغان ساۋابىنى كۆزلەپ كېسەل يوقلايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مۇشۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تولىمۇ كۆپ. ئۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ قەلبىدە قېرىنداشلىق ھېسياتىنى ئۇرغۇتىدۇ، كىشىنى ئاغرىپ قالغان قېرىندىشىنى يوقلاشقا ئۈندەيدۇ. شۇ ھەدىسلەرنىڭ جۈملىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق سۆزلىرى بار:

*«مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ كېسىلىنى يوقلىسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر جەننەتنىڭ باغلىرىدا بولغان بولىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*«بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئەتىگەندە يوقلىسا كەچ كىرگەنگە قەدەر 70000 (يەتمىش مىڭ) پەرىشتە ئۇ كىشىگە رەھمەت تىلەيدۇ. ئەگەر كەچتە يوقلىسا ئۇ كىشىگە 70000 (يەتمىش مىڭ) پەرىشتە تاڭ ئاتقۇچە رەھمەت تىلەيدۇ. ۋە ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر مېۋىلىك باغ بىنا قىلىنىدۇ».*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن كىسەل يوقلاشنىڭ بىمارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تەۋاباتلىرىنىڭ قەلبىدە قالدۇردىغان تەسىرىنى تونۇپ يەتكەن. شۇ سەۋەپتىن كىسەل يوقلاشقا، ئۇلارغا ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشكە ۋە ھال ـ ئەھۋال سوراشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدى خىزمەتچىسى ئاغرىپ قالغاندا ئۆزى يوقلاپ بارىدۇ. مۇشۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر يەھۇدى بالا بار ئىدى. ئۇ ئاغرىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ كىلىپ ئۇنىڭ بېشى تەرىپىدە ئولتۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «مۇسۇلمان بولغىن دىدى، بالا دادىسىغا قارىدى، ئاتىسى ئۇنىڭغا: ئەبۇل قاسىمگە(مۇھەممەدكە) ئىتائەت قىلغىن دىدى، شۇنداق قىلىپ بالا مۇسۇلمان بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ كىتىۋىتىپ: «ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزغان اللە غا شۈكرى دىدى».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدى بىمارنى يوقلاۋىتىپ ئۇنى ئىسلامغا چاقىرىشنى قولدىن بەرمىگەن. چۈنكى شەرەپلىك زىيارىتىنىڭ بالىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كۆڭلىگە ياخشى تەسىرى قالدۇردىغانلىقىنى بىلگەن. دىگەندەك ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان، شۇ قېتىملىق كىسەل يوقلاش بولسا، ھىدايەت مۇيەسسىرى بەرگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن **اللە** تەئالانىڭ ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزغانلىقىغا ھەمدە ئېيتىپ چىقىپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راستىنلا بىر ئۇلۇغ ئىنسان! ھەقىقەتەن دانىشمە تەشۋىقاتچى جۇمۇ!

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىسەل يوقلاشقا قىزغىن ئىشتىراك ئەتكەنلىكتىن ۋە*

*كىسەللىك ئىشلىرى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈپ بىر بۆلۈك يول-يورۇقلارنى بەرگەنلىكتىن ئۇنى ساھابىلەر يادىدا ساقلىۋالغان ۋە پاك سۈننەت سۈپىتىدە خاتىرلىگەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمەتچىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكۈنۈمىزدەك بىمارنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇش شۇ سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. خۇددى ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەۋەر بەرگىنىدەك:*

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل يوقلىسا كېسەلنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇراتتى، ئاندىن كېيىن يەتتە قېتىم: ساقا بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئۇلۇغ **الله** دىن شىپالىق تىلەيمەن دەيتتى».

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە خاتىرلىگەن)

بىمارنىڭ بەدىنىنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاش ۋە كېسەلنىڭ بالدۇرراق شىپالىق تېپىشىغا دۇئا قىلىشمۇ شۇ سۈننەت جۈملىسىدىندۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنۇ رىۋايىتىگە قاراڭ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئائىلە ئەزالىرىنى يوقلايتتى، يەنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ: ئى **الله**! سەن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى كېسەللىكنى كەتكۈزگىن، شىپالىق ئاتا قىلغان، سەن شىپالىق ئاتا قىلغۇچىسەن، سېنىڭ شىپالىقىڭدىن ئۆزگە شىپالىق يوق، شىپالىق كېسەلنى قالدۇرماي يوقىتىدۇ. دەيتتى».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەرابىينى يوقلاپ كىرىپ:

*«كىرەك يوق، **الله** خالىسا كېسەللىك گۇناھىڭنى پاكلايدۇ»* دىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر بىمارنى يوقلىسا شۇنداق دەيتتى.

مۇسۇلمان ئەۋلاتلىرى كىسەل يوقلاشتىكى بۇ ئالقىشلىنارلىق سۈننەتنى ئۆز ـ ئارا يەتكۈزۈپ كەلدى. ۋە مۇسۇلماننىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدا ئۇلارنىڭ يېقىنلىقى، دوستلۇقى، ئۆز ـ ئارا مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش، ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئۆز ـ ئارا كېپىل بولۇش روھى ئۇلارنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ ساقلىنىپ قالدى.

## جىنازا نامىزىغا قاتنىشىدۇ:

تەقۋادار، ئاڭلىق مۇسۇلمان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىغىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆز جەمئىيىتىدىكى جىنازا نامىزىغا ۋە ئۇنى ئۇزىتىش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا بەش ھەققى بار: 1 ـ سالام قايتۇرۇش 2 ـ كىسەل يوقلاش 3 ـ جىنازىغا ئەگىشىش 4 ـ چاقىرغان يەرگە بېرىش 5 ـ چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللا دېسە يەرھەمەكەللا دېيىش».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جىنازا نامىزىدا كۆپ كۆرلىدىغان ئادەملەرنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىدىغان نامىز تاشلاش، ئاۋاز كۆتۈرۈپ يىغلاش، ھەسرەت ـ نادامەت چېكىشتەك بىدئەت، ناتوغرا ئىشلارنى تۈزۈتۈپ ئىسلامىيەتنىڭ توغرا، ساغلام بولغان بىر قاتار تەلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ مېيىتنى تەييارلاش، ئۇزۇتۇش ئىشلىرىغا قاتناشقانلىقىغا، مېيىتنىڭ قايغۇ ـ ئەلەمنى يېنىكلەتكەنلىكىگە ئەجرى ـ ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئەگەر مەرھۇمنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا كىرىپ قالسا ئۇنىڭغا شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«ئۆلۈكلىرىڭلارغا (يەنى جان ئۈزۈش ئالدىدا) «لائىلاھە ئىللەللانى» ئوقۇپ بېرىڭلار».* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەگەر جان ئۈزۈپ بولغان بولسا ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبى سەلەمەگە ئۇ ۋاپات قىلغاندا ئوقۇغان دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ دۇئانىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

*«ئى الله! ئەبى سەلەمگە مەغپىرەت قىلغىن، ھىدايەت تاپقانلار ئىچىدە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلغىن، ئۇنىڭ ھايات قالغانلار ئىچىدىكى پەرزەنتلىرىنى ئورۇن باسار قىلىپ بەرگىن، ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! بىزلەرنى ۋە ئۇنى كەچۈرگىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرىسىنى كېڭەيتىپ، يورۇتۇپ بەرگىن».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا مۇسىبەتكە سەۋرى قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى، **الله** تەئەلانىڭ سەۋرى قىلغۇچىلارغا تەييار قىلغان كاتتا ساۋاپلىرىنى بايان قىلىپ تەسەللى قىلىدۇ. شۇ ھەقتىكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى ئاڭلىتىدۇ. ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

*«**الله** تەئەلا: مېنىڭ مۆئمىن بەندەم ئەگ سۈيۈملۈك كىشىسىنى ئېلىپ كەتسەم شۇنىڭغا سەۋرى قىلسا، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان مۇكاپات پەقەت جەننەتلا بولىدۇ دىدى».*

*(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)*

مۆئمىنلەرنى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيۇرۇقلىرىغا ئەگەشكەن ھالدا مېيىتنىڭ قېشىدا تۇرغاندا سەۋرى قىلىشقا ئۈندەيدىغان نوختىلارنى ئەسلىتىدۇ،

ئۇسامە ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ:

*«رەسۇلۇللانىڭ قىزلىرىنىڭ بىرسى، كىچىك بالىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ رەسۇلۇللانى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەن ئەلچىگە: «ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ اللە تەئەلانىڭ بەرگىنىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ اللە نىڭ ئالدىدا مۇئەييەن ۋاقتى بارلىقىنى ئۇختۇرۇپ قويغىن، ئاندىن ئۇنى بۇيرىغىن سەۋرى قىلسۇن، اللە نىڭ ساۋابىنى كۈتسۇن» دېدى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇسىبەت بولغان يەرلەردە، ئاڭلىق مۇسۇلمان كىشىلەرگە ئاۋاز كۆتۈرۈپ يىغلاشنىڭ، ئاھ ئۇرۇپ كىيىم-كېچەكلەرنى يىرتىش، يۈزگە ئۇرۇش ۋە ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىشتەك قىلمىشلارنىڭ قەتئىي ھاراملىقىنى ۋە بۇنداق قىلمىشلارنىڭ قەبرىدىكى مېيىتكە ئازاپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. خۇددى شۇ ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە خەۋەر بەرگەندەك:*

«مېيىت قەبرىسدە ئۇنىڭغا ھازا ئېيتىپ يىغلىغان سەۋەپ بىلەن ئازاپلىنىدۇ».

*(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن:

*«يۈزىنى كاچاتلىغان، ياكى ياقىلىرىنى يىرتقان ۋە ياكى جاھىلىيەتنىڭ دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلغان كىشى بىزنىڭ سىپىمىزدىن ئەمەس».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇممۇ ئەتىيە نۇسەيبىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن ھازا ئىچىپ يىغلىماسلىقنى ۋەدە ئالدى»*.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن:*

«ھازا ئىچىپ يىغلىغۇچى ئۆلۈپ كىتىشتىن ئىلگىرى تۆۋە قىلمىسا قىيامەت كۈنى ئاسپالت مىيىدىن كۆينەك ۋە داتلاشقان تۆمۈردىن ساۋۇت كەيگەن ھالدا تۇرغۇزىلىدۇ». *(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)*

ئەمدى كۆزلەردىن تۆكۈلگەن ياشقا كەلسەك، ئۇقەلبتە كۆتۈرۈلگەن دەرت-ئەلەمنىڭ ئوتىنى ئىپادىلەيدۇ، يىغلىغۇچىغا، كۆز يىشى قىلغۇچىغا ھازا ئىچىپ يىغلىمىغانلار بولسا گۇناھ بولمايدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە تۆنۈشتۇرلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى ئۇبادنى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋق، سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس ۋە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق ساھابىلەر بىلەن يوقلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغلىغان، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغلىغىنى كۆرگەن ساھابىلەرمۇ يىغلىشىپ كەتكەن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«ئاڭلىمىغانمۇ سىلەر؟ الله تەئەلا كۆز يىشى بىلەن دىلنىڭ قايغۇسى بىلەن ئازاپلىمايدۇ. بىراق بۇنىڭ بىلەن ئازاپلايدۇ ياكى رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ»* دەپ ئىبغىزىنى ئىشارەت قىلغان. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىشىغا جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان نەۋرىسى ئىلىپ كىلىنگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپ كەتكەن، بۇنى كۆرگەن سەئەد: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇ نىمە ئىش ئەمدى؟ دىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«بۇ الله تەئەلا بەندىلىرىنىڭ كۆڭلىگە سالغان رەھمەت، شۈبھىسىزكى الله*

*تەئەلامۇ رەھىم-شەپقەتلىك بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىدۇ»* دېگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئوغلى ئىبراھىمنىڭ قېشىغا كىرگەن ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز يېشى قىلغان، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋنى: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سەنمۇ يىغلامسەن؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئەۋپنىڭ ئوغلى! ئۇ دېگەن رەھىم-شەپقەت» دېگەن. ئاندىن كەينىدىنلا: *«كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، بىز بولساق پەرۋەردىگارىمىز نارازى بولىدىغان سۆزلەرنى قىلمايمىز. ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلغىنىمىزغا قايغۇرىمىز»* دېگەن.

(شەيخانى رىۋايەت قىلغان)

تەقۋادار مۇسۇلمان جىنازا نامىزىغا دەپنە ئىشلىرى تۈگىگەنگە قەدەر قاتنىشىشقا قىززىقىدۇ. چۈنكى جىنازا نامىزىغا ئاخىرغىچە قاتناشقان كىشىگە چوڭ ساۋاب بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

*«كىمكى جىنازا نامىزىغا ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغانغا قەدەر قاتناشسا ئۇنىڭغا ئىككى قىرات ساۋاب بولىدۇ». ئىككى قىرات دېگەن نىمە دېگەن گەپ؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ «چوڭ ئىككى تاغقا ئوخشايدۇ» دېگەن.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىسلامىيەتنىڭ مېيىت ئۈزۈتۈش ئىشلىرىغا دەپنە قىلىش ئاخىرلاشقۇچە قاتنىشىشقا تەرغىپ قىلىشتا مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق ئالاقىسىنى چىڭىتىپ ۋە ۋاپادارلىق ھىسساياتىنى مۇستەھكەملەش مەخسەت قىلىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەمكارلىق، ئورتاقلىق بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرى تەسەللى تاپىدۇ. سەۋرى

قىلىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھىس قىلىدۇ، بولۇپمۇ مەرھۇمغا ناماز چۈشۈرۈش ئۈچۈن سەپ تۈزۈپ كەتكەن كىشىلەرنى كۆرسە ۋە ئۇلارنىڭ شۇ نامىزىدا مەرھۇمنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى بىلسە تېخىمۇ شۇنداق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«بىرەر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى 40 كىشى ئوقۇسا، ئۇكىشى اللە غا شېرىك كەلتۈرمىگەنلا بولسا اللە ئۇلارنىڭ شۇكىشى توغۇرسىدىكى تىلىگىنى ئىجابەت قىلىدۇ»* دېگەن.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مۇسۇلمان ئادەم جىنازە نامىزىنىڭ قائىدە يوسۇنلىرىنى بىلىشى لازىم. ۋە جىنازا نامىزىدا ئوقۇلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىنى يادلىغان بولۇشى كېرەك. مېيىتنى ئۆزۈتۈش رەسمىيەتلىرى تۈگۈسە ۋە جامائەتلەر نامازغا سەپ تۈزۈپ تەق بولسا، ئىمام 1 ـ تەكبىرنى ئېيتىدۇ، ئاندىن «ئەئۇزۇ بىللا ھىمىنەش شەيتانىررەجىم» دەپ سۈرە پاتىھە ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن 2 ـ تەكبىرنى ئېيتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىدۇ. ئاندىن كېيىن 3 ـ تەكبىرنى ئېيتىدۇ ۋە مېيىتكە باشقا مۇسۇلمانلارغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. بۇدۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېيىتكە ئاتاپ قىلغان دۇئاسىدۇر. ئەۋپ ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنازا نامىزى ئوقۇدى مەن ئۇنىڭ دۇئاسىنى يادلىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز دۇئاسىدا: ئى اللە! ئۇنىڭغا مەغپىرەت ئاتا قىلغىن ۋە رەھىم ـ شەپقەت قىلغىن، ئۇنى خاتىرجەم قىلغىن، ئۇنىڭدىن (ئۆتكەن سەۋەنلىكلەرنى) ئەپۇقىلغىن، ئۇنىڭ تۇرار جايىنى جەننەتتە قىلغىن. قەبرىسىنى ئازادە قىلىپ بەرگىن. ئۇنى سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۆلدۈر سۈيى بىلەن يۇغىن.*

*(يەنى ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھ-مەسىيەتلىرىگە تەڭ-باراۋەر رەھىم-شەپقەت، ئەپۇ-مەغپىرەت تۆرلىرىنى ئۇمۇملاشتۇرغىن) ئۇنى خۇددى ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغانىدەك خاتالىقلاردىن تازىلىغىن، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تۇرالغۇسىدىن ياخشى تۇرالغۇ، ئۇنىڭ ئەھلى بالا - چاقىسىدىن ياخشى-بالاچاقا، ئۇنىڭ ئائىلىدىن ياخشى ئائىلىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن ۋە قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»* دىدى. ھەتتا مەن ئۇ-زۇم ئاشۇ مېيىتنىڭ ئۆزى بولۇپ كەتسەمچۇ دەپ قالدىم.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئاندىن كىيىن 4-تەكبىرنى ئېيتىدۇ ۋە «ئى **الله**! بىزنى ئۇنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قىلما، ئۇنىڭدىن كىيىن بىزنى ئۇنۇتما، بىزلەرنى ۋە ئۇنى كەچۈرگىن» دەپ دۇئا قىلىپ سالام بىرىدۇ.

مېيىت قەبرىگە قويۇلۇپ بولغانغا قەدەر كۆپچىلىكتىن ئايرىلمايدۇ ۋە دەپنە ئىشلىرى تۈگىگەندە مېيىت ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايدۇ، ساباتلىق تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ۋە ساھابىلىرىنى قىلىشقا بۇيرىغان ئىش. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپنە ئىشلىرىدىن بىكار بولسا، قەبرىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ:

*«قېرىندىشىڭلارغا مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەتانەت سوراڭلار، ئۇ ھازىر چوقۇم سوراق قىلىنىدۇ»* دەيتتى.

(ئەبۇداۋۇت رىۋايەت قىلغان)

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىگەن:

*«مىنى دەپنە قىلىپ بولساڭلار، قەبرەمنىڭ ئەتراپىدا بىر تۆگىنى سويۇپ گۆشىنى تەقسىملەپ بولغۇدەك ۋاقىت تۇرۇڭلار. مەن سىلەرنىڭ ھەمراھلىقىڭلاردا (شۇ مۇھىت*

*بىلەن) تۇنۇشتۇرۇۋالاي ۋە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىرىگە نىمە دەيدىغىنىمنى بىلىۋالاي».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

شاپىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «قەبرىنىڭ يېنىدا قۇرئان كەرىمدىن بىرەر ئايەت ئوقۇش مۇستەھەپ، ئەگەر قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىنى ئوقۇپ تۈگەتسە ياخشى».

مۇسۇلماننىڭ مۇشۇنۇڭغا ئوخشاش ئىشلارغا قاتناشقانلىقى، ئۇنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدا بىر پۈتۈن يىراقنى كۆرەلىگەنلىكىنىڭ دەلىلى، ھايات شات-خۇراملىقلا ئەمەس، ۋە نۇقۇل بەختنى سائادەتلا ئەمەس، پەقەتلا ئۇ شاتلىق ۋە قايغۇ، خوشاللىق ۋە خاپىلىق ئاسايىشلىق ۋە قىينچىلىق، باياشاتلىق ۋە تالاپەت، كۈلكە چاقچاق ۋە كۆزياشلارغا تولغاندۇر. ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە تىگىشلىك ئورنى بار. ئۇنىڭ قايسى بىرتەرىپىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەر تەرەپتە ئادا قىلىشقا تىگىشلىك مەجبۇرىيتى ئېيتىشقا تىگىشلىك گەپ-سۆزى ۋە ئورۇنداشقا تىگىشلىك بۇرچى بار.

## باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاپ قايتۇرىدۇ ۋە تەشەككۈر ئېيتىدۇ:

*ياخشىلىققا جاۋاپ قايتۇرۇش، ئۇنىڭغا كۈز يۇمماسلىق ۋە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئىسىل، ئالىجاناپ مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«كىمكى ياخشىلىق قىلىنىپ ياخشىلىق قىلغۇچىغا: ساڭا اللّٰه كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن دىسە، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتە ئەڭ

ۋايىغا يەتكۈزگەن بولىدۇ». *(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)*

ۋە يەنە مۇنداق دېگەن:

*«كىمكى اللە نىڭ نامى بىلەن پاناھلىق تىلىسە ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىڭلار.... كىم سىلەرگە ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاپ قايتۇرۇڭلار».*

(ئەبۇداۋۇت،نەسەئى ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان)

ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدىكى ئۇلۇغ پەيغەمبەرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرى تەرغىپ قىلغان قەرىز. ئۇنىڭدا مىجەز-خاراكتېر ۋە قىزىقىش ھۆكۈم سۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدا مەنپەئەت تۇرۇتكە بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ پايدا-مەنپەئەت مەخسىدى ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىجتىمائى تەكەللۇپ ئەمەس.

ياخشىلىق ئىگىسى، گەرچە ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدا روياپقا چىقمىغان بولسىمۇ، تەشەككۈرگە لايىق ئۇنىڭ ياخشى ئىش قىلىشقا ئاتلانغانلىقىنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئۇ چىن يۈرەكتىن چىققان تەشەككۈر كەلمىسىگە لايىق. مانا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ مۇسۇلمانلاردىن كۈتىدىغىنى.

*ئىسلامىيەتنىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى بۇ ئەخلاقنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە تەشەككۈر ئېيتقاندىلا، اللە غا ئېيتىدىغان تەشەككۈر ھەقىقى مۇكەممەل تەشەككۈر بولىدۇ دەپ قارار قىلدى. باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر سادا چىقمايدىغان ئادەم، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، قىلغان غەمخورلۇقنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان تولىمۇ تۇزكور ئىنساندۇر. ئۇ خەيرى-خاھلىق، ياخشىلىق ۋە*

*پۈتمەس-تۈگىمەس نازۇ نېمەت بەخش ئەتكۈچى الله تەئەلاغا تەشەككۇر ئېيتىشقا تىلى كەلمەيدىغان ئادەم. مۇشۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«كىشىلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدىغان ئادەم الله غىمۇ شۈكرى ئېيتمايدۇ».

*(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دېگەن ئەسىرىدە خاتىرلىگەن)*

چۈنكى ساغلام يادرو قولىنى سۇنغان كىشىگە تەشەككۇر ئېيتقانلىق، قىلغان ياخشىلىقىنىڭ قەدرىنى بىلگەنلىك، باشقىلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنگەنلىك، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدە دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق رىشتىسى كۈچىيىدۇ. دىللار مېھرى-مۇھەببەتكە تولىدۇ، كۆڭۈللەرمۇ ياخشى ئىش قىلىشنى تارتىپلا تۇرىدۇ. مانا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ شۇ خىل ئەخلاقىنى ئىسلامى جەمئىيەتلەردە يىلتىز تارتقۇزۇشتىكى مەقسىدى.

## كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرى قىلىپ ئۆتىدۇ:

*دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىدىغان ھەقىقى مۇسۇلمان باشقىلارغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ يولسىزلىقلىرىغا چىداشلىق بىرىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇ دىنىنىڭ بايراقدارى، ئىسلامىيەت دەئۋىتىنىڭ تىلى، سالمىقى ئېغىر مەسىلىنىڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ مۇھىم ئىشقا تۇسقۇنلۇق قىلغان كىشىگە قارىتا قۇربان بېرىش جەھەتتە ئىدىيۋى تەييارلىقى ۋە بۇدىنىنىڭ تەكلىپلىرىگە قارىتا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا دىنى دەۋەتنىڭ جاپا مۇشەققەتلىرىگە سەۋرى قىلالايدىغان ئادەم بولىشى كېرەك. ھەممىگە چات كەرىۋالىدىغانلارنىڭ يولسىزلىقىغا يامان ئىش ھەركەتلىرىگە، ئورۇنسىز خاتا گۇمانى قاراشلىرىغا بەرداشلىق بىرىشنىڭ ئۆزىمۇ يۇقارقىلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى ئۇ كىشىلەردىن دائىم كۆرىلىپ تۇرىدىغان ئىشلار. ئۇ مۆئمىننىڭ ئىرادىسىنى*

*چىڭتىدۇ، قەدىمنى مۇستەھكەم قىلىدۇ، دىنى دەئۋەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئەگرى توقايلىق يولىدا سەۋرچانلىق بىلەن يۈرگۈچىلەر، سەۋرسىزلەردىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكى ئۇختۇرۇلغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«باشقىلارغا ئارىلىشىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرى قىلالايدىغان مۆئمىن، كىشىلەرگە ئارلاشمايدىغان، ئەزىيەتلىرىگىمۇ سەۋرى قىلالمايدىغان مۆئمىندىن ياخشى». *(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دە خاتىرلىگەن)*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاماقەتلىكى، تۇرلۇك تۆھمەتلىرىگە، يولسۇزلۇقلىرىغا ۋە بىمەنە تېتىقسىزلىققا سەۋرى قىلغانلىقلىرى توغۇرسىدا دەلىل پاكىتلار بار. ئەنە شۇ سەۋرى قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن بىرسى. شەيخاننىڭ رىۋايىتى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم تەقسىملەشكە بۇلىدىغان نەرسىلەرنى ساھابىلەرگە بۆلۈپ بىرىپتۇ، ئاندىن ئەنسارىلاردىن بىركىشى **الله** بىلەن قەسەمكى بۇ تەخسىمات **الله** رازىلىقى مەخسەت قىلىنمىغان بىر تەقسىمات بولدى دەپتۇ. بۇگەپ رەسۇلۇللاغا ناھايىتى ئېغىر كەپتۇ، چىرايىمۇ تاترىپ كىتىپتۇ ۋە غەزەپلىنىپتۇ، ئاندىن كىيىن مۇنداق دەپتۇ: *«مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ بۇنىڭدىن كۆپىراق ئەزىيەت تارتقان، يەنە سەۋرى قىلغان»*. مانا بۇ قىسقىغىنا سۆز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقى يېنىپ كۆڭلى تىنجىپ قالغان.

ئۇ ھەر ماكان ھەر زاماندىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ساداقەتمەن دەۋەتچىلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ئۇ كىشلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە تۆھمەت، پىتنە ـ پاسات، سۆز ـ چۆچەكلىرىگە بەرداشلىق بىرىشتۇر. ئۇنىڭسىز دەۋەت ئىشلىرى داۋاملاشمايدۇ. ئاڭلىق، يىراقنى كۆرەر، چىقىشقاق مۇسۇلمان كىشلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈشكە، كىلىشىپ ـ چىقىشىپ

ئۆتۈشكە ئەگەر ئۇلار نادان ئەخمەقلەردىن بولسا زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىشقا سەل قارىمايدۇ. ئەقىللىق مۆئمىن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا زىرەكلىك بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن پاركىلاشقاندا سىلىق سىپايە بولۇپ ئۇلارغا قوپاللىق، يىرىكلىك ھېس قىلدۇرمايدۇ. مانا بۇ ئىمامى بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئىپادىلىنىدۇ. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىغان، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىڭلار، ئەشىرىنىڭ ئوغلى ياكى ئەشىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغلى بەكلا يامان نىمە» دېگەن. ئۇ كىرىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلغان. مەن ئۇنىڭغا: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! سەن دىگۈلۈكنى دىدىڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىلدىڭ دىسەم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! اللە نىڭ دەرگاھىدا مەنزىل جەھەتتە ئادەملەرنىڭ ئەڭ يامىنى كىشىلەر تەرىك ئېتىدىغان، ياكى باشقىلار ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ تاشلاپ قويىدىغان ئادەمدۇر» دىگەن.*

*ئەبۇ دەردا مۇنداق دەيتتى:*

«بىز بىر بۆلۈك كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپلا قويىمىز، چوقۇمكى قەلبىمىز ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ»

ئادەملەر داۋاملىق بىرخىل مىجەز-خاراكتىر ۋە بىرخىل قىزىقىشتا بولۇۋەرمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن كىشىلەر باركى ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ۋە قىزىقىدىغان ئىشلارنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەشۋىقات ئېلىپ بارغۇچى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا سەۋرى قىلمىقى، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ۋە ئۇلارنى ھەقكە چاقىرغاندا سىلىق-سىپايە، رايىش بولمىقى لازىمدۇر.

## كىشىلەرنى ياخشىلىققا باشلايدۇ:

*ياخشىلىققا باشلاش ساداقەتمەن تەقۋادار مۇسۇلماننى تونۇتقان ياخشى ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ياخشىلىقنى ھېچ كىشىدىن قىزغانمايدۇ. باشقىلارغا مەنپەئەت تېگىدىغان ئىشلارنى يوشۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ياخشىلىققا باشلىغان ئادەمنىڭ ئەجرى شۇ ياخشىلىقنى قىلغان ئادەمنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ:*

«كىمكى بىراۋنى ياخشىلىققا باشلىسا، شۇ كىشىگە ياخشىلىقنى قىلغان ئادەمنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجرى بولىدۇ».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىشتىن يىراق ئىدى. ئۇ ياخشى ئىشنى ئۆزى قىلسۇن ياكى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويسۇن، ئوخشاشلا ئەجرى ساۋاپقا ئېرىشەتتى. شۇنداق بولغاچقىلا مۇسۇلمان پەخىرلىنىش، كۆز-كۆز قىلىش، ۋە داۋراڭ سېلىشتىن يىراق بولغان ھالدا قۇربى يەتكەن ئادەملەرنىڭ قىلىپ بايدىلىنىشى ئۈچۈن جەمئىيەتكە ياخشى ئىشلارنىڭ ئۇچۇرىنى تارقىتىدۇ.

كۆپلىگەن كۆڭلى قارا يارىماسلاردىن باركى، ئۇلار جەمئىيەتتىن ياخشىلىقنى تۈگىتىشكە خۇشتار. ئۇلار جىمى ياخشىلىقلارنى بىرلا ئۆزى ئىگىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق ئۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ شارائىتى يار بەرمەيدۇ. نەتىجىدە ياخشى ئىش كۆمۈكلۈك پېتى قېلىۋېرىدۇ. جەمئىيەت ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدۇ. بىرقىسىم پۇرسەت پەرەسلەر شۇ ئىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈپ ياتقىنى ياتقان. ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان ھەقىقى مۇسۇلمان ئۇنداق بولمىغۇر قىلىقلاردىن مۇستەسنا. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى دەپ باشقىلارنى پايدا-مەنپەئەتلىك ئىشلارغا باشلاپ

قويۇۋىرىدۇ.

## ئۇ ئىشلارنى قىيىنلاشتۇرغۇچى ئەمەس ئاسانلاشتۇرغۇچىدۇر:

تەقۋادار مۇسۇلمان ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچىدۇر. قىيىنلاشتۇرۇشنى بىلمەيدۇ. چۈنكى بارچە ئىشلار ئاسانلىق يارىتىش مۆئمىننىڭ ئەخلاقى ۋە ئۇ الله تەئەلا ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن رازى بولغان ئىش. الله تەئەلا مۇنداق دېگەن:

(الله تەئەلا سىلەرگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلىدۇ، تەسلىكنى ئىرادە قىلمايدۇ).

(سۈرە بەقەر 185 ـ ئايەت)

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇشقا ئۈندەپ، قىيىنلاشتۇرۇشتىن توسۇپ ئېيتقان يول ـ يورۇقلىرى بار:*

«ئۆگۈتۈڭلار، ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار، بىرەرسىڭلارنىڭ ئاچچىقى كەلسە قالسا ئۆزىنى تۇتۇۋالسۇن».

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

ئۇ ئىشلارنى تەسلەشتۈرشكە، چىگىلەشتۈرشكە، ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدۇ. پەقەت مىجەز ـ خۇلقىدا پاسسىپلىق، تەبىئىتىدە تەرسالىق بار كىشىلەر شۇنداق قىلىدۇ. ئاك ـ ساپاسىنى ئىسلامىيەتنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسى بىلەن قۇراللاندۇرغان ئادەمگە كەلسەك. ئۇ ئىشلارنى قىيىنلاشتۇرۇش، مەسىلىلەرنى چىگىشلەشتۈرۈشنى بىلمەيدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خەۋەر قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلىپ ئىشلارنى چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئاسانلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئانىمىز ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، گۇناھ*

*بولمايدىغانلا بولسا ئەڭ ئاسىننى تاللايتتى. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان ئىش بولسا ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە قارىغاندا ئەڭ يىراق تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۈچۈن ئەسلا ئىنتىقام ئالمايتتى. بىراق الله نىڭ ھۆرمىتى دەخلى تەرۇزگە ئۇچرىسا ئاندىن الله ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

چوقۇمكى بۇ ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىقىنى چۈشىنىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىقتىدار قابىلىيىتىنىڭ ۋە ئالغا ئىلگىرلەش، تەرەققى قىلىش، سەۋرى-تاقەت قىلىش روھىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئاسان ئاددى ئىشلارغا تىز ماسلىشالايدىغانلىقىنى، تەس مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ ئۇلارغا ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ياقمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرىمىزنىڭ قارشى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوللۇق، گۇناھسىز ئىشلاردا ئىشنىڭ ئاسان، قولايلىقلىرىنى تاللىغان ۋە ئۈنى مۇسۇلمانلارغا، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تەسلىكنىڭ، چىگىشلىكنىڭ ۋە ئادەمگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارنىڭ جەۋرى-جاپاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان.

### ھۆكۈم چىقىرىشتا ئادىل:

توغرا يولدا ماڭىدىغان ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ھۆكۈم ئىشلىرىدا چوقۇم ئادالەتنى ياقلايدۇ. مۇناسىۋەتنىڭ، شارائىتنىڭ ۋە ئەھۋالنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر ھەقتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ئادىل-ھەققانى بولۇش، ئۆزگىلەرگە ئۇۋال قىلىشتىن ساقلىنىش، مۇسۇلماننىڭ دىنىنىڭ ۋە ئەقىدىسىنىڭ يادروسى. بۇ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە كۆپ زىكرى قىلىنغان ۋە رۇخسەتكە ياكى شۇ ئىش

توغۇرىسدا ئىجتىھات قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان دەرىجىدە پەرمان چۈشۈرگەن:

(شۈبھىسىزكى الله سىلەرنى ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ).

(سۈرە نىسائ 58 ـ ئايەت)

مۇسۇلمان شەخس ۋە ئىسلامى جەمئىيەتلەر تۇنۇپ يەتكەن ئەدلى ـ ئادالەت تولىمۇ ئىنچىكە، خالىس ئەدلى ـ ئادالەت، ئۇنىڭ تارازىسىنى دوستلۇق ياكى ئۆچ ئاداۋەت ئۆزىگە تارتالمايدىغان، ئۇرۇق تۇققاندارچىلىق ياكى نەسەپ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ئادالەت:

(ئى مۆئمىنلەر! الله نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەپ بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچ تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. الله دىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر).

(سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەت)

(سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغا ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ئادەم ياكى گۇۋالىق بىرىلگەن ئادەم) تۇققۇنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ).

(سۈرە ئەنئام 152 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامە ئىبنى زەيد تىلىۋالغىلى كەلگەندە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت توغۇرىسىدا يۈكسەك بىر ئابىدە تىكلەپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋاقىلماي شۇ ئايالنىڭ قولىنى كىسىشكە ئەمىر قىلغان. ئاندىن ئۇسامە ئىبنى زەيدكە:

*«الله نىڭ بەلگۈلىمىسىدىنمۇ تىلىۋالامسەن؟ الله بىلەن قەسەمكى ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ ئەلۋەتتە قولىنى كېسىمەن».* دېگەن.

(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

شۈبھىسىزكى ئۇ چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ، شاھقىمۇ، گادايغىمۇ، مۇسۇلمانغىمۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگىمۇ ئوخشاشلا تەتبىقلىنىدىغان، ئۇنىڭ سايىسىدىن ھېچكىم مەھرۇم قالمايدىغان مۇتلەق ئۇمۇمى ئادالەت، بۇ ئىسلامى جەمئىيەتلەردىكى ئادالەت بىلەن غەيرى جەمئىيەتلەردىكى ئادالەتنىڭ پەرقى.

تارىختا ئادالەت توغۇرلۇق مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن: ئەمىرۇل مۇئمىن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆمۈر ساۋۇتنى ئوغۇرلىۋالغان بىر يەھۇدى بىلەن دەۋالىشىپ قازى شۈرەيھنىڭ ئالدىغان كەپتۇ، قازى ئۇنىڭ ئەملىگە، يۈز-ئابرويىغا قارىماي پاكىت تەلەپ قىلىپتۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەلىل ئىسپات كۆرسىتەلمەپتۇ. نەتىجىدە ئەلىنىڭ زىيىنىغا يەھۇدىنىڭ مەنپەتىگە ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

ئىسلام تارىخى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ئادەلەتنىڭ، ھەققانىيەتنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان خەۋەرلەر كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ گەپ-سۆزىدە، ئىش-ھەركەتتە، ئادىل ھەققانى بولىدىغانلىقىنى كۆرۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مىراس بويۇملىرى ئىچىدە ئادالەت ئەڭ قەدىمقىسىدۇر. ئۇنىڭ جەمئىيىتىدە ھەققانىيەت ئەڭ ئىسلىدۇر. ئىنساپ ئۇنىڭ ئېتىقادىدا ئەڭ مۇقەددەستۇر.

## زۇلۇم قىلمايدۇ:

*ئادالەتنى ياقلايدىغان ھەقىقى مۇسۇلمان باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن يىراق*

*تۇرىدۇ. زۇلۇم بولسا زالىملار ئۇنىڭ بىلەن جازالىنىدىغان بىر زۇلمەتتۇر. خۇددى ئۇلۇغ پەيغەمبەرىمىز كۆرسەتمىلىرىدە بايان قىلىنغىنىدەك:*

«زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، شۈبھىسىزكى زۇلۇم دېگەن قىيامەت كۈنىنىڭ زۇلمىتىدۇر....». *(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)*

زۇلۇم قىلىش، الله تەئەلانىڭ باشقىچىرەك ئىزاھلاشقا ياكى ئىجتىھات قىلىشقا يول قويمىغۇدەك دەرىجىدە هارام قىلغانلىقى تۈۋەندىكى ھەدىس قۇدسىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

*«ئى بەندىلىرىم! مەن ئۆزۈمگە راستىنلا زۇلۇمنى ھارام قىلدىم ۋە ئۇنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم. ئۆز ئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

زۇلۇم قىلىش بولسا پۈتۈن دۇنيانى ياراتقان، كاتتا سەلتەنەت ئىگىسى، مۇقەددەس، غالىپ، ئۇلۇغ، بۈيۈك زات الله سۇبھانە ۋەتەئەلا ئۆزىگە ھارام قىلغان ۋە ئۇنى بەندىلىرى ئارىسىدىمۇ ھارام قىلغان بىر ئىش. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇپ ئۆزدىنىنىڭ تۈتقۇسىنى مەھكەم تۇتقان مۇسۇلمان باشقىلارغا ئۇۋال قىلىشقا ئۇرنامدۇ؟.

ھەقىقى مۇسۇلمان باھانە سەۋەپنىڭ، شەرىت ـ شارائىتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر باشقىلارغا ئۇۋال قىلمايدۇ. ناھاق بوزەك ئەتمەيدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقى مۇئمىنلەرنى سۈپەتلىگەندە تەكىتلىگەن مەزمۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى خورلىمايدۇ. كىمكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا الله مۇ ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى مۇسۇلماندىن بىرەر خاپىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، الله ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ*

*خاپىلىغىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىرەر مۇسۇلماننى يۆگىسە قىيامەت كۈنى الله مۇ ئۇنى يۆگەيدۇ».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقى مۇسۇلماندىن زۇلۇمنى يوق قىلىپلا بولدى قىلماي، ھەتتا ئۇنى مۇسۇلماندىن سادىر بولىدۇ دەپ تەسەۋۋۇرمۇ قىلمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى يېگۈيلىشىنىمۇ ئويلاپ سالمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنى يېگۈۋالغانلىقى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلماننى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولۇشقا، ئۇنىڭ خاپىلىغىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشكە ۋە ئۇنىڭ ئەيىپ نۇقسانلىرىنى يۆگەشكە رىغبەتلەندۇردۇر. خۇددى ئۇ بۇ پەزىلەتلەرگە سەل قارىغانلىقىنى ۋە مۇسۇلماننى ئۆز قېرىندىشى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان قېرىنداشلىق ھەققىگە نۇقسان يەتكۈزۈشىنىڭ زۇلۇم ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغاندەك ئىدى.

بىز يۇقاردا تارازىسىنى دوستلۇق، ياكى ئۆچمەنلىك، ئۇرۇق-تۇققاندارچىلىقلارمۇ ئۆزگە خىزمەت قىلدۇرالمايدىغان، مۇتلەق دەخلىسىز ئەدلى-ئادالەتكە يېتەكلەيدىغان تېكىستلەرنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇنىڭدەك باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن، ئۇۋال قىلىشتىن مۇتلەق چەكلەيدىغان تېكىستلەرنىمۇ كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئادالەتنى ھەربىر ئادەمگە تەدبىقلاش دېگەنلىك، گەرچە مۇسۇلمان بولمىغاندىمۇ زۇلۇم قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىش دېمەكتۇر. الله تەئەلا ئەدلى-ئادالەتكە، خەيرى-ساخاۋەتكە بۇيرىدۇ. كىشىگە يامانلىق قىلىشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ:

((كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ).

(سۈرە مۆمىنۇن 8 ـ ئايەت)

## ئالىجاناپلىقنى ياخشى كۆرىدۇ:

ھەقىقى مۇسۇلمان ئىجتىمائى ئالاقە ئىشلىرىدا داۋاملىق ئېسىل ـ سۈپەت، ئالىجاناپلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەشۇ ئالاقىنى، پىچەك مەخسەت، قۇرۇق مەنپەت مۇددىئالىرى ئاساسىغا قۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەرزىمەس ئىشلارغا، پىچەك ئارزۇ ـ ئارمانلارغا ۋە قۇرۇق مەخسەت ـ مۇددىئالارغا ۋاقتى يوق ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ الله نىڭ كىتابى، رەسۇلۇللانىڭ سۈننەتلىرىدىن ئىبارەت يول ـ يورۇق ئاساسىدا يارىتىلغان ئەقىل پاراسىتى بىلەن ئەستايىدىللىقنى ياخشى كۆرىدۇ. سۈنئىيلىك، ياسالمىلىقنى خالىمايدۇ. ئۇ ئالىجاناپلىق، يۈكسەكلىك ۋە ئېسىل سۈپەتلىككە ئىنتىلىدۇ، چۈشكۈنلۈك، چىرىكلىكتىن نەپرەتلىنىدۇ. مانا بۇ الله ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەرنىڭ سۈپىتى، بۇھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

*«ھەقىقەتەن الله تەئەلا ئېسىلدۇر، ئېسىللارنى ۋە ئالىجاناپلارنى ياخشى كۆرىدۇ، چاكىنىلىقنى ياقتۇرمايدۇ».*

(تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

## گەپ ـ سۆزدە مۇبالىغە قىلمايدۇ:

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاڭلىق مۇسۇلمان گەپ ـ سۆزىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈشتىن كۆپتۈرۈشتىن يىراق تۇرىدۇ. ئۇ گەپ ـ سۆز ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە، باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتىشقا زورۇقۇپ كەتمەيدۇ. پايدىسىز گەپ ـ

سۆزلەرنى تولا قىلىش، بىھۇدە ئەزمىلىك قىلىش، ئالىجاناپلىقنى ياخشى كۆرىدىغان، چاكىنىلىقنى ئۆچ كۆرىدىغان ئەمگەكچان مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، بىكارچى ئادەملەرنىڭ ئىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان، گەپ يورغىلىتىپ ۋەزخانلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە قاتتىق مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى سەبدىشى ئابۇبەكرى ۋە ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغىچە بولغان ساھابىلار قاتتىق يۈزۈتىسيە تۇتقان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

*«اللە بىلەن قەسەمكى مەن قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلارغا رەسۇلۇللادىنمۇ قاتتىق قولراق بىرەرسىنى كۆرمىدىم ۋە رەسۇلۇللادىن كېيىن ئۇلارغا ئەبۇبەكرىدىنمۇ قاتتىق قولراق ئادەمنى كۆرمىدىم، مەن ئۇمەرنى ئۇلارغا قورقۇنۇچ سېلىش جەھەتتە زىمىن سەھىپىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ قاتتىق قولىمىكىن دەيمەن».* (ئەبۇ يەئلا ۋە تىبرانى رىۋايەت قىلغان)

## ئالقىنى كەڭ، سېخى:

دىلىنى دىنىنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن يورۇتقان، دىنىنىڭ تۈرلۈك ئەھكاملىرىنى ئۆزىگە راسچىللىق، ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن تەتبىقلىيالايدىغان ھەقىقى مۇسۇلمان سېخى، قولى ئوچۇق، ئۆز جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرگە تۈرلۈك ئۇسۇلدا خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىدىغان كىشىدۇر. ئۇ خەيرى ـ ساخاۋەت قىلغانىدا، قىلغانلىرىنى ھەرگىز زايا بولۇپ كەتمەيدۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قىلغان ساخاۋىتى ھەممىدىن خەۋەردار، ھەممىنى بىلگۈچى پەرۋەردىگار ئالدىدا ساقلانغۇچىدۇر:

(ياخشىلىقتىن نىمىنى سەرىپ قىلماڭلار **الله** ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ).

(سۈرە بەقەر 273 ـ ئايەت)

يەنە ئۇ ياخشىلىق يوللىرىغا سەرىپ ئەتكەن مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىگە ھەسسىلەپ قايتىدىغانلىقىغا ۋە **الله** تەئەلانىڭ، دۇنيا ۋە ئاخرەتتە نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورنىنى تولدۇرۇپ بىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ:

(**الله** نىڭ يولىدا پۇل ـ مىلىنى سەرىپ قىلغانلارنىڭ (سەرىپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تىرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100دانە دىن دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ، **الله** خالىغان بەندىسگە ھەسسىلەپ ساۋاپ بىرىدۇ. **الله** نىڭ مەرھەمتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر. (مال سەرىپ قىلغۇچىنىڭ نىيتىنى بىلگۈچىدۇر).

(سۈرە بەقەر 261 ـ ئايەت)

( (**الله** نىڭ يولىدا)، بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى **الله** تولدۇرۇپ بىرىدۇ).

(سۈرە سەبەئ 39 ـ ئايەت)

( مىڭلىڭلاردىن نىمىنى خەيرى ـ ئىھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. سىلەر پەقەت **الله** نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خەيرى ـ ئىھسان قىلىسىلەر (يەنى خەيرى ـ ئىھسانىڭلاردا **الله** نىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار)، مىلىڭلاردىن نىمىنى خەيرى ـ ئىھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بىرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئىش ئەمىلىڭلارنىڭ ساۋابى كەمەيتىلمەيدۇ) ).

(سۈرە بەقەر 272 ـ ئايەت)

ساداقەتمەن مۇسۇلمان، **الله** تەئەلانىڭ دۇنيادا سەرىپ ئەتكەنلىرىگە بەركەت بىلەن، كۆپەيتىپ بىرىش بىلەن ئورنىنى تولدۇرۇپ بىرىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن

ئىشىنىدۇ. ئەگەر بېخىللىقتا باش ئىگىپ قولىنى خەيرى-ئېھسان قىلىشنى يىغىۋالسا، پەرۋەردىگارىنىڭ مېلىنى كېمەيتىش، يوقۇتۇش، سورۇپ-چېچىۋېتىش بىلەن سىنايدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ. بۇ مەزمۇننى ھەدىس شەرىپ ئوبدان سۈرەتلەپ بەرگەن:

*«بەندە تاڭغا ئۇلاشقان كۈنىلا ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: ئى الله! خەيرى-ئېھسان قىلغۇچىلارغا (سەرىپ ئەتكىنىنىڭ) ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن، دەيدۇ. يەنە بىرى: ئى الله! خەيرى-ئېھساندىن قولىنى يىغىۋالغۇچىغا بۇزۇپ-چېچىشنى بەرگىن دەيدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ھەدىس قۇددۇسىدا:

*«ئى ئادەم بالىسى! خەيرى-ئېھسان قىلغىن، ساڭىمۇ قىلىنىدۇ»* دېيىلگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە ئىشەنگەن مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە الله يولىدا چىقىم قىلغان نەرسىسى مال-مۈلۈكتىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتمەيدىغانلىقىغا شەك بولمايدۇ. سەدىقە دېگەن پۇل-مالدىن ھېچنېمىنى كېمەيتمەيدۇ، ئەكسىنچە كۆپەيتىدۇ:

*«سەدىقە مالدىن ھېچنەرسىنى كەمەيتمەيدۇ...»*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ سەرىپ ئەتكەن نەرسىنىڭ ساۋابىغا كەلسەك، ئۇ الله تەئالانىڭ ھەسسىلەپ ئاۋۇتۇپ بېرىشى بىلەن ئۆلچەمدىن، تەسەۋۋۇردىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله يولىدا سەرىپ ئەتلىگەن مالنى ئەمەلىيەتتە خورماي قېلىپ قالىدىغان مال قاتارىدا

سانايدۇ. مۇشۇ مەزمۇندا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قۇربانلىق قىلغان قوي توغۇرلۇق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھەدىستە مۇنداق دىيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئۇنىڭ نىمىسى قالدى؟» دىدى، بىرى پەقەت تاغىقىلا قالدى دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ تاغىقىلا ئەمەس ھەممىسى قالدى» دىدى، (بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: بىز ئۇچۇن ئاخىرەتتە ساقلىنىپ تۇرىدۇ دىگەنلىك).*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىگە شۇخىل ئىسىل پەزىلەتنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇنى مۇسۇلمانلار بەسلىشىپ تاللىشىپ قىلىدىغان پەزىلەتلەردىن قىلدى. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز سۆزى شاھىد دۇر:

*«پەقەت ئىككى ئىشقىلا ھەسەت قىلىشقا بولىدۇ: بىرسى الله تەئەلا پۇل-مال بەرگەن شۇ پۇل-مىلىنى ھەق يولىدا ئىشلىتىپ تۈگەتكەن ئادەم، يەنە بىرسى الله تەئەلا ئىلىم-ھىكمەت بەرگەن ئۇ شۇ ئىلىم-ھىكمەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئادەم».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

رەسۇل كەرىم سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇل-مالنى ھەق يولغا ئىشلىتىپ تۈگىتىش بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن ئىلىم ھىكمەتنىڭ ئارسىنى تەڭلەشتۈرگەن، ئەينى چاغدا پەقەت مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك خىسلەتكىلا ھەسەت قىلىشقا يەنى شۇ خىسلەت مەندىمۇ بولسىچۇ دەپ كۆز قىزارتىشقا بولىدۇ دىگەن. ھەق يولدا پۇل-مال سەرىپ قىلىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشقا كۆپلىگەن مەنپەئەت بولغانلىقى ئۈچۈن پۇل-مال سەزگۈر ھاياتنىڭ نىرۋىسى، ئۇنى توغرا يولغا ئىشلىتىش ئۇلۇغ ئىش، ئەجىر ساۋاپ جەھەتتە ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلەپ

باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈشتىن قېلىشمايدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالدىن كۆرەر ئاڭلىق مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مال-دۇنياسىنى ساۋاپ بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىشتىكى مەخسىتىمۇ شۇ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنى تىگىشلىك نىسۋىسىدىن مەھرۇم قىلىپ جەۋرى-جاپاغا سېلىپ قويماستىن ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى قىسىپ قويماستىن ياخشىلىق يوللىرىغا ئايماي ئىختىساد چىقىم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. مۇسۇلمان ئۇلۇغ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن ھەر ئىككىلى ھالەتتە يەنى خەيرى-ئېھسان قىلىش ۋە ۋارىسلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ. شۇ جەھەتتىن بىر مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن ئۆز بايلىقىنى **الله** يولىدا خەيرى ئېھسان قىلىپ قالدۇرۇشتىن پەرزەنتلىرى ئۈچۈن مىراس قىلىپ قالدۇرۇش ھەرگىز ياخشى كۆرۈلمەيدۇ. بەلكى تاپقان تەرگىنىنى مىراس قىلىپ قالدۇرۇشتىن **الله** يولىدا چىقىم قىلىش ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ **الله** يولىدا خەيرى قىلغان مېلى نام-ئەمەل خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز سۆزىدە كۆرسەتمە بەرگەنلىرى:

*«قايسى بىرىڭلارغا ئۆز مال-مۈلكىدىن ۋارىسلىرىنىڭ مال-مۈلكى ياخشىراق كۆرۈلىدۇ؟ ئۇلار ئىچىمىزدە پەقەت ئۆزىنىڭلا مال-مۈلكى ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلار بار دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالدىنقىسى خەيرى-ئېھسان قىلغىنى، ئۆزىنىڭ مېلى، كېيىنكىسى مىراس قالدۇرغىنى ۋارىسلىرىنىڭ مېلى دېدى».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

سېخىلىق ھەقىقەتەن ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى مۇسۇلماننىڭ ئىجتىمائى ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىسلامدىكى ئىشلارنىڭ قايسىسى ياخشى دېگەن سوئالغا:

*«ئاچقا تاماق بېرىش، تونۇغان ۋە تونۇمىغا كىشىلەرگە سالام قىلىش»* دەپ جاۋاپ بەرگەن. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇسۇلماننىڭ بارلىق تاپقان تەرگىننى ۋارىسلىرىغا ھېچنەرسە قالدۇرماي بەلگۈلىمىدىن ئاشۇرۇپ سەدىقە قىلىۋېتىشمۇ تازا ياخشى ئەمەس، ئىسلامدىكى ئىشلار نورمال، تولۇق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە جەۋرى-جاپا سالمايدۇ. خۇددى ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرىپ قىلىش ۋاجىپ ياكى پەرز بولغىنىدەك ئەۋلاتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى تىلەمچىلىكتىن ساقلاشمۇ ئوخشاشلا پەرز ياكى ۋاجىپ. سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ كەلگەن، شۇ چاغدا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

*«ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ مال-مۈلكۈم بەكلا كۆپ ماڭا ۋارىس بولىدىغان بىرلا قىزىم بار، مال-مۈلكۈمنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟* دەپ سورىغان، *پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق بولمايدۇ» دېگەن. سەئەد: يېرىمىنىچۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېگەن. سەئەد: ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلسامچۇ؟ دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىدىنلا: «پەرزەنتىڭنى باشقىلارنىڭ قولىغا قارايدىغان نامرات قويۇپ كەتكىنىڭدىن باي ھالەتتە تاشلاپ كەتكىنىڭ ياخشى، ئەگەر بەرەر نەرسە خەيرى قىلساڭ شۇنىڭ ئەجرىنى ئالىسەن، ھەتتاكى ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان بىرەر لوقما تاماققا چاغلىق نەرسىدىنمۇ (ساڭا ئەجرى بولىدۇ)»* دېگەن.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال-مۈلۈكنىڭ ئىنسانلار قەلبىدىكى تەسىرىنى تونۇپ يەتكەن. نەتىجىدە ئۇنى كۆڭۈللەرنى ئىسلامغا مايىل قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلغان ۋە

دەۋەت ئىشلىرىغا ئىچلغان يىغى كەسىپ يولىدا مال ـ مۈلۈك سەرىپ قىلىشنى بەك كۆپەيتىۋەتمىگەن. ئۇ مۇنداق قىلىشنىڭ ئىشنىڭ بېشىدىلا مال ـ دۇنياغا بولغان تەلپىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ قاچان بىرەرسىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەندە ئۇ كىشىنى يېتەكلەپ كېتەلەيدىغانلىقىنى، ئۇ كىشىنى ئىمان جەھەتتە ئادەملەرنىڭ ئەڭ كۈچلىكى، ئىسلام جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. بۇھەقتە بىرگە ئۇلۇغ ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامىيەتكە قارىتا بىرەر نەرسە سورالسلا شۇ نەرسىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر كىشى كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا غەنىمەتتىن بەردى، ئاندىن ئۇ كىشى ئۆز قەۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئى قەۋمىم! مۇسۇلمان بولۇڭلار، مۇھەممەد راستىنلا مال ـ مۈلۈك بېرىدىكەن، كىشى نامراتلىقتىن ئەندىشە قىلمىسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر بىرەرسى پەقەت مال ـ دۇنيانىلا كۆزلەپ مۇسۇلمان بولسا، ئىسلام ئۇ ئادەمگە ئاسانلا دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى پۈتكۈل نەرسىدىن ئەڭ سۆيۈملۈك بولۇپ قالىدۇ»* دىدى.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قول ـ ئىلكىدە بارنىڭ ھەممىنى ئىسلامىيەتكە سەرىپ ئېتەتتى. كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرەتتى، ئۆزى ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئېلىپ قالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئىنتاك قەلبلەرنى ئاچاتتى ۋە ئادەملەرگە ئۇلۇغۋار مىساللار ئارقىلىق مەرتلىك، سېخىلىق ئەخلاقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى، جابىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: بىر چاغدا ئۇ (ئۆزىنى دىمەكچى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇنەيىن دىگەن جايدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. بىر ئەرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەرسە ـ*

*كىرەك سوراپ كىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسلدى، ھەتتا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر تۇپ دەرەخنىڭ قىشىغىچە قىستاپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىداسى دەرەخكە ئىلىنىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرۇپ كىتىپ:*

«رىدايىمنى بىرىڭلار، ئەگەر مىنىڭ مۇشۇ دەرەخنىڭ تىكىنىنىڭ سانىچە ئىقتىسادىم بولسا ئىدى، مەن ئۇنى ئەلۋەتتە سىلەرگە بۆلۈپ بىرەتتىم. ئاندىن كىيىن سىلەر مىنى بىخىل، يالغانچى ۋە يۈرەكسىز دەپ قارىمايتتىڭلار» دىدى.

*(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)*

مانا بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەرت ـ سېخىلىقىنىڭ نەمۇنىسى. ئۇ تۈرلۈك مەقسەد ـ مۇددىئالاردىن ۋە تەمەخورلۇق، شەك ـ شۈبھىلەردىن يىراق، ساپ بولغان سېخىلىقنىڭ مىسالى، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھايات ئەمىلىيىتىدە روياپقا چىقارغان. ئادەم الله غا قانچىكى يېقىنلاشسا ۋە الله نىڭ ئۆز يولىدا پۇل ـ مال سەرىپ قىلغۇچى سېخىلارغا تەييار قىلغان ئەجرى مۇكاپاتلارنى بىلگەنسىرى ئۇنىڭ سېخىلىقمۇ ئاشىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئايلىرىدا جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقاندا كۆپرەك كۆرۈلگەن ئەھۋال. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدىكى سېخىلىق نىسبىتى شۇ مۇبارەك ئايلاردا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن، چۈنكى جىبرىئىل رامىزاننىڭ ھەركىچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشەتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ مۇبارەك كۆڭلى ياخشىلىق روھىغا تولۇپ كىتەتتى ۋە ئۇنىڭ ساخاۋىتىگە ساخاۋەت قىلاتتى، مەرتلىكىگە مەرتلىك، سېخىلىققا سېخىلىق قىلاتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىشتا ئادەملەرنىڭ ئەڭ سېخىسى ئىدى ۋە ئۇ رامزان ئىيىدا جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقاندا تېخىمۇ سېخى*

*بولۇپ كىتەتتى، جىبرىئىل ئۇنىڭ بىلەن رامىزاننىڭ ھەركېچىسى كۆرۈشەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە سۇناتتى ۋە خەيرى-ساخاۋەت قىلىشتا قويۇپتىلىگەن شامالدىنمۇ سېخىراق سېخى بولۇپ كىتەتتى».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

تۈنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلار ئىچىدە بىرەرسىنىڭ سېخىلىقتا بۇنداق يۇقۇرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى بىلسەك ئەجەپلىنىش كەتمەيدۇ. ئەينى چاغدا خۇددى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك مال-مۈلكىنىڭ ھەممىنى الله يولىدا سەرىپ ئەتىۋەتكەن ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك تاپقان تەرگىنىنىڭ يېرىمىنى ئىشلىتىۋەتكەن. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك قول ئىلكىدە بارىنىڭ ھەممىنى قوشۇننى قوراللاندۇرۇشقا ئاتىۋەتكەنلىرى بار. الله يولىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى بېغىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن ئەبۇ دەرداھ دەك قول-ئىلكىدە بارىنىڭ ئەڭ ئىسىلىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن كىشىلەرمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا الله يولىدا ئۆزىنىڭ بارلىقىدىن كەچكەن مەرت-مەردانە كىشىلەر ئاز ئەمەس.

ئەنە شۇلار الله تەئەلاغا سادىق، الله بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق كىشىلەردۇر. ئۇلار شۇ ۋەجىدىن بۇ مەزمۇنلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، يەنە ئۇنى ھايات ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇلار بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋىر بايلىرىدا كۆرۈلگەندەك خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىنى بىرنەچچە قېتىم قىلىپلا توختاپ قالمايتتى.

بۈگۈنكى دەۋىر بايلىرى ئىچىدە مىليون ۋە مىليارد يۈۋەنلىك ئىقتىسادى بار كىشىلەر بار. ئەگەر ئۇلار شۇ ئىقتىسادىنىڭ بىرىشكە تېگىشلىك زاكىتىنى ئادا قىلسا ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىدىن يوقساز-نامراتلار پاك-پاكىزە تۈگىگەن بولاتتى. بىراق بۇ بايلار زاكات بىرىشتىنمۇ قوللىرىنى يىغىۋىلىۋاتىدۇ. ئۇلار شۇ زاكاتنىڭ پەرىز

ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ مۇراسىم، ھېيت-بايراملاردا ئازغىنە بىر بۆلۈك ئاخچىلارنى تارقىتىۋاتقانلىقىنى ياكى بىر قىسمىنىڭ ئىسلام ئەللىرىدىكى ئازغىنە بىرتۈركۈم نامراتلارغا يېمەكلىك تارقىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. كىشىلەر، تارقىتىپ بېرىلگەن بويۇملاردىن ئۆز نىسۋىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ كەتكەن نامراتلار توپىنى كۆرگەندە شۇ بايلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچۇقلۇقى، مەرت، ساخاۋەتچى ئىكەنلىكىگە قول قويىشىدۇ ۋە ئۇلارنى ئەڭ سېخى خەيرى-ساخاۋەتچىلەر قاتارىدا سانىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تارقىتىپ بەرگەن، نامراتلارغا چىقىم قىلىپ بەرگەنلىرىنىڭ بېرىش ۋاجىپ بولغان ئۆلچەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىگىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ھويلىسىغا يىغىلغان نامراتلارغا كۆز يۇمياش ۋە ئۆزىنى الله غا ئىتائەت قىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتەمەك ئۈچۈن چىقىم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئالەملەرنىڭ، بايلارنىڭ ۋە نامراتلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئۇلۇغ الله غا سىر ئەمەس. ئۇلار الله نىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ ۋە ئۇلار الله تەئالانىڭ بۇ سۆزىنىڭ قېتىغا كىرىدۇ:

(ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىققان ئالتۇن كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيادىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ).

(سۈرە تەۋبە 34 - ئايەت)

بۇ غەيرى ئىسلام ئىقتىساد نىزاملىرىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئاچكۆزلىكىگە، مەنپەئەت پەرەسلىكىگە، پىخسىقلىقىغا ۋە الله نىڭ

ھىدايىتىدىن يىراقلاپ كىتىشىگە ئىسلامى شەھەرلەرگە ماس كەلمەيدىغان قائىدە ـ پىرىنسىپلارغا ئالدىنىپ كەتكەنلىكى سەۋەپ بولغان ئىدى. ئەگەر ئۇلار مال ـ دۇنياسىدىكى **الله** نىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولسا، تۇنىغان بولسا مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلىرىدە ئۆزىنى ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلايدىغانلار مەيدانغا كىلەتتى. ساغلام بولغان ئىسلامى جەمئىيەتلەر باينىڭ نامراتلارغا ئۇۋال قىلىدىغانلىقىنى، نامراتلارنىڭ بايلارغا ئۆچ ـ ئاداۋەت قىلىدىغانلىقىنى تونىمايدۇ. چۈنكى ئۇ جەمئىيەتتىكى باي سېخى، ئالقىنى كەڭ ۋە ئۆز مال ـ مۈلكىدە نامراتلارنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى بىلىدۇ. نامراتلارنىڭ ھەققىگە قارا سانىمايدۇ ۋە ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشقا سەل قارىمايدۇ. چۈنكى نامرات بايغا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە ياختۇرماسلىق نەزىرىدە قارىمايدۇ. چۈنكى ئىسلام جەمئىيىتىدىكى باي مال ـ مۈلكىنى ھارامدىن تاپمايدۇ. پەقەت يوللۇق ئىشلار، ھالال كەسىپ يولى، ئۆزىنىڭ قان ـ تەرگە ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ پۇل ـ مال توپلايدۇ. ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە شۇ جەمئىيەت قوينىدا ياشاۋاتقان ھەممە كىشىدىن كەمبەغەل نامراتلار ئۈچۈن ئىشلەپ باي بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىشىك ھەممىگە ئوچۇق، ئۆچ ـ ئاداۋەتنى بازارغا سالغۇچى يوق، قېرىنداشلىق، مېھرى ـ مۇھەببەت جەمئىيىتىدە ئۆچ ـ ئاداۋەتكە، دۈشمەنلىشىشكە ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا ئورۇن يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرگە تەربىيە ئەشلەيتتى، ئۇلارنى ھەمىشە خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىشقا، توپلىغان مال ـ مۈلكى قىيامەت كۈنى بالايى ئاپەت، ئازاپ ـ ئۇقۇبەت بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى قەلبىدىن مال ـ دۇنيانىڭ مۇھەببىتىنى چىقىرىپ تاشلاشقا، مال ـ مۈلكىنى نامرات كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىشكە، ئۇلارنىڭ تورمۇشىدا كەڭ ـ كۇشادىلىك، ئاسايىشلىق قانات يايدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقارقى ئىشلاردا ئەڭ ياخشى باشلامچى

ئىدى. بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەقىئ دېگەن يەرگە كىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئەبۇزەر ئۇچراپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىتىۋىتىپ ئەبۇ زەرگە مۇنداق دېدى: *«چوققۇمكى (دۇنيادا) كۆپلىگەن مال-مۈلۈككە ئىگە بولغۇچىلار، قىيامەت كۈنى (ياخشى مۇئامىلىگە) ئاز ئۇچرىغۇچىلاردۇر. بىراق ھەق يولدا مۇنداق مۇنداق ئىش قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېدى. ئاندىن كىيىن ئۇلارغا ئۇھۇت تېغى ئۇچرىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇزەر!» دېدى، ئەبۇزەر: خوش رەسۇلۇللا! خىزمەتلىرىگە تەييارمەن ۋە مەن ئۆزۈمنى سىلىگە پىدا قىلىمەن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇھەممەدنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى ئۈچۈن ئۇھۇد تېغىنىڭ ئالتۇن بولۇشى، يەنە ئۇلارنىڭ قېشىدا بىرەر دىنار ياكى (بىرەر مىسقال دىيدىمۇ) بىر ئاخشام تۇرۇپ قېلىشى مىنى خۇرسەن قىلالمايدۇ» دېدى.* (بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇ ھەدىسنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرەيش بايلىرى توغۇرلۇق توختالغانلىقى ئوبدانلا ئىزاھلاپ بىرىدۇ. ئۇلار بىر قىسىم جايلارنى ئازات قىلىش يولىدا چەككەن جەۋرى-جاپالىرىدىن دىمىنى ئالا-ئالمايلا تىجارەتكە كىرىشىپ كەتكەن ۋە پۇل-مالغا ئەسىر بولۇپ قېلىشقان، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن ئەنسىرەپ مۇنداق دىگەن:

*«دىققەت! ھەققەتەن قۇرەيشلەر الله نىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ئايەت قىلىۋالماقچى، خەتتابنىڭ ئوغلى تېخى ھايات، مەن ئۇلار ئۈچۈن مەدىنەنىڭ قاراتاشلىق زىمىندا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئوتقا ئېتىشىشنى توسۇپ قالىمەن».*

بايلىقنىڭ ئازغىنە بىرتۈركۈم كىشىلەرنىڭ قولىغا يىغىلىپ قېلىشى ئىسلامىيەت ياختۇرمايدىغان بىر ئىش، چۈنكى بايلىقنىڭ ئەشۇ ئازغىنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قولىغا يىغىلىپ قېلىشىنىڭ مەنىسى شۇ جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ

يانجۇقى قۇرۇقدالدى دىگەنلىك. شۇ سەۋەپتىن جەمئىيەتتە تەرتىپسىزلىك، يۇقىرى-تۆۋەنلىك، بىر-بىرىنى خورلاش، ئىزىش بولىدۇ. مانا بۇلار ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدە چەكلەنگەن ئىشلار.

بۇ بىرتەرەپى، ئىككىنجى تەرىپى، ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ مەدىنىنىڭ قاراتاشلىق زىمىنىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتىۋېلىشى ئۇلاردىن ئىنتىقام ئىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قولىدىكى بايلىققا چىدىمىغانلىقتىن ئەمەس. ئۇلارنى دوزاخقا چۈشۈپ كىتىشتىن ساقلاپ قېلىش.

ھەقىقى مۇسۇلمان قانچىلىك نامرات بولۇپ كىتىشىدىن ۋە كىرمىنىڭ قانچىلىك ئاز بولىشىدىن قەتئى نەزەر يەنىلا خەير-ساخاۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئىسلامىيەت قەلبىدىن ھىسداشلىق، مېھرى-مۇھەببەت كۆتۈرلۈپ كەتكەن ئادەمنى ئەڭ نامرات ھىساپلىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆز قېرىنداشلىرىغا قارىتا مەنىۋى ئورتاقلىق، ھىسداشلىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نامراتلارنى ئاز بولسىمۇ، قولىدىن كىلىشىچە خەيرى-ئىھسانغا ئۈندەيدىغان تىكىستلەر ئوتتۇرغا چىقتى. الله تەئەلا نامراتلار قولى قىسقا بولسىمۇ ھالال كەسىپ قىلىپ تاپقان مۈلكىدىن خەيرى-ساخاۋەت قىلغانلا بولسا ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بىرىشكە ۋە قىلغان ئىشىنىڭ مۈنىسىنى ئۆستۈرۈپ بىرىشكە ۋەدە قىلدى:

*«كىمكى ھالال ئىشلەپ تاپقان نەرسىدىن خورما چاغلىق بىرەر نەرسە سەدىقە قىلسا الله ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. الله پەقەت ھالالدىن تاپقان مالدىن قىلغان سەدىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن كىيىن ئۇنى ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن، خۇددى بىرىڭلار ئۆز تايچىغىنى ئۆستۈرگەندەك ئۆستۈرۈپ بىرىدۇ، ھەتتا ئۇ تاغدەك بولۇپ كىتىدۇ».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*قەلبىنىڭ ئىتتىلىپ قالماسلىقى، جەمئىيەتتە مەنىۋى ئورتاقلىقنىڭ كۆمۈلۈپ قالماسلىقى ۋە شۇ جەمئىيەتتە ياخشىلىقنىڭ، مېھرى-شەپقەتنىڭ ۋە ھەمداشلىق بۇلاقلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى قىسقا بولسىمۇ خەيرى-ئېھسان قىلىپ تۇرۇشقا چاقىرغان ۋە خەيرى-ئېھسان قىلىشتىن قولىنى يىغىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. چۈنكى خەيرى-ئېھسان قىلىشنى توختىتىۋېتىش ۋەيرانچىلىق، ئازاپ-ئوقۇبەتكە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ ئوتتىن ساقلىنىڭلار».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

**الله** تەئەلا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىدە مەيلى باي بولسۇن، مەيلى نامرات بولسۇن باشقىلارغا ھەممىشە ياخشىلىق قىلىپ تۇرىدىغان بىر ماددى ئاساسىنىڭ، پايدا-مەنپەئەتنىڭ ۋە ياخشىلىقنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلدى. مۇسۇلمان ئادەمنى ئۆز ئىقتىدارى ئۆزئىمكانىيىتىگە يارىشا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدىغان ۋە شۇ كىشى ئۈچۈن بارلىق ياخشىلىقنى سەدىقە قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمەلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ شۇ سەۋەبتىندۇر:

*«ھەر بىر مۇسۇلمان سەدىقە قىلىش لازىم. ئۇلار: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر تاپالمىسىچۇ؟ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىدۇ» دېدى، يەنە ئۇلار: ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشى ئىش قىلسۇن، يامان ئىشتىن قول ئۈزسۇن، ئەنە شۇ ، ئۇ ئادەم ئۈچۈن سەدىقە دېدى»».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*ئىسلام دىنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قانىشالىشى ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ دائىرىسىنى*

*كىگەيتىپ بەردى، كەمبەغەل كىشىلەر ئۆزلىرىنى قولى قىسقا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىجتىمائى ياخشىلىققا قاتنىشىشتىن مەھرۇم ھېس قىلمايدۇ. مۇسۇلمان ئۈچۈن قىلغان ھەممە پايدىلىق ئىشلىرىنى خۇددى بايلارنىڭ ئېتقىنىدەك ساۋاپ بېرىدىغانلىقىغا ساۋاپ بەرگەندەك ساۋاپ بېرىدىغان سەدىقە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ياخشىلىققا قاتنىشىش ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەردى:*

«ھەر بىر ياخشى ئىش سەدىقەدۇر».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ئەمەلى مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. شۇ جەھەتتىن ئۇلارغا قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمىدى. پەقەت ئۇلاردىن مال ـ مۈلكىنىڭ ئېشىنچىسىنى سەدىقە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋە ھەقىقەتەن قول ئىلكىدە يوق كىشىلەرنى ئەيىپلىمەستىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىشقا ئىلھاملاندۇرۇدى. ئىسلامدا ئۈستۈن قول (يەنى خەيرى قىلغان قول) ئاستىن قولدىن (يەنى خەيرى ساخاۋەت قوبۇل قىلغان قولدىن) ياخشى. ئېھتىياجدىن ئاشقىنىغا كەلسەك ئۇ سېخىلىقتىكى مۇسابىقە تۈرىگە كىرىدۇ. ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆزىنى ياخشىلىق قىلىش يولىدىن توختاتمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىدىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ياخشىلىق يوللىرىغا ئېتقىنىدەك چىقىم قىلىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن توختىۋېلىشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن:

*«ئى ئادەم بالىسى! ئېھتىياجىڭدىن ئاشقان مۈلكۈڭنى خەيرى ـ ئېھسان قىلساڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى، ئەگەر ئۇنى تۇتۇپ قالساڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن زىيانلىق، ئۆز تۇرمۇشىنى ئاران قامدىيالايدىغان كىشى ئەيىپلەنمەيدۇ. خەيرى ـ ئېھسان قىلىش ئائىلە يۈكى ئېغىر، جان سانى كۆپ تۇغقانلاردىن باشلىنىدۇ، ئۈستۈن قول، ئاستىن قولدىن ياخشى».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئاڭلىق ئالدىن كۆرەر مۇسۇلماندىن ئەگەر ئۇنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقان بىرەر نەرسە بولسا، گەرچە شۇ نەرسە نامراتلىقتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن ساقلاپ قويغان، ياكى بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈن يىغىپ ساقلاپ قويغانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ سېخىلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. بەلكى ئۇ ئۆزىدىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدە شۇنداق ھالەتتە قىلغان سەدىقىنىڭ بارچە سەدىقىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ساۋابىنىڭمۇ ئەڭ ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. خۇددى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە كۆرسىتىلگەندەك:

*«بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەجرى ساۋاپ جەھەتتە سەدىقىنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورققان، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان، تېنىڭ ساغلام بولۇپ پۇل- مالغا تازا ئامراق ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقەڭنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ، سەدىقە قىلىشنى كەينىگە تارتما، جېنىڭ ھەلقۇمغا كەلگەندە پالانىغا ئۇنچىلىك، پوكۇنىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار دېيسەن. بۇ چاغدا مال- مۈلۈك باشقىلارنىڭ بولۇپ بولغان بولىدۇ» دېدى.* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*ھەقىقى مۇسۇلمان باشقىلارغا ياردەم بېرىش ۋە يارىيۆلەكتە بولۇشتەك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۆزىنىڭ مەرت- سېخىلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ ۋە خىجىل بولۇپ باشقىلاردىن بىر نەرسە سورىيالمايدىغان، باشقىلار ئۇنى ئېپىپەتلىك، يۈزى تۆۋەن بولغانلىقتىن باي دەپ ئويلايدىغان، ئەمەلىيەتتە نامرات، ئاچ- يالىڭاچ كىشىلەرنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ، ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشكىنى*

چىكىدۇ ۋە ئۇلار ئىنساننىڭ ھاجىتىنى قامداشنى، ئۇلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كۆڭۈل بۇلۇشقا ئەڭ لايىق پاك، مىسكىن بىچارىلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر ئىككى خورما ۋە بىر ئىككى لوقما تاماق بەرسە ياندىغان كىشى مىسكىن ئەمەس، مىسكىن دېگەن ئۆزىنى پاك تۇتىدىغان ئادەملەردۇر».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە:

«كىشىلەرنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان، بىر-ئىككى لوقما تاماق، بىر-ئىككى تال خورما ياندۇردىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس، لېكىن ھاجىتى قانغۇدەك بىرنەرسە تاپالمايدىغان، باشقىلاردىن بىرەر نەرسە سورىمايدىغان ۋە بىلىنمەيلا سەدىقە بېرىلىدىغان ئادەم مىسكىندۇر».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

كەڭ قورساق، قولى ئۇچۇق مۇسۇلمان يېتىمگە غەمخورلۇق قىلىش ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە كېپىللىك قىلىش بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنە ئۇ مەيلى يېقىن تۇغقىنى بولسۇن ياكى يىراق تۇغقىن بولسۇن، الله تەئالانىڭ يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغۇچىلار بېرىدىغان كاتتا مۇكاپاتىنى كۆزلەپ يېتىملا بولسا بارلىق چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنىڭدەك جەننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوشنا بولۇپ ئۆتۈشكە قىزىقىپ يېتىمنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە كىچىك كۆرۈپ قاقتى سوقتى قىلمايدۇ. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن يېتىمگە كېپىل بولغۇچى بىلەن جەننەتتە مۇنداق بولىمەن» دەپ

كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن بارمىقىنى ئايرىدى.

*(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)*

شۇنىڭدەك تەقۋادار، ياخشى، قولى ئۇچۇق ۋە ئۆز دىنىنىڭ ئەمىر پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى ئىزلەش يۈزىسىدىن، **الله** تەئەلانىڭ تول خوتۇن، ئاجىز مىسكىنلەرنىڭ ھالىغا يەتكەنلەر ئۇچۇن تەييارلىغان كاتتا ساۋاپىنىڭ تۈرۈتكىسىدە تول خوتۇن ۋە ئاجىز بىچارىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدۇ ۋە ئۇلاردىن ياردىمىنى ئايىمايدۇ. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىگەندەك **الله** تەئەلا ئۇلارنىڭ ئەجرىنى كۈندۈزى روزا تۇتقان، كېچىسى ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ئەجرىگە تەڭ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«تول، ئاجىز، مىسكىنلەرنىڭ ھالىغا يەتكەنلەر **الله** يولىدىكى مۇجاھىدقا ئوخشاش». (ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «توختىماي ناماز ئوقۇغان، يىمەي روزا تۇتقان ئادەمگە ئوخشاش» دىدىمىكىن)* دىگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*مانا بۇ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى ۋە ساۋاپىنى ئىزلەپ پۇل-مال چىقىم قىلىدىغان سېخى-قولى ئۇچۇق مۇسۇلمان تۇتۇپ ماڭىدىغان ياخشىلىقنىڭ يولى. مانا بۇ بەندىنى ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەل. ئۇ بايلار، يۈز-ئابرويلۇقلارغا تەييارلانغان ۋە يۈز-ئابروي، شان-شەرەپ تەمەسىدە پۇل-مال سەرپ ئېتىلگەن ئەمەس. ئۇنداق زىياپەتتە **الله** رازىلىقى مەقسەت قىلىنمىغاچ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆككەن:*

«زىياپەت تامىقىنىڭ يامىنى بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەل-نامراتلار چاقىرىلمىغان زىياپەت تامىقىدۇر». *(شەيخانى رىۋايەت قىلغان)*

تول خوتۇن، مىسكىن-بىچارىلەرگە ياردەم قىلىش، يېتىملەرنى قانات ئاستىغا

ئىبلىش ۋە ئۇلارغا خەيرى ـ خاھلىق قىلىش ئىتائەتمەن كىشىلەرنىڭ دىلىنى پاكلايدىغان، ئادەملىگىنى ئۆستۈرىدىغان، قەلبىنى تەرەققى قىلدۇرىدىغان ۋە ئىتائەتنىڭ لەززىتىنى تېتىتىدىغان ساۋابى تولىمۇ چوڭ ئىش. شۇ جەھەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىلى قېتىپ كەتكەنلەرنى شۇ ئىشنى قىلىشقا ئۈندىگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دىلىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە:

*«يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغىن ۋە مىسكىنگە تاماق بەرگىن»* دېگەن.

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان )

## خەيرى ـ ئېھسان قىلغان كىشىلەرگە مىننەت قىلمايدۇ:

تەقۋادار ئاڭلىق مۇسۇلمان الله تەئەلا ئۆز يولىدا خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسا خەيرى ـ ساخاۋەتنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرگە مىننەت قىلمايدۇ ۋە الله تەئەلا ئۇلارنىڭ ھەققىدە:

(پۇل ـ مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلىدىغان ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەيرى ـ ساخاۋەتكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاپ تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنۇچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ) (سۈرە بەقەر 262 ـ ئايەت)

دېگەن كىشىلەر قاتارىدا بولۇشقا قىززىقىدۇ.

قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ۋە سەدىقىسىنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان مىننەت قىلىش ۋە رەنجىتىشتەك ئىشلار ئۇنىڭغا سىر ئەمەس. بەلكى الله تەئەلا

مۆئمىنلەرنى سەدىقىنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان مىننەت قىلىشتىن توسقان ۋە ئاگاھلاندۇرۇپ قىلغان نىداسى قۇلاقلىرىغا توشۇپ كەتكەن، مىجەز-خاراكتىرىنى تەۋرەتكەن ۋە ئۇنى مىننەت قىلىشنى، رەنجىتىشنى ئويلاشتىن ياندۇرغان:

(ئى مۆئمىنلەر! قىلغان سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە رەنجىتىش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار).

(سۈرە بەقەر 264 - ئايەت)

ھاجىتىنى ئېيتىپ كەلگەن نامرات ئادەمگە، ئۇنىڭ ئىنسانى غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇش، ئىززەت ھۆرمىتىنى ۋە قەدرى-قىممىتىنى چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە مىننەت قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام شەرئىتىدە ھارام قىلىنغان ئىشلاردۇر، ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەم بىلەن خەيرى-ساخاۋەت قىلغۇچىنىڭ ئارىسىدا پەقەت تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەل پەرقلا مەۋجۇت، قېرىنداش ئۆز قېرىندىشىغا مىننەت قىلمايدۇ ۋە ئىززەت ھۆرمىتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەيدۇ.

مۇسلىم نىڭ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە قىلغان خەيرى-ساخاۋەتكە مىننەت قىلغۇچىلارغا قاتتىق تەھدىت سېلىنغان. ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلغۇچىنى قىيامەت كۈنى **الله** گەپ قىلمايدىغان، قاراپمۇ قويمايدىغان ۋە گۇناھىدىن پاكلاپمۇ قويمايدىغان، بەلكى ئېچىنىشلىق ئازاپ بولىدىغان بەختسىز ئادەملەر تۈرىگە كىرگۈزگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

*«**الله** قىيامەت كۈنى گەپ-سۆز قىلمايدىغان، قاراپمۇ قويمايدىغان ۋە گۇناھلىرىنى پاكلاپ قويمايدىغان ۋە ئۇلارغا دەرتلىك ئازاپ بولىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى». ئەبۇزەر: ئۇلار زىيان تارتىپتۇ ۋە رەسۋا بوپتۇ. ئەي **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار كىملەر؟ دېدى، پەيغەمبەر*

*ئەلەيھىسسالام: «كىيىم-كېچىكنى (ئۇشۇقتىن) ئۇزۇن كەيگۈچى، قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلغۇچى ۋە مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن قولدىن چىقارغۇچى» دېدى.*

## مېھمان دوست:

*روھىغا مېھماننى ئىززەتلەشنىڭ مەزمۇنى سىڭگەن ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىسلامنىڭ ئەسلى ئەخلاقىغا ئاۋاز قوشۇپ مېھماننى كۈتۈش ئۈچۈن خوشال كەيپىياتتا بولۇشى ۋە مېھماننى ئىززەتلەشكە ئالدىرىشى تەبئى. چۈنكى ئۇ الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشتىن بارلىققا كېلىدىغان ئىشلار:*

«كىمكى الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ئىززەت قىلسۇن». *(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)*

مېھمىنىنى ئىززەتلىگۈچى مېھمىنىنى ئىززەتلەش بىلەن ئۆزىنىڭ الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگۈچى ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بۇ، مېھمانغا تەقدىم ئېتىلىدىغان ئالاھىدە كۈتۈش دەپ ئاتالغان، خۇددى ئۇ مېھمان ئۈچۈن مېھمان قىلغۇچىغا ياخشى ئىش قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىككە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتەك قىلاتتى. چۈنكى شۇ ئىش بىلەن مېھمان قىلغۇچىنىڭ ئىمانى ئەمەللەشەتتى ۋە ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولاتتى:

*«كىمكى الله غا ئىشەنسە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ئالاھىدە كۈتسۇن». ئۇلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېھمىنىنى ئالاھىدە كۈتۈش دېگەن نىمە؟ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كېچە كۈندۈز قوندۇرۇش ۋە ئۈچ كۈن زىياپەت بېرىش، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكىنى سەدىقەدۇر» دېدى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىسلامىيەتتىكى مېھماننى ئىززەتلەش، ساداقەتمەن مۇسۇلمانغا ياقىدىغان، ساۋاپ ئېلىپ كېلىدىغان بۈيۈك ئىشتۇر. ئۇنى ئىسلام تۈزۈملەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىپ بەرگەن. مېھماننى بىر كېچە ـ كۈندۈز ئالاھىدە كۈتۈش ئاندىن كېيىن زىياپەت بېرىشنىڭ لازىملىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتى ئۈچ كۈن، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكىنى مېھمان قىلغۇچى ساخاۋەت ئىگىسىنىڭ دەپتىرىگە پۈتۈلىدىغان سەدىقەدۇر. ئىسلامدىكى مېھمان كۈتۈش مىجەز ـ خاراكتېرگە ۋە شەخسى ئىرشچانلىققا باغلىق ئىختىيارى ئىش ئەمەس، شۈبھىسىزكى ئۇ مۇسۇلمانغا ۋاجىپ بولغان ئىشتۇر. مۇسۇلمان ئىشىك ئالدىغا مېھمان كەلسە ياكى ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە مېھمان چۈشسە شۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش كېرەك:

*«مېھماننى قوندۇرۇش ھەر بىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپ، كىم ئۇنىڭ قورۇسىدا بولسا ئۇ شۇ كىشىگە (يەنى مېھمانغا) قەرزدۇر، ئەگەر خالىسا ئۇنى ئادا قىلسۇن، خالىسا تاشلاپ قويسۇن».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دە خاتىرلىگەن)

*مېھماننى ياخشى كۈتمەيدىغان ۋە مېھماننىڭ كۆز ئالدىدىلا ئىشىكنى تاقىۋالىدىغانلارغا كەلسەك ئۇلارغا ياخشىلىق يوق. خۇددى ئىمام ئەھمەدنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە كەلگەندەك:*

«مېھماننى ياخشى كۈتمەيدىغان كىشىگە ياخشىلىق يوق».

ئىسلامىيەت مېھمانغا زىياپەت بېرىشنى ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپ قىلدى ۋە ئۇنى مېھمان ئۈچۈن پەرز قىلىنغان ھەق دەپ ساندى. مۇسۇلماننىڭ شۇ بۇرچىنى ئادا قىلىشقا سەل قارىشى لايىق ئەمەس، ئەگەر كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پىخسىقلىق ئىگەللەپ مېھماننىڭ ھەققى بولغان زىياپەتنى بەرمىسە، ئىسلامىيەت ئۇلاردىن ئۆز

ھەققىنى يۇلۇپ ئېلىشنى مېھمان ئۈچۈن رۇخسەت قىلدى. مانا بۇ مەزمۇنلار شەيخانى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىس شۇناسلار ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە زىكرى قىلىنىدۇ. ئۇقبە مۇنداق دىدى مەن:

*ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر سەن بىزنى بىرەر جامائەتچىلىكنىڭ قېشىغا ئەۋەتسەڭ، بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارساق، ئۇلار بىزنى كۈتىۋالمىسا، سەن شۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر بىرەر قەۋۇمنىڭ ھويلىسىغا چۈشسەڭلار، ئۇلار سىلەرگە مېھماننىڭ تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىپ كەلسە ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىسا سىلەر ئۇلاردىن مېھماننىڭ تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىڭلار»دىدى.*

*مېھماننى ياخشى كۈتۈش ئىسلامنىڭ نىگىزلىك ئەخلاقى، شۇ جەھەتتىن لاياقەتلىك مۇسۇلماننىڭ مېھماننى زىياپەت بېرىپ كۈتىۋېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىغىنى كۆرمەيسىز. ئۇ ھال كۈنىنىڭ قانداق بۇلىشىدىن قەتئى نەزەر مېھماننى ئوبدان كۈتىۋالىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئۇنىڭغا ئىككى كىشىلىك تاماقنىڭ ئۈچ ئادەمگە، ئۈچ كىشىلىك تاماقنىڭ تۆت ئادەمگە يېتىدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن ۋە تويۇقسىز كەلگەن مېھماندىن ئەنسىرىمەسلىكنى بۇلىدىغانلىغىنى ئۆگەتكەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:*

«ئىككى كىشىلىك تاماق ئۈچ ئادەمگە يېتىدۇ، ئۈچ كىشىلىك تاماق تۆت ئادەمگە يېتىدۇ» دىدى. *(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)*

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىگەن: مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«بىر كىشىلىك تاماق ئىككى ئادەمگە، ئىككى كىشىلىك تاماق تۆت ئادەمگە ۋە*

*تۆت كىشىلىك تاماق سەككىز ئادەمگە يېتىدۇ»* دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

مۇسۇلمان تاماق ئۈستىگە كۆپ كىشىلەرنىڭ داخىل بولۇشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، غەرپلىكلەر تاماق تەييارلاشتىن بۇرۇن تۇيۇقسىز كەلگەن مېھماننى كۈتۈۋالمايدۇ. بىراق مۇسۇلمان تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان مېھماننى ئەلۋەتتە كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ تامىقىغا داخىل بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ. بىراق تەييارلىغان تامىقى ئۆزىگە يەتمەي قالسا ھېچقىسى يوق، چۈنكى ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ نەزىرىدە ئاچ قالغانلىق **الله** نىڭ ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىززەت ئىكرام قىلىشىغا بۇيرىغان مېھمانغا زىياپەت بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندىن كۆپ ياخشى، بەلكى **الله** تەئەلا بىر كىشىلىك تاماققا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككى كىشىگە يېتىدۇ، ئىككى كىشىلىك تاماققا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، ئۇ تۆت كىشىگە يېتىدۇ........

بىز نىڭ سەلەپ ـ سالىھلىرىمىز مېھمان كۈتۈشتە بىزگە ئاجايىپ بىر ئۆلگە تىكلەپ بەردى. ھەتتا **الله** تەئەلامۇ ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مېھمان كۈتۈشتىكى ئىشلىرىدىن ئەجەبلەنگەن. ئىمامى بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىملارنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىگە قاراپ باقايلى:

*بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئايالى: بىزدە ھازىر سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قاراپ: بۇ كىشىنى كىم كۈتۈۋالىدۇ؟ دەپتۇ، ئەنسارىلاردىن بىر كىشى: مەن مېھمان قىلاي دەپتۇ ۋە ئۇ كىشىنى ئۆيىگە باشلاپ كىتىپتۇ ئاندىن ئايالىغا: رەسۇلۇللاھنىڭ مېھمىنى كۈتىۋال دەپتۇ، ئايالى بىزدە پەقەت كىچىك باللىنىڭ يېمەكلىكىلا بار دەپتۇ، ئاندىن ئۇ ئايالىغا: تامىقىڭنى ئېلىپ كەل، چىرىغىڭنى تۈزەپقوي، بالاڭنى ئۇخلات دەپتۇ، ئايال تامىقىنى ئېلىپ كەپتۇ،*

*بالىسىنى ئۇخلۇتۇپ قويۇپ چىرىغىنى ئۈزىگەندەك قىلىپ ئۆچۈرۈپ قويۇپتۇ ۋە ئۆزىنىمۇ مېھمان بىلەن تاماق يەۋاتقاندەك كۆرسىتىپ ، ئاچ قورساق يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەندە رەسۇلۇللا :*

(الله تەئەلا، كېچىدىن مېھمانلىرىڭلارغا قىلغان ئىشىڭلاردىن ئەجەبلەندى) ۋە:

(ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغانلار، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارىلار) ئېنىڭغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى(يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلىرى ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ ۋە ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق(مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەتىدىن) ئەلا كۆرىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر). دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى دەپتۇ. (سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەت)

ھەقىقى ئاڭلىق، زىرەك مۇسۇلمان ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھوزورىغا مېھمان بولۇپ بارسا ئۇنىڭ مۇھتىنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قېشىدا بىزەڭلىق قىلىپ ئۇنى چىقمىدار قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا يۈك بولۇپ تۇرىۋالمايدۇ. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«مۇسۇلمان ئۈچۈن قېرىندىشىنىڭ ھوزورىدا ئۇ گۇناھكور بولۇپ قالغۇچە تۇرۇش ھالال ئەمەس» دېدى. ئۇلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ قانداق گۇناھكور بولۇپ قالىدۇ؟ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھوزورىدا مېھمان بولۇپ تۇرىدۇ. قېرىندىشىنىڭ ئىلكىدە ئۆزىنى كۈتىۋالغۇدەك بىرەر نەرسە قالمايدۇ»* دېدى.

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە:

*«ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ ھوزورىدا، قېرىندىشى ھەرەج تارتىپ قالغانغا قەدەر*

*تۇرۇۋېلىشى ھالال بولمايدۇ»* دېگەن.

ھەقىقى مۇسۇلمان، مەيلى گۇناھ بولمىسۇن ۋە ياكى خاپىلىق بولمىسۇن، ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئىككىسىنىڭ بىرەرسىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. مۇسۇلمان مېھمان تولىمۇ ئەدەپلىكتۇر. ئۇنىڭغا ئىسلام مېھماندارچىلىقنىڭ ئەدەپ-يوسۇنلىرىنى ۋە توغرا، ئىلمى بولغان يوللىرىنى بىلدۈرگەن، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ مۇشۇ بىرقاتار تۈزۈملەرنى ئۆزىگە تەتبىقلاشتا تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئىش كۆرىدۇ. شۇ جەھەتتىن ئۆزىنى مېھمان قىلغۇچىغا ئىللىق ۋە مۇلايىم-خۇشچىراي مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، سورىغان سۇئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە سىلىق-سىپايە، سالماقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان پاراڭلارنى قىلىدۇ.

## ئۆز مەنپەتىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەتىنى ئەلا بىلىدۇ:

قەلبىنى ئىسلامىيەت بۇلغىدىن سۇغارغان ھەقىقى مۇسۇلمان گەرچە نامرات بولسىمۇ ئۆز مەنپەتىدىن ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەتىنى ئەلا كۆرىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەن باشقىلارنىڭ مەنپەتىنى ئۆز مەنپەتىدىن ئەلا كۆرۈش كۆرسەتمىسى بىلەن ئۆستۈرگەن، ھەتتا ئۇ، مۇسۇلمان تونۇلىدىغان ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تۈپ ئەخلاقتا ئايلانغان.

ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا ئۆز مەنپەتىدىن ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەتىنى ئەلا كۆرۈشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ماڭغۇچىلار ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ ھەققىدە ئايەت نازىل بولغان. ئۇ كىشىلەر مەرتلىك-سېخىلىقنىڭ ۋە ئۆزمەنپەتىدىن ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەتىنى ئەلا بىلىشنىڭ قانداق

بۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەنسارىلار ھېچ نەرسىسى يوق مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنى كۈتىۋالغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۇلارغا بېرىۋەتكەن:

(ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغانلار، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارىلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەرگە ئۆچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ ۋە ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق(مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەتنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەتىدىن) ئەلا كۆرىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغان كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر).

(سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ئۆتكەن ھايات ئىدى ۋە ئۇنى تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلار قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزغان ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە، ئۆرۈپ ئادىتىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. سەھل ئىبنى سەئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:

بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قولدا توقۇلغان تون ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مەن بۇنى ئۆزلىرىگە كەيگۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۆز قولۇم بىلەن توقۇدۇم دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھتىياجلىق بولغاچ ئۇنى قوبۇل قىلدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى توننى كىيىپ قېشىمىزغا چىقتى، ئاندىن مەلۇم بىرسى: پاھ بۇ نېمە دېگەن چىرايلىق ـ ھە! بۇنى ماڭا كەيدۈرۈپ قويغىنە دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«بولىدۇ كەيدۈرۈپ قوياي»* دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يىغىلىشتا ئولتۇراتتى، ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ توننى قاتلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇندى، ئاردىن بىرسى ھەجەپ ياخشى قىلدىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كەيگەن.

سەن ئۇنىڭ بىر نەرسە سورىغان كىشىنى قۇرۇق ياندۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن تونىنى سورىدىڭ دېدى، ئاندىن ھېلىقى ئادەم: ئەزىبرايى خۇدا! مەن ئۇنى كەيگىلى ئەمەس، پەقەت ئۇنى كېپەنلىكىم بولۇپ قالسۇن دېگەن مەخسەتتە سورىغان ئىدىم دېدى. سەھلى: ئۇ تون، شۇ كىشىنىڭ كېپەنلىكى بولدى دېدى».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئۆزى تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋە بەرگەنلىكىنى كۆرسە ياپراپ كىتەتتى. بىرەرسى ئۇنىڭغا قۇرغاقچىلىقتىن ياكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكىدىن دەرت ئېيتىپ كەلسە مۇنداق تەسەللى قىلاتتى:

*«ئەنسەرىلەر ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۇزۇق تۈلۈكى تۈگەپ كەتسە ياكى شەھەردە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېمەكلىكى ئازلاپ قالسا قول-ئىلكىدە بارىنى بىر پارچە رەختكە يىغاتتى، ئاندىن كىيىن ئۆز-ئارىسىدا بىرقاچىدا تەڭ-باراۋەر تەقسىم قىلاتتى، مەن ئۇلاردىن، ئۇلار مەندىن».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

## بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىدۇ:

كەڭ قورساق، مۇئامىلىسى ياخشى، ئەخلاقى گۈزەل ھەقىقى مۇسۇلمان، **الله** تەئەلانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن قىيىنچىلىققا قالغانلارغا ياردەم بېرىشكە ئالدىرايدۇ:

(ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھال كۈنى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار).        (سۈرە بەقەر 280-ئايەت)

*چۈنكى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ھەق ئىگىسى بولۇشتىن بۇرۇن ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان قولى قىسقا، ھال-كۈنى ناچار قېرىنداشلىرىغا سىلىق مۇئامىلە قىلسا ۋە ئاخىرقى چەككىچە كۈتۈپ تۇرسا، ئۇنىڭ قەرزلىرىنى كۆتۈرۈۋەتسە پەقەتلا ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىدۇ ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ خاپىلىقىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچ قانداق بىر سايە يوق كۈندە ئەرشنىڭ سايىسىگە ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى ئىشلارنى ئالدىن ئەلا قىلىدۇ. ئەبى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:*

«كىمنى الله تەئەلانىڭ قىيامەت كۈنىسىنىڭ خاپىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىشى خۇرسەن قىلسا، بېشىغا كۈن چۈشكەن(يەنى قەرزدار بولۇپ قالغان) ئادەمگە ياردەم قىلسۇن، ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتسۇن».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

*ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«كىمكى قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە، ياكى قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتسە الله ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ ئاستىدىن سايە بېرىدۇ. ئۇ كۈندە شۇنىڭدىن باشقا سايە يوق». *(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)*

بۇتوغۇرلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ھەقىقەتەن كۆپ، ئۇنىڭ ھەممىسى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى، ئۇنىڭ الله نىڭ ئالدىدا ھەرگىز زايا بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى، پەقەتلا ئاشۇ قىلغانلىرى شۇ كىشىنىڭ خاتىرسىگە پۈتۈپ قويىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلۇغ الله تەئەلانىڭ قېرىنداشنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە بارلىق

ئىنسانىيەتنىڭ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ تۇرىدىغان كۈنى قىيىنچىلىق ۋە باش قىيىنچىلىقىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«بىر ئادەم كىشىلەر بىلەن قەرىز مۇئامىلە قىلىشاتتى ۋە پەرزەنتلىرىگە: ئەگەر قەرىزدار كىلىپ قالسا ئۇنىڭدىن قەرىزنى كۆتۈرۈۋېتىڭلار* **الله** *مۇ بىزدىن كۆتۈرۈۋەتسە ئەجەپ ئەمەس دەيتتى، ئۇ كىشى* **الله** *غا مۇلاقات بولدى،* **الله** *ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋەتتى».* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەبۇ مەسئۇدىل بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇمۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىن بىر ئادەم ھىساپقا تارتىلدى، ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئالماق ـ ساتماق ۋە ئېلىم ـ بېرىم قىلىشقاندىن ئۆزگە بىرەر ياخشىلىقى تېپىلمىدى، ئۇ ئاسانلىق يارىتىپ بەرگۈچى ئىدى. باللىرنى قەرىزدارنىڭ قەرىزىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇيتتى.* **الله** *تەئالا: «بىز كۆتۈرۈۋېتىشكە ئۇنىڭدىن ھەقلىقراقمىز دىدى، ئاندىن كىين ئۇكىشىدىن كۆتۈرۈۋەتتى» دىدى.* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:

*«* **الله** *نىڭ ھوزۇرىغا* **الله** *مال ـ دۇنيا بەرگەن بىر كىشى كەلتۈرۈلدى، ئاندىن* **الله** *ئۇنىڭغا: دۇنيادا نىمە ئىش قىلدىڭ؟ دىدى. ھۇزەيپە: ئۇلار* **الله** *دىن ھىچبىر گەپ ـ سۆزنى يوشۇرالمايدۇ دىدى. ئۇ بەندە: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ماڭا مال ـ دۇنيا بەردىڭ، مەن كىشىلەر بىلەن ئالماق ـ ساتماق قىلاتتىم، ئۆزگىلەرنىڭ ھالىغا يېتىش مېنىڭ ئەخلاقىم ئىدى، مەن ھال كۈنى ياخشىلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بىرەتتىم،*

*بېشىغا كۈن چۈشكەن، قولى قىسقا قەرزدارلارغا پۇرسەت بىرەتتىم دەيدۇ. الله تەئەلا:*
*«مەن ئۇنداق قىلىشقا سەندىنمۇ ھەقلىقراق مەن» دەيدۇ.*

ئۇقبە ئىبنى ئامىر ۋە ئەبۇ مەسئۇدىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار: *«بىزمۇ رەسۇلۇللادىن شۇنىڭغا ئوخشاش ئاڭلىغان»* دىدى.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

**تىلەمچىلىك قىلمايدۇ:**

ھەقىقى مۇسۇلمان روھى باي ۋە نومۇسچاندۇر. باشقىلارنىڭ ئالدىغا نەرسە ـ كىرەك سوراپ بارمايدۇ، ئەگەر ئۇنى يوقسۇزلۇق قىينىسا سەۋرىچانلىق ۋە تىرىشچانلىققا تايىنىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كىتەلەيدۇ. تۇرمۇشتا ھەرقانچە قىنالسىمۇ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. چۈنكى بۇدىننىڭ كۆرسەتمىلىرى مۇسۇلماننى تىلەمچىلىكنىڭ كۆچىلىرىدا تىنەپ يۈرۈشتىن توسىدۇ، مۇسۇلمانغا نومۇسچانلىق تۇيغۇسى، سەۋرى ـ تاقەت ۋە ئۆزگىلەرگە ھاجىتىنى چۈشۈرمەسلىك ئېڭىنى ئاتا قىلىدۇ ۋە الله تەئەلانىڭ ياردەم بىرىدىغانلىقىغا بايلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋە چىدام، ئىسىل پەزىلەت بەخش ئېتىدىغانلىقىغىنى ئۇختۇرىدۇ:

*«كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تىلىسە الله ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىمكى باي بولۇشنى تىلىسە الله ئۇنى باي قىلىدۇ، كىمكى سەۋرى ـ تاقەت قىلىشنى تىلىسە الله ئۇنى چىداملىق قىلىدۇ، بىرەرسىگە سەۋرى ـ تاقەتتىنمۇ ياخشىراق ۋە قىممەتلىكراق بىرەرنەرسە بېرىلگەن ئەمەس».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىسلام دىنى بايلارنىڭ مېلىدا نامراتلارنىڭ ھەققى بار دەپ ئىلان قىلدى.

نامراتلار شۇ ھەقنى مىننەتسىز، ئازار-كۆلپەتسىز ئالالايدۇ ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نامراتلارنىڭ شۇ ھەققىلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەسلىكىنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۈستىن قولنىڭ (يەنى خەيرى-ساخاۋەت قىلغۇچى قولنىڭ) ئاستىن قولدىن (يەنى خەيرى-ساخاۋەت قوبۇل قىلغۇچى قولدىن) ياخشى ئىكەنلىكىنى ۋە ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ قولنىڭ ئاستىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ ئىشلەش كېرەكلىكىنى ئۇختۇردى. چۈنكى ئۇلار تىرىشىپ ئىشلىگەندىلا كىشىلىك قەدرى-قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. كۆڭلىرىنى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالى ئۆتكۈزەلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ، سەدىقە ئېلىش ۋە تىلەمچىلىكتىن قول يىغىش توغۇرلۇق سۆزلەپ:

*«ئۈستۈن قول ئاستىن قولدىن ياخشى، ئۈستۈن قول خەيرى-ساخاۋەت قىلغان قول، ئاستىن خەيرى-ساخاۋەت تىلىگەن قول» دىگەن.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

## باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ:

ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن دىلىنى يۇرۇتقان ئاڭلىق مۇسۇلمان سىلىق-سىپايە ۋە چىقىشقاقدۇر. كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئارلىشىپ ۋە دوستلىشىپ ئۆتىدۇ. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن كىلىشىپ، باردى-كەلدى قىلىشىپ ۋە ياخشى كۆرۈشۈپ ئۆتىدۇ. مانا بۇ تەرەققى تاپقان ئىجتىمائى جەمئىيەتكە خاس ئالاھىدىلىك. بۇ ئالاھىدىلىك بىلەن دىنى ئاڭ ساپاسى يۇقۇرى جەمئىيەتتە باشقا كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ھەق كەلىمىسىنى كىشىلەرگە

يەتكۈزۈشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەلى ۋە جانلىق ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ئالدىن ھىس قىلغان مۇسۇلمان خاراكتېرلىنىدۇ. چۈنكى ئادەملەر پەقەت ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ سۆزىگىلا قۇلاق سالىدۇ ۋە ئۆزىگە دوستلۇق، ئىشەنچ ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ سۆزىگە قايىل بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن باشقىلار بىلەن كىلىشىپ، چىقىشىپ ۋە دوستانە ئۆتۈش ئىشلىرىنىڭ تولىمۇ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەكلا ياقىدىغانلىقىنى ۋە كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدىغان ئادەمنىڭ قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ئۇختۇرىدىغان تىكىستلەر بارلىققا كەلگەن:

*«مەن سىلەرگە ماڭا ئەڭ ياخشى كۆرلىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلىرىڭلارنى ئېيتىپ بىرەيمۇ؟ دەپ ئىككى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ساھابىلەر: ماقۇل ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قىنى ئېيتىپ بەرسىلە دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ ياخشىلىرىڭلار» دىدى.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

يەنە بىر رىۋايەتتە:

*«باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدىغان ياردەم بىرىشكە تەييار تۇرغۇچىلار»* دىيىلگەن.

*باشقىلارنى ياخشى كۆرىدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، باشقىلارنى قۇبۇل قىلىدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنى قۇبۇل قىلىدىغان ۋە چىقىشقاق، كىلىشەلىگۈ بۇلۇش مۆئمىننىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ قولىدىن بىرەر ئىش كەلمەيدۇ دەپ ئۇمۇت كۈتكىلى بولمايدۇ. كىمكى شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇنىڭدا ياخشىلىق يوق، ھەدىستە مۇنداق دىيىلگەن:*

«مۆئمىن دىگەن باشقىلار بىلەن كىلىشىپ-چىقىشىپ ئۆتىدۇ، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتمىسە ئۇنىڭدا ياخشىلىق يوق».

(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈممەتلىرى ئۈچۈن كىشىلەر بىلەن بولغان ياخشى مۇئامىلىسىدە ۋە باردى-كەلدى قىلىشىدا يۈكسەك بىر ئۈلگە تىكلەپ بەردى ۋە باشقىلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىشنىڭ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوپال، توڭ، مىزاجى چىراي ئەمەس داۋاملىق خۇشخۇي، ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق ۋە سىلىق-سىپايە ئىدى. بىرەر جامائەت سورۇنىغا بېرىپ قالسا تۆرتالاشمايتتى، نەدە بوش ئورۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ھەممىدە ھەربىر سۆھبەتداشقا تەڭ كىشىلىك نېسىۋىسىنى بېرەتتى. بىرگە ئولتۇرغانلاردىن بىرنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق كۆرمەيتتى. كىمكى بىرەر ھاجەت سورىسا قۇرۇق قايتۇرمايتتى، ھېچ بولمىسا ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قوياتتى، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قورۇنۇپ، تارتىنىپ قالمايتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باپ-باراۋەر ئىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنىدا ئادىل مۇئامىلە قىلىناتتى. ئۇلار پەقەت تەقۋالىق بىلەنلا پەرقلىنەتتى، ئۇلار كەمتەر ئىدى. چوڭلارنى ھۆرمەت قىلاتتى، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيتتى، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قولىنى سۇناتتى، ياقا-يۇرتلۇق مۇساپىرلارغا كۆيۈنەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەيتتى ۋە يەرگە قاراتمايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تالاش-تارتىش، كۆپ سۆزلەش ۋە بىھۇدە ئىشلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ئۆزىگە يولاتمايتتى ۋە ھېچ كىمنى سۆكمەيتتى، خىجىل قىلمايتتى ۋە ئۇيياتلىق ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلمايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ساۋاپ

بولىدىغان ئىشلار ئۈستىدىلا سۆزلىشەتتى، بىرەر سورۇندىشىغا سۆزلىسە ئۇلار خۇددى بېشىدا قۇش بار ئادەمدەك جىم-جىت ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلار سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تالاش-تارتىش قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى كۈلگەن ئىشلاردىن كۈلەتتى، ئەجەپلەنگەن نەرسىلەردىن ئەجەپلىنەتتى. ئۇلارنىڭ گەپ سۆزلىرىگە سوغۇققانلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى، سورىغان سوئاللىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاپ بېرەتتى، باشقىلارنىڭ سۆزنى ئۈزۈۋەتمەيتتى. سۆزلىگەن ئادەم سۆزنى تۈگەتمىگۈچە ياكى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمىگۈچە سۆزنىڭ بېلىگە تەپمەيتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەسكىلىرىدىن ئۆزىنى تارتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى ياخشى گەپ بىلەن ياخشى مۇئامىلە بىلەن ئۆزگە قارىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشى كىرىشكە رۇخسەت سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئۇ كىشىگە رۇخسەت بېرىڭلار: ئەشىرەتنىڭ ئوغلى ياكى قەبىلىدىكى يامان نىمە ئۇ» دېگەن. ئۇ كىشى كىرىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا سىلىق سۆز قىلغان. ئاندىن ئائىشە: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دەيدىغاننى دېدىڭ، كېيىن ئۇنىڭغا ياخشى گەپ قىلدىڭ دېگەندە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەي ئائىشە! ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى كىشىلەر يامانلىقىدىن قورقۇپ تاشلىۋەتكەن ئادەمدۇر» دېگەن.*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ھەممىگە مەقبۇل كۆرلىشى، باشقىلارغا ياخشى كۆرلىشى، ئۆزگىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتىشى ۋە تۈرلۈك مۇئامىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزىپ بەرگەن سىزىقتىن چىقىپ كەتمەسلىكىدە شەك يوق.

**ئادەتلىرىنى ئىسلامىيەتنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشۈرىدۇ:**

كۈنۈپكەتكەن ئادەتلىرىنى ئىسلامىيەتنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشۈرۈش، ھەقىقى ئاڭلىق مۇئمىننىڭ مۇھىم ئالاھىلىدىكى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۈكى، ئۇنىڭ ئىجتىمائى قىممەت قارشى ئىسلامىيەت تەسۋىرىدىن، ئىسلامىيەت چۈشەنچىسىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەسلى ئالاھىدە مەنبىيدىن كەلگەن.

ئۇ ئالتۇن ئۈزۈك سالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەركىشىنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشى ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان ئىش. ئۇنىڭ ھاراملىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارمىقىغا ئالتۇن يۈزۈك سېلىۋالغان بىر كىشىنى كۆرگەندە ئۇچۇق ئىپان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«بىرەرىڭلار قولۇڭلارغا ئوتنىڭ چوغىنى سالماقچىمۇ؟»* دىگەن.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

بۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى كىشى بارمىقىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەن. ئۇ كىشىدىن الله نىڭ ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىش روھى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ھەمراسى: تاشلىۋەتكەن ئۈزۈكنى ئېلىپ پۇلىنى ئىشلەتكىن دىگەن. ئۇ كىشى: ياق، الله بىلەن قەسەمكى، مەن الله نىڭ پەيغەمبىرى تاشلىۋەتكەن نەرسىنى ئالمايمەن دىگەن.

ھەقىقى مۇسۇلمان ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا تاماق يىمەيدۇ. ۋە يىپەك، ماھۇتتىن ئىشلەنگەن كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن ھەدىسلەردە ئۇنىڭدىن توسقان. ھۇزەيپە رەزىيەللاھ ئەنھۇ مۇنداق دىدى:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يىپەك ۋە ماھۇق كىيىملەرنى كىيىشتىن،*

*ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلاردا تاماق يىيىشتىن، سۇ ئىچىشتىن توستى».* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«ئۇ (ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلاردا تاماق يىيىش ۋە يىپەك تۇردىكى كىيملەرنى كىيىش) دۇنيادا ئۇلارغا (يەنى دىنسىزلار ئۈچۈن) خاس، ئاخىرەتتە سىلەرگە»* دىدى.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*ئۇممە سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«كۈمۈش قاچىدا تاماق يىگەن ئادەمنىڭ قورسىقىدا دوزاخ ئوتى ھولايدۇ».

*(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)*

*مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋيىتىدە:*

«كۈمۈش ۋە ئالتۇن قاچىدا تاماق يىگەن كىشىنىڭ قورسىقىدا دوزاخ ئوتى ھولايدۇ» دىيىلگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

*«كىمكى دۇنيادا يىپەك كىيىم كەيسە، ئۇنىڭ ئاخىرەتتە نەسىۋى يوق»* دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىپەكنى ئوڭ تەرىپىگە ئالتۇننى سول تەرىپىگە قويۇپ قويۇپ:

*«بۇ ئىككىسى ئۇممىتىمنىڭ ئەرلىرى ئۈچۈن ھارام»* دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«يىپەك كىيىملەرنى كىيىش ۋە ئالتۇن بويۇملارنى تاقاش ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام، ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى».*

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:

*«بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا سۇ ئىچىشتىن، تاماق يېيىشتىن، يىپەك ۋە ماھۇت كىيىملەرنى كىيىشتىن ۋە ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن توستى».* (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ھەقىقى مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىغىنى ئورۇنداش يۈزىسىدىن ئاشۇلارنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھارام قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشتىن بۇرۇن قول ئۈزىدۇ. چۈنكى مەيلى پىسخىكا جەھەتتىكى ئىجتىمائى ئىشلار بولمىسۇن مەيلى ئىختىساد جەھەتتىكى ئىشلار بولمىسۇن ھالال ـ ھارام توغۇرىسىدىكى دەستۇرى الله تەئەلانىڭ:

(پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەن نەرسىنى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن يېنىڭلار) دېگەن سۆزىدۇر.

(سۈرە ھەشىر 8 ـ ئايەت)

ئۇ بىز بۈگۈنكى كۈندە غەربىيلىكلەردىن قارغۇلارچە قوبۇل قىلىۋالغان ۋە پۈتۈلۈشۈش، توي قىلىش ئىشلىرىغا تەقلىد قىلىنغان، ئۇنىڭ قولىغا پۈتۈلۈشۈش يۈزىكى سېلىپ مۇراسىم كېچىسى سول قولىغا يۆتكەشتەك بىر قاتار يوسۇنلارغا ئەگەشمەيدۇ ۋە مۇراسىم كېچىسى ئۆزى ۋە ئايالىنى سۈرەتكە تارتىدىغان مەھرەمسىز سۈرەتچىنىڭ كىلىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، غەرب ئەللىرىدە بارلىققا كەلگەن، جەمئىيىتىمىز كىشىلىرى قوبۇل قىلىپ ئادىتىگە

ئايلاندۇرۇۋالغان ئىشلارغا ئەگەشمەيدۇ.

*مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ئەشۇ يامان ئادەتلەرنىڭ بىرسى ئۆيگە سۈرەت ئېسىش، ھەيكەل قويۇش، ۋە ئىت بېقىش ئادىتى، ئىسلام دىنى مۇنداق ئادەتلەرگە قاتتىق قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنداق ئادەتلەرنىڭ مۆئمىنلەرگە ئەسلا ھالال بولمايدىغانلىقىنى ئۇختۇرىدىغان ھەدىسلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«بۇ سۈرەتنى ئىشلىگەن ئادەملەر چوقۇم قىيامەت كۈنى ئازاپقا قالىدۇ ئۇلارغا: ياراتقان نەرسەڭلارنى تىرىلدۈرۈڭلار دېيىلىدۇ».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: مەن دەرىزىنى سۈرەت كەشتىلەنگەن رەخ بىلەن پەردىلىگەن ئىدىم. رەسۇلۇللا سەپەردىن قايتىپ كىلىپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە چىرايى تاتىرىپ كەتتى ئاندىن مۇنداق دېدى:

*«ئى ئائىشە! قىيامەت كۈنى **الله** نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ قاتتىق ئازاپقا قالىدىغان ئادەم، **الله** نىڭ مەخلۇقاتلىرىنى تەقلىد قىلىپ ياسىغان ئادەمدۇر». ئائىشە: بىز ئۇنى پارچىلاپ بىر ياكى ئىككى ياستۇق قىلدۇق دېدى.*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

*«ھەر بىر رەسسام دوزاختا بولىدۇ، ئۇنىڭ سىزغان ھەر بىر رەسىمگە جان بىرىلىدۇ، ئاندىن ئۇ رەسسامنى دوزاختا ئازاپلايدۇ».* ئىبنى ئاببباس: ئەگەر رەسىم

سىزمىساڭ زادى بولمىسا دەرەخ ۋە جېنى يوق نەرسىلەرنى سىزغىن دېدى.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: جىبرىئىل رەسۇلۇللاغا كېلىشكە ۋەدە بېرىپ قويۇپ كەلمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن ھاسىسى چۈشۈپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى:

*«الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ۋە الله نىڭ ئەلچىسىمۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ». ئاندىن كېيىن ئۇ كۆرۈۋىتىنىڭ ئاستىدا يۇگۇرۇپ يۈرگەن بىر ئىتنى كۆرۈپ: «بۇ ئىت قاچان كىرۋالدى؟» دېدى. مەن: الله بىلەن قەسەمكى، بۇنى بىلمەيدىكەنمەن دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چىقىرۋېتىشكە بۇيرىدى، ئىت چىقىرۋېتىلدى. ئاندىن جىبرىئىل كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ماڭا كېلىشكە ۋەدە بەردىڭ، مەن سىنى كۈتۈپ ئولتۇرسام كەلمىدىڭ» دېدى. جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «مىنى ئۆيۈڭدىكى ئىت كىرىشتىن توسۇپ قويدى، بىز ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز» دېدى.* (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بۇھەقتە رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەسىم ۋە ھەيكەللەرنى كۆپەيتىش، ئورنۇتۇش ئىشلىرىنىڭ قەتئى ھاراملىغىنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنى ھارام قىلىشنىڭ سىرى ئېچىلدى. بولۇپمۇ شۇنىڭغا مۇناپىقلار ۋە ھەق يولدىن ئادىشىپ كەتكەن شەھۋەت پەرەسلەر ئالدىرىشۋاتقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىلىكىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتۋاتقان بىر

دەۋىردە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ياكى ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇيۇك تەختىلەردە ئولتۇرىدىغان ۋە ئاجىزلارنىڭ دۈمبىلىرىدە قامچا ئوينىتىدىغانلاردىن چوقۇنىدىغان ئىسلاھلارنى يارىتىش ئۈچۈن ھەيكەللەرنى ئورنىتىش ئىشلىرىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىر خۇدالىق ئەقىدىسى ئېلىپ كەلگەن ۋە شېرىكنىڭ، جاھىلىيەتنىڭ ھەيكەللىرىنى مۇندىن 15 ئەسىر ئىلگىرى پاچاقلاپ تاشلىغان ئىسلامىيەت بۇ ھەيكەللەرنىڭ بىر قېتىم ئاللىكىملەرنىڭ ئابىدىسى، يەنە بىر قېتىم پالانچى ئالىم، پۈستانچى شائىر، ياكى ئەدىبنى ئۇلۇغلاش نامى بىلەن مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا يەنە بىرقېتىم قايتىپ كىلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئىسلامى جەمئىيەت ئۇلۇغلۇقنىڭ ۋە مۇقەددەسلىكنىڭ پەقەت بىر الله غىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر خۇدالىق جەمئىيىتىدۇر. بۇ مەندىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلام جەمئىيىتىدە ھەيكەل ۋە بۇتلارغا ئەسلا ئورۇن يوق.

*ئەمدى ئوۋ ئىتلىرى، پادا ئىتى ۋە زىرائەت قوغداشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىتلاردىن باشقا ئىتلارنى بېقىش ئىشىغا كەلسەك ئۇ تۈۋەندىكى ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك ئوخشاشلا چەكلىنىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:*

«كىمكى ئوۋ ئىتى ياكى پادا ئىتىدىن باشقا بىر ئىتنى باقسا ئۇ كىشىنىڭ ئەجرىدىن ھەر كۈنى ئىككى قىرات ئەجىر كەمىيىپ كىتىدۇ». (بىر قىرات چوڭ بىر تاغنى كۆرسىتىدۇ)

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

غەربىلىكلەرنىڭ قىلمىشىغا ئوخشاش، ئۆيدە ئىت بېقىش، ئىتقا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭغا مەخسۇس تاماق، يۇيىدىغانغا سوپۇن تەييارلاش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا

غەرىپلىكلەرنىڭ، ئامرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئىت بېقىش ئىشلىرىغا مىليونلاپ دوللار سەرىپ قىلىشىغا كەلسەك ئۇ ئىسلامىيەتتىن ۋە ئىسلامىيەت يولىغا قويغان ئىشلاردىن ئەمەس.

ئەگەر غەرىپلىكلەر ئىتلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىدە يوقۇتۇپ قويغان ئىنسانى مېھرى ـ مۇھەببەت ھىسياتىنى ئۇرغۇتۇش ۋە قۇرۇق ماددى ھاياتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، ئىسلامدىكى ئىجتىمائى ھايات ئىنسان پەرۋەرلىك ھىسياتى بىلەن تولۇپ تاشقان جەمئىيەتتۇر. ئۇنى غەرىپنىڭ ھېلىقىدەك ئۇسۇلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھاجەت يوق.

## يىمەك ـ ئىچمەكتە ئىسلامنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ:

*ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرسى تاماق ئۈستىدە ئەدەپ ساقلاشتۇر. ئەگەر جەمئىيەتتىكى تاماق دەستۇرخىنى ئۈستىدىكى ئىشلار بولسا سىز ئۇنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ئېلىپ كەلگەن يىمەك ـ ئىچمەك ئەخلاقىدىن ئىكەنلىكىنى ۋە ھەربىر مۇسۇلماننى ئۆزلەشتۈرۈشكە قىزىقتۇرىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. مۇسۇلمان الله نىڭ ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ تاماق يىمەيدۇ. تاماق يىگەندە ئوڭ قولى بىلەن يەيدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز ئالدىدىن يەيدۇ:*

«بىسمىللا دەپ ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆز ئالدىڭدىن يىگىن».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

تاماق يىيىشنىڭ ئالدىدا بىسمىللا دىيىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ كىيىن ئىسىگە كەلسە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك بېشىنى

ۋە ئاخىرنى الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن دەيدۇ، ئانىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللا مۇنداق دىدى:

*«بىرىڭلار تاماق يىگەندە الله نىڭ ئىسمىنى ئاتىسۇن، ئەگەر تاماق يىيىشنىڭ ئالدىدا بىسمىللا دىيىشنى ئۇنتۇپ قالسا: بېشىنى ۋە ئاخىرنى الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن دىسۇن».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يىگەندە الله نىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بىرەتتى ۋە ساھىبلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيتتى. الله نىڭ ئىسمىنى ئاتاشتا كۆپلىگەن ياخشىلىق بار ۋە ئۇ تاماقتىن شەيتاننىڭ زىيىنىنى ۋە تاماقتىن يەۋىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى:

*ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇمۇنداق دىدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاماقتا بىرگە بۇلۇپ قالساق تاماققا ئۇنىڭدىن بۇرۇن قول ئۇزارتمايتتۇق. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر داستىخاندا بىرگە بۇلۇپ قالدۇق، تۇيۇقسىز بىر دىدەك خۇددى بىرى ئىتتەرگەندەك كىلىپ تاماققا قول تىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدى، ئاندىن كىيىن بىر ئەرابىمۇ خۇددى بىرسى ئىتتىرگەندەكلا كىلىپ تاماققا قول تىقتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتىۋالدى ئاندىن: «شەيتان الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلمىغان تاماققا چوقۇم چاڭگال سالىدۇ. ئۇ تاماققا چاڭگال سېلىش ئۈچۈن بۇ دىدەكنى ئېلىپ كەلدى، مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدىم. ئاندىن بۇ ئەرابنى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتىۋالدىم، الله بىلەن قەسەمكى شەيتاننىڭ قولى بۇ ئىككىسىنىڭ قولى بىلەن مىنىڭ قولۇمدا دىدى. ئاندىن كىيىن بىسمىللا دەپ يىدى».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*ئىككىنجى مەسىلە تاماقنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىش، ئىسلامنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرگەن ھەقىقى مۇسۇلمان تاماق يېگەندە سول قولى بىلەن ئەمەس ئوڭ قولى بىلەن يەيدۇ. كۆپلىگەن ھەدىسلەردە تاماقنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىشكە بۇيرۇلغان ۋە سول قولدا يېيىشتىن چەكلەنگەن. شۇ ھەدىسلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر:*

«بىرىڭلار تاماق يېسە ئوڭ قولى بىلەن يېسۇن، سۇ ئىچسىمۇ ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، پەقەت شەيتانلا سول قولى بىلەن ئىچىدۇ ۋە يەيدۇ».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

*«بىرەرسىڭلار سول قولى بىلەن تاماق يېمىسۇن، سۇ ئىچمىسۇن. شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ، ئىچىدۇ».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

ناپىئ بۇنىڭغا:

*«سول قولى بىلەن ئالمايدۇ، ۋە بەرمەيدۇ»* دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرسىنىڭ سول قولى بىلەن تاماق يېگىنىنى كۆرسە ئۇنى توساتتى ۋە تەربىيە بېرەتتى، ساۋاق بېرەتتى. ئەگەر ئۇنىڭدىن ھاكاۋۇرلۇق، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇش تەك ئىشلار كۆرۈلسە قاتتىقراق تەگسە كېرەك:

*سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى بىر كىشى رەسۇلۇللانىڭ قېشىدا سول قولى بىلەن تاماق يېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن» دېگەن، ئۇ ئادەم يېيەلمەيمەن دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يېيەلمەيسەن!» ئۇنى پەقەت كىبىرلا توستى دېگەندە. ئۇ كىشى*

*تاماقنى ئاغزىغا ئاپارمىدى.*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر ئىشنى ئوڭ تەرىپىدىن قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. مۇشۇ مەزمۇندا شەيخانى ۋە ئىمامى مالىك ئەنسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قاچا سۈت كەلتۈرۈلۈپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئەرابى، سول تەرىپىدە ئەبۇبەكرى سىددىق بارئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتتىن ئىچىپ بولۇپ قاچىنى ئەرابىغا بېرىپتۇ ئاندىن: «ئوڭ تەرەپ دىگەن ئوڭ تەرەپ» دەپتۇ.

*بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر خىزمەتچى، سول تەرىپىدە بىر قانچە مۆتىۋەر بار ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ بولۇپ: «ئى ئوۋەت سىنىڭ، ئۆۋەتنىڭنى بۇ مۆتىۋەرلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرەمسەن؟ دەپتۇ، الله بىلەن قەسەمكى سەندىن ئاشقان سۈنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن دەپتۇ، خىزمەتچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ قاچىنى خىزمەتچىگە بېرىپتۇ».*

(بۇ ھەدىسنى سەھل ئىبنى سەئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان)

بۇنىڭغا ئوخشاش دەلىل ئىسپات ۋە ھەدىسلەر كۆپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق بىر ئىشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ قىلىشنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ مۇھىم ئەدەپ ـ ئەخلاقى ئىكەنلىكىنى ئۇختۇرىدۇ. ھەقىقى مۇسۇلمان ئۇنىڭغا سەل قارىمايدۇ، بىخەستىلىك قىلماي تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرىدۇ، مانا بۇ ساھابە ۋە تابىئىنلار تەرىك ئەتمەي قىلىپ ئۆتكەن ئىش.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشنى ئوڭ تەرەپتىن قىلىشقا

ئەھمىيەت بىرەتتى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئادەمنى ھەرگىز كۆرمەسكە سالمايتتى. ئۇ بىر قېتىم ئەل-ئاۋامنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققاندا سول قولى بىلەن تاماق يەۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: ئى الله نىڭ بەندىسى! ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن دېگەن، ئۇنىڭ ئىككىنجى قېتىممۇ سول قولى بىلەن تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قامچا بىلەن  بىرنى ئۇرۇپ: ئى الله نىڭ بەندىسى! ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن دېگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈنجى قېتىممۇ سول قولى بىلەن تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە قامچە بىلەن ئۇرۇپ قوپاللىق بىلەن: تاماقنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن دېگەن، ھېلىقى ئادەم جاۋابەن: ئۇ ئالدىراش دېگەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنى نىمە كاشىلا قىلدى؟ دېگەن، ئۇ ئادەم: ئۇمۇئتە ئۇرشىدا ئۈزۈلۈپ كەتكەن دېگەن. نەتىجىدە ئۆمەر يىغلاپ كەتكەن ھەمدە ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغان ھالدا ساڭا كىم چىراق يېقىپ بېرىدۇ؟ كىم ھاجىتىڭنى قامداپ بېرىدۇ؟ ئىشلىرىڭغا كىم ياردەم قىلىدۇ؟ دېگەن، ئاندىن كېيىن باشقىلارنى ئۇ كىشىنى ئاياشقا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە بۇيرىغان.

مۆئمىنلەرنىڭ سەردارى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ تاماقنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىشكە مۇنچە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈشى ئۇنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلماننىڭ ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئىشقا سەل قاراشقا، ئەھمىيەت بەرمەسلىككە ۋە ئېتىبارسىز قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

مەن بۇ سۆزنىڭ غەرىپنىڭ داستىخان ئادىتىنى قوللۇنۇپ سول قولىغا ۋىلكا، ئوڭ قولىغا پىچاق ئېلىپ تاماقنى ئوڭ قولىدا كېسىپ سول قولىدا ئاغزىغا سالىدىغان مۇسۇلمانلارغا يېتىپ بارسىكەن دېگەن ئۈمىدتە مەن. چۈنكى ئۇلار غەرىپلىكلەرنى دوراپ تاماقنى ئوڭ قولىدا كېسىپ سول قولىدا ئاغزىغا سالسا ئۆز دىنىنىڭ داستىخان

مەدىنىيىتىگە، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە قارشى ئىش قىلغان بولىدۇ.

ئۈچۈنچى بىر مەسىلە تاماقنى ئۆز ئالدىدىن يېيىش مەسىلىسى، بۇنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن ھەدىسلىرىدە ئۇچۇق ئوتتۇرغا قويغان. ئۆمەر ئەبى سەلەمەنىڭ رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز ئالدىدىكى بىر ئۇسمۇر ئىدىم. مېنىڭ قولۇم تاۋاقنىڭ ئىچىدە ھەر تەرەپكە قاترايتتى، ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ھەي يىگىت! بىسمىللا دېگىن ۋە ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆز ئالدىڭدىن يىگىن»*

دىدى. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇسۇلمان ئوڭ قولى بىلەن تاماق يىگەندە خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن يەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يىگەندە ئۈچ بارمىقى بىلەن يەيتتى. قولىنىڭ ھەممىنى تاماققا تىقمايتتى. بۇنى ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دىگەن:

*«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماقنى ئۈچ بارمىقى بىلەن يىگەنلىكىنى يەپ بولۇپ بارمىقىنى يالىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم».*

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارمىقىنى يالىۋىتىشكە ۋە تاماق يىگەن قاچىنى پاكىز ئېرىغداشقا بۇيرىغان ئىدى. چۈنكى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بارماقلارنى ۋە تاماق يىگەن قاچىنى يالىۋىتىشكە بۇيرىغان ۋە:

*«سىلەر قايسى تاماقتا بەرىكەت بارلىغىنى بىلمەيسىلەر»* دىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كۆرسەتمىسىدە بەركەت ئىزدەشتىن باشقا قول ۋە قاچىنى پاكىزلاشقا، قالدۇق تاماقنى ئېرىغداشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە

غەرىپلىكلەرمۇ 15ئەسىر ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان بۇ ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇ تاماقنى يەپ بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە تەلىم بەرگىنى بۇيىچە **الله** غا ھەمدە ئېيتىدۇ. ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«داستىخان يىغىلسا كۆپلىگەن ياخشى، بەرىكەتلىك، پۇتمەس-تۈگىمەس گۈزەل مەدھىيىلەر رەببىمىز **الله** غا مەنسۇپ»* دەيتتى.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

*مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«كىمكى تامىقنى يەپ بولۇپ: ماڭا بۇنى مىنى ھىچقانچە كۈچەتمەي تائام ۋە رىزىق قىلىپ بەرگەن **الله** غا ھەمدۇ سانالار بولسۇن دىسە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھى كۆچۈرۈم قىلىنىدۇ».

(ئەبۇداۋۇت ۋە تىرمىزىلار رىۋايەت قىلغان)

*ئىسلامىيەتنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن مۇسۇلمان قانداقلا بولمىسۇن تاماقنى ئەيىپلىمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ھەقتە بەرگەن يول-يورۇقلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتىدۇ. ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا تاماق كەلگەندە قىلغان ئىشنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:*

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقنى ھەرگىز ئەيىپلىمەيتتى، ئەگەر كۆڭلى تارتسا يەيتتى، بولمىسا يىمەيتتى».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەمدى ئۆسسۈزلۈق ئىچىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاققا كەلسەك، بۇمۇ ئىنسانىيەتكە ئەخلاق ئۆگەتكەن ئىسلامىيەت ئەخلاقىدىن ئايرىلالمايدۇ. مۇسۇلمان ئۆسسۈزلۈق ئىشكەندە بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتمەي، ئىككى ئۈچ قېتىمدا ئىچىدۇ، ئۆسسۈزلۈق ئىچكەن قاچىغا تىنمايدۇ. مۇمكىن بولسا تۇلۇم (ھازىرقى جۇمەك، چەينەك قاتارلىقلارغا ئوخشاش قاچىلارنىڭ) ئاغزىدىن سۇ ئىچمەيدۇ. ئىچىملىك سۇغا پۈلىمەيدۇ. سۇ ئىچكەندە ئولتۇرۇپ ئىچىدۇ. سۇ ئىچكەندە بىراقلا ئىچىۋەتمەي ئىككى ئۈچ قېتىمدا دەم ئېلىپ ئىچىشكە كەلسەك ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىش، بۇھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆسسۈزلۈق ئىچكەندە قاچىنىڭ سىرتىغا ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى»* دېگەن. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆسسۈزلۈق ئىچكەندە بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىشتىن توستى:

*«ئۆسسۈزلۈق ئىچكەندە تۆگە سۇ ئىچكەندەك ئىچمەڭلار، لىكىن قاچىنىڭ سىرتىغا ئىككى ئۈچ قېتىم تىنىۋېلىپ ئىچىڭلار، سۇ ئىچكەندە بىسمىللا دەپ ئىچىڭلار، ئىچىپ قانغاندا الله غا ھەمدۇ سانا ئېيتىڭلار»*.

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

شۇنىڭدەك ئىچىملىك سۇغا پۈۋلەشتىن توسقان، بۇ توغرۇردا ئەبى سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىملىك سۇغا پۈۋلەشتىن توستى، بىر كىشى: سۇدا ئەخلەت بولۇپ قالسىچۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

*«ئۇنى تۆكۈۋەت»* دېدى. ھېلىقى كىشى مەن بىر تىنىقتا سۇغا قانمايمەن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: *«قاچىنى ئاغزىڭدىن يىراق قىلىپ تىنىۋالغىن»*

دېدى.            (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ئۇسسۇلۇق ئىچىشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقى توغۇرسىدا كۆپلىگەن ھەدىسلەر ئوتتۇرغا قويۇلغانلىقتىن ئاڭلىق مۇسۇلمان مۇمكىن بولسا تۇلۇمنىڭ (جۇمەك، چەينەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاچىلاردىن) سۇ ئىچمەيدۇ. سۇ ئىچكەندە ئىمكان قەدەر ئولتۇرۇپ ئىچىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەۋزەل، ئەگەر تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن سۇ ئىچسە ياكى سۇنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچسىمۇ دۇرۇس، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىمۇ ئىچكەن ۋە ئۆرە تۇرۇپمۇ ئىچكەن.

### سالامنى كەڭ قانات يايدۇرىدۇ:

سالامنى كەڭ قانات يايدۇرۇش مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىندۇر. ئىسلامدىكى سالامنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجتىمائى تەقلىدچىلىك ئەمەس، **اللّٰه** تەئەلا ئۆز كالامىدا بۇيرىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇرنلىغان ھەدىسلىرىدە ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ھەدىس شۇناسلار: (سالامنىڭ كىتابى) ياكى (سالامنىڭ بابىدىگەن) ناملار بىلەن ئايرىم تونۇشتۇرغان بىرخىل تۈزۈم.

**اللّٰه** تەئەلا ئۆز كالامىدا سالامغا بۇيرۇپ مۇنداق دىگەن:

(ئى مۆئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار ).

(سۈرە نۇر27 ـ ئايەت)

شۇنىڭدەك سالامنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ياكى ئەينەن قايتۇرۇشقا بۇيرىغان. بۇنىڭدىن سالامنى ئاڭلىغان ھەربىر كىشىگە سالام قايتۇرۇشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۇخماسقا سىلىقۋىلىشقا ياكى سالام قايتۇرۇشقا پاسسىپلىق قىلىشقا

بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

( سىلەرگە بىرەر كىشى سالام بەرسە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار، (يەنى بىرەر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتىھۇ دەڭلار) ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار ). (سۈرە نىسا 86 ـ ئايەت)

سالامنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇشقا ۋە ئۇنى تونۇيدىغان ياكى تونۇمايدىغان كىشىلەرگىمۇ ئاڭلىتىشقا قىزغىن رىغبەتلەندۈردىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بار. ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ دىن:

*ئىسلام (دىكى ئىشلار)نىڭ قايسى ياخشى؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاچقا تاماق بېرىش ۋە سەن تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان كىشىلەرگە سالام قىلىش» دىدى.*

(بىرىككە كەلگەن ھەدىس)

سالام قىلىش بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قىلىشنى تاپىلىغان يەتتە تۈرلۈك ئىشنىڭ بىرسى. بۇنى بەرائىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساناپ مۇنداق دىدى:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى مۇنداق يەتتە تۈرلۈك ئىشنى قىلىشقا بۇيرىدى: 1 ـ كېسەل يوقلاش 2 ـ جىنازىغا ئەگىشىش 3 ـ چۈشكۈرگەن كىشىگە جاۋاب قىلىش 4 ـ ئاجىزنى قوللاش 5 ـ بەشىنجى ئۇۋال قىلىنغۇچىغا ياردەم قىلىش 6 ـ سالامنى كەڭ قانات يايدۇرۇش 7 ـ قەسەم قىلغۇچىنى قۇتقۇزۇش».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە

ئەھمىيەت بەردى. چۈنكى ئۇ سالامنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەت پەيدا قىلىش رولىنى تونۇپ يەتكەن:

*«الله بىلەن قەسەمكى سىلەر مۆئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر. ئۆزـ ئارا دوست بولمىغۇچە مۆئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرنى دوستلاشتۇردىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاراڭلاردا سالامنى قانات يايدۇرۇش»*.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

*باشقىلارغا بۇرۇن سالام قىلىدىغان كىشىنى، الله نىڭ رەھمىتى، رازىلىقى، نازۇـ نېمەتلىرى ۋە تۈرلۈك ياخشىلىقىغا نائىل بولىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەڭ لايىقى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى:*

«الله نىڭ رەھمىتىگە ئەڭ لايىق ئادەم باشقىلارغا بۇرۇن سالام قىلىدىغان ئادەمدۇر». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەتىگەندىلا بازارغا بېرىۋېلىپ ئالدىدىن ئۆتكەنلا كىشىگە سالام قىلاتتى. ئۇنىڭدىن بىر كۈنى: سەن بازاردا نېمە ئىش قىلىسەن؟ ياكى سەن ئالماق ـ ساتماق قىلمايسەن. ياكى مال باھاسىنى سورىمايسەن ۋە ياكى ئادەم توپلاشقان يەرلەردە ئولتۇرمايسەن دەپ سورالدى. ئۇ جاۋاپ بېرىپ:

*«بىز پەقەت ئۇچرىغان ئادەمگە سالام قىلىش ئۈچۈنلا چىقىمىز»* دېدى.

(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامى جەمئىيەتلەردە سالام قىلىشنىڭ، ئۆزىدىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئاڭلىق چۈشەنگەن ھەقىقى مۇسۇلمان زادىلا ئايرىلالمايدىغان بىر تۈرلۈك شەكلى بار: «ئۇ بولسىمۇ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دېگەن سۆزدۇر. ئۇنى سالام قىلغۇچى مۇشۇنداق كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىدۇ. گەرچە سالام قىلىنغۇچى بىرلا

كىشى بولسىمۇ شۇنداق. سالام قىلىنغۇچى جاۋابەن: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دەيدۇ.

ئىسلامىيەتنىڭ سالىمى الله تەئەلا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن بىرى ئۆز مەخلۇقاتلىرى ئۈچۈن تاللىغان ۋە ئادەم ئاتىغا ئۆگەتكەن، پەرىشتىلەرنى شۇنىڭ بىلەن سالام قىلىشقا بۇيرىغان سالامدۇر. شۇ توغۇردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

*«الله تەئەلا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولۇپ: «بارغىن پەرىشتىلەرگە سالام بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان سالىمىغا قۇلاق سالغىن، چوقۇمكى ئۇ سىنىڭ ۋە سىنىڭ ئەۋلادلىرىڭنىڭ سالىمى» دىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دىدى، پەرىشتىلەر: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى دەپ رەھمەتۇللاھنى قوشۇپ قويىدى».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا سالام يوللىغاندا سالامنىڭ مۇشۇ خىل شەكلىنى قوللانغا ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا سالام قايتۇرغان. ھەمدە شۇ خىلدا سالام قايتۇرۇشنى ئۆزلەشتۈرگەن.

بۇخارى بىلەن مۇسلىم توپلىغان ھەدىستە كەلگەندەك: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: رەسۇلۇللا ماڭا: «بۇ جىبرىئىل ساڭا سالام قىلىۋاتىدۇ، دىدى. مەن: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەر كاتۇھۇ دىدىم».

*ئىسلامدا سالام قىلىشنىڭ قائىدە پىرىنسىپلىرى بار. ھەقىقى مۇسۇلمان شۇ قائىدە پىرىنسىپلارنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىغا ئىنچىكە تەتبىقلاپ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستە*

*تەپسلى تونۇشتۇرلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«ئۇلاغلىق ئادەم پىيادىلىك ئادەمگە، كىتىۋاتقان ئادەم ئولتۇرغان ئادەمگە، ئاز كۆپكە سالام قىلىدۇ». *(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)*

يەنە بىر ھەدىستە: *«كىچىك چوڭغا سالام قىلىدۇ»* دىيىلگەن.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*سالامنى ئەرلەر ئاياللارغا قىلىسمۇ بۇلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى، ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى،*

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەسچىدكە ئۆتۈپ كىتىۋىتىپ ئولتۇرغان بىرتوپ ئاياللارغا سالام قىلغان».

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

كىچىك باللارغا قىلىسمۇ بۇلىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك باللار قېشىدىن ئۆتۈپ كىتىۋىتىپ ئۇلارغا سالام قىلغان».* ئەنەس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم شۇنداق قىلاتتى دەيدۇ.

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

*سالام قىلىشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقىدىن بىرسى، كىچىدە سالام قىلغاندا ئويغاق ئادەم ئاڭلىيالىغۇدەك، ئۇخلاۋاتقان ئادەم ئويغۇنۇپ كەتمىگۇدەك تۆۋەن ئاۋازدا قىلىش. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان. مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ توغۇردا ئۇزۇن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دىگەن:*

«بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۈت ئېلىپ قوياتتۇق، ئۇ كىچىسى كىلىپ ئۇخلىغان ئادەم ئويغۇنۇپ كەتمىگۈدەك، ئويغاق ئادەم ئاڭلىيالىغۇدەك سالام قىلاتتى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىلىپ: «ئادەتتىكىگە ئوخشاش سالام قىلدى».

*(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)*

*سالام قىلىش سورىنىغا كىرگەندە ۋە سورۇندىن ياندىغاندا بولىدۇ. بۇ توغرۇردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«بىرەر سىڭلار سورۇنغا يىتىپ كەلسە سالام قىلسۇن. تۇرۇپ كەتمەكچى بولسىمۇ سالام قىلسۇن، ئەۋۋەلقىسى كىيىنكىسىدىن ھەقلىقراق ئەمەس».

(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

## باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرمەيدۇ:

ئۇز دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى چۈشەنگەن مۇسۇلمان باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرمەيدۇ. ئىجازەت سوراش ئىلاھى پەرمان بولۇپ ئۇنىڭغا سەل قاراشقا ۋە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ:

( ئى مۆئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى گۈزەل ئەخلاققا ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراش ۋە سالام بىرىپ كىرىش، ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بىرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر قايتىڭلار دىيىلسە، قايتىپ كىتىڭلار، قايتىپ كىتىش سىلەر ئۈچۈن ياخشى، **الله** سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ).

(سۈرە نۇر 27 ـ 28 ـ ئايەت)

( كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار

كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك ئىجازەت سورىسۇن). (سۈرە نۇر 59 ـ ئايەت)

باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرگەندە تۇرلۇك ئەيىپ نۇقسانلاردىن ۋە شەك ـ شۈبھىلەردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇقچە كىرىۋېلىشقا، پۇرسەت كۈتۈشكە ۋە يولسىزلىق بىلەن ئۇسۇپ كىرىشكە ئەسلا ئورۇن يوق، چۈنكى ئۇنىڭ كەينىگە گۇمان ۋە شەك ـ شۈبھى يوشۇرۇنغان. ئىجازەت سوراشنىڭ ئىسلامىيەت مۇسۇلمانلاردىن كۈتكەن ۋە بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە بارغاندا رىئايە قىلىشقا بۇيرىغان ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى بار.

1 ـ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالماسلىق، بەلكى ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە تۇرۇش. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىش. ئابدۇللا ئىبنى بۇسەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىجازەت سورىماقچى بولسا، تېخى قوبۇل قىلىنمىغاندا ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ياكى سول تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇراتتى، ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە كىرەتتى بولمىسا قايتىپ كېتەتتى».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەد دېگەن ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان)

*چۈنكى ئىجازەت سوراش كۆز سەۋەبىدىن يولغا قويۇلغان، خۇددى سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە كۆرستىلگەندەك:*

«ئىجازەت سوراش كۆز سەۋەبىدىن يولغا قويۇلغان».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شۇ ۋەجىدىن ئىجازەت سورىغۇچى ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس.

1 ـ كىرىشكە ئىجازەت سوراش بىلەن سالام بېرىش، سالامدىن بۇرۇن ئىجازەت سوراش دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بار. رەبئى ئىبنى ھىراش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دىگەن:

*«بەنى ئەمىردىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆيىگە كىرىپ بولۇپ: كىرەيمۇ؟ دەپ ئىجازەت سورىغانلىغىنى ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسىگە: «ئۇنىڭ قېشىغا چىقىپ ئىجازەت سوراشنى ئۈگۈتۈپ قويغىن دىگەن، ئۇ كىشىگە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كىرەيمۇ؟ دە» دىگەنلىكىنى، ئاندىن ھېلىقى ئادەمنىڭ بۇنى ئاڭلاپ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كىرەيمۇ؟ دىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىشكە ئىجازەت بەرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

1 ـ سىز كىم دىگەندە ئۆزىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ياكى تەخەللۇسىنى (لەقىمىنى) ئېيتىش، «مەن» دىگەندەك مۇجمەل سۆزلەرنى دىمەسلىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىك چەككۈچىنىڭ كىملىگىنى ئۇختۇرۇپ بىرەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىشنى ياختۇرمىغان. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:

*«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىلىپ ئىشىك چەكتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم؟» دىدى. مەن: «مەن» دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ياختۇرمىغاندەك قىلدى».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرلەرگە ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئىنىق ئاتاشنىڭ ئىجازەت سوراشنىڭ توغرا يولى ئىكەنلىكىنى ئۆگەتكەن. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە

ئۇنىڭ ئۇلۇغ ساھابىلىرى ئىزچىل داۋام ئەتتۈرگەن بىرئىش. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:

*«مەن بىركىچىسى سىرتىقا چىقتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ شۇ كىچىسى سىرتقا چىققان ئىكەن، مەن ئاي يورۇقىدا مېڭىپ يۈرەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنى كۆرۈپ قېلىپ «كىم؟» دىدى مەن: «ئەبۇزەر دىدىم».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئۇممۇ ھانىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:

*مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇيۇنۇپ ئولتۇرغان، پاتىمە ئۇنى يۆگەپ تۇرغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم؟» دىدى، مەن: ئۇممۇ ھانىئ دىدىم».*

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

1 ـ ئەگەر ئۆي ئىگىسى قايتىپ كىتىڭ دىسە كۆڭلىگە ئالماي، رەنجىمەي قايتىپ كىتىش، چۈنكى الله تەئەلا ئۆز كىتابىدا شۇنداق قىلىشقا پەرمان قىلغان:

(ئەگەر سىلەرگە قايتىپ كىتىڭلار دىيىلسە قايتىپ كىتىڭلار، قايتىپ كىتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. الله قىلغان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر).

(سۈرە نۇر 28 ـ ئايەت)

*ئۇنىڭدىن باشقىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ قېتىم ئىنىق ئىجازەت سوراش، ئىجازەت بىرىلسە كىرىش، بولمىسا قايتىپ كىتىش توغۇرلۇق بەرگەن كۆرسەتمىلىرى بار. ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى:*

«ئىجازەت سوراش ئۈچ قېتىم بولىدۇ، ئەگەر ساڭا كىرىشكە ئىجازەت بىرىلسە كىرگىن، بولمىسا قايتىپ كەت».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرقېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كىرىشكە ئىجازەت سوراپتۇ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلمىگەچ قايتىپ كېتىپتۇ، كېيىن ئۆمەر ئۇنىڭغا چاقىرىپ كىلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىجازەت سوراش ۋە قايتىپ كىتىش ئۈستىدە گەپ بوپتۇ، ئەبۇ مۇسا مۇنداق دىدى: «مەن ئۆمەردىن كىرىشكە ئىجازەت سورىدىم، ماڭا ئۈچ قېتىم ئىجازەت بېرىلمەي قايتىپ كەتتىم، ئۆمەر قېشىمغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۆمەرنىڭ قېشىغا كەلسەم: ئى الله نىڭ بەندىسى ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇش ساڭا ئېغىر كەلدىمۇ؟ بىلىپ قويغىنكى باشقىلارغىمۇ ساڭا ئوخشاش ئىشىك ئالدىدا تۇرۇش ئېغىر كىلىدۇ دىدى، مەن دىدىم: بىراق مەن سەندىن ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىدىم ماڭا كىرىشكە ئىجازەت بېرىلمىدى، مەن قايتىپ كەتتىم (بىز شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان). بۇنى سەن كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ دىدى ئۆمەر. مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىدىم دىدىم. ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىز ئاڭلىمىغان گەپنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەگەر قېشىمغا بۇنىڭ پاكىتىنى ئەكەلمىسەڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، دىدى. مەن ئۆمەرنىڭ قېشىدىن چىقىپ مەسچىدكە ئولتۇرغان بىرتوپ ئەنسارىلارنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئاندىن ئۇلاردىن سورىدىم. ئۇلار: بۇنىڭغا بىرەرسى شەك قىلامدىكەن؟ دىدى، مەن ئۇلارغا ئۆمەرنىڭ گىپىنى قىلىپ بەردىم، ئۇلار ماڭا: سەن بىلەن پەقەت بىزنىڭ كىچىكلىرىمىز بىرگە بارسۇن دىدى، ئۆمەرنىڭ قېشىغا مەن بىلەن ئەبى سەئىدىل خۇدرى بىلەن ئەبۇ مەسئۇد بىرگە باردى، ئاندىن مۇنداق دىدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە چىقتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى ئۇبادىنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدى، ئۆينىڭ ئالدىغا يىتىپ كىلىپ سالام قىلدى. ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ۋە ئۈچ

قىتىم سالام بەردىيۇ ئىجازەت بىرىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمدى ئۇنىڭدىكى ئىشىمىز تۈگىدى» دىدى ۋە قايتىپ كەتتى. ئاندىن سەئىد ئۇنى بىلىپ قىلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ھەر قىتىم سالام قىلغاندا مەن ئاڭلاپ سالام قايتۇردۇم، لىكىن مەن سىنىڭ ماڭا ۋە ئائىلەمگە كۆپراق سالام بىرىشىڭنى ياخشى كۆردۈم دىدى. ئاندىن ئەبۇ مۇسا مۇنداق دىدى: الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن رەسۇلۇللانىڭ سۆزىگە ئەلۋەتتە ئىشىنەتتىم، لىكىن مەن سىنىڭ دىگەن سۆزۈڭدە چىڭ تۇرۇشۇڭنى خالاپ قالدىم دىدى ئۆمەر».

(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئادابۇل مۇفرەددىگەن ئەسەرگە قاراڭ)

## يىغىلىش سورۇنلىرىدا نەدە بوش ئورۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇرىدۇ:

ھەقىقى ئاڭلىق مۇسۇلماننىڭ يىغىلىش سورۇنلىرىدا رىئايە قىلىشقا تىگىشلىك ئەدەپ-ئەخلاقلىرى بار. ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ-سۆز، ئىش-ھەركىتىدىن ئىلىنغان بۈيۈك ئەدەپ ئەخلاقىدۇر. يىغىلىش سورۇنلىرىدا نەدە بوش ئورۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇرۇش توغرىسىدىكى بۇ يول-يورۇقلاردىن مۇسۇلماننىڭ تۈنجى قىلىپ ئۆگۈنىشكە تىگىشلىكى باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ئاتلىماسلىق ۋە باشقىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە ئورۇن بوشىتىش ئۈچۈن ئولتۇرغانلارنى قىستىماسلىق. مانا بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرىمىزنىڭ يىغىلىش سورۇنلىرىدا ساھابىلىرگە ئۆگەتكەن دۇرۇس ئىجتىمائى سۈننىتى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:

*«بىز رەسۇلۇللانىڭ قىشىغا كەلسەك بىزنىڭ بىرىمىز نەدە بوش ئورۇن بولسا*

شۇيەردە ئولتۇراتتى».

(ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزىلار رىۋايەت قىلغان)

*بۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرگەن مۇسۇلمان، رۇخسەتسىز ئىككى ئادەمنى ئايرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىجازەتنى ئالماي تۇرۇپ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتىن توسقان ۋە تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرغان:*

«بىرەر ئادەمگە ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى رۇخسەتسىز ئايرىۋېتىش ھالال ئەمەس». *(ئەبۇداۋۇت رىۋايەت قىلغان)*

چۈنكى ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىش مەيلى جامائەت سورۇنلىرىدا بولسۇن، مەيلى باشقا سورۇنلاردا بولسۇن ئوخشاشلا ئىسلامىيەتتە قاتتىق يامان كۆرلىدۇ. مۇشۇ مەزمۇنداق كەلگەن ھەدىسلەر ئاز ئەمەس. سەئىدىل مەقبەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:

*«مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈم، ئۇنىڭ بىلەن بىر كىشى پاراڭلىشىۋاتاتتىكەن، مەن ئىككىسىنىڭ قېشىدا تۇردۇم، ئىبنى ئۆمەر مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: ئىككى ئادەمنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىجازەت سورىمىغۇچە ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرما، بىرگە ئولتۇرما دىدى، مەن دىدىم: ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان الله سىنى ياخشىلىۋەتسۇن، مەن پەقەت سىلەردىن ياخشىلىق ئاڭلىماقچىدىم».*

(بۇخارى ئادابۇل مۇفرەددە رىۋايەت قىلغان)

*ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭغا ئۆز ئورنىنى بوشتۇپ بەرسە ئۇ يەردە ئولتۇرۇشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەنە ئەشۇ ئەڭ ئىسىللىك ۋە ئالىجاناپلىق شۇنىڭدەك ساھابە كەرىملەرنىڭ قىلغانلىرىغا ئوخشاش ياخشى خىسلەتتۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:*

«سىلەردىن ھېچ كىم بىرەر ئادەمنى ئورنىدىن تۇرغۇزىۋېتىپ ئاندىن كىيىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن، لېكىن ئۇلار كېڭەيتىپ ئورۇن بوشتۇپ بەرسە ئولتۇرسا بولىدۇ».

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىبنى ئۆمەرگە بىرەرسى ئورۇن بوشتۇپ بەرسە ئولتۇرمايتتى.

(ساھابىلەر ھاياتىدىن)

ئەگەر بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالسا كۆچىنىڭ يېتىشچە رەسۇلۇللانىڭ باشقىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغان چاغدىكى ئەدەپ ئەخلاقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەم سۆھبەتلىرىگە ئۆزىنىڭ تىگىشلىك نىسۋىنى بىرەتتى، ھېچكىمنى تەنقىتلىمەيتتى ۋە خىجىل قىلمايتتى. نۇمۇسلۇق ئىشلىرىنى سورىمايتتى، ساۋابىنى كۈتكىلى بولىدىغان ئىشلارنى سۆزلەيتتى. ئۇ ھېچ كىمنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپمەيتتى، باشقىلار گېپىنى تۈگەتمىگۈچە ياكى تۇرۇپ كەتمىگۈچە ئۇنى سۆزلەشتىن توختۇتۇپ قويمايتتى.

## مۇمكىن قەدەر جامائەت سورۇنلىرىدا ئەسنىمەيدۇ:

*تەربىيە كۆرگەن، جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئوبدان ئىگىلىگەن مۇسۇلمان ئادەم، ئىمكان قەدەر يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئەسنىمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەسنەك بەك قىستاپ كەتسە مۇمكىن قەدەر ئۇنى توسۇشقا تىرىشىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى:*

«بىرەرسىڭلارنى ئەسنەك تۇتۇپ كەتسە ئىمكان قەدەر ئۇنى توسۇۋالسۇن».

*(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)*

*ئەگەر ئەسنەك بەك قاتتىق بۇلۇپ كېتىپ توسۇۋېلىشقا مۇمكىن بولمىسا قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان:*

«بىرەرسىڭلار ئەسنىسە قولىنى ئاغزىغا قويۇۋالسۇن، بولمىسا شەيتان كىرىۋالىدۇ».

*(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)*

جامائەت سورۇنلىرىدا ئەسنەش تەربىيە كۆرگەن ئادەمگە ياراشمايدىغان يىرگىنىشلىك سەت قىلىق، مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەسنەكنى توسۇۋېلىش ياكى قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىش ۋە ھەم سۆھبەتلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانغا بىرگە ئولتۇرغانلارنى نەپرەتلەندۈرمەيدىغان، ئولتۇرۇشلىردىن مالالىق ھېس قىلدۇرمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قىزىقىشىغا سوغۇق سۇ سەپمەيدىغان ئىجتىمائى ئىشلارنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگۈتۈش يۈزىسىدىن نۇرغۇن تەلىم بەرگەن.

## چۈشكۈرگەندە ئىسلامنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقنى ئىسدە چىڭ تۇتىدۇ:

ئىسلامىيەت جامائەت سورۇنلىرىدا ئەسنەشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندەك، چۈشكۈرگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇسۇلمانغا چۈشكۈرگەندە نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى ۋە چۈشكۈرگۈچىگە نېمە دەپ دۇئايى جاۋاپ قايتۇرۇشنى ئۇقتۇردى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

*«چوقۇمكى **الله** تەئەلا چۈشكۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەسنەشنى يامان كۆرىدۇ، بىرەرسىڭلار چۈشكۈرسە **الله** غا ھەمدە ئېيتسۇن، ئۇنى ئاڭلىغان ھەر بىر مۇسۇلمان، چۈشكۈرۈپ **الله** غا ھەمدە ئېيتقان كىشىگە: **الله** سىزگە رەھمەت ئاتا قىلسۇن دېيىشى*

*كىرەك . ئەمدى ئەسنەشكە كەلسەك ئۇ شەيتاندىن، بىرەرسىڭلار ئەسنىسە ئامال بار ئۇنى توسۇپ قالسۇن، بىرەرسىڭلار ئەسنىسە ئۇ كىشىدىن چوقۇم شەيتان كۈلىدۇ».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

بۇ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان ھەدىسلەر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا ئۆزىنىڭ قائىدا ـ تۈزۈم ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماي ئۆتمەيدۇ. مۇسۇلمان ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى تۈزەش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ئىسلامىيەت ھەر بىر چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماي بىر قىلىپقا چۈشۈرۈپ ۋە شۇ ئىشلارنىڭ ئادەملەرنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا باغلاپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس بىر شەكلىنى يولغا قويىدى.

چۈشكۈرگەن ئادەم: ئەلھەمدۇلىللا (بارلىق ھەمدۇ سانا **الله** غا مەنسۇپ) دېيىشى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى: يەرھەمەكەللا (**الله** ساڭا رەھمەت ئاتا قىلسۇن) دېيىشى، بۇنى ئاڭلىغان ھەمراسى يەنى چۈشكۈرگۈچى: يەھدىكۇمۇللا ۋە يۇسلىھۇ بالەكۇم (**الله** سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئەھۋاللىڭلارنى ئىش ـ كۈشۈڭلارنى ياخشىلاپ بەرسۇن) دېيىشى كىرەك. بۇ ئىمامى بۇخارى رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدە تونۇش تۇرۇلغان:

*«بىرەرسىڭلار چۈشكۈرسە: ئەلھەمدۇلىللا دېسۇن، ئۇنىڭ قېرىندىشى ياكى ھەمراسى: يەرھەمەكەللا دېسۇن، قېرىندىشى؛ يەرھەمەكەللا دېسە، ئۇ يەھدىكۇمۇللا ۋە يۇسلىھۇ بالەكۇم دېسۇن».*

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

*ئەگەر چۈشكۈرگەن ئادەم ئەلھەمدۇلىللا دېمىسە ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىلمەيدۇ. شۇ توغۇرلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«بىرەرسىڭلار چۈشكۈرۈپ **الله** غا ھەمدە ئېيتسا ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرۇڭلار،

ئەگەر **الله** غا ھەمدە ئېيتمىسا جاۋاپ قايتۇرماڭلار».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى:

*«ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىدا چۈشكۈردى، ئىككىنىڭ بىرىگە يەرھەمەكەللا دېدى. يەنە بىرىگە ئۇنداق دېمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاپ قايتۇرمىغان ئادەم: پالانى چۈشكۈردى سەن ئۇنىڭغا يەرھەمەكەللا دېدىڭ، مەن چۈشكۈرسەم ئۇنداق دېمىدىڭغۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كىشى **الله** غا ھەمدە ئېيتتى، سەن **الله** غا ھەمدە ئېيتمىدىڭ» دېدى.* (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكۈرگەندە دېيىشكە قىززىقتۇرغان بۇ سۆزگە سىنچىلاپ قاراپ باقىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن بىرلا **الله** نى ئەسلەش توغرىسىدىكى چوڭ مەقسەت ئاشكارە بولىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق، دوستلۇق كۈچىيىدۇ. چۈشكۈرگۈچى كاللىسىدا ئىشلەنگەن ھېس قىلىش، تەسىرگە ئۇچراش، قوزغۇتۇشلاردىن قۇتۇلغانلىقىغا **الله** غا ھەمدە ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ ھەمراسى ئۇنىڭ **الله** غا ھەمدە ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. **الله** غا ھەمدۇ-سانا ئېيتقۇچى مەڭگۈ **الله** نىڭ رەھمىتىگە لايىقتۇر. چۈشكۈرگۈچى ئۆزىگە رەھمەت تىلىگۈچىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئۈزۈنراق، ئۇمۇمىراق، مول مەنا-مەزمۇنلۇق ۋە كۆپ ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىدۇ.

چۈشكۈرۈشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن بىرى قولنى ئاغزىغا قويۇۋېلىش ئىمكان قەدەر ئاۋازنى پەسەيتىش، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكۈرگەندە قىلىدىغان ئىش. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى:

*«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكۈرگەندە قولى ياكى كىيىمىنى ئاغزىغا*

*قويىۋالاتتى ۋە ئاۋازنى پەسەيتەتتى».*

(ئەبۇ داۋۇت ۋە تىرمىزىلار رىۋايەت قىلغان)

**باشقىلارنىڭ ئۆيىگە سىنجىلاپ قارىمايدۇ:**

*مۇسۇلماننىڭ يىغىلىش سورۇنلىرىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن بىرسى ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ئۆيىگە سىنجىلاپ قارىماسلىق. چۈنكى ئۇ تەربىيە كۆرگەن، شەرمى ـ ھايالىق مۇسۇلماننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغىلىشلاردا سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغان ئۆيىدىكى كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرگە تىكىلىپ قارايدىغانلارغا قاتتىق ھەيۋە قىلغان ۋە ئۇنداقلارنىڭ كۆزىنى ئويىۋېتىشكە يول قويغان. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:*

«كىمكى بىرەركىمنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز (ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا تىكىلىپ) قارىسا ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئۇنىڭ كۆزىنى ئويىۋېلىشى يوللۇق».

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

**ئۆزىنى ئاياللارغا ئوخشىتىۋالمايدۇ:**

ساغلام ئىسلامى جەمئىيەتلەردە ئۆزىنى ئاياللارغا ئوخشۇتۇۋالىدىغان ئەر مۇسۇلماننى ۋە ئۆزىنى ئەرلەرگە ئوخشىتىۋالىدىغان ئايال مۇسۇلماننى ئۇچرىتالمايسىز. چۈنكى ھەربىر جىنسنىڭ يەنە بىر جىنسكە ئوخشۇۋېلىشى ئىسلام شەرئىتىدە ھارامدۇر.

ئىسلامى جەمئىيەتلەردە ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بار.

ئاياللارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئۆزىگە خاس سۈپەت ـ خاراكتىرى بار، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى بۇ پەرقنى مەيلى ئىچكى جەھەتتە بولمىسۇن، مەيلى تاشقى جەھەتتە بولمىسۇن يوقۇتىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئىسلام ئەرلەردىن ئۆزىنى ئاياللارغا ئوخشۇتىۋالغۇچىلارغا، ئاياللاردىن ئۆزىنى ئەرلەرگە ئوخشۇتىۋالغۇچىلارغا ھەيۋە قىلىشتا تولىمۇ قاتتىق پوزىتسىيە تۇتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن:

*«اللە تەئەلا ئەرلەردىن ئاياللارنىڭ مىجەز خۇلقىنى يۇقتۇرۋالغانلارغا، ئاياللاردىن ئەرلەرنىڭ مىجەز خۇلقىنى يۇقتۇرۋالغانلارغا لەنەت قىلدى».*

*يەنە بىر رىۋايەتتە:*

«ئەرلەردىن ئۆزىنى ئاياللارغا ئوخشۇتۇۋالغۇچىلارغا ۋە ئاياللاردىن ئۆزىنى ئەرلەرگە ئوخشۇتۇۋالغۇچىلارغا رەسۇلۇللا لەنەت قىلدى».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

*ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى:*

«ئاياللارنىڭ كىيىمنى كىيىۋالغان ئەرلەرگە، ۋە ئەرلەرنىڭ كىيىمنى كىيىۋالغان ئاياللارغا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام لەنەت قىلدى».

(ئەبۇداۋۇت رىۋايەت قىلغان)

بىز بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە چاچلىرىنى قىزلاردەك ئۆزۈن قويۇۋەتكەن ئوغۇللارنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلارنى قىزلاردىن پەرقلەندۈرۈش ھەققەتەن تەس، بويۇنلىرىغا قوللىرىغا ئالتۇن زىننەت بويۇملىرىنى ئېسىۋېلىشى ۋە ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى سېلىۋېلىشچۇ تېخى.

تار يوپكا، ئەر ئاياللارغا ئورتاق بولغان كۆينەك كىيىۋىلىشقان قىزلارمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار خۇددى يىگىتلەردەك يالاڭ باش، بىلەكلىرى ۋە يوتىلىرى

ئۇچۇق يۇرۇۋاتىدۇ. تېخى بەزىلىرى بۇنى ئاز دېگەندەك ئاسما مايكا بىلەن يۇرۇشۋاتىدۇ.

ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە كۆرۈلۈۋاتقان بۇ لەنەتلىك ئىشلار، شۇ جەمئىيەتلەرگە، گۇناھقا پاتقان غەرب ئەللىرىدىن ۋە شەرقنىڭ خۇداسىزلىرىدىن ئېقىپ كىرگەن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ياشلىرى قايمۇقۇپ قېلىۋاتقان بۇ چۆل جەزىرىدە يىلتىز تارتقان، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاچچىق مېۋىلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىزگە تەككىنى قاپقارا ئىس تۈتەكلىرى بولدى خالاس، مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلىرىدە بىر قىسىم ئاقفۇن ئەرلەر ۋە ئاقفۇن ئاياللار ئېقىپ يۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە جەمئىيەتلىرىگە كىرۋالغان پىتنە ـ پاساتلىق، سەرسانلىق ۋە ئازغۇنلۇق يامراپ كەتكەن بىر دەۋردە ئىسلام ئۇممىتى ئۆزىدىن ياتلىششقا باشلىدى.

# خاتىمە ۋە قىستۇرما

يۇقاردا مۇسۇلماننىڭ ئىسلامىيەت كۈتكەن ئورازى يورۇتۇپ بېرىلدى ۋە ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىدىكى جىسمانى ئەقلى ۋە روھى تەرەپلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىنچىكە مۇۋازىنىتىنى ساقلاپ قالغان. ئۇنىڭ، ئاتا ـ ئانىسى، ئايالى، بالا ـ چاقىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇققان، قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئوخشاش ئۆزىدىن باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قاتلامۇ ـ قاتلام، دەرىجمۇ ـ دەرىجە ئايدىڭلاشتۇرغان ھالدا ئۇچۇق ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسلەردىن ئىبارەت پۈلاتتەك پاكىتلىرىغا ئاساسلىنىپ تەسۋىرلەپ بېرىلدى.

ئىسلامىيەت كۈتكەن مۇسۇلماننىڭ، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا، شەخسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ۋە بارلىق ئىجتىمائى ئالاقىدە مىسلىسىز بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان بولدى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىدا، مۇسۇلمان ئادەم قۇرئان كەرىم ۋە پاك سۈننەتلەرنىڭ تېكىستلىرىدىن ئىبارەت ئىلاھى ۋەھى ۋە ھىدايەت نۇرى تاشلانغاندا ئېرىشكەن مۇكەممەل، يېتۈك ئوبرازىنىڭ خۇرۇچلىرىدىن ئايرىلىپ قالدىغانلىقى ئېنىقلاندى.

چۈنكى ئىسلامىيەت ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى يۇنانلىقلاردەك پەلسەپە مائارىپى

بىلەن، ھىندىستانلىقلاردەك مەۋھۇم روھانىلىق بىلەن، رىملىقلاردەك بەدەن ھىنقتۇرۇش تەربىيىسى بىلەن ۋە بۈگۈنكى كۈندىكى ماددى ئالەمنى كۆزلەيدىغان شەرقلىق ۋە غەرىپلىكلەردەك ماددى مەنپەئەت پەلسەپىسى بىلەن تولدۇرۇشقا ئۇرۇنمىدى. پەقەت ئىنسانىيەتنى تەربىيەلەشتە ئۇلارنىڭ ئەقلى، جىسمى ۋە روھى تەرەپلىرىگە ئېتىبار نەزەرلىرى بىلەن قاراپ ۋە ئۇلارنىڭ جىسمىدىن، ئەقلىدىن ۋە روھتىن تەركىب تاپقان بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇكەممەل ۋە ئۆلچەملىك بىر تۈزۈمنى ئوتتۇرغا قويدى. شۇ سەۋەپتىن مۇسۇلماننىڭ، ئىنسانىيەتنى ئادەملەرنىڭ چولتا، يىتەرسىز پىروگىراما ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىرى بىلەن تەربىيەلەيدىغان جەمئىيەتلەردە يۈز بېرىدىغانغا ئوخشاش بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمەيدىغان نورمال، ئۆلچەملىك ۋە مۇكەممەل ئوبرازى روياپقا چىقتى. مۇسۇلماننىڭ ئوبرازى مۇشۇ دەرىسلىكتە يورۇتۇپ بېرىلگەندەك **الله** غا ئىتائەت قىلىدىغان، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى جان ـ دىل بىلەن ئورۇنلايدىغان ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇردىغان، تەقدىرىگە، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا رازى بولىدىغان پەقەت ئۆز پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىشنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئوبرازدۇر.

ئۇ، جىسمىگە كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىنى بېرىدىغان ۋە تاشقى قىياپەتكە كۆيىنىدىغان تەكشى، نورمال ئوبرازدۇر ۋە بۇ تەكشى ئوبرازنى شۇ قىياپەت **الله** ھۆرمەتلىگەن، پەرىشتىلىرىنى سەجدە قىلدۇرغان ۋە ئاسمان زىمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىنسانىيەتكە لايىق مەلۇماتلاردىن چەكلىمەيدۇ. بەلكى مۇسۇلماننىڭ شۇ خىل ئوبرازىدا ئۆتكۈر ئەقىل، دۇرۇس پىكىر ۋە ساغلام مەنتىقە، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىگە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ مېغىزى، جەۋھىرىگە نەزەر سېلىش كۆزىنىگنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئىشلارغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن جىسىم بىلەن ئەقىلدىنلا بارلىققا كەلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى

قاچۇرمايدۇ. شۈبھىسىزكى ئىنساننىڭ سوقۇپ تۇرىدىغان يۈرىكى، پەرىق ئېتىپ تۇرىدىغان روھى، ئويلايدىغان، يۇقۇرىغا ئىنتىلىدىغان ۋە ماددى دۇنياغا، ئۇنىڭ ئەرزىمەس نەرسە ـ كېرەكلىرىگە قول سۇنۇشقا ئۈندەيدىغان كۆڭلى بار. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ خۇددى جىسمىنى ۋە ئەقلىنى تەربىيلەشكە مۇھتاج بولغاندەك روھىنى تەربىيلەشكە مۇھتاج.

مۇسۇلماننىڭ شۇخىل ئوبرازى ئاتا ـ ئانا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كۆپ سەممى ياخشىلىقنىڭ، گۈزەل مۇئامىلىنىڭ، ۋايىغا يەتكەن مېھرى ـ شەپقەتنىڭ ۋە مۇكەممەل تەلىم ـ تەربىيە، چوڭقۇر ۋاپادارلىقنىڭ ئۆلگىسىدۇر.

ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ياخشى تۇرمۇش، ئىللىق مۇئامىلە، چىۋەرلىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىش، ئاياللىق مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئوبدان چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ياخشى باشقۇرغۇچى بولۇشنىڭ ئۆلگىسىدۇر.

ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان چوڭ مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇ ئەۋلادلارغا مېھرى ـ شەپقەت، ھېسداشلىق، كۆيۈنۈشتە ھەرقانچە چوڭقۇرلاپ كەتكەندىمۇ ئۇلارنىڭ تەبىيسىگە سەل قارىمايدىغان ئوبرازدۇر.

ئۇرۇق تۇققانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە دوستلۇق رىشتىنى ئۈلايدىغان، بىرلىك، ئىناقلىقنى ياقلايدىغان ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ ئىسلامىيەتتىكى ئورنىنى چۈشىنىدىغان، شەرت ـ شارائىتنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنى يەتكۈزۈشكە كىشىنى ئۈندەيدىغان ئوبرازدۇر.

ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ قولۇم ـ قوشنىسى بىلەن بولغان ئوبرازى، قوشنىدارچىلىقنىڭ ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆلگىسىدۇر ۋە قولۇم ـ قوشنىسىنىڭ ئەزىيەتلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيدىغان، قوشنىسىنىڭ ھېسياتىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، خاتالىقلىرىغا

كـۆز يۇمـــدىغان، قوشـــنىلار ئارســـدا يۈـز بــرــپ قالـــدىغان ۋەقەلــەردىن ئــۆزىنى تارتىدىغان ۋە جىبرىئىلنىـڭ تىلـدا قوشـنىغا تەۋسىيە قىلـىشنى كۆرسەتكەن. ھـەتتا پــەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالام: *جىبرىئىـل قوشـنامنى ماڭـا ۋارىـس قىلىـپ قويىـدىغان ئوخـــشايدۇ دەپ* ئـــويلاپ قالــــدىغان ئـــىسلامنىڭ ئـــەخلاقنى ھەمـــشە ئۆزىــــگە ئۆزلەشـتۈرىدىغان ئـوبرازدۇر. بۇنىڭـدىن شـۇنى كۆرۈۋېلىـشقا بولىـدۇكى، مۇسـۇلمان قوشنىسىغا يامانلىق قىلىشنى خىيال قىلمايدۇ. قوشنىسىنىڭ ھەققىگە قارا سانىمايدۇ. بــەلكى ئـۇ قوشنىـــسىغا ياخـشىلىق قىلىـشتا تىرىـشچانلىقنى ئايىمايـدۇ ۋە قىلغـان ياخشىلىقىغا قوشنىسىنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ۋە يـاكى ئۆتنۈسىنى قايتۇرۇشنى كۈتمەيدۇ.

ئەمدى ئۇنىڭ دوست بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئـۇ ئـەڭ ساپ، ئـەڭ سۈزۈك مۇناسـىۋەت ۋە پـەقەتلا **الله** نىـڭ رازىلىقىنـى مەقسەت قىلىـدىغان دوســـتلۇق ئالاقـــىسى، ئـــۇنىڭ ساپـــلىقى ۋە ســـۈزۈكلىكى ۋەھـــى تەكچـــىسىدىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك سۈننەتلىرىدىن ئېلىنغان. ئـۇنىڭ بىردەكلىكى ئىنسانىيەت قېرىنداشـلىق تارىخىدا، ئىنسانىيەت ئالاقىـسىدا يوقۇلـۇپ كەتكـەن سـاپ ـ سـەمىمى قېرىنداشلىق مېھرى ـ مۇھەببەتتىدۇر.

ئۇنىڭ بارلىق ئادەملەر بىلـەن بولغان ئىجتىمائى ئالاقىسى، ئۆزىنى ئىسلامىيەت قىززىقتـۇرغان ئـىسل ئـەخلاقلار بىلـەن زىننەتلىـگەن يۇقـۇرى ساپـالىق ئادەمنىـڭ ئالاقىسىدۇر. ئۇ كەينىگە ئاللىقانداق مەقسەت مۇددىئا يوشۇرۇنغان، سۈنئى سىلىق ـ سىپايىلىق يـاكى ۋاقىتلىق ئـەخلاق ئەمـەس. پـەقەتلا ئـۇ قـۇرئان كـەرىم ۋە ھەدىـسى رەسۇلۇللانىڭ دەلىل پاكىتلىرىنى ئاساس قىلىدىغان ئەخلاق.

ئۇ بارلىق ئادەملەرگە سەمىمى ـ راسچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئالدامچىلىق، ساختاپەزلىك ۋە كـۆز بوياچىلىقتـەك ناچار قىلىقلارنـى قىلمايـدۇ. ھەسـەت قىلمايـدۇ،

ۋەدىگە ۋاپا قىلىدۇ، ھايانى ئۆزىگە كەسىپ قىلىدۇ. ئەپۇچان، كەڭ قورساق، خۇش چىراي، چىقىشقاق، مۇلايىم، باشقىلارنى تىللىمايدىغان، سەت بۇزۇق گەپ سۆزلەرنى قىلمايدىغان، باشقىلارنى پاكىتسىز پاسىق ياكى كاپىر دېمەيدىغان، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چېقىمچىلىق قىلمايدىغان، يالغان سۆزلىمەيدىغان، يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدىغان، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان، باشقىلار ساقلاشقا تاپشۇرغان سىر مەخپىيەتلىكلەرنى خەلقى ئالەمگە يايمايدىغان، كەمتەر، ھاكاۋۇر ئەمەس ۋە ھېچ كىمنى مەسخىرە قىلمايدىغان ياشقا چوڭلارنى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرنى شۇنىڭدەك تۆھپىكارلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە، زىيان زەخمەتنى توسۇپ قېلىشقا ئامراق ۋە كىشىلەرنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا تىرىشىدىغان، كىشىلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا ياخشى سۆزلەر بىلەن چاقىرىدىغان ۋە كېسەل يوقلايدىغان، جىنازا نامىزىغا قاتنىشىدىغان، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان ۋە ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرى قىلىدىغان كىشىدۇر.

ئۇ ھەقىقى مۇسۇلمان كۆڭۈللەرگە شاتلىق بېغىشلايدۇ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا باشلايدۇ. ئىشلارنى قىيىنلاشتۇرۇشنى ئەمەس، ئاسانلاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھۆكۈمدە ئادىل ئۇۋال قىلمايدۇ. تولىمۇ مېھمان دوست، مېھماندىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايدۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە خوشاللىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ. ئۇ ئۈستۈن قول ئاستىن قولدىن ياخشى دەپ قارايدۇ. كۆنۈپ كەتكەن ئادەتلىرىنى ئىسلامنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشۈرىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقىلارنى زىيارەت قىلىش ئىشلىرىدا شۇنىڭدەك سالام ـ سائەت قىلىش، باشقىلار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ئىشلاردا ئىسلامنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش، مانا بۇ مۇسۇلماننىڭ ئادەملەر بىلەن بولغان ئىجتىمائى ئالاقىسى.

مانا بۇ ئىسلامىيەت يېتىشتۈرگەن ۋە قەلبىنى تەشنالىقنى ئىسلامنىڭ شېرىن شەربەتلىرىدىن سۇغارغان ئەقلىنى ۋە روھىنى پەرۋەردىگارنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتقان مۇسۇلمان ئوبرازىنىڭ ئەڭ نۇرانە پارلاق تەسۋىرى.

ئىنسانىيەتنى بۇ ئىسىل ئەخلاقتىن ئىبارەت يۈكسەك سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى يەر يۈزىدە ئېقىۋاتقان جانلىق ئۇسۇلدا تەرجىمە قىلىش، ئۇنى ئۆلچەملىك پەلسەپەلىك ۋە ئىدىئولوگىيەلىك تەرەپلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۆز تىكىۋاتقان ئەڭ چوڭ مەدەنىي مۇۋاپىقىيەت.

ھەقىقەتەن ئۇ بۈگۈنكى ئادەملىرىمىزنى قايمۇقتۇرۇۋەتكەن ماددىي ئىلمىي مۇۋاپىقىيەتتىن باشقىچىرەك بىر مۇۋاپىقىيەت ۋە ئۆزىنىڭ نۇرى، رەڭلىرى بىلەن قەلبلەر كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتكەن مۇۋاپىقىيەتكە ئوخشىمايدىغان بىر مۇۋاپىقىيەت. چۈنكى ئادەم دۇنيادىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ئەڭ سەرخىلى ۋە ئەسىرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن ئىنسانىيەت ھازىرقى ئورنىدىغان زور تىرىشچانلىقلار پەقەتلا شۇ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە تەرەققىياتى، ئىززەت-ھۆرمىتى ئۈچۈن بېغىشلانغان ۋە دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ھازارەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئادىمىلىكىنى ئۆستۈرۈشنى، ئۇنى پاكلاشنى ۋە ئۇنىڭدا ياخشىلىق بۇلاقلىرىنىڭ ئۇقچۇپ تۇرۇشىنى خالىمايدىغان چولتا، يېتەرسىز ۋە ئىنسانىيەت ھازارىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ھازارەتتۇر. چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئادەملىكىنى يوقىتىۋېتىپ قويغان، ئادىمىيلىك شۇ ھازارەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل ۋە ئۇنىڭدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە.

ئادەملەرنىڭ ئادىمىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئىنسانىيەت ھازارىتى نىسپ ئەتكەن زەمبىرەك، راكېتا، سۈنئىي ھەمراھ، تېلېفون ۋە سىمسىز ئاپاراتلىرى،

كومپيوتېر، ئىنتېرنېت قاتارلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلمى مۇۋاپىقىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشلا ھەممىنى ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئادەملەرنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئۇلارغا بەخت سائادەت يارىتىش، دىلنى پاكلاش ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان نەرسىلەر ئەمەس:

( روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى، يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھنى پاك تۇتقان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ پۇجۇر بىلەن) كەمستكەن ئادەم چوقۇم نائۇمۇت بولىدۇ ). (سۈرە شەمسى 7 ـ 10 ـ ئايەت)

جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىلمى مۇۋاپىقىيەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە ماددى ئالەمدە ئېچىلغان كەشپىياتلار بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ پەقەتلا ئۇ بۇنىڭ بىلەن ۋە بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق نەرسىلەر بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ شۇ جەمئىيەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتى، ئۆز ـ ئارا كۆيۈنىشى ۋە ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاش، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن قۇربان بېرىش، تەسەۋۋۇر، ئەخلاق ۋە مۇئامىلىدىكى دۇرۇسلۇق ۋە پاكىتلىقتىن ئىبارەت ئەڭ ئالى قىممەت قاراش.

ئائىلە ئەزالىرى جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسى ۋە ھەرقانداق بىر ئىجتىمائى گۈللىنىشنىڭ ئارقا تىرىكى، توغرا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئادەملەر تەربىيەگە كۆڭۈل بۆلسە ئاندىن ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە قورۇلما تەرەپلىرى ئۆسەتتى ۋە ياخشى بىر ۋەتەن پۇخراسى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىدىن يامانلىق، چىرىكلىك، ۋە رەزىللىكلەر نىڭ يىلتىزلىرنى قومۇرۇپ تاشلاشقا تىرشاتتى. سالىھ، ئەخلاقلىق، پۇخرالار جامائەسىدىن پاكىزە تەرەققى قىلغان، ياخشى، قۇدرەتلىك بىر جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ. ئىسلامى جەمئىيەت بولسا، گۈللەنگەن، مۇكەممەل تەرەققى قىلغان تۈنجى ئۈلگۈلۈك جەمئىيەتتۇر، ئۇنىڭدىكى مۇسۇلمان ئادەم ھەق دىننىڭ ئەھكاملىرنى ئىگىلىگەن، شۇ

دىن چاقىرغان، يولغا قويغان، ئىسىل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى بىلەن ئۆلگۈلۈك ئادەمدۇر.

بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كۆرگەن ئىختىلاپ، بولۇنۇشلىرىمىز ۋە بوھران، كىرزىسلىرىمىز، مۇسۇلمانلارنىڭ قولى الله نىڭ مۇستەھكەم تۇتقۇسىدىن ئاجراپ كەتكەنلىكتىن، ئىمانى روھتىن ۋە ئىسلامى ئىنىرگىيەدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى چىن قېرىنداشلىق مېھرىدىن مەھرۇم قالغانلىغىنىڭ مۇھىم دەلىلى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ يۈرۈتلىرىدا جاھالەتنىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ تەشۋىقاتلىرى باش كۆتۈرۈپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ يۈرۈتلىرىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرۈتلىرىغا زادى ئوخشىماي قالدى. ئۇلارنىڭ بېشىدا بالايى ئاپەتنىڭ قارا تۇمانلىرى تارقىمىدى.

ئەگەر مۇسۇلماننىڭ ئەسلى ئوبرازى ۋە روھى ، پىكرى مەنبەلىرى پاك پېتى ساقلىنىپ قالغان بولسا ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەيتتى.